ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# «قۇتادغۇبىلىك» خەزىنىسى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# «قوتادغۇبىلىك» خەزىنىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

《福乐智慧》宝库：维吾尔文 / 阿布都秀库尔·穆罕默德伊明著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,1999.8
ISBN 7-5631-1080-1

Ⅰ.福… Ⅱ.阿… Ⅲ.叙事诗-中国-古代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I222.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (1999) 第 30723 号

**《福乐智慧》宝库**

阿布都秀库尔·穆罕默德伊明 著

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编:830046)
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168 毫米 1/32 17 印张 插页:14
1999 年 8 月第 1 版 1999 年 8 月第 1 次印刷
印数: 0001—2000

ISBN7 — 5631 — 1080 — 1 /I.182
定价: 22.50 元

www.uyghurkitap.com

تەھرىرى: ئازاد سۇلتان
ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ جۇنبىڭ
تېخرېداكتورى: ئابلىمىت قادىر
ھۆسنخەت يازغۇچى: نىياز كېرىم شەرقى

# «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32 باسما تاۋىقى: 17 قىستۇرما ۋارىقى: 14
1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 2000

ISBN7 — 5631 — 1080 — 1/I. 182
باھاسى: 22.50 يۈەن

# I باب «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دەۋرى ۋە تېماتىك مەزمۇنى

«ئەۋلىيا ئىزدىسەڭ ئىزدىگىن دەنا،
كىم دەنا بولسا ئۇ دېمەك ئەۋلىيا.»
— ئابدۇشۇكۇر بەلىخى[5]

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دەۋر مۇھىتى

ف. ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ديۇرىڭغا قارشى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىگە ئاتاپ يازغان سۆز بېشىدا: «ھەربىر دەۋردىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇرمۇ... تارىخنىڭ بىرخىل مەھسۇلى بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئىنتايىن ئوخشاش بولمىغان شەكىلگە ھەمدە شۇ سەۋەبلىك ئىنتايىن ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەپەككۇر توغرىسىدىكى پەن، باشقا ھەرقانداق پەنگە ئوخشاش، بىر خىل تارىخي پەن، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تارىخي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پەن بولىدۇ»① دەپ يازغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «پۈتكۈل

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، 1979 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 49 ـ بەت.

ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيىسى تەرەققىياتىدىكى (بۇرمىغا ئوخشايدىغان) چوڭ ھالقىنىڭ بىر ھالقىسىدىن ئىبارەت»① بولىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئاتا - بوۋىلىرىنى تەشكىل قىلغان قەبىلە ۋە خەلقلەر ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا رايونىنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت سەھنىسى قىلىپ، بىرقانچە مىڭ يىل مابەينىدە جىلغا - غار مەدەنىيىتى، يايلاق مەدەنىيىتى، بوستان مەدەنىيىتى تىپلىرى بويىچە ھايات كەچۈرۈپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئۇسلۇبى ۋە قىممەتلىك مەدەنىيەت تۆھپىلىرى يارىتىپ كەلگەن. 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى (646 — 840) مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت بەرپا قىلغۇچ ئىقتىدارى ئورخۇن - سېلىنگا ۋادىسىدىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى، تارىم ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (846 — 1035)، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (840 — 1335) ۋە خاقانىيە — قاراخانىلار خانلىقى ئۇنىڭ سىياسىي گەۋدىسى شەكلىدە مەيدانغا چىقتى.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە سىلجىشى غايەت زور تارىخىي ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولدى. بۇ يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي ھاياتى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بويىچە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلىپ قالماستىن، يەنە ئەينى زاماندا ئىنچىل داۋاملىشىۋاتقان «يىپەك يولى» ئالاقىلەر تارىخىغىمۇ ھۆسن قوشتى. قىسمەن ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن يايلاق تۇرمۇش تىپىدىن ئولتۇراقلاشقان فېئوداللىق ئاساسىدىكى بوستان تۇرمۇش تىپىغا ئۆتۈش، بىر قەدەر نوقۇل، بىكىنمە ھالەتتىكى

---

① لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 249 - بەت.

مەدەنىيەت تىپىدىن كۆپ قىرلىق، سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن پائالىيەتچان مەدەنىيەت تىپىغا ئۆتۈش ئۇيغۇر خەلقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىنىك مەدەنىيەت چەمبىرىكى ۋە خەلقئارا مەدەنىيەت بەلۋېغىدا كۆرۈنەرلىك مەشئەلچىگە ئايلاندۇردى. بۇ ھال ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يېڭى تارىخىي مەزمۇنلار بىلەن راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭغا يېڭى، سۈپەت خاراكتېرلىك «سەكرەش» مەلىكىسىنى بېغىشلىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئالتۇن دەۋرگە قەدەم قويدى. نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ ئەنئەنىۋى قېلىپتىن كلاسسىك سۈپەتكە كۆتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ روشەن نەمۇنىسىنى ھاسىل قىلدى. ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابى[6] بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار مەدەنىيەت ئاسمىنىدا پارلىغان ئىككى غايەت زور تەپەككۇر يۇلتۇزغا، ئەنزاڭ، سىڭقۇ سەلى قاتارلىق ئالىملار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيەت كۆكىدە يالتىرىغان بىر توپ يۇلتۇزغا ئوخشاپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن نۇرانە ئورۇن ئالدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ بىباھا ئەقىل دۇردانىسى «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ۋە ئىدىيىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئەبۇ نەسىر فارابى نامايەندە قىلىنغان بىر دەۋردىن كېيىنكى يېڭى تارىخىي مۇھىتنىڭ مەنىۋى ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

بۇ يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى: ئىسلامىيەتنىڭ توققۇز ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئېھتىمۇ تېرەن يىلتىز تارتقانلىقى؛ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سامانىلار خاندانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ كەڭ ماۋەرائۇننەھر زېمىنىنى ئىگىلەپ، خوراسان ۋە خارەزىم تۈركىي رايونلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى؛ يەتتىسۇدىن غەزنىگىچە، ئاراتۇرۇك

www.uyghurkitap.com

(ئېۋىرغول) تىن كۆپىنت تاغلىرىغىچە ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مىللىيەتلىك جەھەتتىكى بىردەكلىشىشى جەريانىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى؛ قاراخانىلارنى ئارقا تىرەك قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراسان تۈركلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىۋاتقان ئەرەب خەلىپىلىكىنى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر تەھدىتكە سالغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغانلىقى؛ ئولتۇراقلىشىش ۋە راۋاجلانغان فېئوداللىق ئاساسىدىكى يېزا ئىگىلىك ۋە ھۈنەر - سودا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر — خاقانىيە تىلىنى ئۆزەك قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يەنىمۇ روناق تاپقان دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

1) مەلۇمكى، خەلىپە ۋەلىد (سەلتەنەت دەۋرى 705 — 715) خوراساندىكى ئەرەب نائىبى قۇتەيبە ئىبىن مۇسلىمنى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. قۇتلۇق ئېلتېرىش قاغاننىڭ ئوغلى كۆلتېكىن (687 — 731) ۋە ئۇنىڭ قېيىناتىسى تونيۇقۇق باشچىلىقىدىكى توققۇز ئوغۇز خەلقلىرى 711 - ۋە 712 - يىللىرى پەنجىكەنت، بۇخارا ئەتراپىدا قۇتەيبە قوشۇنلىرى بىلەن قانلىق جەڭلەر ئېلىپ باردى. ئەرەبلەر ئىستىلاچىلىقىغا قارشى كۆرەش 715 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن «ئون ئۇيغۇر قاغانى» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئاسىناشان ۋە 717 — 738 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن تۈركەش قاغانى سۇلۇ قاغان باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلدى. 751 - يىلى مەشھۇر تالاس ئۇرۇشىدا گاۋشەنزى سەركەردىلىكىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئەرەب ئىستىلاچىلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىشى بۇ جەڭ ۋەزىيىتىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئەرەب ئىستىلاچىلىقىغا قارشى بۇ كۆرەشكە 766 — 769 - يىللىرى ئارىسىدا تەڭرىتاغلىرى ئەتراپىدىن تالاس - چۇ ساھىلىغا كۆچۈپ كەلگەن قارلۇقلار، 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆپلەپ

يۈتكىلىپ كەلگەن ئاساسلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قاتناشتى.

ئىسلامىيەت توققۇز ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدا ئىككى ئەسىر داۋام قىلغان ئىستىلاچى «جىھاد» (غازات) جەڭلىرى ۋە ئىچكى دىنىي ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك ئۇستۇنلۈكى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. بۇ ئىككى خىل شەكىل يېقىندىن قايتا ئۇيۇشۇش جەريانىدا تۇرغان توققۇز ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى — قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن باغداد خەلىپىلىكىدىن بارغانسېرى مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئايرىلىپ شەكىللىنىۋاتقان سامانىلار خاندانلىقى ئارىسىدىكى ئۆتكۈر كۈرەشنى ئاساسىي سەھنە قىلدى.

ئۇمەۋىيە خەلىپىسى ۋەلىد I (701 — 715) نىڭ ماۋەرائۇننەھرىدىكى ئىستىلاچى سەركەردىسى قۇتەيبە ئىبىن مۇسلىم ئېلىپ بارغان ھەربىي ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تارىخىي يالدامىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىران نەسەبىدىن بولغان شاھى نوھ ئىبىن ئەسئەت ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا قەدىمكى تۇران ـ ئىران ئۇرۇشلىرى دەۋرىدىكى ئەفراسىياپ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىتىدىغان «ئىد دەۋلەتى ئەل ئەفراسىياپ»[①] دەپ تەسۋىرلەنگەن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى بىلگە كۆل باھادىر قىدىرخان ئاھالىلىرىگە «غازات» ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، 840 ـ يىلىلا ئىسپىجاب شەھىرىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئىنىسى يەھيا ئىبىن ئەسئەت

---

① تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قارالسۇن: ئابېتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىي تەرەققىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 295 — 296 ـ بەتلەر؛ بارتولد: «ئىلىكخان» («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»غا يېزىلغان خاس ماددا)؛ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە». بۇلاردا ئەفراسىياپ قاراخانىلار ھەتتا بەش بالىق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى — ئالپ ئەرتوڭا ـ بۆكۈخان سۈپىتىدە تەرىپلەنگەن ۋە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر كۆرسىتىلگەن.

كۇنساناپ كۈچىيىۋاتقان قاراخانىلاردىن قوغدىنىش مەقسىتىدە 849 — 850 - يىللىرى مۇداپىئە سېپىللىرى سالدۇردى. ئاتاقلىق ساماني شاھى ئىسمائىل ئىبىن ئەھمەد (874 — 907 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) 893 - يىلى ئوغۇلچاق قىدىرخان قولىدىن تالاس - فاراب قەلئەلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى بالاساغۇندىن قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ جەريان پۈتۈنلەي دىنىي ئىستىلاچى ئۇرۇش ۋاسىتىسى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلغاندى.

قاراخانىلارنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاق قىدىرخان تەربىيەتچىلىكىدە تۇرغان ياشلىق چېغىدىلا، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى تۈپەيلى قاراخانىلار پاناھىغا ئۆتكەن ناسىر ئىبىن ئەھمەد (914 — 949) نىڭ خانزادىسى ئەبۇ ناسىر ساماني ۋە ئۇنىڭ ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد قاتارلىق ھەمراھلىرىنىڭ تەسىرىدە 932 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئارقىدىنلا خانلىق سەلتەنىتىنى تارتىۋېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاملاشتۇرۇش كۈرىشىنى باشلىدى. ئىسلاملاشتۇرۇش جەرياني ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئىبىن ئابدۇكېرىم — بايتاش (؟ — 956)، نەۋرىلىرى ئەلى ئىبىن مۇسا (؟ — 998) ۋە ھەسەن ئىبىن مۇسا — ھارۇن بۇغراخان (؟ — 1024) دەۋرىدە يەتتىسۇدىن تاكى خوتەنگىچە (971 — 992) بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە گاھى تىنچ يول بىلەن، گاھى جەڭ ۋاسىتىسى بىلەن داۋام قىلدى. ئىسلامىيەت ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەر ھاياتىدا مۆلچەرلىگۈسىز زور تارىخىي تەسىر پەيدا قىلدى.

2) سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ياغما نەسلىدىن بولغان ۋارىسلىرى ئىسلاملاشقان قاراخانىلار قىياپىتىدە سىر ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا ئۆز كۈرىشىنى توختاتمىدى. سۇتۇق بۇغراخان كۆرۈنگەن

www.uyghurkitap.com

ھەرىپىي سەركەردە سۇپىتىدە «كونا ئۇيغۇر شەھىرى بالاساغۇن»[①] بىلەن تالاسنى، ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخان ئىسپىجابنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 992 ـ يىلىدىن باشلاپ سۇتۇق بۇغراخان باشچىلىقىدا پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرگە قارىتىلغان ئومۇمىي يۈرۈش باشلاندى. 999 ـ يىلى سامانىلار خاندانلىقى قاراخانىلار سەركەردىسى ناسىر ئىلىكخان (كېيىنچە ئارسلانخان دەپ ئاتالغان) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. بۇنىڭدا ماۋەرائۇننەھردىكى كەڭ توققۇز ئوغۇز ئاھالىسى بىلەن زېمىندار دېھقانلار، يۇقىرى قاتلام يەرلىك تۈركىي مۇسۇلمان روھانىيلىرى ۋە تۈركىي قوشۇنلار پۈتۈنلەي قاراخانىلار تەرىپىگە يانباسقانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قاراخانىلار پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنى، ھەتتا خېلى بىر مەزگىل خارەزمنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى. گەرچە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋارىسلىرى يۈرگۈزگەن سۇيۇرغاللىق سىياسىي تۈزۈم بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز قېرىنداشلىرى ئارىسىدا بۆلۈشۈپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ تارىخىي ئاقىۋىتى سۈپىتىدە پۈتكۈل خانلىق شەرقىي ۋە غەربىي بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن، ئەلى — ھەسەن نەسەب سىستېمىسىدىكى قېرىنداشلار ئومۇمىي خاقان — ئارسلانخانلىق ياكى بۇغرا قاراخانلىق[7] سەلتەنىتى بويىچە ماجىرالار تۇغدۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما XI ئەسىرنىڭ بېشى، ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قاراخانىلار غەزنەۋىلەر، خارەزىم ۋە سالجۇق تۈركلىرىگە نىسبەتەن ھەر جەھەتتىن مۇقىم ۋە قۇدرەتلىك سىياسىي گەۋدە بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققانىدى. ناسىر ئىلىك ئارسلانخان بىلەن ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى يۇسۇپ قىدىرخاننىڭ 1008 ـ يىلى بىر قېتىم، تابغاچ خان ناسىر ئىبراھىمنىڭ 1079 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم غەزنەۋىلەر

① «ئالتۇن خانلىق تارىخى. جەنگى خەنىۋى تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

خانلىقىنىڭ خوراساندىكى تايانچ شەھىرى بەلخنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ سۇلھ بىلەن چېكىنگەنلىكى. بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

3) قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى؛ شۇنىڭدەك، سامانىلار ئىشغالىيىتى تۈپەيلى قۇل قىلىنغان تۈرك سەركەردىسى سوبۇق تېكىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد تەرىپىدىن قۇرۇلغان غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشى؛ جۈملىدىن سالجۇق ئوغۇزلىرى بىلەن خارەزىم تۈركمەنلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى؛ كۇسەن (كۇچا) ئارسلانخانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئارسلانخانلىقى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىق مۇھىت ئىچىدە داۋاملىق گۈللىنىشى — مانا بۇلار چىڭگىزخان ئىستىيلاسىغىچە بولغان نەچچە ئەسىرلىك ئۇزاق تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان مۇقىم گۈللەنگەن فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا يېڭى ئېتنىك تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ جەريان يالغۇز ھازىرقى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدىلا ئەمەس، يەنە يەتتىسۇ، پەرغانە، ماۋەرائۇننەھر، خارەزىم، شىمالىي خوراسان رايونلىرىدىمۇ ئىلگىرىكى ئاساستا چوڭقۇر داۋام قىلىشقا باشلىغانىدى. بىرمۇنچە خەلقلەر، جۈملىدىن كۆپچىلىك سوغدىلار بۇ جەريانغا خېلى بۇرۇنلا ئۆزلەشكەنىدى.

4) ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى تايانچى ھېسابلانغان سامانىلار خاندانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، خەلىپىلىكنىڭ ئىلگىرىكى كەڭ تېررىتورىيىسىدە بىر قاتار شەرقىي ۋە غەربىي مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۈچىيىشى باغداد خەلىپىكىنى خېلى بۇرۇنلا خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىگە ھەربىي ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن تايىنىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. خەلىپە ئەل

ۋاتىخ بىللا (842 — 847 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىدىن باشلاپ تۈرك سەركەردىلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى خەلىپىنى ئۆزىنىڭ قارانچۇقىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. سالجۇق تۈركلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بۇ جەرياننى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھادىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە ئېۋىرغولدىن ئاناتولىيە يېرىم ئارىلى ۋە تولۇنخانلار دەۋرىدىكى مىسىرغىچە تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر باشقۇرغان دۆلەتلەر قاتارى شەكىللىنىپ چىقتى. بۇ ھال خەلىپىنى پەقەت قۇتبىدا تىلغا ئېلىنىدىغان شۆھرەت نامىغىلا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلىي كۈچ ـ نوپۇزدىن مەھرۇم قىلىپ قويدى. قاراخانىلار خاقانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن خەلىپىلىك تەرىپىدىن بېغىشلانغان سەلتەنەت نام ـ ئۇنۋانلىرى بىلەن ئاتالدى.

5) ئىلگىرىكى ئورخۇن ۋە قەشقەر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي فېئودالىزم ئاساسىدا يېڭىدىن گۈللەنگەن قاراخانىلار خاندانلىقى ئۇيغۇر ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھاياتىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتتى.

بىر تەرەپتىن ئىلى ـ يەتتىسۇ ۋە خارەزىم رايونلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن قەشقەر، خوتەن، تالاس، پەرغانە ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى ئولتۇراقلاشقان تېرىقچى ئاھالىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يېقىنلاشتۇرۇلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئىقتىسادىغا بولغان ئۈستۈنلۈك ۋە يېتەكچىلىك ئورنى بارغانسېرى كۈچەيتىلدى. قاراخانىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى سۈپىتىدە ئىلگىرىكى ئۇرۇقداشلىق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ «دېھقان» دەپ ئاتالغان چوڭ زېمىندارلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، تېرىقچى ۋە يەر ئىگىلىرىنىڭ «ئىكتا» تۈزۈمى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

باشلاپ «دېھقان» ئاتالمىسى چوڭ زېمىندار تۆرىلەر مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز يېرىگە ئۆزى ئىشلىگۈچىلەر مەنىسىدە قوللىنىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ باج ـ سېلىق ۋە ئالۋان ـ ياساق كېمەيدى ياكى يەڭگىللەشتى. خەلق قوزغىلاڭلىرىمۇ ئازايدى. بۇ ھال كۆپلىگەن كۆچمەنچى ئاھالىنى يەرگە ئېرىشتۇردى ۋە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق، قول ھۈنىرى، سودا ـ سېتىق ۋە بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتى ئەرەب ئىستېلاچىلىرى دەۋرىدە مۇپتىلا بولغان ئىقتىسادىي ۋەيرانلىقتىن قۇتۇلۇپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلغان مۇقىم گۈللەنگەن فېئودالىزمنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىگە قەدەم قويدى.

قاراخانىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى تىنچ ئورۇندالغىنى يوق. ئۇ ئىلگىرىكى ئورۇقداش ئاقسۆڭەك چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ مەنىۋى ھامىيلىرى ھېسابلانغان يۇقىرى قاتلام دىنىي ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىسلام سوپىزمىنى ئۆزىگە دەستەك قىلىپ سىياسىي ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەشنى ۋە خەلق ئىگىلىكىنى خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئولتۇراقلاشمىغان كۆچمەن قەبىلىلەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئورۇقداشلىق ئەنئەنىلىرىدىن پايدىلىنىپ نىزاھ ۋە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى. قاراخانىلار كەڭ ئاھالىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ پىتنە ـ نىزالار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى[8].

قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى ھەممە رايونلاردا تېرىقچىلىق، سۇنئىي سۇغىرىش سىستېمىسى ۋە سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە راۋاجلانغان مەنزىرە شەكىللەندى. «قاراخانىلار

دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھر تارىخىي چېكىنىشكە گىرىپتار بولدى» دېگەن قاراش نوقۇل سامانىلار مۇتەررزلىكىگە كەك ساقلاش خاراكتېرىدىكى ناتوغرا كەيپىياتلىق قاراش بولۇپ، تارىخىي ۋۇقتىئىنەزەر ۋە تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ قاراش كېيىنكى زامانلاردىكى تارىخ دەرسلىكلىرىدىمۇ كۆچەپ تەرغىب قىلىندى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئەنئەنىۋى يۇڭ ـ تىۋىت، تېرە ـ خۇرۇم، شايى ـ كىمخاب، گىلەم ـ شىرداق تېخنولوگىيىسىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. سەمەرقەنت قەغەزچىلىكى، ئەينەك ۋە رەڭدار شىشىچىلىك چەت ئەللەرنىڭ زور قىزىقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۆمەر ھەييام (1048 — 1123) [9] رۇبائىيلىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەي شىشىلىرى قاراخانىلار دەۋرىدىكى سەمەرقەنت ئۇستىلىرى قولىدا ئىشلەنگەندى. قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەرۋدە «دۇنقۇش» ناملىق يىپەكچىلىك تېخنىكا مەكتىپى تەسىس قىلىندى.

ھۈنەر سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى پۇل مۇئامىلىسى، گۈزەر (رابات) ۋە شەھەر بىناكارلىقى، كارۋان سودىسىنى ئىلگىرى سۈردى.

ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخان دەۋرىدە، يۇسۇپ قىدىرخان دەۋرىدە، ئىبراھىم ئىبنى ناسىر تابغاچ خان دەۋرىدە قويۇلغان ئاقچىلار ئىچكى سودا ۋەزىيىتىنىڭ پۇل ئىسلاھاتىغا بولغان تەقەززاسىنى ئەكس ئەتتۇردى.

قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ھەرقايسى دەۋرلەردە قەشقەر (ئورداكەنت)، بارچۇق، يەركەن، خوتەن، بالاساغۇن، ئوترار (فاراب)، بۇخارا، سەمەرقەنت، شەش (تاشكەنت)، پەرغانە، ئۆزكەنت قاتارلىق كۆپلىگەن ئاۋات شەھەرلەر قايتا كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. پىششىق خىش، سىرلانغان پىششىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىشتىن ياسالغان كۆپلىگەن بىنالار قەد كۆتۈرۈشتى. بۇنىڭغا تابغاچ خان ناسىر ئىبنى ئىبراھىم (1068 — 1080) زامانىدا قۇرۇلغان ئىلىك قەلئە، ئاق كۆتەر قەلئە[1] ۋە قايتا تولۇقلاپ ياسالغان توققۇز گۈمبەزلىك بۇخارا جامە مەسچىتى، بابكەنت مۇنارىسى بىلەن ھەسەن ئىبنى سۇلايمان (1074 — 1102) دەۋرىدە قەشقەردە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان «ساچىيە» مەدرىسى، مۇھەممەد ئارسلانخان 1127 ـ يىلى بۇخارادا ياساتقان «مۇنار كالان» (چوڭ مۇنار) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئوداللىق شەھەر تۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە شەكىللىنىش جەريانىنى تېزلەتتى ۋە تىپىك شەھەر مەدەنىيىتى ھادىسىسىنى روياپقا چىقاردى.

قەشقەر، بالاساغۇن، ئۆزكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق ئاۋات شەھەرلەر يالغۇز سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىلەر مەركىزى بولۇپ قالماستىن، يەنە شەھەر مەدەنىيىتى، شەھەر ئەدەبىي تىلى ۋە شەھەر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئوچاقلىرىغا ئايلاندى. مۇنداق شەھەر مەدەنىيىتىنى مۇستەسنا قىلىپ، ھەرقانداق ماھىر فولكلور ئەدەبىياتى بىلەنمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تەك غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى كلاسسىك شېئىرىي ھېكمەت قامۇسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

قاراخانىلار مەشھۇر «يىپەك يولى» ئوتتۇرا تۈگۈنىدە تۇرۇپ شەرقتە سۇڭ، لياۋ، سېرىق ئۇيغۇر (كېيىنچە تاڭغۇت)، ئىدىقۇت خانلىقلىرى بىلەن غەربتە ۋە غەربىي جەنۇبتا خارەزىم، سالجۇقلار، غەزنەۋىلەر، ھىندىستان، باغداد خەلىپىلىكى، شىمالىي ئافرىقا ئەللىرى بىلەن كارۋان سودىسى مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلدى. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىلار

---

[1] ناسىر ئىبنى ئىبراھىمنىڭ قەبرىسى ئاق كۆتەر قەلئەگە جايلاشقان.

سۈك سۆلالىسى بىلەن 30 قېتىمغا يېقىن سودا مۇناسىۋىتىدە بولغان، ياقۇت، دېندان، مەستىكى رۇمى، نۆشۇدۇر، قاش، سۆسەر، بۆلغۈن تېرىسى، تۆگە، ئات سودىسى قىزغىن ئېلىپ بېرىلغان.

6) قاراخانىلار دەۋرىدە ئىلىك فېئوداللىق ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمە راۋاجلىنىشىغا ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلىنى ئۆرنەك قىلغان مەنىۋى مەدەنىيىتى تارىخىي خاراكتېرلىك گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئەگەر مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارەزمى [10]، ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئەل فەرغانى [11] ۋە ئەبۇ نەسىر فارابى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى بىر ئويغىنىش دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلغان بولسا، قاراخانىلار دەۋرىدە يىپەك يولىنى بويلاپ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى مەدەنىيەت نامايەندىلىرى مەيدانغا كەلدى. سامانى، غەزنەۋى ۋە قاراخانىلار بىللە مەۋجۇت تۇرغان دەۋرگە ئائىت مەشھۇر تېبابەتچىلىك ۋە ئىلىم قامۇسى «ئەل قانۇن فىت تېب»، «كىتاب ئەش شىفا»، «دانىشنامە» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ئەبۇ ئەلى ھۇسەيىن بىننى ئابدۇللا ئىبنى سىنا [12] ۋە ئۇنىڭ زاماندىشى ئاتاقلىق تەبىئەتشۇناس ئەبۇ رەيھان بىرۇنى [13] ئالدىنقىلارنى كېيىنكىلەرگە تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلدى. قاراخانىلار سامانىلار خاندانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزگەندىن كېيىنكى سەككىز ئەۋلادتىن تەشكىل تاپقان ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك (999 — 1212) ۋاقىت ئىچىدە خانلىقنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا كۆرۈنەرلىك ئىلىم ۋە مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com

ئەربابلىرى يېتىشىپ چىقتى. بۇنىڭغا قاراخانىلارنىڭ 7 ـ ئەۋلاد خاقانلىرىدىن تابغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بىننى ناسىر (1041 ـ 1068) دەۋرىدىكى «تارىخىي مۇلكى تۈركىستان» (1058) ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەجدىددىن مۇھەممەد ئۇدمانى، قاراخانىلارنىڭ 8 ـ ئەۋلاد خاقانى ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغرا قاراخان (1074 ـ 1102) دەۋرىدىكى «تارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇلغاپپار بىننى ھۈسەيىن ئەلمەئى، پەلەكىيات ئىلمىدە تەڭداشسىز ئالىم قۇتۇلمىش، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «تۈركىي تىللارنىڭ نەۋھىسى قائىدىلىرى» («جاۋھىرۇننەھۋىي فى لۇغاتىت تۈرك») ناملىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەلكاشغەرى، «ساچىيە» مەدرىسىنىڭ «ئەل شەيخۇل ئىمامۇل زاھىد» ئۇنۋانىنى ئالغان مۇدەررىسى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ، ئىبنى سىنانىڭ «ئەل قانۇن فىت تىب» ناملىق ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان مەشھۇر تېبابەتشۇناس ئىمادىددىن قەشقەرى، قاراخانىلارنىڭ 9 ـ ئەۋلاد خاقانى مەسئۇد ئىبنى مۇھەممەد دەۋرىدىكى «ئەرەدۇل سىياسەت فى ئەغرەدۇل رىياسەت» (1097) ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەل سەمەرقەندى، «ھەقىقەتتىن سوۋغىلار» («ھىبەتۇل ھەقايىق») داستانىنىڭ ئاپتورى ئەھمەد يۈكنەكى، قاراخانىلارنىڭ 13 ـ ئەۋلاد خاقانى ئوسمان بىلەن مۇھەممەد خارەزىم شاھ دەۋرىدە «مۇقەددىمە تۇل ئەدەب» ناملىق لۇغەتنى تۈزۈپ چىققان خارەزىملىك ئالىم ئەبۇلقاسىم زەمەقشەرى[14] قاتارلىقلارنى گەۋدىلىك مىسال سۈپىتىدە ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن.

تارىخىي خاتىرىلەر قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن 13 ئەۋلاد ئارسلانخان (بۇغرا قاراخان)، تابغاچ قاراخان ۋە مەھەللىۋى كىنەزلىك ھېسابلانغان ئىلىك خانلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئىلىم ـ

مەدەنىيەت ھامىيلىرى ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. بۇنىڭغا يۇسۇپ قىدىرخانىنىڭ ماھىر مۇزىكا ئۇستىسى بولغانلىقىنى، خىزىرخانىنىڭ شائىرلارغا لېگەندە ئالتۇن ئىنئام قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شائىر يۇسۇپنىڭ ئەبۇ ئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان بۇغراخان تەرىپىدىن خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغانلىقىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

قەشقەرنى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى قىلغان قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە گۈللەنگەن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى قانداقتۇر مەھەللىۋى ھادىسە بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىسلام شەرقىدە ھارۇن رەشىت ۋە خەلىپە مەئمۇن نامى بىلەن باغلانغان ئابباسىيە خەلىپىلىكى «ئالتۇن دەۋرى» نىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن يۈز بەرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بۇ خىل مەدەنىيەت شەھەر مەدەنىيىتى ۋە شەھەر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۇلگۈرگەن بولۇپ، ئۆزگە ئۇيغۇر «خاقانىيە» ئەدەبىي تىلىنى ۋاستە قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، ئەينى زاماندا گەنجۇ، قوچۇ (ئىدىقۇت)، كۇسەن، قاراخانىلار قاتارلىق بىر قاتار خانلىقلار ئارقىلىق يېپەك يولىنىڭ مەركىزىي لىنىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىدىن باشقا، كۆچمەن، يېرىم كۆچمەن قەبىلىلەر، كېيىنچە چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن قايتا تەشكىللەنگەن خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى تېخى بۇنداق «خاقانىيە» ئەدەبىي تىلىغا تاقابىل تىل مەلىكىسىگە ئېرىشكەن ۋە ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئەمەس ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز كىتابىنى تۈركىي تىل لەھجىسىدە «ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ راۋان بولغان خاقانىيە ئۆلكىسىدىكىلەر[15] نىڭ تىلى» بىلەن يازدىم دېگەنلىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەينى زاماندا ھارلىق تۈركىي تىللارغا يېتەكچى ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك بۇ خىل ئېتنىك جەريانىنىڭ

تارىخىي قىممىتىنى چۈشەندۈرسە، ئۇنىڭ «تۈرك تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەنلىكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنىڭ ھەربىي (بولۇپمۇ سالجۇق تۈركلىرىنىڭ 1055 ـ يىلى باغدادنى ئىشغال قىلىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە)، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئەگىشىپ «خەلىپىلىك تىلى» (ئىمپېرىيە تىلى) ھېسابلانغان ئەرەب تىلى بىلەن تەڭ ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ مەنزىرىنى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانىدا» ناملىق بابىدىكى كۆپلىگەن مىسرالاردىن، بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىر زاماندا مەيدانغا كەلگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئەرەب، پارس كىتابخانلىرىغا قارىتىپ يېزىلغان مۇقەددىمە قىسمىدىكى تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق يازغانىدى: «خۇدا دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا ياراتتى. پەلەكنىمۇ ئۇلارنىڭ مۈلكىگە ماسلاشتۇرۇپ ئايلاندۇردى. ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدى. ئۇلارنى مۈلۈككە ئىگە قىلدى. ئۇلارنى زامانىمىزنىڭ خاقانلىرى قىلىپ كۆتۈردى. زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيارىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. خەلققە باش قىلدى. ئۇنى توغرا يولغا يۈرۈشكە قادىر قىلدى. ئۇلارغا قاراشلىق كىشىلەرنى غالىب قىلدى. ئۇلارغا قاراشلىق كىشىلەر مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپ، باشباشتاقلارنىڭ ھالاكىتىدىن قۇتۇلدى. ئۇلار (تۈركلەر) نىڭ ئوقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى مەھكەم تۇتماق ھەربىر ئەقىللىق كىشىگە لايىق ۋە مۇناسىپتۇر. ئۇلارغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاساسىي يول — ئۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلىشىشتۇر. . . پەيغەمبەر: تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ، دېگەنىدى. . . ئەگەر ھەدىس توغرا بولسا، تۈرك تىلىنى

ئۆگىنىش ۋاجىپتۇر. ھەدىس توغرا بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ.» مانا بۇ خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئالدىدا ئوقۇلغان تارىخىي خاراكتېرلىك، ئىپتىخارلىق خىتابەت ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن قاراخانىلار خاندانلىقىنى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي گەۋدە قىلغان تارىخىي مۇھىتىنىڭ بىر قاتار كۆرۈنگەن ئالامەتلىرىدىن ئىبارەت. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەنىۋى مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مۇئەللىپى

كارل ماركس «1848 — 1850 ـ يىللاردا فرانسىيىدىكى سىنىپىي كۈرەش» ناملىق ئەسىرىدە فرانسۇز ماتېرىيالىستى ھېلۋېتىئوس[16] تىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «ھەربىر ئىجتىمائىي دەۋر ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرىگە موھتاج بولىدۇ، ئەگەر بۇنداق كىشىلەر بولمىسا، بۇنداق كىشىلەرنى يارىتىدۇ»① دېگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىنىڭ مەنىۋى ۋەكىلى سۈپىتىدە قاراخانىلارنىڭ گۈللەنگەن ئوتتۇرا مەزگىلىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققان ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار تارىخىي شەخس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات تەزكىرىسى مەلۇم ئەمەس. ئۇ توغرىلىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلىم دۇنياسىغا قايتا مەلۇم بولۇشتىن ئىلگىرى يېزىلغان بىرەر تارىخىي ئۇچۇرمۇ تېپىلغان ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبۇ ئۇسەيبە (ۋاپاتى 1270 ـ يىل)، ئىبنى

---

① «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، I توم، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 767 ـ بەت.

خەللىكان (ۋاپاتى 1283 ـ يىل)، ئەل سەفەدى (ۋاپاتى 1366 ـ يىل) قاتارلىق ئەرەب تەزكىرىشۇناس — تارىخچىلىرىنىڭ ئەسىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا مەخسۇس قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇئەللىپلىرى ئۈستىدە توختالغان سەمئانى ئەبۇ سەئىد (ۋاپاتى 1113 ـ يىل) نىڭ «كىتابۇلئەنساپ» ناملىق ئەسىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىر قەدەر تولۇق پەرغانە (نەمەنگان) نۇسخىسىدا بۇ ھەقتە ھۆكۈملۈك ئۇچۇر بېرىلگەن.

مۇئەللىپنىڭ نامى، ئۇنىڭ ياشىغان ماكانى ۋە كىتابىنى قەشقەردە تاماملاپ، تابغاچ بۇغرا قاراخانغا سۇنغانلىقى، خاننىڭ مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانى بەرگەنلىكى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەسرىي مۇقەددىمىسى بىلەن نەزمىلىك مۇقەددىمىسىدە ئوخشاش مەزمۇندا تىلغا ئېلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئۆزرىنى ئېيتقانلىقى باياندا»، «كىتابىنىڭ نامى، مەنىسى ۋە مۇئەللىپنىڭ ئۆز قېرىلىقىنى ئېيتقانلىقى باياندا»، «ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلىشى» قاتارلىق بابلىرى بىلەن كىتابقا ئىلاۋە قىلىنغان «كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھىتى» ناملىق باب ۋە ئۇنىڭ نەسرىي ھەم نەزمىلىك مۇقەددىمىسىگە ئاساسلانغاندا «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىشكەن بىلىم ۋە ئىستىبدات ئىگىسى، پەزىلەت ۋە شاراپەت ئۆلكىسى بولغان «قۇز ئوردا» (بالاساغۇن) نى ماكان تۇتقان يۈسۈپ تەرىپىدىن يېزىلىشقا باشلىنىپ، ئاساسلىقى قەشقەر (ئورداكەنت) دە تاماملانغان ۋە ئەينى زاماننىڭ سەلتەنىتى — تابغاچ بۇغراخانلار خانى — ئەبۇ ئەل ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغراخانغا بېغىشلانغان. مۇئەللىپ ھەسەن بۇغراخان تەرىپىدىن «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلانغان. بۇ ھال «نەزمىلىك مۇقەددىمە» دىكى 56 — 63 ـ بېيىتلاردا مۇنداق بايان قىلىنغان:

پۈتۈنلۈك مە ھۆرمەت بۇ زۇھدلىغ ئۆزە
ساقىنوق بىلىكلىگ ئارىغلىغ ئوزا
[ئۇ توغرا، پاھۆرمەت بىر زاھىت ئىرۇر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېرىغ - پاك يۇرۇر.]
بۇ تەڭى تۇرۇغلاغ قۇز ئوردۇ ئەلى
تۇپ ئەسلى نەسەبدىن يورىمىش تىلى
[تۇرۇغلۇق ماكانى «قۇز ئوردۇ» ئېلى،
تۇپ ئەسلى نەسەپتىن خەۋەرچى تىلى.]
بۇ توغمىش ئەلىنتىن چىقىپ بارغانى
كىتابنى قوشۇپان تۈكەل قىلغانى
[ئۇ تۇغقان ئېلىدىن كېتىپتۇ چىقىپ،
كىتابنى نەزمىگە قوشۇپ تۈگىتىپ.]
بارۇسىن بىتىمىش يەتۈرمىش نىزام
بۇ كاشغەر ئەلىندە قوشۇلمىش تەمام
[پۈتۈن ھەممىسىگە بېكىتكەچ نىزام،
ئۇنى قەشقەر ئىچىندە قىلغان تامام.]
مەلىكنىڭ ئۆڭىندە ئوقىمىش مۇنى
بۇ تابغاچ قارا بۇغراخانلار خانى
[ھۇزۇرىدا خاننىڭ ئوقۇغان مۇنى،
ئۇ تابغاچ قارا بۇغراخانلار خېنى—]
ئاغىرلامىش ئارتۇق ئۆكۈش خىلئەتى
قەلەمنىڭ ھەقى تەپ ئۇقۇش ھۇرمەتى
[قەدىرلەپ ئۇنى كۆپ بېرىپ خىلئىتى①،
قەلەم ھەققى دەپ كۆپ قىلىپ ھۆرمىتى.]
بۇ خاس ھاجىپ ئاتىن تەگۈرمىش مۇڭا
مۇنى بۇ ئۆزىگە ياغۇتمىش يانا
[ئۇنىڭغا بېرىپ خاس ھاجىپلىق ئېتىن،
ئۇنى ئەيلەمىشتۇر ئۆزىگە يېقىن.]

① خىلئەت — مۇكاپات.

www.uyghurkitap.com

[بۇ مەنى ئۇچۇن كۆر ئاغىرلار ئانى
يۇسۇف خاس هاجىب تەپ ئايۇرلار كۈنى
[بۇ مەنا ئۈچۈن، كۆر، قەدىرلەر ئۇنى،
يۇسۇپ خاس هاجىپ دەپ ئاتارلەر كۈنى.]

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا كېيىنچىرەك، باشقا ـ باشقا قەلەم ئىگىلىرى تەرىپىدىن يېزىپ كىرگۈزۈلگەن① بۇ ئىككى ژانىردىكى مۇقەددىمىدە ئېيتىلغان تارىخىي ـ تەزكىرىلىك ئۇچۇر يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتىگە ئۇيغۇن دەپ قارايمىز. بۇ مۇلاهىزىمىزنى مۇئەللىپنىڭ ئۆزى ئۆز كىتابىغا ئائىت بەرگەن خەۋەرلىرى ۋە «كىتاب ئىگىسى يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس هاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىهەتى» ناملىق ئىلاۋە قەسىدىسى بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ قاچان دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما داستاننىڭ ئاپتور 50 ياشتىن هالقىغاندا يېزىلغانلىقى ۋە 18 ئاي (بىر يېرىم يىل) ئىشلەپ، هىجرىيىنىڭ 462 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1070 ـ يىلى) تاماملانغانلىقى ھەققىدىكى شېئىرىي مىسرالاردىن يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ هىجرىيىنىڭ 412 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1018 — 1019 ـ يىللىرى) دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىمىز②. ئۇ 365 ـ، 366 ـ

① س. ئى. مالوف: «قەدىمكى تۈركىي يېزىق يادىكارلىقلىرى»، 1951 ـ يىل موسكۋا ـ لېنىنگراد نەشرى؛ رەشىد رەهمەتى ئارات: «قۇتادغۇ بىلىك. 1 ـ مەتىن»، 1947 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى؛ رەشىد رەهمەتى ئارات: «ئىسلام قامۇسى. ‹قۇتادغۇ بىلىك›»؛ ئا. ن. كونونوف: «يۇسۇپ بالاساغۇننىڭ داستانى — ‹قۇتادغۇ بىلىك› قاتارلىق ئەسەرلەرگە قارالسۇن.

② رەشىد رەهمەتى ئارات (1900 — 1964) 1015 — 1016 ـ يىللىرى، دىلئاچار (1897 — 1979) 1018 ـ يىلى، قەييۇم كەرىموف 1019 ـ يىلى يۇسۇپ خاس هاجىپ دۇنياغا كەلگەن، دەپ تەخمىن قىلىنىشىدۇ.

بېيىتلىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

تەگۈردى ماڭا ئەلگىن ئەلىگ ياشىم
قۇغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسى تەگ باشىم
[ماڭا يەتكۈزۈپ قولىنى ئەللىك يېشىم،
قۇغۇ① قىلدى قۇزغۇن تۈسىدەك بېشىم.]
ئوقىر ئەمدى ئالتمىش ماڭار كەل تەيۇ
يۇسۇغ بولماسا باردىم ئەمدى نارۇ
[مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش، دەيدۇ ئۇ كەل!
بارۇرمەن ئەگەرچە يەتمىسە ئەجەل.]

ئەگەر شۇنداق بولغىنىدا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ مەنسۇر بىننى ئەلى ئارسلانخان ئاكىسى ئەھمەد توغانخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا خانلىق تەختىگە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئالەمگە كەلگەن بولىدۇ. بۇ خارەزىم شاھى مەئمۇن ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان مەنسۇر ئارسلانخان قوشۇنلىرى ئالدىدا ئىتائەتچان سۇلھ تۈزۈپ ئىككى يىلدىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقتى دەل سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چەۋرىسى يۇسۇپ (ئىبنى ھەسەن) قىدىرخان (1026 — 1032) دەۋرىگە، ياشلىق مەزگىلى ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان (1032 — 1056) دەۋرىگە، توختالغان ھايات پەسلى قىسمەن ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخان، تولاراق مەھمۇد ئىبنى يۇسۇپ توغرۇل قاراخان (1059 — 1074) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قاراخانىلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى 3 — 4 ـ ئەۋلاد خانلىق دەۋرى بولۇپ، قاراخانىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوتەننى باشقۇرۇپ، خارەزىم ۋە غەزنەۋىلەرگە تەھدىت سېلىپ، چوڭ يەر ئىگىلىك تۈزۈمىنى

---

① قۇغۇ — ئاققۇ.

بىكار قىلىپ مۇقىم گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن مەزگىلى ئىدى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىشقا كىرىشىشى ۋە بۇ ئىشقا ھىجرىيىنىڭ 460 — 461 ـ يىللىرى (مىلادىيىنىڭ 1067 — 1068 ـ يىللىرى) تۈتۈش قىلغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.
مەلۇمكى، بىر پۈتۈن قاراخانىلار ھاكىمىيىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى بولغان ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرى سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ ئارسلانخان («نۇرىلدەۋلە») بىلەن ئەلى ئىبنى مۇسانىڭ نەۋرىسى ئىبراھىم ئىبنى ناسىر تابغاچ بۇغراخان دەۋرىگە كەلگەندە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئارسلانخانلىق (بۇغرا قاراخانلىق) ۋە بۇخارانى مەركەز قىلغان تابغاچ بۇغراخانلىقتىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەتكە ئايرىلىپ كەتكەنىدى. سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ ئارسلانخان ئۆلۈپ خانلىق ئىككىنچى ئىنىسى مەھمۇد ئىبنى يۈسۈپ توغرۇل قاراخان قولىغا ئۆتكەندە، ئۇ قازا قىلغان ئاكىسى سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايماننى ئۆزىنىڭ بالاساغۇندىكى ئورۇنباسارى — ئىلىك خان قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. شۇ چاغدىلا ئەبۇئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان غەربىي قاراخانىلار (تابغاچ خانلار) ھاكىمى ئىبراھىم ئىبنى ناسىر تابغاچ خان قولىدىن پەرغانىنى تارتىۋېلىپ تابغاچ خانلىق دەرىجىسىگە ئېرىشكەنىدى. مەھمۇد ئىبنى يۈسۈپ توغرۇل قاراخان 1074 ـ يىلى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى ئۆمەر توغرۇل تېكىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئەبۇئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان قائىدىلىك ھالدا ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۇلۇغ بۇغراخانلىق — ئارسلانخانلىق سەلتەنىتىگە چىقتى. دەل مانا بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانىدا» دېگەن بابقا ياكى ئالدىن بېشارەت ۋە ياكى قايناق ئىلھام بېغىشلىغان تارىخىي مەنزىرە.

«قۇتادغۇ بىلىك» بېغىشلانغان بۇغراخاننىڭ كىملىكى توغرىسىدا خېلى بىر مەزگىل ئەگرى - توقايلىقلار ۋە ئېنىقسىزلىقلار داۋام قىلدى. ئىبنۇل ئەسىر، ئەبۇل فەزىل ۋە جامال قارشى ئەسەرلىرى ۋ. ۋ. بارتولد ۋە س. ئى. مالوفلارنى ئەنە شۇنداق مۇشكۇللۇككە دۇچار قىلغانىدى. ئاخىر پەرغانە (نەمەنگان) نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە يەكەندىن 474 - ۋە 494 - ھىجرىيىگە (مىلادىيە 1081 - ۋە 1101 - يىلىغا) ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدى[1] . بىزنىڭ مۇھاكىمىمىزچە، خانلىق تەختىدە 28 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن ئەبۇل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان بۇغراخان (1074 — 1102 - يىللىرى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان) يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن ئون نەچچە ياش چامىسىدا كىچىكرەك بولۇشى ئېھتىمال. بۇنىڭدىن باشقا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز داستانىدا ئەبۇ ئەل ھەسەن بۇغراخانغا قېرىلىق ۋە ئۆلۈم توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ قېرىلىق توغرىسىدىكى پىكىر - تۇيغۇلارغا بۇغراخانغا قارىغاندا خېلى بالدۇر قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنى ئەبۇ ئەل ھەسەن بۇغراخانغا ئۇ خانلىق تەختىگە «خۇددى كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياشتەك» ئولتۇرغان، مۇھىت خۇددى «باھار پەسلى مەنزىرىسىگە ئوخشاش گۈزەللىك بىلەن يوپۇقدالغان» ۋاقىتتا يېزىپ بېغىشلىغانمۇ؟ ياكى ئۇ تېخى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى توغرۇل قاراخان (1058 — 1074) ھوزۇرىدا ئورۇنباسار بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىلىم - قابىلىيىتى ھەم يېقىنقى سەلتەنەت ئىستىقبالىنى ئالدىن بايقاپ ئۇنىڭغا

---

① بۇ ۋەسىقىلەردە بىردەك «ئەبۇل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلان قاراخان» دەپ يېزىلغان. بۇ سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ ئارسلانخان (نۇرىلدەۋلە) نىڭ چوڭ ئوغلى ئەبۇل ھەسەن بۇغراخاننىڭ دەل ئۆزىدۇر.

تەقدىم قىلىنغانمۇ؟ داستانىنىڭ «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى باياپىندا» دېگەن بابى ئەبۇل ھەسەن تابغاچ خان بۇغراخانلىق سەلتەنىتىگە ئولتۇرغاندا يېزىلىپ، داستانغا كىرگۈزۈلگەنمۇ؟ بۇ خىل قىياسىي مۇھاكىمىلەرگە سەۋەب بولغان نەرسە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئاساسىي ئورىگىنالى ئىچىدىكى 6495 ـ بېيىت بىلەن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچىنچى قەسىدىسىدىكى 6623 ـ بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسرالىرى ئوخشاش، ئىككىنچى مىسرالىرى پەرقلەنگەن نەزمىدىكى كىتابنى 465 ـ ھىجرى (مىلادىيە 1069 — 1070 ـ يىللىرى)، 18 ئاي سەرپ قىلىپ (6624 ـ بېيىت) تاماملىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇر بىلەن قاراخانىلار نەسەبنامىسىگە بېرىلگەن سەلتەنەت يىللىرى تىزىمىدا ئەبۇل ھەسەن تابغاچ خاننىڭ بۇغراخانلىق تەختىگە 1074 ـ يىلى چىققانلىقى ئارىسىدىكى ئۈچ يىلدىن ئىبارەت. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلىرىدە ئەسەر يېزىلىپ بولۇپلا خانغا سوۋغا قىلىندى دەپ جەزملەشتۈرۈلمىگىنىدەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېھتىماللىقلار بىلەن تېخى پۈتۈنلەي روشەنلىشىپ كەتمىگەن قاراخانىلار نەسەبنامىسى يىلنامە تەتقىقاتى ناتوغرىلىقلاردىن خالىي دەپمۇ جەزملەشتۈرمىگەن ياخشىراق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ ئەبۇ ئەل ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدىكى تىنچ ـ ئاسايىشلىق مۇھىتتا خانلىق ھوزۇرىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە پايدىلىق كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ زور شۆھرەت قازىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

يېقىندا مەلۇم بولۇشىچە، زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ قەشقەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان ۋاقىت (1830 — 1848) تا بەدىئىي

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى مىر ھۇسەيىن سەبۇرى ئۆزى باشلىغان «بەھرىل ئەنسەپ» (نەسەب دەرياسى) ناملىق ئەسىرىنىڭ داۋامىنى ئۆز شاگىرتى سوپى ئاللا يارىنىڭ يېزىپ تۈگىتىشىگە تاپشۇرغان. ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىگە «ھەزرىتى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھىجرىيىنىڭ 478 ـ يىلى ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ قەبرىسى كونا ھىسار (ئەسكى سار) نىڭ شىمالىدىكى پاي ئابدا. . . ئامىن، مەن شەيخ دۇئا قىلغۇچى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللا يارى» دېگەن خەتنى پارسچە يېزىپ قويغان[①] . ئەگەر بۇ ئىلاۋە توغرا دېيىلسە، يۇسۇپ خاس ھاجىپ 1085 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۇسۇپ خاس ھاجىپ 66 — 67 يىل ياشاپ، قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە قىزىل دەريا بويىدىكى بارگاھلىق يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ 1120 ـ يىلى قىزىل دەرياغا كەلكۈن كېلىپ ئەتراپىنى نابۇت قىلغاچقا، ئەھمەد بىننى ھارۇن خان ۋاقتىدا قەبرىگاھلىقتىكى ئالىمنىڭ جەسىتى ھازىرقى پايناپ (پايى ئاب) يېزىسىغا كۆچۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان ۋە قەبرىگاھلىق بىنا قىلىنغان، شەيخ ـ جارۇپكەشلەر قويۇلغان. ھىجرىيىنىڭ 1074 ـ يىلى (مىلادىيە 1665 ـ يىلى) يەكەن خانلىرىدىن ئابدۇللاخان، ھىجرىيىنىڭ 1242 ـ يىلى (مىلادىيە 1828 ـ يىلى) قەشقەر ھۆكۈمرانى ئىسھاق ۋاڭ قەبرىگاھلىقنى قايتا ـ قايتا ئىسلاھ قىلىپ، رەڭلىك كاھىشلار بىلەن «كۆك گۈمبەز» مەقبەرىسى ھالىتىگە كەلتۈرگەن. 1972 ـ يىلى بۇ قىممەتلىك يادىكارلىق ۋەيران قىلىنغان. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 107 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىپ ۋە بىر يېرىم مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، يۇسۇپ خاس

---

① مۇھەممەد سىدىق زۇنۇن: «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى ھەققىدە»، («قۇتادغۇ بىلىك» ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 213 — 224 ـ بەتلەر).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاجىپنىڭ يېقى ياسالغان قەبرىگاھلىقىنى 1989 ـ يىلى ئۆكتەبىردە تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلدى. شۇ يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن ئىلگىرى قەشقەر شەھىرىدە «مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق ‹قۇتادغۇ بىلىك›، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى، چۈشتىن كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مەقبەرىسىنى ئېچىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايون رەئىسى تۆمۈر داۋامەت لېنتا كەستى ۋە ئالىمنىڭ قەبرىسىگە يوپۇق ياپتى.

گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇقەددىمىلىرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالاساغۇندا ماكان تۇتقان يۇقىرى قاتلامغا مەنسۇپ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى①، ئۆز ئەسىرىنى بالاساغۇندا يېزىشقا باشلاپ، خانلىق ئوردا شەھىرى بولغان قەشقەردە ئاياغلاشتۇرغانلىقى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەشقەر بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، مۇئەللىپ ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەشقەرگە كەلمىگەن دېگەن خۇلاسە توغۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر يۇرتى بالاساغۇن قەشقەرگە يېقىن ۋە بۇ چاغدا خاقانىيە ئۆلكىسىگە قاراشلىق بىر ۋىلايەت بولۇپ، تولا ۋاقىتلاردا بۇغراخانلار جەمەتىنىڭ خانزادىلىرى باشقۇرىدىغان ئىلىك خانلىق ياكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋېلىش سەھنىسى ھېسابلىناتتى. قەشقەر بولسا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەينى زامانىدىكى سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ مەركىزىي ئوچىقى بولۇپ، مەرىپەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك يۇقىرى قاتلام تالىپلىرىنىڭ ئالىي مەلۇماتىنى قەشقەر مەدرىسلىرى ۋە ھۆكۈمالىرىدىن ئېلىشى تولىمۇ تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر VIII

---

① ئالما ـ ئاتادا چىقىدىغان «يۇلتۇز» ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق سانلىرىدىن بىرىدە يۈسۈپنى خانلىق سازەندىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاساس يوق.

ئەسىردىكى تىبەتلىكلەر مۇداخىلىسى بىلەن XIII ئەسىر بېشىدىكى غەربىي قىتانلار مۇداخىلىسى ئارىسىدىكى ئالتە ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ئاساسەن تىنچ ـ ئاسايىشلىق شارائىتىدا غايەت زور گۈللەنگەنىدى. مۇنداق تىنچ ـ ئاسايىشلىق ۋەزىيەتكە ئەينى زامان شارائىتىدىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، مەرۋى، بەلخ، ھەتتا «تىنچ شەھەر» دەپ ئاتالغان باغدادمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان.

شۇنىمۇ دىققەتكە قارىتىش لازىمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ رۇسچە نۇسخىسىنى ئىشلىگەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى پروفېسسور ئا. ن. كونونوف ئۆزىنىڭ «يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ داستانى ‹قۇتادغۇ بىلىك›» سەرلەۋھىلىك مۇقەددىمىلىك ماقالىسىدە: «يۇسۇپ بالاساغۇنى تۇغۇلغان بۇ شەھەر ‹قۇز ئوردا› نامى بىلەن مەشھۇر بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى»[1] دەپ يازسا، ئۇيغۇر ئالىمى، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى مۇرات ھەمرايوف «دەۋر سەھىپىلىرى» ناملىق كىتابىدا: «بالاساغۇن شەھىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا گۇمانلىق بولسىمۇ، لېكىن يۇسۇپنىڭ ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان جايى قەشقەر توغرىسىدا ھېچقانداق گۇمان يوق»[2] دەپ يازغانىدى. بالاساغۇننىڭ ئوردا كەنت — قەشقەرگە يېقىنلىقى ۋە ھاۋاسىنىڭ سالقىنلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «قۇز ئوردا» (تەسكەيدىكى ئوردا) دەپ ئاتالغانلىقى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە تىلغا ئېلىنغان. بالاساغۇن زادى قەيەردە؟ سۇياپ (چۇئاب) قەلئەسى دەپ قارالغان ئاقپېشىن بىلەن «قۇز ئوردا» نىڭ

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 1989 ـ يىلى ئۈرۈمچى نەشرى، 4 ـ بەت.

② مۇرات ھەمرايوف: «دەۋر سەھىپىلىرى»، 1972 ـ يىلى ئالما ـ ئاتا نەشرى، 84 ـ بەت.

ئالاقىسى قانچىلىك؟ مانا بۇ ھېچقانداق چەكلىمىسىز تەتقىق قىلىنىشقا بولىدىغان ئوچۇق ۋە قىزىقارلىق تېما.

«قۇتادغۇ بىلىك» قەشقەردىن ئىبارەت ئەينى زامان يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە كلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكىدە مەيدانغا كەلگەن. مىڭلىغان يىللاردىن كېيىنكى جۇغراپىيىلىك ـ ئېتنىك ئۆزگىرىش تۈپەيلى، ئاللىقاچان خارابلاشقان ۋە ھەقىقىي ئورنى نامەلۇم تۇرۇۋاتقان بالاساغۇننى قەشقەر خانلىقى ۋە قەشقەر ئەدەبىي تىلى، قەشقەر شەھەر مەدەنىيىتى چەمبىرىدىن ئايرىپ تاشلاش بىمەنە ئۇرۇنۇشتۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» بوستان مەدەنىيىتى، شەھەر مەدەنىيىتى ۋە كلاسسىك ئوردا مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدە قىلغان قەشقەر مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، خەلقئارا سودا مۇناسىۋەتلىرىسىز مۇنداق كلاسسىك ئەسەرنىڭ روياپقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوقۇش تارىخى بىزگە مەلۇم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مول مەزمۇنلۇق سەھىپىلىرىدىن ئالىمنىڭ پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، شېئىرىيەت ئىلمى، دراماتورگىيە، ئەخلاقشۇناسلىق، ئېستېتىكا، قانۇنشۇناسلىق، ئىقتىساد ئىلمى، سىياسىي باشقۇرۇش سەنئىتى، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىلىم، مائارىپ، دىنشۇناسلىق، فولكلور ۋە تارىخ قاتارلىق پەنلەردىن كاتتا بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، يالقۇنلۇق ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇر، يېقىملىق ھامىيسى ۋە ماھىر تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باي ۋە كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئاساسىنى شۇنىڭدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم قۇرۇلمىسىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى

بىلەن خاراكتېر ئالامەتلىرى قىزىقارلىق تېما بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ داستانىدىكى تەپەككۇر ئوبرازلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىۋاستە ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە ئەمەسمىز. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 31 ـ بابىدىكى «ئۇلۇغ ھاجىپ» شەرتلىرى توغرىسىدىكى بايانلارنى گەرچە دەل يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پېرسوناژ تەسۋىرى دېيىشكە ئاساسىمىز بولمىسىمۇ، بۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىگە زىت، ھەتتا يىراق دېيەلمەيمىز. بۇنىڭ مۇھىملىرى بىلىملىك، ئەقىللىق، زېرەك، ئېغىر ـ بېسىق، پاك ۋە تەقۋادار، كەمتەر، مۇلايىم، ھايالىق ۋە سىر ساقلايدىغان، خۇيى ئىللىق ۋە مېھرىبان، جۈملىدىن قوڭۇر چاچ ـ ساقاللىق، يۈز ـ كۆزى ۋە ئاۋازىمۇ يېتەرلىك گۈزەل، يېقىملىق بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە 2487 ـ، 2488 ـ بېيىتتىن تەشكىل تاپقان رۇبائىيدا مۇنداق يېزىلغان:

ھاجىبلىققا ئاشنۇ بۇ ئون نەڭ كەرەك
يىتى كۆز قولاق ساق كۆڭۈل كەڭ كەرەك
يۈزى كۆركى بود تىل ئۇقۇش ئۆگ بىلىك
قىلىنچى بۇلارقا تۈكەل تەڭ كەرەك
[ھاجىپلىققا ئاۋۋال بۇ ئون نەڭ[1] كېرەك،
ئىتتىك كۆز، قولاق ساق، كۆڭۈل كەڭ كېرەك.
گۈزەل يۈز، بوي، تىل، ئاڭ، ئەقىل ۋە بىلىم،
خۇلق ـ مىجەز بۇلارغا تولۇق تەڭ كېرەك.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ روھىي ھايات تارىخىدا بىر تەكشى ئۆتمىگەن، ئۇنىڭ مىللەتنى تۈزەش تەشەببۇسلىرى بىلەن تەرەققىيپەرۋەر ئىسلاھات پروگراممىلىرى ئەينى زاماندىكى لەنىتى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ رەشك ـ ھەسەت، پىتنە ـ

---

[1] نەڭ — نەرسە.

www.uyghurkitap.com

پاساتلىرىغا، دوست - ئەقرىبالىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا دۇچ كەلگەن. رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ «ئىسلام قامۇسى. ‹قۇتادغۇ بىلىك› » تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «شەخسىي نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلەر ئارقىسىدىن يۈگۈرىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا شائىر - مۇتەپەككۇر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ قوغدىلىشى ئاسان بولمىغان»، «چوڭقۇرراق تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدا، بۇ ئەسەرنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قايىنىغان بىر ھېسسىيات ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بىلەن يېزىلغانلىقى چۈشىنىشلىك بولىدۇ، بۇ ھال شائىرنىڭ ئۇلۇغۋارلىق دەرىجىسىنى يۇقىرىلاتقان.»[①] دەرھەقىقەت، داستاننىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان مىسرالاردىن پازىل پەزىلەت ئىگىسى، كامىل كامالەت ئىگىسى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشئەلچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ماددىي مەئىشەتتە كەم - كۈتىسىزلىكى، ئەمما بۇزۇلغان ئىجتىمائىي روھىيەتتىن ئېغىر خورسىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس[②] . ئۇ 6601 - بېيىتتا مۇنداق يازغانىدى:

چادان تەگ تىكەرلەر چىبۇن تەگ سورارلار
كۆپەك تەگ ئۈرەرلەر قايۇسىن ئۇرايى
[چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىنى ئۇراي مەن.]

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 263 - بەت.
② داستاننىڭ 3413 — 3419 - بېيىتلىرى بىلەن 3422 - بېيىتلىرىغا قارالسۇن.

## 3. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كىتابەت نامى ۋە خاراكتېرى

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نامى ۋە خاراكتېرى ئۈستىدە داۋام قىلىنىۋاتقان مۇنازىرىلىك مۇھاكىمىلەر بۇ ھەقتە ئۆز قاراشلىرىمىزنى شەرھلەپ ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 350 ـ، 351 ـ، 352 ـ بېيىتلىرىدا كىتاب نامى توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇ بىلىك
قۇتادسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئەلىگ
[كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ.]
سۆزۈم سۆزلەدىم مەن بىتىدىم بىتىك
سۇنۇپ ئىكى ئاژۇنىي تۇتغۇ ئەلىگ
[سۆزۈم سۆزلىدىم مەن، پۈتىدىم بىتىگ،
سۇنۇپ ئىككى دۇنيانى تۇتسۇن ئىلىگ.]
كىشى ئىكى ئاژۇنىي تۇتسا قۇتۇن
قۇتادمىش بولۇر بۇ سۆزۈم چىن پۈتۈن
[كىشى تۇتسا بەخت بىرلە ئىككى جاھان،
بەختلىك بولۇر، بۇ سۆزۈم چىن ھامان.]

روشەنكى، مۇئەللىپ ئۆز كىتابىنى «قۇت ئاتا قىلغۇچى بىلىم» نامىدا ئاتىغان ۋە كىتابىنىڭ ھېكمەتلەر ئارقىلىق ئېلىگ ۋە كىشىلەرگە ھەر «ئىككى جاھان» لىق ئۇچۇن ئەسقاتىدىغان قۇت بىلىملىرىنى بىلدۈرمەك بولغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نامى ھەققىدە ھەرخىل چۈشەندۈرۈشلەر ساقلانماقتا. بۇلارنى ئومۇمەن مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

گ. ۋامبېرى، ۋ. رادلوف، س. ئى. مالوف (1880 —

www.uyghurkitap.com

1957)، ۋ. تومسېن، رەشىد رەھمەتى ئارات، ئا. ئى. كرىمسكى، س. ف. ئىۋانوف، قەييۇم كەرىموف قاتارلىق ئالىملار بۇ داستان نامىنى «بەختلەندۈرگۈچى بىلىم»، «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم»، «بەخت ئاتا قىلغۇچى بىلىم»، «بەخت كىتابى»، «راھەتبەخش بىلىم»، «بەخت بىلىمى» دەپ ئىزاھلاشتى.

ۋ. ۋ. بارتولد، جاۋبېروت، مىلىئورانسكىي، كاپسوغلۇ، ئا. ۋالىتوۋا قاتارلىق ئالىملار بۇ كىتاب نامىنى «پادىشاھلارنى سۈپەتلىگۈچى بىلىم»①، «سەلتەنەت بىلىمى»، «سىياسىي ھاكىمىيەت بىلىمى»، «باشقۇرۇش بىلىمى» دەپ ئىزاھلاشتى.

«قۇتادغۇ بىلىك»نى بەخت بېغىشلىغۇچى بىلىم دەپ ئىزاھلىغۇچىلار «قۇت» ئىبارىسىنى «بەخت»، «بەخت ـ سائادەت» مەنىسىدە چۈشەندۈرۈش بىلەن بىللە، بۇ داستاننىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە مەقسەتدارلىقىنى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى نۇقتىسىدىن ئىزاھلىسا، «قۇتادغۇ بىلىك»نى سەلتەنەت بىلىمى دەپ ئىزاھلىغۇچىلار «قۇت» ئىبارىسىنى «ھاكىمىيەت»، «سەلتەنەت» مەنىسىدە چۈشەندۈرۈش بىلەن، بۇ داستاننىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە مەقسەتدارلىقىنى ئېلىگ ۋە ئۇنىڭ دۆلەتنى ئەقىل، بىلىم، قانۇن بىلەن باشقۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ. بارتولد قاتارلىقلار بۇ ئەسەرنىڭ بۇغراخانغا سۇنۇلغانلىقى، ھەم دۆلەت، ھەم جامائەت مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنغانلىقى، بۇ ئەسەرنىڭ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن جايلاردا «ئەدەبۇلمۇلۇك» (دۆلەت قائىدىلىرى)، «ئايىنۇل مەملىكە» (دۆلەت ئەينىكى)، «زىننەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) قاتارلىق شۆھرەتلىك

---

① بۇ كۆزقاراش ئىزچىل يوسۇندا بارتولدقا خاستۇر.

ناملاردا ئاتالغانلىقىغا قاراپ ئۇنى ئەنە شۇنداق خاس ئوردا كىتابى تەرىزىدە چۈشەندۈردى. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كەڭ جامائەتچىلىككە قارىتىلغان ئىنسانپەرۋەر روھى ۋە تېماتىك مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

«قۇت» ئىبارىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يازما مەنبەلىرى ھېسابلانغان ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرى بىلەن تۇرپان تېكىستلىرىدە، مەھمۇد قەشقەرى بىلەن سىڭقۇ سەلى ئىشلىگەن ئەسەرلەردە گەرچە مۇقەددەسلىك، ئىلاھىيلىق، تادۇ (نەرسە) ۋە ئۇلۇغ سىما مەنىلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئاساسلىقى تولىمۇ روشەن ھالدا بەخت ـ سائادەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

«بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دا: «قۇت تەڭرى ياشار، كىشى ئوغلى قوپ ئۆلگەلى تۆرمىش» (قۇت تەڭرى ياشار، كىشى ئوغلى ئۆلۈپ كېتەر)، «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دا: «تەڭرى يارلۇق دوقتىن ئۈچۈن، ئۆزۈم قۇتۇم بار ئۈچۈن قاغان ئولۇتىم» (تەڭرى قوللىغانلىقىدىن، ئۆزۈمنىڭ بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن قاغان بولدۇم) دەپ يېزىلغان. «ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلەر» دە: «ئىدىقۇت تەڭرى كەنىمىز» (بىزنىڭ مۇقەددەس تەڭرىمىز) دەپ يېزىلغان. «ئوغۇزنامە» دە: «مەن سىڭا باشمىنى، قۇتۇمنى بېرەمىن» (مەن ساڭا بېشىمنى، جېنىمنى بېرىمەن) دەپ يېزىلغان. «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «قامۇغ قۇتلار ۋە ھىش ئىكلەر تور قايۇ ئىيە باساكۇيۇ قۇپاتۇ تۇرۇرلار» (بارلىق روھلار ھەممە جايغا نەزەر تاشلاپ ئىزمۇ ئىز قوغداپ تۇرۇشىدۇ)، «گراھى سەنجەر ئول قۇتى سۇۋ» (ساتورىن سەييارىسىنىڭ زاتى سۇدۇر)، «يۇقۇنۇر بىز لىمچىن ئاتلىق يۇلتۇز قۇتىڭا» (بىز لەمچىن ئاتلىق يۇلتۇز زاتىغا سەجدە قىلۇرمىز)، «ئون توقۇز ياشلىق ئىرۇر قۇتى تۇپراق» (بۇ زاتى تۇپراقنىڭ يېشى 19 دا ئىدى) دېيىلگەن. سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇغ» (سۇۋارنا پرابىھا) دا: 《大福》 ئىبارىسىنى ئۇيغۇرچە

«ئۇلۇغ قۇت» دەپ، 《善福》 ئىبارىسىنى «تۇزۇن قۇتلۇغ» دەپ، 《福德》 ئىبارىسىنى «قۇتلۇغ بۇيانلۇغ» دەپ تەرجىمە قىلىش بىلەن ئىلاھىي ناملار ئارقىسىغا «قۇتى» سۆزىنى قوشۇپ ئاتىغان. مەسىلەن، 《我向善智菩萨摩诃萨礼拜》 دېگەن جۈملىگە «قۇت» ئىبارىسىنى قوشۇپ، ئۇنى «يۈكۈنۈرمەن تۇزۇن بىلگە بىلىگلىك بۇدساتۋا ماھاسا تاۋ قۇتىڭا» دەپ تەرجىمە قىلغان.

دېمەك، «قۇت» ئىبارىسى «قۇتلۇق»، «بەخت»، «مۇقەددەس»، «جان»، «روھ»، «زات، ئېلېمېنت»، «شەرىپى» قاتارلىق ئالماش مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بەختنى چۆرىدىگەن، ئۇنىڭغا ھالال ۋە شەرەپلىك خاراكتېرىستىكا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ ئادەتتىكى بەخت ـ سائادەت («ماڭلىغ») تىن پەرقى، ئۇنىڭ ئالەم قانۇنى ۋە كىشىلىك قائىدىلىرىگە لايىق مۇقەددەس، ھالال ۋە يوللۇقلىقىدۇر. بۇ ئىبارىنى ئىنسان بىلەن ئىلاھىيەتنىڭ ۋە ئىنسان بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇوق قىلغان مەدەنىيەت تىپىدىن ئايرىغان ھالدا، ئىنسان بىلەن پادىشاھ ۋە ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى ئۇوق قىلغان مەدەنىيەت تىپى بويىچە ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى «دۆلەت» ئىبارىسىنىمۇ «بايلىق» ۋە «ھاكىمىيەت» تىن ئىبارەت ئىككى مەنىدە چۈشىنىدۇ. مېنىڭچە، «قۇت» ئىبارىسىگە قارىغاندا، «دۆلەت» ئىبارىسى خېلىلا كېيىن ۋە پەرقلىق مەنىدە شەكىللەنگەن.

«بىلىگ» ئىبارىسى بىلىش كرىستالى بولغان بىلىم مەنىسىدە بولۇپ، «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دا: «ئايىغ بىلىگ ئانتا ئۆيۈر ئېرمىش» (ئۇندا ئۇ بىلىم ئۆگەندى)، «بىلىگسىز قاغان ئولۇرمىش ئېرىنج» (بىلىمسىز قاغانلار ئىدى) دەپ يېزىلغان بولسا، مۇللىر ئېلان قىلغان ئۇيغۇرچە تېكىستلەردە: «ئەي مېنىڭ قىزىم بىلگا بىلىگىن مىنتادا ئۇتتۇڭ يىگەدتىڭ»

(ئەي مېنىڭ قىزىم ئەقلىڭ ۋە بىلىمىڭ تۈپەيلى غەلىبە قىلدىڭ)، «تۈكەل بىلگا بىلىگلىگ تەڭرى تەڭرىسى بۇرقان» (مۇكەممەل ئەقىل ۋە بىلىملىك تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان) دەپ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا بولسا: «بىلىگلىگ ئېر ئۆلدى ئاتى ئۆلمەدى» (بىلىملىك ئەر ئۆلدى، نامى ئۆلمىدى) دەپ يېزىلغان.

شۇنداق قىلىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نامى ئېتىمولوگىيىلىك جەھەتتىن، «قۇت» (بەخت)، «قۇتادغۇ» (بەختلىك قىلغۇچى، بەخت بېغىشلىغۇچى، بەختكە مۇيەسسەر قىلغۇچى)، «بىلىگ» (بىلىم) دېگەن سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جۇڭگو ئۇيغۇرشۇناس ئالىملىرىدىن فېڭ جياشېڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نى《福乐智慧》دەپ تەرجىمە قىلدى. بۇنىڭدىكى《智慧》ئىبارىسى «ئەقىل ـ پاراسەت» مەنىسىدە بولسىمۇ، يەنىلا «بىلىم» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» جانلىق مەنىدە «ئىجتىمائىي بەخت ھەققىدىكى بىلىم» دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىر قىسىم شەرقشۇناسلار «قۇتادغۇ بىلىك» سۆزىنى خاس شاھلار دەستۇرى، ھۆكۈمرانلىق قىبلىنامىسى، دۆلەت قائىدە ـ نىزامنامىسى دەپ ئىزاھلاپ، قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىق، ۋاستىنى مەقسەتدارلىق ئورنىغا دەسسىتىشتى.

شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ھەممىدىن ئىلگىرى خەلققە، كەڭ كىشىلىك جەمئىيەتكە قارىتىلغان، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى ۋە ئىدىيىۋى كۆز قاراشلار سىستېمىسى كەڭ ئاھالە ۋە ئۇنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك تۈپ مەسىلە ۋە ئاساسىي مەقسەت ھېسابلىناتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ تۈپ مەقسەتنىڭ ھەل قىلغۇچ ۋاستىسى سۈپىتىدە خۇددى تەڭرىنىڭ

تەبىئەتنى گارمونىك باشقۇرغىنىغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ خاقان باشچىلىقىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن توغرا ۋە ياخشى تەشكىللىنىشىنى، دۆلەتنىڭ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنىڭ بەرپا قىلغۇچى قورالى بولۇشى لازىملىقىنى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» تە سۆزلەنگەن ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرى يالغۇز دۆلەت باشلىقىغا ئەمەس، ھەممە بەخت ئىزدىگۈچىلەرگە قارىتىلغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن روشەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئۆز داستانىغا «بەخت بېغىشلىغۇچى بىلىم» ماۋزۇسىنى قويۇشقا ئىلھام بەرگەن ئىدىيە ھەممىدىن ئىلگىرى قانداقتۇر خاقانلارنىڭ شەخسىي ۋە ئوردا ئىشلىرىدىكى بەخت كاتېگورىيىسى بولماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆز ۋەتەندىشى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» («كىتاب ئەرەئى ئەھلى مەدىنە تۇل فازىلە»)، «بەختكە ئېرىشىش يوللىرى توغرىسىدا رىسالە» («رىسالەفىت تەنبى ئەلەسبابىس سائادەت»)، «بەخت توغرىسىدىكى تەفسىل كىتابى» («كىتابەت تەفسىلەس سائادەت») قاتارلىق ئەسەرلىرىدە گەۋدىلەنگەن كەڭ ئاھالىنىڭ رېئال دۇنيا ۋە مەۋجۇت دۆلەتتىكى ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى كاتېگورىيىسى ئىدى. خۇددى ئاكادېمىك غوپۇروف بىلەن قاسىمجانوف تەكىتلەپ كۆرسەتكىنىدەك: «يۈسۈپ ئۆزىنىڭ تېماتىك داستانىنى ئەل فارابىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرى بىلەن تۇتاشتۇرغانىدى. ئۇ بەخت مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلەت تەلىماتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى سۈپىتىدە ئىزچىللاشتۇرغان، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ سىياسىي ۋە

ئەخلاقىي يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان»[1] ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» ناملىق بابىدا سۆزنى ئالەم تۈزۈلمىسى ۋە ئالەم گارمونىيىسى كۆز قاراشلىرىنى ئىزاھلاشتىن باشلاپ، بىر دىنلا ئىنسان تېمىسىغا بۇرىغانلىقى، ئالەمنىڭ ئاساسى بولغان تۆت زاتنى تىلغا ئېلىشتىن، داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى يورۇتقۇچى سىمۋوللۇق خاراكتېردىكى تۆت پېرسوناژنى بايان قىلىشقا ئۆتكەنلىكى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 147 ـ بېيىتتا مۇنداق يازىدۇ:

باسا ئايدىم ئەمدى مۇنۇ يالڭۇقۇغ
ئاغىرلىقى بولدى بىلىك ئۆگ ئۇقۇغ.
[بۇ ئىنسان بايانىن قىلاي ئەمدى مەن،
قەدىر تاپتى ئەقلى، بىلىم ـ ئاڭ بىلەن.]

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ كىتابەت نامى ئۇنىڭ كىتاب خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەزمۇن روھىيىتى بىلەن ئىزچىل بىردەك بولغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كىتابەت خاراكتېرى ئۈستىدىمۇ ئوخشاشمىغان قاراشلار ساقلانغان. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسىنىڭ مەلۇم بىر ساھەسى، مەلۇم بىر ساھەنى گەۋدىلەندۈرگەن قىسمەنلىك قىممىتىدىكى تېماتىك مەزمۇنلارنى كىتابنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بەلگىلىگۈچى ئاساس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چىقسا، بەزىلىرى ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئىپادىلەش شەكلى ياكى بەدىئىي ۋاستىلىرىنى كىتابنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بەلگىلىگۈچى ئاساس دەرىجىسىگە

[1] غ. غوپۇروف، ئا. قاسىمجانوف: «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەلفارابى»، 1975 ـ يىل ئالما ـ ئاتا، رۇسچە نەشرى، 169 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ چىقىشقان. بۇنىڭدىن باشقا «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەپسىلىي تەتقىق قىلماي قارىسىغا پىكىر بايان قىلغان، ھەتتا ئىرانشۇناس مەشھۇر ئالىم ۋ. ۋ. بارتولدتەك «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا بۇرمىلاش خاراكتېرلىك پىكىر بايان قىلغان ئالىملارمۇ بولغان.

ۋ. ۋ. بارتولد «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە يەڭگىلتەكلىك بىلەن بىرقانچە قېتىم توختالغان. ئۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تارىخى ھەققىدە لېكسىيىلەر» ناملىق ئەسىرىدە: «بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ ئەسىرىدە ھېچقانداق بىر تارىخىي شەخسنىڭ نامى يېزىلمىغان. بۇ جەھەتتە ‹قۇتادغۇ بىلىك› پارسچە يېزىلغان ئۆلگىلەرگە نىسبەتەن قىممىتى بەكلا تۆۋەن بىر ئەسەردۇر»① ، داستاندىكى پېرسوناژلار «ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەمەس»② ، «بىمەنە تەمسىللەر (مەسىلەن، شائىر ئادالەتنى ئەمىر، دۆلەتنى ۋەزىر دەپ كۆرسىتىدۇ) ۋە ھاياتتىن خېلىلا يىراق بولغان بىر يۈرۈش نەسىھەتلەرنى كۆرىمىز»③ دەپ يازغان. ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا ئاساس سالغۇچى ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان بۇ ئالىمنىڭ روھىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە تەتقىقاتىدىكى يەڭگىلتەكلىكى بىلەن تەتقىقات پوزىتسىيىسىدىكى ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلى سادىر قىلغان بىر قاتار جىددىي خاتالىقلىرىنى بىز ۋە بىزدىن كېيىنكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار داۋاملىق تەنقىد قىلىدۇ. ئاجايىپ ھېكمەت قامۇسى ۋە بىلىم خەزىنىسى ھېسابلانغان «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇنى قوپاللىق بىلەن بۇرمىلىغان مۇخالىپلىرىغا ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە رەددىيە بەرگۈچى ئەقىل ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغانلىقىغا، يەنە قانداق شۈبھە بولسۇن؟!

«قۇتادغۇ بىلىك»نى ۋېنگرىيە ئالىمى ژ. تېھوردى

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 127 ـ بەت.
② «بارتولد ئەسەرلىرى»، V توم، 113 ـ بەت.
③ «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 126 ـ بەت.

«خەنزۇچە بىرەر ئەسەرنىڭ تۈركچە كۆز قاراش ياكى شۇ خىل كۆز قاراشقا ئۇيغۇن تەرىزدىكى بىر تەرجىمىسىدىن ئىبارەت»① دەپ ھۆكۈمۇ قىلىپ كۆردى. ئەمەلىيەت بۇ ھۆكۈمنىڭ سېلىشتۇرما تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئاساسلانمىغان تەخمىن ۋە خىيالىي نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»نى دىنىي دەستۇر دېگەن قاراشتىكىلەرگە بومباچى بىلەن دەي كاڭشىڭ، فېڭ جىنيۇەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بومباچىنىڭ قارىشىچە: ئەسەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇكەممەل مەھسۇلى، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئۈستۈن ئورۇن تۇتقان ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي تەركىبلىرىگە ئىسلام تامغىسى بېسىلغان②. دەي كاڭشىڭ، فېڭ جىنيۇەنلەر «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دىنىي پەلسەپۋى ئىدىيىسى» ناملىق ماقالىسىدە تولىمۇ ئېنىق مەنتىقىلىق زىددىيەتلەر ئاساسىدا بولسىمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاراشلىرىنى ئەبۇل ھەسەن ئەشەرى [17] ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام مەدرىس پەلسەپىسى — «كالامىزم»غا تەۋە قىلىدۇ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تە سۈننىي مەزھىپىگە خاس ئىسلام دىنى دۇنيا قاراشلىرى بايان قىلىنغان، دەپ تەرىپلەيدۇ③. بۇ خىل قاراش ئىزچىل يوسۇندا كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ كەلگەن. كاپىسوغلۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ئاپتورىنىڭ «تەقۋادار مۇسۇلمان» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام تەسىرىدىن يىراقتا تۇرمىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ھالدا، بۇ ئەسەردە ئىسلام تەسىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىر قاتار پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭچە، «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئۇلى بولغان تېرمىنىزملىق (بەلگىلەنگەن) جەبرىيەچىلىك (تەقدىرچىلىك)

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 125 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 128 ـ بەت.
③ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە 1989 ـ يىللىق 5 ـ سان.

چۈشەنچىسى ئەمەس ، بەلكى ئەقىلغا ئۇيغۇن ئىنسانىي چۈشەنچە جارى قىلىنغان[1] . س . ن . ئىۋانوف : «ئۇنىڭ تۈپ نىگىزىنىڭ سوفىزمغا ياتمايدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈلىدۇ »[2] دەپ تەكىتلەيدۇ . بۇ خىل قاراشنىڭ ھىمايىچىلىرى ناھايىتى كۆپ .

«قۇتادغۇ بىلىك»نى ئەدەپ ـ تەلىم بايان قىلىنغان دىداكتىك خاراكتېردىكى داستان دېگەن قاراشتىكىلەرگە قەييۇم كەرىموفنى مىسال قىلىش مۇمكىن . ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۆزبېك تىلىدىكى تەۋسىفىگە يازغان كىرىش سۆزىدە : «ئۇ ئەخلاق ۋە ئەدەپ ، تەلىم ۋە تەربىيە ھەمدە مەنىۋى كامالەتنىڭ يولىيورۇقىنى ، ئۇسۇلىنى ، تەدبىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ، جەملىگەن قامۇستۇر » ، «ئۇ تۈپ مەنىسى بىلەن دىداكتىك ئەسەر ، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق دەرسلىكىدۇر»[3] دەپ جاكارلىغان . «ئىسلام قامۇسى . ‹قۇتادغۇ بىلىك› » تېمىسىدا ئەكس ھالدا : « ‹قۇتادغۇ بىلىك› ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان يەڭگىللىك بىلەن جار سېلىنغىنىدەك ئۆز خوجايىنلىرىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئەخلاق دەرسى بەرگەن نوقۇل بىر نەسىھەت كىتابى ئەمەستۇر »[4] دەپ يېزىلغان .

«قۇتادغۇ بىلىك»نى سىياسىي ـ قانۇن دەستۇرى دېگەن قاراشقا سادىرى مەقسۇدى ئارسال ، كاپسوغلۇ قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن . س . م . ئارسال : «بۇ ئەسەر تۈركىي خەلقلەر مەدەنىي مۇھىتىدا ئەسىرلەردىن بۇيان توپلانغان ئەخلاق ، سىياسەت ، قانۇنغا دائىر پىكىرلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر[5] » دېسە ، كاپسوغلۇ : « ‹قۇتادغۇ بىلىك› بىر پەلسەپە ياكى ئەخلاق كىتابى

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە» ، 133 ـ ، 135 ـ بەتلەر .
② يۇقىرىقى كىتاب ، 33 ـ بەت .
③ يۇقىرىقى كىتاب ، 75 ـ بەت .
④ يۇقىرىقى كىتاب ، 262 ـ بەت .
⑤ يۇقىرىقى كىتاب ، 129 ـ بەت .

بولۇشتىن كۆرە، كۆپرەك قانۇن ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ شەرتى بىلەن ۋاستىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. . . سىياسەت كىتابىدۇر»[1] دەپ ئىزاھلايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نى بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر دېگەن مەسىلە ئۆزگىچىدۇر. بۇنى «قۇتادغۇ بىلىك» شەكلەن شېئىرىي تۈستە يېزىلغان داستان دېگەن قاراشقا ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» بىر پۈتۈن ئەسەرلىك خاراكتېرى بىلەن ئەدەبىي ئەسەر دېگەن قاراشقا ئايرىش مۇمكىن. بۇ ماھىيەتتە «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن شائىر» (رەشىد رەھمەتى ئارات)[2] مۇ ياكى ئالدى بىلەن مۇتەپەككۇرمۇ دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى «ئىسلام قامۇسى. ‹قۇتادغۇ بىلىك› » تېمىسىدا ئېكىلىكتىك (قېتىشما) بىر ئەسەر سۈپىتىدە ئىزاھلانغان. ئۇنىڭدا: « ‹قۇتادغۇ بىلىك› بىر تارىخ. رايون ۋە شەھەرلەر تەسۋىرلەنگەن بىر جۇغراپىيە. دىن ئالىملىرىنىڭ ئېجتىھاتلىرى مۇجەسسەملەنگەن بىر دىۋان. ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيىلىرىگە سۆيۈنگەن بىر پەلسەپە. شەيخلەرنىڭ ھېكمەتلىرىگە تايانغان بىر نەسىھەت كىتابىدۇر»[3] دەپ يېزىلغان. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قامۇس (ئېنسىكلوپېدىك) ئەسەرلىكىنى گەۋدىلەندۈرمەستىن، ئۇنىڭ ئاساسىي تېماتىكىلىق مەقسەتدارلىقى، قاراتمىلىقى، پەلسەپىۋى پرىنسىپلىرى ۋە ئىزچىل بىر گەۋدىلىكىنى يوققا چىقىرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» نى تارىخ ۋە جۇغراپىيە تېماتىكىسى بويىچە قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى دىن، پەلسەپە ۋە نەسىھەتنامە ئامىللىرىنى قانداق گارمونىيىلەشتۈرۈش مۇمكىن؟

بىرىنچە، «قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 151 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 264 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 264 ـ بەت.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى بۆلىقى بىلەن ئۆزىگە تەۋە قىلغان شەرق ـ غەرب سىنكرېتىك مەدەنىيەتنى ئېقىملىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، پانتېئىزملىق تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىغا ئۇيغۇن گۇمانىزملىق جەمئىيەت پەلسەپىسى پرىنسىپلىرى بويىچە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ بىلىش، ھاكىمىيەت ۋە جامائەتچىلىك جەھەتتىكى ئاساسىي شەرتلىرىنى بەدىئىي ۋە شېئىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن، كۆپ قىرلىق، كۆپ پەن تارماقلىرىغا تۇتاشقان بىر پۈتۈن نىجادىيەت خاراكتېرلىك ھېكمەت داستانىدىن ئىبارەت. رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ: «يۈسۈپ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق بىر پەلسەپە — ھايات پەلسەپىسى سىستېمىسىنى قۇرغاندى»[1] دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىدە يوللۇق.

«قۇتادغۇ بىلىك» ھەرقايسى تېماتىك مەزمۇنلىرى بويىچە بىر قاتار پەن تارماقلىرىغا ۋە پەن ساھەلىرىگە تۇتاشقان. ئۇنىڭدا تەبىئەت پەلسەپىسى، تەبىئەت پەنلىرى (ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك)، بىلىش نەزەرىيىسى (پسىخولوگىيە، لوگىكا)، جەمئىيەت پەلسەپىسى، جەمئىيەت پەنلىرى (سىياسىي ئىلىم، رەھبەرلىك ئىلمى، ئىقتىدارشۇناسلىق، قانۇن پەلسەپىسى، قانۇنشۇناسلىق، ھەربىي ئىلىم، دىپلوماتىيە ئىلمى، ئەخلاق ئىلمى، مائارىپ ئىلمى، ئېستېتىكا، ئىقتىسادىي ئىلىم، ئەدەبىيات، تارىخ ئىلمى، دىنشۇناسلىق، ئېتنولوگىيە، فولكلور، ئىجتىمائىي تىزگىنلەش سىستېمىسى قائىدىلىرى) قاتارلىق پەن تارماقلىرىغا ئائىت مەسىلىلەر ئەسەرنىڭ تۈپ غايىلىرىگە بېقىنغان ھالدا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئىزاھلانغان. بۇ بىر تەرەپتىن ئالىمنىڭ كۆپ قىرلىق بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، بىلىملەرنى جانلىق ئەمەلىيەت ۋە غايىۋى ئىجتىمائىي نىجادىيەتكە

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە»، 264 ـ، 265 ـ بەتلەر.

خىزمەت قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەلسەپىگە مەركەزلەشكەن ئىدىيىۋى سىستېما ۋە بەدىئىي كومپوزىتسىيە تۈزۈش چېۋەرلىكىنى، بۇ جەھەتتىكى ئۇلۇغۋار مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئۆزىدىن نەچچە ـ نەچچە ئەسىر كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنى ئەسەر خاراكتېرىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان دەرىجىدە مۇنازىرىگە سېلىپ قويالىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن «ئىسلام قامۇسى. ‹قۇتادغۇ بىلىك›» تە: «ئۇنىڭغا تەپسىلىي شەرھ ۋە تەرىپ بەرگەن ھېچبىر نامە ئۇچرىمىدى»① دەپ يېزىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە خاس كونكرېت دۇنيانى ئابستراكت چۈشىنىش بىلەن، كاتېگورىيىلىك نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن تەپەككۇر ئەدەبىياتى، تارىخىيلىق بىلەن مەنتىقىيلىقنىڭ دراما ـ داستان شەكلىدىكى مۇجەسسەملىك ئۈلگىسى، پەلسەپىنى مېڭە، جەمئىيەتنى گەۋدە قىلغان بەخت كىتابى، كىشىلىك بىلىش تارىخى ۋە ئوتوپىك ئىدىيىلەر تارىخىدىكى ئىنسانىي پىكىر ۋە رېئالىستىك پائالىيەتچان روھ قايناپ تاشقان خاس ئۇسلۇبتىكى ھېكمەت قامۇسىدىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي ئىدېئولوگىيىسىدىكى تەڭرى مەركەزلىك (تېئوسېنترىزم) قاراشلىرىدىن جىددىي پەرقلەنگەن ئىنسان مەركەزلىك (ئانتروپوسېنترىزم)[18] نۇقتىئىنەزەرى ئاساسىدا يېزىلغان، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى ۋە ئۇنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ـ قانۇنىي، ئەخلاق ـ تەلىم شەرتلىرىنى باش تېما قىلغان جەمئىيەت پەلسەپىسى دەستۇرىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىڭ تېماتىك ماھىيىتى ۋە بىر پۈتۈن خاراكتېرى ئارقىلىق ئىزاھلاش كېرەك.

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 265 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نۇسخا شەكىللىرى

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن خاقانغا سۇنۇلغان ئەسلى قولىيازما نۇسخىسى تېپىلمىغان. كۆپ ئەسىرلىك تىنچ ـ ئاسايىش ئىچىدە گۈللەنگەن بۇ قەدىمكى «ئوردا كەنت» ئەبۇ ئەل ھەسەن بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئىبراھىم ئىبىن ئەھمەد بىننى ھەسەن ئارسلانخان (1128 — 1158) ۋاقتىدا خانلىق ئىچىدىكى قەبىلىلەر زىددىيىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەتتىسۇغا كۆچۈپ كەلگەن قارا قىتان ھۆكۈمدارى گورخاننى ياردەمگە چاقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىككى ئەسىرلىك شان ـ شۆھرىتى ۋە خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم بولغانىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلاسى ئالدىدىلا 13 ئەۋلاد داۋام قىلغان قاراخانىلار خاندانلىقى قاراقىتان ۋە مۇھەممەد خارەزىم شاھ تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. بۇ پاجىئەلىك يىللاردا قاراخانىلار ئوردا ـ ھەرەملىرى، كۇتۇپخانا ۋە خەزىنىلىرى ۋەيران قىلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس. رەشىد رەھمەتى ئارات «قۇتادغۇ بىلىك» كە قوشۇلغان ئىلاۋىلەر ۋە تۈزىتىشلەر ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا بۇ ئەسەرنى «ئىككى قېتىم تارىخنىڭ قاراڭغۇ پەردىسى ئارقىسىدىن يورۇقلۇققا چىقتى، ھەر ئىككى قېتىمدىلا ئەسەرگە قوشۇلغان مۇقەددىمىلەر ئۇلارنى يازغان كىشىلەرنىڭ پىكىر سەۋىيىسىنىڭ، شارائىتىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرگە بولغان قاراشلىرىنىڭ ھەر خىللىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»① دەپ كۆرسەتتى. بۇ يەنىلا تېخى ئېنىقلانمىغان بىر قىياس.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرچە ئىلىم دۇنياسىغا ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى مەلۇم. بۇ نۇسخىلار 1820 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىغىچە بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئارقا ـ

① «چەت ئەل ئالىملىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە» ، 271 ـ بەت.

ئارقىدىن تېپىلدى. شۇنداقتىمۇ بىرىنچى نۇسخا تېپىلىپ ئىككىنچى نۇسخا تېپىلغىچە ئۆتكەن 75 يىلدا «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى تومانلىرى سۈزۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى.

1) «ھىرات - ئىستانبۇل - ۋېنا نۇسخىسى»

تۆمۈرلەڭنىڭ ئوغلى شاھرۇخ مىرزا زامانىدا ھىراتتا ياشىغۇچى ئۇيغۇر خەتتاتى ھەسەن قارا سائىل شەمس تەرىپىدىن ھىجرىيىنىڭ 843 - يىلى (قوي يىلى) مۇھەررەم ئېيىنىڭ 4 - كۈنى (مىلادىيە 1439 - يىلى 18 - ئىيۇن) كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان. بۇ ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلۇشتىن ئىككى يىل ئىلگىرىكى ئىش. بۇ نۇسخا يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن 330 يىل ئۆتكەندە كۆچۈرۈلگەن. كونا (قەدىمكى) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ نۇسخا كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قايسى نۇسخىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ياكى ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىدىن كونا ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە كۆچۈرۈلگەنلىكى نامەلۇم. 185 بەت ھەجىمدىكى بۇ نۇسخا كۆچۈرگۈچىنىڭ خېلى ئۇستۇن كۆچۈرۈش سەنئىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بىراق كۆچۈرۈش سەنئىتى ناتەكشى بولۇپ بىرەر تەۋسىيە ياكى ھەق ئۈچۈن بولماي، ئۆزى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ نۇسخىنى تونۇغۇزۇش ئۈچۈن كۆچۈرۈپ چىققىنىغا ئوخشايدۇ. نەجىب ئاسمىنىڭ پىكرىچە، پۈتۈكچىدە خاتا كۆچۈرۈلگەن ئەھۋاللار بولسىمۇ، XI ئەسىردىكى تىلنى ئەينەن ئىپادىلىيەلىگەن[1].

بۇ نۇسخا 36 يىل ئۆتۈپ، ھىجرىيىنىڭ 879 - يىلى (مىلادىيە 1474 - يىل) ئىستانبۇلدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان يازغۇچى ۋە كاتىپ، ئۇيغۇر باخشىسى ئابدۇرازاق شەيخ زادە ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان مەشھۇر ئالىم شەمس ئالائىددىن مۇھەممەد بىننى ھەمزە ئەل فانارىنىڭ ئەۋرىسى فانارى ئوغلى قادى ئالى كەندى تەرىپىدىن تۈركىيىنىڭ توقات شەھىرىگە كەلتۈرۈپ بېرىلگەن. ئارىلىقتا ئۆتكەن 36 يىلدا ئېھتىمال بۇ

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە»، 160 - بەت.

كىتابقا يېزىلغان: «بىزلەركى ھاجى دەللال، خەيرىدىن جامەسىدە ئىستىقامەت قىلۇرمىز. مەزكۇر كىتابنى تۆمۈرچى ھەمزەدىن سېتىپ ئالدۇق» دېگەن سۆزگە قارىغاندا، ئۇ تۆمۈرچى ھەمزە ۋە ھاجى دەللال قاتارلىق ئۇيغۇر كىتابخانلىرى قولىدا ئۆتكەن.

شۇنىڭدىن تۆت ئەسىر ئۆتۈپ، XIX ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئاۋسترىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر پورگىشتال ئىستانبۇلدىكى كىتابپۇرۇشتىن بۇ نۇسخىنى سېتىۋېلىپ ۋېنادىكى خانلىق كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان. بۇ نۇسخا 1823 ـ يىلى فرانسۇز ئالىمى ژائۇبېرت ئامېبدى تەرىپىدىن «ئاسىيا ژۇرنىلى» دا تۇنجى قېتىم ئىلىم دۇنياسىغا ئۇچۇر قىلىندى. 1870 ـ يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى ھېرمان ۋامبېرى تەرىپىدىن ئىنسبىرۇن شەھىرىدە نېمىس تىلىدا «ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقى ۋە ‹قۇتادغۇ بىلىك› » نامىدا ئېلان قىلىندى. 1884 ـ يىلى روسىيە ئالىمى ۋ. رادلوف بۇ ئەسەرنىڭ تۇنجى ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلەپ، ئىزاھلار بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدى. كېيىنكى تېكىستولوگىيىلىك سېلىشتۇرۇشلار بۇ نۇسخىدا 197 — 228 ـ، 3473 — 3797 ـ، 6304 ـ، 6351 ـ، 6521 — 6604 ـ بېيىتلارنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

2) «قاھىرە نۇسخىسى»

بۇ نۇسخا مىسىر سۇلتانلىرىدىن ناسىر (1293 — 1340)[19] ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كېلىپ ئىككى ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخا ئەسلى ئۆرنەككە سادىقلىق بىلەن ھەم سۇلتانغا ئاتاپ سۈپەتلىك كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا تەييارلانغان.

بۇ نۇسخا ئارىدىن ئالتە ئەسىر ئۆتۈپ، 1896 ـ يىلى قاھىرەدىكى سابىق «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى، نېمىس ئالىمى، دوكتور مورىتىز تەرىپىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن ھالەتتە تېپىلدى. بۇ نۇسخا نەملىكتىن ئازراق نابۇت بولغان. تېكىستولوگىيىلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتتىكى، بۇ نۇسخىدا داستاننىڭ 73 — 454 ـ،

587 — 646 ـ، 836 — 956 ـ، 1504 — 1562 ـ، 4579 — 4610 ـ، 4245 — 6303 ـ، 6352 — 6417 ـ، 6632 — 6645 ـ گىچە بولغان ئارىلىقتىكى بېيىتلار كەم بولغان.

3) «نەمەنگان نۇسخىسى»

بۇ نۇسخىنىڭ قەيەردە، كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

1913 ـ يىلى كۈزدە روسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان شەرقشۇناس ئەھمەد زەكى ۋەلىدى قوقان شەھىرىگە شەخسىي ئىش بىلەن كېلىپ، نەمەنگاندىكى مۇھەممەد هاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ قولىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يەنە بىر نۇسخىسى بارلىقىنى بىلىدۇ ھەم 1914 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل بۇ نۇسخىنى كۆرىدۇ، بۇ ھەقتە روسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرق شۆبىسىنىڭ ماتېرىياللىرى XXII تومىدا رەسمىي ئۇچۇر بېرىدۇ، بىراق كىتابنى ئالالمايدۇ. ئارىدا بۇ ئۇچۇر ئۇچۇر پېتى قالىدۇ. 1924 ـ يىلى بۇخارالىق ئۆزبېك ئالىمى، پروفېسسور فىترەت كىتاب ساقلىغۇچىدىن بۇ نۇسخىنى ئالىدۇ ۋە تاشكەنت كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرىدۇ. فىترەت 1925 ـ يىلى «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» ناملىق ژۇرنالدا بۇ ھەقتە ماقالە ئېلان قىلىدۇ ھەم بۇ نۇسخىدىن پارچىلار بېرىدۇ. 1929 ـ يىلى س. ئى. مالوف ئۇنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەمەنگاندا تېپىلغان نۇسخىسى خەتتى سولىس يېزىق شەكلىدە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. ۋاقىت جەھەتتە ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىسىمۇ، تېكىستولوگلار ئۇنى XIII ئەسىردە، تەخمىنەن قاھىرە نۇسخىسىدىن ئىلگىرىرەك كۆچۈرۈلگەن دەپ قىياس قىلىشىدۇ. بۇ نۇسخىدا 1 ـ بېيىت ھەم 1 ـ بېيىتتىن 14 ـ بېيىتقىچە ئارىلىق، ئاخىرىدىكى 6232 — 6266 ـ گىچە بولغان بېيىتلار كەم بولۇپ، جەمئىي 5793 بېيىتتىن ئىبارەت. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئۈچ خىل نۇسخا ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ تولۇق، ئەڭ ياخشى نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.[20]

www.uyghurkitap.com

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ «ئىسلام قامۇسى. «قۇتادغۇ بىلىك» » تېمىسىدا يازغان ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ھىجرىيىنىڭ 703 ـ يىلى (مىلادىيە 1303 — 1304 ـ يىللىرى) ئەلى قۇتلۇق ئالجۇباتى ئىسىملىك بىر كىشى رەتلىگەن بىر مەجمۇئەدە «قۇتادغۇ بىلىك» تىن پارچىلار بېرىلگەن. ئەمما، بۇ مەجمۇئە زەخىملەنگەنلىكتىن ئوقۇشقا يارىمىغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى بۇ ئەسەرنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي، ئۇ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى فاكسىمىلىنى تىكلەشكە ئىمكانىيەت بەردى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل نۇسخىنىڭ ئىككى خىل يېزىقتا كۆچۈرۈلگەنلىكى تۈپەيلى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسلى قايسى ئېلىپبە ئاساسىدا يېزىلغان دېگەن مەسىلە تۇغۇلۇپ، تەتقىقات ئەھلى ھەر خىل مۇھاكىمىلەر بايان قىلىشتى. بارتولد «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى تۇنجى قولىيازمىسى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلىپ خاقانغا تەقدىم قىلىنغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ۋ. رادلوف: «يۇسۇپ ئۆز ئەسىرىنى دەسلەپ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ئەرەب يېزىقى بىلەن يازىدۇ. لېكىن قەشقەرگە كەلگەندە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرىگە دۇچ كەلگەن. چۈنكى، خان ئەسەرنىڭ كەڭ خەلققە تارقىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇغان»① دەپ قىياسىي ھېكايە توقۇپ چىقىدۇ. رەشىد رەھمەتى ئاراتمۇ، دەسلەپ ئەرەب يېزىقىدا يېزىلىپ، كېيىن ھىراتتا كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، دەپ قارايدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قازاقچە نەشرىگە ئىگەبايېف يازغان مۇقەددىمە ماقالىسىدە، رادلوفنىڭ يۇقىرىقى سۆزى مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ سۆزدە ئەينى زاماندىكى قاراخانىلار قوللىنىۋاتقان ئىككى خىل يېزىقتىكى

---

① رادلوف: «تۇرپان تېكىستلىرى»، XXI توم (1911 ـ يىل)، 15 ـ، 16 ـ بەتلەر.

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى باشقا مەنىگە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. ئىگە بايېف: «ئاپتور بالاساغۇنلۇق (يەتتىسۇلۇق) كىشى دەسلەپ ئۇيغۇر يازما تىلى تەسىرىدىن خالىي ھالدا ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر قەشقەردە ئاياغلاشقان ۋە خانغا سۇنۇشتا ئۇ يەردە ئېقىپ تۇرغان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن قايتا كۆچۈرۈپ يازغاندا، ئاندىن ئۇيغۇر يازما تىلى تەسىرىگە ئۇچرىغان.»[1]

بۇ يەردە رادلوف قىياسىي ھالدا ئىسلامىيەتكە قەشقەردىن بالدۇرراق قەدەم قويغان قاراخانىلارنىڭ غەربىي قىسمىدا (بالاساغۇندا) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىدا شۇنداق دېگەنىدى. ۋەھالەنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن 330 يىل كېيىن، ئىسلام تەسىرى بالاساغۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىلگىرى سىڭىپ كىرگەن ھىراتتا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلۈشى (ھەتتا ئەبەيدۇللا لۇتفى دىۋانىنىڭ كونا ئۇيغۇرچە نۇسخىدا تېپىلىشى) رادلوف قىياسىنىڭ مەنتىقىي تېزىسلىرىنى ئىسپاتلىمىدى. مەسىلە شۇكى، ئىگەبايېف رادلوف سۆزىنى تېخىمۇ سوفىستىكىغا مۇپتىلا قىلىۋەتتى. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نى «ئۇيغۇر يازما تىلىدىن خالىي ھالدا» دېگىنىدە يېزىق شەكلىنى بىردىنلا ئەدەبىي تىلغا يۆتكەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەسىرىدىن خالىي ھالدا بىر خىل ئەدەبىي تىلدا يازغان دېمەكچى بولىدۇ. بىراق، شۇ نەرسىنى كۆرسىتىش زۆرۈركى، پۈتۈنلەي شەھەرلەشكەن غايىۋى دۆلەت مودېلى ھەققىدە يېزىۋاتقان يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان شەھەر مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدىن باشقا قايسى ئەدەبىي - يېزىق تىلىنى قوللىنىشى مۇمكىن ئىدى؟! بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئەسەر ئەرەب يېزىقىدىن قەشقەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قايتا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن،

[1] «‹قۇتادغۇ بىلىك› كە ئائىت تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 198 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

ئاندىن ئۇيغۇر يازما ـ ئەدەبىي تىلى تەسىرىگە ئۇچرىغانمۇ؟! بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، تىل — بولۇپمۇ ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىق شەكلى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ھەم ئىككى خىل يېزىق نۇسخىلىرى ئىككى مىللىي تىل تەرجىمىسى قىلىپ قويۇلغان! دەرۋەقە، كۆپلىگەن تۈركىي قىپچاق قەبىلىلىرى موڭغۇللاشقان ياكى موڭغۇل ـ تاتار قەبىلىلىرى مۇسۇلمان تۈركىي قىپچاق قەبىلىلىرىگە ئۆزگەرگەنگە ئوخشاش ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا رەسمىي ئەدەبىي ـ يازما تىل باسقۇچىغا كىرگەن، گەنجۇ — قوچۇ — قاراخانىلار زامانىدا ئۆز يازما ھۆججەتلىرىنى كۆپلەپ ياراتقان ئۇيغۇرلارمۇ تارىخنىڭ لېكسىكىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىدى. يىپەك يولى ۋە شەھەر مەدەنىيىتى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى سىڭقۇسەلى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەنزاڭ ۋە مەھمۇد قەشقەرى زامانىدىكى لېكسىكىلىق ئالامەتلەردىن خېلىلا سېنكىرىتلاشتۇرۇپ قويدى. بۇ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

«قۇتادغۇ بىلىك» دەسلىپىدە ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان دىگۇچىلەر، داستاننىڭ 1953 ـ بېيىتىدا «ل» ھەرپىنى ئەرەبچە تەلەپپۇزدا «لام» دېيىش ئارقىلىق شېئىرىي ۋەزىن توشقۇزۇلغانلىقىغا ئىسىلىۋالغان. بۇ مۇنداق جۈملە ئىدى:

بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىغ تۇرۇر
بىلىك لامى كەتسە بەگ ئاتى قالۇر
[بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.]

روشەنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ «ل» ھەرپىنى «لام» دەپ ئالغان ۋە ئۇنى ئىككى بوغۇملۇق «لامى» تەلەپپۇزى بىلەن ئىشلىتىپ شېئىر ۋەزنىنى راۋانلاشتۇرغان. بۇ شېئىرىيەت تەلىپى مەسىلىسى بولۇپ، تۇنجى قولىيازمىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىقىنى بېكىتكۈچى پاكىت بولالمايتتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر يېزىقلىرىنىڭ كونا (سوغدى

ئىلىپبەسى ئاساسىدىكى) ياكى يېڭى (ئەرەب ئىلىپبەسى ئاساسىدىكى) نۇسخىلىرىدا يېزىلىشى ماھىيەتلىك مەسىلە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يېزىق تارىخى نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىنىغان ئىكەن، بىزچە، تۆنجى قول يازما كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنىڭ ئاساسلىرى مۇنداق: ئەگەر يېڭى يېزىقتا يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىرات نۇسخىسى كونا يېزىقتا كۆچۈرۈلمىگەن بولاتتى. چۈنكى، كىشىلەر پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالغان يېزىقتا ئەسەر يېزىشقا قىزىقمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرى ئەرەب كىتابخانىلىرىغا قاراتقان ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب يېزىقىدا يېزىشقان. ئۇيغۇر ۋە تۈركىي جامائەتچىلىككە قارىتىلغان ئەسەرلەر تاكى يېڭى يېزىق بىردىنبىر يېزىق بولغانغا قەدەر كونا ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە، بەزىدە ھەر ئىككى يېزىقتا يېزىلغان. قاراخانىلارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندە ھەر ئىككى يېزىق قوللىنىلغان بولسىمۇ، يەنىلا كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانىدى. يەكەندە ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان دەۋرىگە ئائىت ۋەسىقىلەرگە قويۇلغان ئىناۋەتلىك مۆھۈر ـ ئىمزالارنىڭ يەنىلا كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا ئويۇلغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» تە كۆرسىتىشىچە، قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان پۈتۈن تۈركىي ئۆلكىلەردە بارلىق يارلىق ۋە مەكتۇپلار ئۇيغۇر ئىلىپبەسى بىلەن يېزىلغان. ئەگەر چىڭگىزخان دەۋرى ۋە ئالتۇن ئوردىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدىمۇ ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتساق، ئەرەب ئىلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بىردىنبىر يېزىق سۈپىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى پەقەت ئاتالمىش «چاغاتاي دەۋرى» ئىچىدە يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. كونا ئۇيغۇر يېزىقى كۆسەن ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە يېقىنقى زامانلارغىچە ئىستېمال قىلىنىپ كەلدى. «تۇرپان تېكىستلىرى»، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان كونا ئۇيغۇر يېزىقى يادىكارلىقلىرى،

بولۇپمۇ «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇغ»، «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئاپرىنچۇر تېكىن شېئىرلىرى» ۋە تېببىي، دىنىي قولىيازمىلار قاتارلىق شۇنچە مول پاكىتلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، چىڭگىزخان موڭغۇللىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ يېزىقنى «قۇتادغۇ بىلىك يېزىقى» ياكى قىسقارتىپلا «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتىغانلىقى تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ تولىمۇ ئېھتىماللىقىنى كۈچەيتىدۇ.

## 5. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلى

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى خۇددى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەزمىلىك مۇقەددىمىسىدە سۆزلىگەندەك «بۇغراخان دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلى» بىلەن يېزىپ، ئەينى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ نەپىس، ئەڭ ئاھاڭدار شېئىرىي ئۆلگىسىنى ياراتقان. بۇ ھەقتە داستاننىڭ نەزمىلىك مۇقەددىمىسىدىكى 23 ـ، 73 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن:

بۇ بۇغراخان ۋەقتى ئىچرە ئانى
يەمەخان تىلىنچە بۇ ئايمىش مۇنى
[بۇ بۇغراخان ۋاقتى مۇئەللىپ ئۇنى،
يەنە خان تىلى بىرلە ئېيتمىش بۇنى.]
ئەرەبچا، تەژىكچە كىتابلار ئۆكۈش
بىزنىڭ تىلىمىزچە بۇ يۇمغى ئۇقۇش
[ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار تولا.
بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ يالغۇز، شۇلا.])

بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مۇشۇ داستاندا ئىشلىتىلگەن تىل بۇغراخان تىلى — خاقانىيە تىلى ئىكەنلىكى ۋە بۇ تىلنى مۇئەللىپ ئەرەب، تاجىك تىلىدىن پەرقلەندۈرۈپ «بىزنىڭ تىلىمىز» دەپ تەكىتلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇقەددىمە 73 ـ بېيىتتىكى «بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ يالغۇز، شۇلا» دېگەنلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى چەمبىرىدە بۇنىڭدىن ئىلگىرى يازما ئەسەرلەر بولمىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، خۇددى ئا. ن. كونونوف: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تىلى ناھايىتى ئۇزۇن تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە»① دەپ كۆرسەتكىنىدەك، مۇشۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شارائىتىدىكى يىرىك مەھسۇلى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئورىگىناللىقىنى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، بەلگىلىك مول مەدەنىيەت قاتلىمى، بولۇپمۇ شەھەر مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى بىلەن يېزىقچىلىق پېشۋالىرىنىڭ مول ئۆرنەكلىرى بولمىغان خەلقلەرنىڭ بىردىنلا «قۇتادغۇ بىلىك» تەك يۈكسەك جەمئىيەتشۇناسلىق پەلسەپۋى قامۇسنى مەيدانغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان مۇئەللىپ تىلى — بۇغراخان تىلى — خاقانىيە تىلى دەل مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا تىلغا ئالغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورداكەنت — قەشقەر تەلەپپۇزى بولۇپ، ئۇ «تۈرپان تېكىستلىرى» دە قوللىنىلغان، ئەنزالىك ۋە سىڭقۇ سەلى ئىشلەتكەن تىل بىلەن بىر خىل ئەدەبىي تىل ئىدى. بۇنى يۇقىرىقى مۇئەللىپلەر ئەسەرلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان ھەرقانداق لۇغەتتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنى «تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىز» دەپ قاراخانىلار نەسەبىگە باغلىسا، ئۆز ئەسىرىنى تۈركىي تىللار ئىچىدىكى «ئەڭ ئوچۇق ۋە راۋان تىل — خاقانىيە ئۆلكىسىدىكىلەرنىڭ تىلى» بىلەن يازغانلىقىنى، قەشقەردە «... شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ» غانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئەھمەد يۈكنەكى ئۆزىنى ۋە ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى ئىزاھلاپ: «مەن قەشقەرلىكمەن، بۇ كىتابنى قەشقەر تىلىدا يازدىم» دەپ ئېنىق

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 8 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇقتۇرىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، «قۇتادغۇ بىلىك» مۇئەللىپىنىڭ مىللىي تەۋەلىكى ۋە ئۇ ئىشلەتكەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا بىر قاتار مۇجمەللىكلەر ۋە سۈنئىي پەيدا قىلىنغان ئىختىلاپلار ھازىرغىچە ساقلانغان.

ئالدى بىلەن شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، بىر خىل ئۇنىۋېرسال ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت نامايەندىسى سۈپىتىدە «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئېتنىك، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن كۆپ قىرلىق سىنكرېتىك مەدەنىيەتنىڭ ئورىگىنال كرىستالى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، ئۇنى بىرەر مىللەتنىڭ نوقۇل مەدەنىيەت سەمەرىسى دەپ مۇتلەقلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئوخشاشلا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەسىرىنىمۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئۇ تەسىر كۆرسەتكەن ھەممە مىللەت ۋە خەلقلەردىن ئايرىپ، نوقۇل بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ. بۇ چۈشىنىشلىك ئاددىي قائىدە. ئەمما، مۇشۇ ئاددىي قائىدە سوفىستىكىلىق مۇھاكىمە ۋاستىسى قىلىنماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلىنىدىكەن، مەسىلە سۈنئىي يوسۇندا چىگىشلىشىپ كېتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» مەدەنىيەت يىلتىزلىرى ۋە مەدەنىيەت تەسىرلىرى جەھەتتە ئۇيغۇر مىللىتى رامكىسىدىن ھالقىغانلىقى شۈبھىسىز. ئەمما بۇ، كونكرېت ئىنسان — مۇئەللىپى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىشلەتكەن ئانا تىلى ھېچقانداق مىللىي مەنسۇپلۇققا ئىگە بولمىغان كۆپ مىللەتلىك «ئورتاق شەخس» ۋە ئورتاق تىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. يەككە ـ يېگانە ھادىسە بولماي ئورتاق تۈركىي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان ۋە شەھەر مەدەنىيىتى، شەھەر ھاكىمىيەت مەركىزى ۋە خەلقئارا سودىغا ئىگە بولغانلىقى تۈپەيلى ئەدەبىي تىل ھاسىل قىلغان خاقانىيە ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قېرىنداش خەلقلەر ۋە مىللەتلەرگە چۈشىنىشلىك بولۇشى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ كۆچمەن

چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى تىل قاتلىمى بويىچە باشقا قېرىنداش خەلقلەرگە ئوخشاش لۇغەت فوندىغا ئىگە ئىكەنلىكى «قۇتادغۇ بىلىك» مۇئەللىپى ۋە ئۇ ئىشلەتكەن ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلنىڭ ئۇيغۇر تامغىسى ئاستىدىكى ئېتنىك تەۋەلىكىگە دەخلى كەلتۇرمەيدۇ. مانا بۇلار ئوخشاشمىغان چەمبەر، ئوخشاشمىغان قاتلام ۋە ئوخشاشمىغان كاتېگورىيىدىكى مەسىلىلەر بولۇپ، ئىلمىي سەممىيەت ئۇچۇن ئاددىي بىر ساۋات.

[ئەڭ كۆلكىلىكى شۇكى، ۋ. ۋ. بارتولد مەھمۇد قەشقەرى ئارقىلىق «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرمەك بولغانىدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇكى، قاراخانىلارغا تەۋە بولغان خەلقلەر ئۆزلىرىنى ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتىمىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئىشلەتكەن تىل ئۇيغۇر تىلى ئەمەس»[1]، «قاراخانىلار دۆلىتىدە يېزىلغان ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىنىڭ تىلى ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ»[2]].

مېنىڭچە، ئىلىم راۋاجلانغان، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بۈگۈنكى كۈندە، قاراخانىلار تەۋەسىدىكى خەلق ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دېمىگەن، «دىۋان»دا كۇچا — تۇرپان — قۇمۇل ئاھالىسى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان، دېگەن سۆزنى ھېچكىم تەكرارلىيالمايدۇ. ھەقىقەت شۇكى: «بۇ دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مودېلى ئوخشاش بىر قاتلامدا قاراخانىلار خانلىقى ۋە ئىدىقۇت خانلىقىدىن ئىبارەت ئوخشاشمىغان ئىككى خىل تىپتا ئىپادىلەندى. . . بۇ ئىككى خىل تىپتىكى ئەدەبىيات ئورتاق مەنبە ۋە ئورتاق ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، ئوخشاش تىل قوللىنىلغان. . . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى تارماق ئەدەبىيات يەنىلا بۈرۈنقىدەك بىر مىللىي ئەدەبىياتتۇر.»[3]

بۇ نۇقتىنى جۇڭگو مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ئىلمىي

---

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، V توم، 114 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 273 - بەت.
③ «قۇتادغۇ بىلىك»، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، سۆز بېشى، 3 - بەت.

تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى لاڭ يىڭ خانىم مۇنداق ئىزاھلىغان: «ئىدىقۇت ۋە قاراخانىلاردىن ئىبارەت ئىككى خانلىقتىكى ئۇيغۇرلار ئورتاق مەنبە، ئورتاق مىللىي تىل، ئورتاق مىللىي پسىخىكا ۋە ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىككى خانلىق مەدەنىيىتى ئاجرالماس بىر گەۋدە ئىدى»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› قەدىمدىن بېرى ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بالىياتقۇسىدا يارالغان، ئۆسكەن دەرەخنىڭ مېۋىسى»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› باي ۋە كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت چۈكمىسىگە ئىگە بولغان قەشقەرنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن ئەسەر»، «يۈسۈپ — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى ۋە قەشقەر رايونىنىڭ شان - شۆھرىتى.»[①]

بارتولد كوچا — ئىدىقۇت — قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاراخانىلار خاندانلىقى تەۋەسىدىكى خەلقلەرنى قاچان ئۇيغۇرلاشتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلغاندەك، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ غەيرىي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلاشقىمۇ ئاجىزلىق قىلىشى تەبىئىي!

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى ئەينى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى كۆپلىگەن شەرقشۇناسلار مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ۋ. ۋ. رادلوف 1893 - يىلى ئېلان قىلغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ھېسابلىغان[②]. ئۇ يەنە «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ھىرات نۇسخىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە: «ھالبۇكى،

---

① «‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 7 -، 16 - ، 28 - بەتلەر.

② ۋ. ۋ. رادلوف: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە»، سانكت - پېتربۇرگ، 1893 - يىل، 7 - بەت.

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنى ساپ ئۇيغۇر دىئالېكتىدا يازغان»[1] دەپ كۆرسەتكەن. س. ئى. مالوف «ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىيات تارىخىدا مىر ئەلىشىر نەۋائى» ناملىق كىتابىدا: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ تىلى كونا ئۇيغۇر تىلى»[2] ، «ئۇيغۇر تىلى»[3] دەپ قەيت قىلدى. ئۇ: «‹قۇتادغۇ بىلىك› فاكسىمىلى»دا: «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە ئائىت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ بۈيۈك ۋە كەم ئۇچرايدىغان يادىكارلىقنىڭ ئەھمىيىتى ئۇيغۇرلارغا تەۋەدۇر»[4] دەپ يازدى. ئە. ر. تېنىشېف: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى» دېگەن ماقالىسىدە، خاقانىيە، بۇغراخان ئەدەبىي تىلىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەڭداش قىلىپ كۆرسەتتى[5] . پروفېسسور بروككېلمان «ئىسلام قامۇسى. ‹يۈسۈپ خاس ھاجىپ›» سەرلەۋھىسىگە يازغان ماقالىسىدە، ئۇنىڭ «قوللانغىنى قەشقەر تىلى ئىكەنلىكى ئوچۇق» دېسە، شۇ قامۇسنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» سەرلەۋھىسىگە بېغىشلانغان ماقالىدە: «تۈركىي ئەدەبىي تىلغا ھۆكۈمران بولغان ۋە ئۇنىڭ نازۇك تەرەپلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەنئەنىسىنى داۋام قىلدۇرغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئىسلام سەنئەتكارلىرىنى ئۇستاز تۇتقان ھالدا ئارۇز ۋەزنىنى قوللانغاندى»[6] دەپ يېزىلغان. ئۆزبېك ئالىمى فىترەت «ئەڭ كونا تۈرك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى» ناملىق

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە» ، 50 ـ بەت.
② س. ئى. مالوف: «ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىيات تارىخىدا مىر ئەلىشىر نەۋائى» ، 1947 ـ يىل سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 478 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 222 ـ بەت.
④ «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە» ، 83 ـ بەت.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 7 ـ بەت.
⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 263 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ماقالىسىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۈستىدە توختىلىپ: «مەھمۇد قەشقەرى ئەنە شۇ خاقانىيە تۈركىي تىلىنى ئاساس قىلغان» (4 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. نەجىپ ئاسىم ئۆزىنىڭ «تۈرك تارىخى» ناملىق كىتابىدا تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ، بۇ داستان «ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى بولغان»① دەيدۇ. رەشىد رەھمەتى ئارات «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ تۈركىيە تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىغا مۇقەددىمە» ناملىق ماقالىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئىسلامىيەتكە كىرگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىچە خاس گۈزەللىك ۋە نەپىسلىكلىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن» (27 ـ بەت) دەپ تەكىتلىگەن. بۇ نۇقتىنى داستاننىڭ نەمەنگان نۇسخىسىنى دەسلەپ تەتقىق قىلغان دوكتور ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان ئۆزىنىڭ «تۈرك ـ تاتار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا قۇۋۋەتلىك بولغىنى، مەدەنىيەتتىمۇ يۇقىرىراق بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىللىرى باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلدى» (26 ـ بەت) دەپ روشەنلەشتۈرسە، بۇ نۇقتىنى پروفېسسور ي. ى. بېرتېلس «ئۇيغۇر پوئېمىسى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى» ناملىق ماقالىسىدە: «VIII ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە ئۇيغۇر دۆلىتى مەيدانغا كېلىپ، قوشنا خەلق ۋە قەبىلىلەرگە زور ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەسىرى كۆرسەتكەن»② دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ رۇسچە نەزمىلىك تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. كونونوف

① نەجىپ ئاسىم: «تۈرك تارىخى»، 260 ـ بەت.

② «شەرق ھەقىقىتى»، 1944 ـ يىل، 1 ـ، 2 ـ سانلىرىغا قارالسۇن.

«يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ داستانى ‹قۇتادغۇ بىلىك› » ناملىق مۇقەددىمە ماقالىسىدە: «خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلىنى خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى تىلى دېيىش مۇمكىن»[1] دەپ يازغان. بۇ ھەقتە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى ئالىملاردىن لاڭ يىڭ خانىم: «شائىر ‹قۇتادغۇ بىلىك›تە ئىشلەتكەن لۇغەت فوندى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغەت فوندى بولۇپ، ئۇ بەزى مۇھىم چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتە خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان ۋە كەڭ خەلق پىششىق بىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان» ، « ‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ تىلى خۇددى قاندەك بۇ ئۆلمەس ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن»[2] دەپ يازغان.

شۇنى تىلغا ئېلىش قانائەتلىنەرلىككى، سىز تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىستلەرگە، سىڭقۇسەلى، ئەنزاڭ ئىشلىگەن «ئالتۇن يارۇغ» قاتارلىق ھۆججەتلەرگە، ۋەسىقىلەرگە ئەستايىدىل نەزەر ئاغدۇرۇڭچۇ، مەسىلە تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇرى بىلەن «مانامەن! » دەپ چىقىدۇ. مېنىڭچە، ھەقىقىي تارىخچى تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇرىغا قارشى تارىخ ياسىماسلىقى لازىم. بۇ ئەقەللىي ئەدەپ!

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەينى زاماندىكى ساپ ـ ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغانلىقى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ يەنە ئىككى مۇھىم ئېتىرازغا توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

---

[1] « ‹قۇتادغۇ بىلىك› ، ھەققىدە بايان» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 4 ـ توپلام، 34 ـ بەت.

[2] «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە» ، 176 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىرى: «بۇغراخان تىلى بۇغراخان ئىختىيارىدىكى بارچە ئەللەر تىللىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىي تىل نەمۇنىسى»[①] دېگەن ئېتىراز. بۇ ھەقتىكى جاۋاب شۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھەقىقەتەن بۇغراخان ئىختىيارىدىكى ھەم ئىدىقۇت ئارسلانخانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇلگىلىك ئەدەبىي تىل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەينى زاماندا خۇددى ھازىرقىدەكلا بۇغراخان ئىختىيارىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا بىرلىككە كەلگەن مىللەت ۋە بىرلىككە كەلگەن ئەدەبىي تىل بولمىغان. بۇ چاغدا پەقەت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىلا شۇنداق ئەدەبىي تىل رولىنى ئۆتىگەن.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى: «قاراخانىلار دەۋرى يازما يادىكارلىقلىرى» نى سۇنئىي يوسۇندا كېيىنكە چىكىندۇرۇپ «كونا چاغاتاي تىلى يادىكارلىقى» دەپ ئاتاش، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يادىكارلىقى دەپ ئاتاشنى راۋا كۆرمەسلىك.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىدىن تۆت ئەسىر كېيىن ياشىغان ئەبەيدۇللا لۇتفى، شەيخزادە ئاتايى ۋە ئەلىشىر نەۋائى شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلگەن تىل سەلتەنەتلىك ئاتالما بويىچە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئىستىمال قىلىنىسىمۇ، ئۇ ھېچقاچان موغۇل ئەدەبىي تىلى ياكى تۈركىي تىلنىڭ قىپچاق تارمىقى بولماستىن، بەلكى قاراخانىلار دەۋرىدە ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ئىدى. بۇ ھەقتە باسقاقوف ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى توغرىسىدا» ناملىق رىسالىسىدە: ئۇيغۇر - قارلۇق تىلى ئۇيغۇر - ياغما - قارلۇق - تۈركەش شارائىتىدا ئىران - تاجىك تىلىدىن ئۇستۇن چىقىش ئاساسىدا

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى، قۇتادغۇ بىلىك، ھەققىدە»، 176 - بەت.

راۋاجلانغان، دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىللە، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى. مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدە: «قاراخانىلار دەۋرى يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلارغا كىرىدۇ»[1] دەپ جەزملەشتۈرسە، ياپونىيە ئالىمى لىـــن جەنسەن (Hayasi Kenzö): «چاغاتاي تۈركىي تىلى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، ئۇلار تاڭ دەۋرىدە بۇ جايلارنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى»[2] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە ئابېتاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. ئۇ قاراخانىلار بىلەن «بەشبالىق خانلىق جەمەتى بىر مىللەتكە مەنسۇپ ئىدى»، ئۇلار «توققۇز ئوغۇز ياكى ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئىدى»، «ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەت تۈپەيلى بۇ غەربىي ئۇيغۇر ئېلى شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قىسىمغا ئاجرالدى»[3] دەپ يازىدۇ. ياپونىيە ئالىمى ئابېتاكېئو غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىنى يېتەرلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردە پەقەت شەھەرلەر مەركەز قىلىنغان ۋە يىپەك يولى خەلقئارا قاتناش بەلۋېغىغا جايلاشقان خاقانىيە ئۆلكىسىلا مۇنداق شەھەر مەدەنىيىتى، شەھەر ئەدەبىياتى ۋە قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئوتتۇرىلىك پىكىرلەرنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە تارىخىي پەللىدە تۇراتتى.

---

① ئا. باسقاقوف: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى. مۇقەددىمە»، 1969 ـ يىل موسكۋا نەشرى، 301 ـ بەت.

② لىن جەنسەن: «شەرقىي ئاسىيا چالغۇلىرى تەتقىقاتــــى»، خەنزۇچە نەشرى، 384 ـ بەت.

③ ئابېتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 297 ـ، 376 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 6. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە تۈزۈلمە شەكلى

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە تۈزۈلمە شەكلى بۇ غايەت زور تەپەككۇر ئەدەبىياتىنىڭ سۈبيېكت مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ كومپوزىتسىيىلىك شەكلىنى نەزەردە تۇتىدۇ. بۇ ماھىيەتتە مۇتەپەككۇر قەلبىنىڭ سىرتلىنىش مودېلى مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» — ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىنىڭ كوسمولوگىيىلىك[21] پەلسەپىۋى ئاساسلىرى ھەم ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىلىك سىياسىي - قانۇنىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى شەرتلىرى توغرىسىدىكى راتسىئونالىزم ۋە گۇمانىزملىق[22] تەپەككۇر قامۇسى. مۇشۇ نۇقتىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى ئىنسانشۇناسلىق دەستۇرى، ئۇتوپىك - غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى قەيسەرانە ئىزدىنىشنىڭ نامايەندىسى، ناتۇرال پانتېئىزم ئالەم قاراشلىرى ئۈلىدا قەد كۆتۈرگەن جەمئىيەت پەلسەپىسى سىستېمىسىنىڭ كۆپ دەھلىزلىك بەھەيۋەت بىناسى دېيىش مۇمكىن. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى بىلەن ئەينى زامان ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئىلغار قاراشلارنى بىرلەشتۈرگەن، تارىخىي ئۆتمۈش، رېئال ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئىنسانپەرۋەر غايىلەرنى بىرلەشتۈرگەن، تارىخىي نەرسە بىلەن مەنتىقىلىق نەرسىنى بىرلەشتۈرگەن، كەسكىن تەنقىد بىلەن قىزغىن ئۈمىدۋارلىقنى بىرلەشتۈرگەن، مۇتەپەككۇرانە ئىدىيە بىلەن شائىرانە ئوبرازنى بىرلەشتۈرگەن، كلاسسىك پەلسەپە بىلەن ئېتنىك فولكلورنى بىرلەشتۈرگەن بۇ بىباھا ھېكمەت كىتابى ئۆزىنىڭ مەزمۇن - ئىدىيىلىرىنى كىتاب شەكلىدە ئىپادىلەشتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە

كومپوزىتسىيىلىك ئۇسلۇب ياراتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى يېزىشتا قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرى پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرىدە قوللانغىنىدەك نوقۇل «دىئالوگ» ژانىرىنى، ياكى كۇسەنلىك كومىراجىۋا[23] قوللانغىنىدەك «سوئال - جاۋاب» ژانىرىنى، ياكى فارابىنىڭ ئەسەرلىرىدەك پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلىك بايان ژانىرىنى، ياكى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىدەك تارىخىي داستانلار تىزمىسى ژانىرىنى قوللانمىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان «قابۇسنامە»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلەر، ھەتتا ماكياۋېلىنىڭ «كارول كىتابى» قاتارلىقلارمۇ يەنىلا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئورىگىناللىقىنى داۋاملىق مۇئەييەنلەشتۈردى.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە پەلسەپىۋى تېما مەزمۇن قىلىنغان، رېئالىزم، لىرىزم ۋە رومانتىزم بىر - بىرى بىلەن گىرەلەشكەن، بىرقانچە پېرسوناژنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئوبرازلاشتۇرۇلغان ئىزچىل ۋە جانلىق دراماتىك داستان شەكلىنى ياراتتى. ئۇ دۇنيا «تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوت» تىن ئىبارەت «تۆت تادۇ» (تۆت زات) تىن تەشكىل تاپقانلىقىدەك، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن تۆت مەجازى - سىمۋول خاراكتېرلىك دراماتىك پېرسوناژنى تاللىۋالدى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 358 - بېيىتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

بۇ تۆرت نەڭ ئۆزە سۆزلەدىم مەن سۆزۈگ
ئوقىسا ئاچىلغاي يىتىگ قىل كۆزۈگ
[سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۈستىدەدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنە ئاچىلۇر.]

www.uyghurkitap.com

«قۇتادغۇ بىلىك» تە دراماتىك ھالەت تەشكىل قىلغان ئاساسىي تۆت پېرسوناژ (تۆت ئەش) : ئادالەت ۋە قانۇنىنىڭ سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى خان؛ بەخت ـ سائادەت ۋە ياخشىلىق سىمۋولى بولغان ئايتولدى ۋەزىر؛ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم سىمۋولى بولغان ۋەزىر ئوغلى (دادىسىنىڭ ئورنىدا ۋەزىر بولغۇچى) ئۆگدۈلمىش؛ قانائەت سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 353 — 357 ـ بېيىتلىرىدىكى شېئىرىي ئىپادىسى مۇنداق:

بۇ كۈن توغدى ئەلىگ تەدىم سۆز باشى
يۆرۈگىن ئايايىن ئاي ئەدگۈ كىشى
[بۇ كۈن تۇغدى ئېلىگنى قىلدىم سۆز بېشى،
ئىزاھلاي بۇنى ھەم، ئەي ياخشى كىشى.]
باسا ئايدىم ئەمدى بۇ ئاي تولدىنى
ئانىڭدىن يارۇيۇر ئىدۇق قۇت كۈنى
[ئۇنىڭ كەينىدىن ئېيتتىم ئايتولدىنى،
يورۇيدۇ ئۇنىڭدىن سائادەت كۈنى.]
بۇ كۈن توغدى تەگلى تۆرۈ ئول كۆنى
بۇ ئاي تولدى تەگلى قۇت ئول كۆر ئانى
[بۇ كۈنتۇغدى توپتوغرا قانۇن ئۆزى،
بۇ ئايتولدى بەخت ـ سائادەت سۆزى.]
باسا ئايدىم ئەمدى كۆر ئۆگدۈلمىشىگ
ئۇقۇش ئاتى ئول بۇ بەدۈتۈر كىشىگ
[كېيىن ئېيتتىم ئەمدى ئۆگدۈلمىشنى،
ئەقلىنىڭ ئېتى ئۇ، زورايتۇر كىشىنى.]
ئانىڭدا باساسى بۇ ئودغۇرمىش ئول
مۇنى ئاقىبەت تەپ ئۆزۈم يورمىش ئول
[كېيىن ئېيتتىم ئودغۇرمىش ئۆزرە سۆزۈم،
ئۇنى ئاتىدىم «ئاقىۋەت» دەپ ئۆزۈم.]

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى پېرسوناژلار گرېك تىياتىرلىرىدەك ئىلاھىي شەخسلەرمۇ، قەھرىمانلىق لىگېندىلىرىدەك رىۋايەتلىك شەخسلەرمۇ، تارىخىي داستانلاردەك تارىخىي شەخسلەرمۇ، فانتازىستىك ئەسەرلەردەك خىيالىي پېرسوناژلارمۇ بولماستىن، ئوبرازلاشقان پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەردىن ئىبارەت بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز قەھرىمانلىرىغا ئۇلارنىڭ كاتېگورىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ قەدىمكى ئۇيغۇر لۇغىتىدىن ئېلىپ نام بەرگەن، ئۇلارنىڭ كاتېگورىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئۇلارغا ئىندىۋىدۇئاللىق بېغىشلىغان. نەتىجىدە ئۇلار رېئال ھاياتىمىزدەك تېپىك، ئىندىۋىدۇئال، جانلىق، تەسىرلىك بولۇپ چىققان.

كۈنتۇغدى — ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا، «تۇرپان تېكىستلىرى» دە كەڭ قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئىبارىسى بولۇپ، سىڭقۇ سەلى «ئالتۇن يارۇغ» دا «كۈنتۇغدى قاموغ ئۆزە يارۇغ بولتى» (كۈن چىقتى، ھەممە نەرسە يورۇدى) دەپ يازسا، ئۇيغۇرچە «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «كۈن كۈنگەئىم تارىغىم ئاسىلسۇن» (مېنىڭ تېرىقىم كۈندىن كۈنگە ئۆسسۇن) دېيىلگەن. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «قوزىغارۇ كۈن باتسىقىڭا» (كۈن پېتىشقا چېكىنمەك) دېيىلگەن.

ئايتولدى — ئۇيغۇرچە «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «بېش يېگىرمىدەكى تولۇن ئاي تەڭرىتېگ سېۋۈگلىگ يۈزلۈگ ئىلگىگە» (15 كۈنلۈك تولۇن ئاي تەڭرىدەك ئوماق يۈزلۈك ھۆكۈمرانىمىغا) دېيىلگىنىدەك قەدىمكى ئىبارە ئىدى.

ئۆگدۈلمىش — «ئۆگ» (ئەقىل، پاراسەت) ئىبارىسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، «سوجى مەڭگۈ تېشى» دا: «قۇتلۇغ باغاتارقان ئۆگە بويرۇقى مېن» (مەن قۇتلۇق، ئەقىللىق باغاتارقان بويرۇق بولىمەن)، «تۇرپاندىن تېپىلغان

ھوقۇق ۋەسىقىلىرى» (رەشىد رەھمەتى ئارات ئېلان قىلغان) دە: «قوجۇ بالىق بېگى ئالىب تۇتۇق ئۆگەبىگ» (قوچۇ شەھەر بېگى ئالىب تۇتۇق دانا بەگ)، «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «ئاغىزىنتا سىزنى ئۆگە ئەلقايۇ» (سىزنى ئاغزىدا ئەقىللىق دەپ ماختايدۇ)، «تاغ ئىچىننتە ئىكى يېك بار ئۆگۈگۈسىن، كۆڭۈلۈگسىن بولغايۇر» (تاغ ئىچىدە ئىككى ئالۋاستى بار، ئەقىللىقنى، قەلبىگنى بولغايدۇ) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «ئۆگۈد» (نەسىھەت، ئەقىل كىرگۈزۈش)، «ئۆگرەنمەك» (ئەقىل ئاچماق) مەنىلىرىدىمۇ ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەن.

ئودغۇرمىش — «ئودغۇر» (ئويغاق، سەگەك)، «ئودغۇراق» (قانائەت) ئىبارىسىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تومسىن ئېلان قىلغان «ئورخۇن - يەنسەي تېكىستلىرى» دە: «ئودىغماغ ئودغۇرۇ ياتىغلىغ تۇرغۇرۇ يورىيۇر مېن» (مەن ئويغىنىپ، ئۇخلاپ، تۇتۇپ، قويۇپ يۈرىمەن)، «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «سىزلەرنى ئۈچۈن ئورغۇراق نوملايۇ بېرەيىن» (سىزلەرگە قانائەتلەنگۈدەك نوم كىتابلىرى بېرىمەن)، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (I توم) تە: «ئېمدى ئۇدىن ئودغارۇر» (ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغاندى) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

كۈسەمىش بىلەن قۇمارۇ قاتارلىق قوشۇمچە پېرسوناژلارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ئېلىنغان ئىبارە ئاساسىدا ئىشلەنگەن.

«كۈسەمىش» — «كۈسەمەك» (ئارزۇ) دېگەن ئىبارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «ئالتۇن يارۇغ» دا: «بۇرقان قۇتىن كۈسەمەك ئاتلىغ» (ئارزۇ ناملىق بورخان قۇتى)، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (III توم) تە: «ئول ئانى كۆرمەكنى كۈسەدى» (ئۇ ئۇنى كۆرمەكنى خالىدى)، «قۇتادغۇ بىلىك» تە: «كۈسەپ كىلدىم ئېردى سېنى كۆرگەلى» (سېنى كۆرۈشنى خالاپ كەلدىم) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

«قۇمارۇ» — «ۋەسىيەت، يادىكار، مىراس» دېگەن ئىبارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، پ. پېللىئوت ئېلان قىلغان «كالىيانامكارا ۋە پارامكارا» ناملىق كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھېكايىدە: «بارچاغا قۇمارۇ ساۋ قودتى» (ئۇ ھەممىگە مىراس قالدۇردى)، «قۇتادغۇ بىلىك»تە: «كىشى ئۆلسە ئاندىن قۇمارۇ قالىر» (كىشى ئۆلسە ئۇنىڭدىن يادىكار قالۇر) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تۆت ئاساسىي پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئال كاتېگورىيىلىك خاراكتېرىنى ئالاقىدار تېمىلاردا مۇھاكىمە قىلىمىز. شۇنى قەيت قىلىش ھاجەتكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەم مودېلىدا «تۆت تادۇ»، جەمئىيەت مودېلىدا «تۆت ئەش»نى ئالەم مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىنسان بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئۇلى قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا گارمونىك بىردەكلىك ساقلانغاندى.

مۇئەللىپ ئۆز پېرسوناژلىرىدىن ئايتولدى (بەخت) ۋە ئودغۇرمىش (قانائەت)نى قارا قىلىپ ئۆزىنىڭ بىقارار بەخت ۋە بۇزۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا بولغان تراگېدىيىلىك تۇيغۇلىرىنى كۆچەيتىپ ئىپادىلىگەن بولۇشى ئېھتىمال. كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ ھاياتى ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدى ۋاپاتىدىن كېيىن مەيدانغا چىقىشى بەختسىزلىكنىڭ ئەقىلگە بېرىدىغان ئىلھامى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادالەتلىك قانۇن ۋە ئەقىل ـ بىلىم ھەققىدە مۇتەپەككۇرنىڭ ئۈمىدۋار قاراشلىرى ۋە ئۆگدۈلمىشنى باش قەھرىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشى، مۇئەللىپنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قارىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاللىگورىيىلىك[24] ۋە كاتېگورىيىلىك تۆت پېرسوناژنى — ھايات پەلسەپىسىنىڭ تۆت كاتېگورىيىسى، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي كامالەت ۋە ئىجادىيەت مودېلىنىڭ تۆت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىسمى، ئىنسان تاكامۇللۇقىنىڭ تۆت ئۇلگىسى قىلىپ «رەزمى ئىشارە» شەكلىدە① تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، بەخت ۋە قانائەت كاتېگورىيىلىرىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا، سۇبىستانسىيىگە بېقىنغۇچى ئاكسىدىناتسىيىلىك قىممەتكە چۈشۈرۈپ، ئادالەتلىك قانۇن ۋە پاراسەت ـ بىلىم كاتېگورىيىلىرىنى بىرلەمچى ئورۇنغا، سۇبىستانسىيىلىك قىممەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 265 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئىكى تۈرلۈگ ئول كۆر بۇ ئەسلى كىشى
بىرى بەگ بىرى بىلگە يالڭۇق باشى
[ئىككى خىل بولۇر، كۆر، بۇ، ئېسىل كىشى،
بىرى بەگ، بىرى ئالىم ـ ئىنسان بېشى.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قارىشىدا تۆت سىمۋوللۇق پېرسوناژ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن زىددىيەت مۇنداق ئىدى: بىر تەرەپتە بىقارار، ۋاپاسىز بايلىق ۋە بەخت؛ بىر تەرەپتە ئەقىل، بىلىم ۋە كىشىلەرگە قالدۇرىدىغان ياخشىلىق نىشانلىرى. ئوخشاشلا يەنە بىر تەرەپتە چۈشكۈن، ئۈمىدسىز، تەركىدۇنيالىق يولى؛ يەنە بىر تەرەپتە كۆتۈرەڭگۈ، ئۈمىدۋار، شىجائەت. بۇ يېتۈك رېئالىستىك ۋە ئۈمىدۋار مۇتەپەككۇر كۆزۈنگەن جەمئىيەتشۇناسقا خاس ئەقىل ـ ئىدرىكى بىلەن مۇرەككەپ، رەڭگارەڭ بۇ جانلىق ھايات مەنزىرىسىدىن يەنىلا ئىلىم، ئادالەتلىك قانۇن ئارقىلىق كىشىلىك دۇنياسىنى تۈزەش يەكۈنىنى چىقىرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كىتاب تۈزۈلمىسى مۇنداق ئىككى قاتلام بويىچە مەيدانغا كەلگەنىدى:

---

① رەزمى ئىشارە — مەلۇم پىكىر، كاتېگورىيە، پىكىر شەكلىنى مەلۇم پېرسوناژ شەكلىدە ئىپادىلىمەك.

1) بىرىنچى بابتىن ئون ئىككىنچى بابقىچە بولغان 397 بېيىت، تەڭرى، پەيغەمبەر، تۆت ساھابە مەدھىيىسى، بۇغراخان مەدھىيىسى، ئالەم تۈزۈلمىسى ۋە ئىنسانىنىڭ پەزىلەتلىرى، كىتاب ۋە مۇئەللىپ ھەققىدىكى مۇقەددىمىلىك ئۇلۇغلاش ۋە بايانلار بىلەن تولغان بولۇپ، پۈتۈن داستانىنىڭ ئەسلى ھەجمىنىڭ 16 دىن 1 قىسمىدىن كەمرەك ھەجىمنى ئىگىلەيدۇ.

2) ئون ئىككىنچى بابتىن سەكسەن بەشىنچى بابقىچە بولغان 6131 بېيىت تۆت پېرسوناژنىڭ دراماتىك ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇئەللىپنىڭ ئاساسلىقى جەمئىيەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنى تەۋىرلەشكە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇ مۇقەددىمىلىك باياندىن ئازغىنە كەم 17 ھەسسە ئارتۇق سەھىپە ئىگىلىگەن.

داستانغا كېيىنچە مۇئەللىپ قەلىمىگە مەنسۇپ ئۈچ قەسىدە شەكلىلىك لىرىك شېئىري ئىلاۋە قوشۇلغان بولۇپ، 176 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان. بۇلار مۇئەللىپنىڭ كېيىنكى روھىي ھالىتىنى ۋە كىنايىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

داستانىنىڭ كېيىنچە مۇئەللىپ قەلىمىگە مەنسۇپ بولمىغان 77 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان نەزمىلىك مۇقەددىمىسى، ھەر ھالدا داستان يېزىلغان زامان ۋە ماكان تىلىغا يېقىنراق بولغان. مۇئەللىپ قەلىمىگە مەنسۇپ بولمىغان نەسرىي مۇقەددىمە تېخىمۇ كېيىنرەك يېزىلغان بولۇپ، نەزمىلىك مۇقەددىمىنىڭ نەسرىيلەشتۈرۈلۈشى بولغان.

ئۈچ پارچە قەسىدە داستانىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمىنى، ئىككى پارچە مۇقەددىمە داستانىنىڭ بۈگۈنكى ھالەتكە كېلىشىنىڭ ئۈچىنچى قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان.

داستانىنىڭ دراماتىك ھېكايە لىنىيىسى قىسقىچە مۇنداق:

خاقان كۈنتۇغدى ئۆز ئېلىنى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قانۇن بىلەن باشقۇرۇشقا مۇناسىپ ۋەزىرگە ھاجەتمەن بولۇپ تۇرغاندا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايتولدى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. كۈنتۇغدى خان ئايتولدىنىڭ بىلىم ۋە پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىدۇ. ۋەزىر ئايتولدى بىلەن خاقان كۈنتۇغدى جەمئىيەت ۋە بەخت ـ سائادەت، قانۇن ۋە ئادالەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىدۇ. ۋەزىر ئايتولدى ئۆز تەبىئىتى بويىچە جەمئىيەت بەختى ـ سائادىتى يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىر كېسەللىك تۈپەيلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئاتىسىنىڭ ۋەسىيەت خېتىنى ئېلىپ خاقان كۈنتۇغدى ھۇزۇرىغا كىرىدۇ. خان ئۆگدۈلمىشكە خەيرىخاھلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ۋەزىرلىك خىزمىتىنى تاپشۇرىدۇ. ئۆگدۈلمىش خاقان كۈنتۇغدىغا دۆلەت، پادىشاھ، دۆلەتنىڭ ۋەزىر ـ ئەمىرلىرى، ھەرخىل دۆلەت خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ لايەقەت شەرتلىرى، ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى ئۆز تەشەببۇسلىرىنى ئېيتىدۇ. دۆلەتنى ئادالەتلىك ۋە پەزىلەتلىك قىلىش يولىدا كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ، خاقان كۈنتۇغدىنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. خاقان كۈنتۇغدى ۋەزىر ئۆگدۈلمىشكە ئۆز خىزمىتىگە ياردەملەشكۈچى يەنە بىر مۇناسىپ زاتنى تېپىشقا بۇيرۇغاندا، ئۆگدۈلمىش ئۆز جەمەتىدىن بولغان زاھىت ئودغۇرمىشنى بۇ خىزمەتكە لايىق تاپىدۇ. ۋەزىر ئۆگدۈلمىش خاقان كۈنتۇغدىنىڭ ئىككى قېتىملىق خېتىنى ئېلىپ تەركىدۇنيا بولۇپ تەنھا ئىستىقامەتتە تۇرۇۋاتقان زاھىت ئودغۇرمىش ئالدىغا بىرىپ ـ بىر قاتار سىياسىي ۋە پەلسەپىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىدۇ، ئۇنى خەلق ئارىسىغا كېلىپ خەلققە ئەمەلىي بەخت ـ سائادەت يارىتىش ئىشىغا دەۋەت قىلىدۇ. خاقان كۈنتۇغدىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق خېتىنى ئالغان زاھىت ئودغۇرمىش خاقان كۈنتۇغدى بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ئودغۇرمىش قايتىپ كەتكەندىن كېيىن

تەنها ئىستىقامەت جەريانىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈم بىشارىتى بولغان بىر چۈشنى كۆرىدۇ. ئۇنى يوقلاپ كەلگەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بۇ چۈشكە تۆت زات، تۆت مىجەز ئاساسىدا باشقىچە تەبىر بېرىدۇ. ئاخىرقى قېتىم يوقلاپ كەلگەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش زاھىت ئودغۇرمىشنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن خاقان كۈنتۇغدىغا بىر ھاسا، ۋەزىر ئۆگدۈلمىشكە بىر جەندە خاتىرە بولۇپ قالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ پېرسوناژلار ئۇچرىشىشى، سۆھبەتلىشىشى، خەت - چەك ئەۋەتىش ۋە بىر قاتار ئۇلانما بايان، تەسۋىرلەش بىلەن دراماتىك سۇژېت ئاخىرلىشىدۇ. بۇ جەرياندا كۈنتۇغدى بىلەن ئايتولدى، كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىش، ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش، كۈنتۇغدى بىلەن ئودغۇرمىش ئارىسىدىكى ھېكمەتلىك سۆھبەتلەر، ئايتولدىنىڭ كۈنتوغدىغا، كۈنتوغدىنىڭ ئودغۇرمىشقا، ئودغۇرمىشنىڭ كۈنتۇغدىغا يېزىشقان خەتلىرى ھېكايەت لىنىيىسى قىلىنىدۇ.

داستاننىڭ سەل كېيىن بارلىققا كەلگەن 3 - قاتلىمى — «يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى» (44 بېيت)، «زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا» (41 بېيت)، «كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھىتى» (42 بېيت) مەزمۇن ۋە شېئىرىي شەكىل جەھەتتە ئۆزگىچە بولغان. كىشى بىر قاراشتىلا بۇ ئۈچ ئىلاۋىنىڭ ئۈچىنچىسى داستاننىڭ خاتىمىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. بۇنىڭدا ئىزچىل يوسۇندا بىلىم كۈيلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ياۋا كىيىكتەك تۇركچە سۆزنى ئاستا - ئاستا كۆندۈرۈپ، ئىپار ھىدلىق داستاننى دۇرۇس سۆزلەر بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا يازغانلىقى خاتىمە تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، ئاخىرىدا تەگرىدىن «ئودغۇرلۇق» (ئويغىنىش) ۋە مەغپىرەت

www.uyghurkitap.com

تىلىنىدۇ.

قالغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رەتكە تىزىلغان ئىسلاۋە قەسىدىلىرىنىڭ بىرىنچىسى تىرىكلىك تەمەننالىرى ۋە ئۆلۈم ئىككى بۆز بىلەنلا ئۆزىتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، شائىر ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئوچۇق كىنايە قىلىپ ئۆلۈم ئېغى تېكلەپ ئەلگە ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. «شاھنامە» دە فىردەۋسى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ماتىمىدە يۇنان ھۆكۇمالىرى ئېيتقان كىنايىلەرگە تەققاس پىكىرلەرنى ئۆزىگە قاراتقان ھالدا ھاكىملارغا تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ قەسىدىلەرنىڭ ئىككىنچىسى باشقىچىرەك بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغۋار ئارزۇ (غايە) تېپىپ، ئۇلۇغۋار كىشىلىك تاپالمىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشقا مەركەزلەشكەن. ئۇ:

ئاتى قالدى يالڭۇق، كىشى قىلقى باردى
بۇ قىلقى قانقا باردى، ئۇدۇ مەن بارايى
[كىشى نامى قالدى، يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك، كەينىدىن باراي مەن.]

دەپ نىدا قىلغان. بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ئىنساننىڭ ياتلاشقانلىقى توغرىسىدىكى يەكۈنى ئىدى. ئەلىشىر نەۋائى بۇ پىكىرنى:

سەن مېنى قانداق تاپۇرسەن،
مەن ئۆزۈمنى تاپمىسام.

دەپ قەيت قىلىپ ئۆتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ قەسىدىسىدە «ۋاپا قەھەتچىلىكى»، «جاپا ئاپىتى»، «كۆڭۈل بىلەن تىل ئالا بولغانلىق»، «گۇستاخ»، «پەس»، «جاھىللار» دىن جاپا

يەتكەنلىكى ھەققىدە ئۆز شىكايىتىنىمۇ تىلغا ئالغان. بۇ ئىلاۋىلەر ماھىيەتتە ئۇنىڭ تەركىبىدۇنيالىق قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئەمەس، رېئال تۇرمۇشتىكى بۇلغىنىشلارنى پاش قىلىشتىكى جەڭگىۋار تەنقىدىي روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 7. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىي ئۆزگىچىلىكلىرى

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن، بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مۇئەييەن ئېتنىك مەدەنىيەت چەمبىرىدىكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ھايات قانۇنلىرى ۋە تۇرمۇش تىنىقلىرىنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت. تەپەككۇر مەزمۇنى ۋە شەكىللىرىمۇ ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي ھېكمەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان شېئىرىي دراما سۈپىتىدە ئۆزى ئاپىرىدە بولغان ۋە ئۆزى يورۇتۇپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى مەزمۇنلىرىمۇ، ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت زېمىنىدا مەيدانغا كەلگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى ئەنئەنىلىرىنى مۇنبەت تۇپراق قىلىپ يېتىلىپ چىقارغان، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مۇھىتىنى ئاتموسفېرا قىلىپ يوپۇرماق چىقارغان ئىنسانشۇناسلىق دەرىخىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.

ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىككى غايەت كاتتا مەدەنىيەت تارىخىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرغان ۋە دەۋر بۆلگۈچ جەمئىيەت پەلسەپىسى دەستۇرى تۈزگەن ئۇلۇغ نامايەندە دېيىش مۇمكىن. «قۇتادغۇ بىلىك» خاس ئەدەبىيات ـ

سەنئەت قىممىتى جەھەتتىمۇ پۈتكۈل تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى پوئېمىك قەسىرە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شۆھرىتى بىلەن قېرىنداش خەلقلەر ۋە مىللەتلەر قەلبىگىمۇ ھەۋەس ۋە ئىپتىخار قوشقانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» گۈزەل تەپەككۇر خەزىنىسى ۋە گۈزەل قۇرۇلما قەسىرىسى، جۈملىدىن گۈزەل شېئىرىي ئۆلچەملىرى جەھەتتىمۇ بىر پۈتۈن ئېستېتىكىلىق گەۋدە ھاسىل قىلغان مۇكەممەل ئابىدە. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ بەدىئىي ئۆزگىچىلىكى جەھەتتىن ھەممىدىن ئىلگىرى ۋە باشتىن ـ ئاياغ شېئىرىي ئەسەردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىكى، ئىسلام — ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تارىخىدىكى بۇ تۇنجى بۈيۈك داستان ژانىرى ئەلۋەتتە مۇبارەك مۇتەپەككۇر ۋە شاراپەتلىك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمىگە مەنسۇپ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئەلىشىر نەۋائىغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان داستان ژانىرلىرى تەرەققىياتىنى قىياس قىلغىلى بولمىغان بولاتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ يېقىنقى ۋە قەدىمكى ئېتنىك مەدەنىيەت ۋە فولكلور قاتلاملىرى بىلەن كۆزىمىزگە تاشلانسا، ئەلىشىر نەۋائى داستانلىرى «خەمسە» چىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ بېيىت شەكلىنى ئىككىلىك (ئارۇز ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا مەسنەۋى) نەزم شەكلىدە تاماملىغان. ئىخچام شېئىرىي جۈپ قاپىيە ھاسىل قىلىدىغان مۇنداق قوش مىسرا شەكلى خەلق بېيىتلىرى ۋە ئىرسالۇل ماقال ـ تەمسىللىرىدە ناھايىتى ئۇزاق زامان ياشاپ كەلگەن. بۇنى كۆپلىگەن مىللەتلەر فولكلور ئەدەبىياتىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئىككىلىك شەكلى — ئەرەب پوئېزىيىسىدە مەسنەۋى

ئۆلگىلىرى ياراتتى ۋە داستان، ئېپوپىيە، لېگىندا ئىشلەشتە بىر قەدەر قولاي «جەڭگىۋار بېيىت شەكلى» سۆپىتىدە ئومۇملاشتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» خەلق ئىجادىيىتىگە يېقىن 11 بوغۇملۇق مۇتەقارىب بەھرىنىڭ مۇسەممەنى سالىم، مۇسەممەنى مەھزۇپ، مۇسەممەنى مەقسۇر[1] دىن ئىبارەت ھاسىلە تارماق ۋەزىنلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلغان. بۇ ھاسىلە تارماق ۋەزىنلەر يەنىلا 11 بوغۇملۇق مۇتەقارىب بەھرى بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭدىكى بوغۇملارنىڭ روكىن (تۇراق) تۇتۇش تەرتىپى ئالمىشىپ كەلگەن[2].

«قۇتادغۇ بىلىك» 11 بوغۇملۇق بەھرىنى ئىزچىل ساقلىغان ھالدا يەنە قەسىدە شەكلىدىكى غەزەل، تۆتلىك (رۇبائىي)، تۇيۇق، قىتئە، تەجنىس قاتارلىق پوئېزىيە شەكىللىرىدىنمۇ نەمۇنىلەر كۆرسەتكەن.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە قەسىدە ئىچىدە ھەربىر قەسىدىنىڭ بىرىنچى بېيىتى غەزەلىيات قائىدىسى بويىچە جۈپ قاپىيىلىك كەلگەن بولۇپ، ئۇ، قەسىدە ئىچىگە مەسنەۋى كىرىپ قالغان دېگۈچىلەرنىڭ غەزەلىيات تەرتىپىدىن خەۋەرسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ[3].

«قۇتادغۇ بىلىك» تە (مەسىلەن، 1690 ـ، 1691 ـ، 1780 ـ، 1781 ـ، 1993 ـ، 1994 ـ، 2487 ـ، 2488 ـ، 4637 ـ، 4638 ـ، 4639 ـ، 4640 ـ ... بېيىتلار) مۇتەقارىب بەھرى

---

① مۇتەقارىب مۇسەممەنى سالىم (سەككىزلىك ئادەتتىكى مۇتەقارىبى)، مۇتەقارىب مۇسەممەنى مەھزۇپ (سەككىزلىك چۈشۈرۈلگەن مۇتەقارىبى)، مۇتەقارىب مۇسەممەنى مەقسۇر (سەككىزلىك قىسقارتىلغان مۇتەقارىبى).

② ۋەھالەنكى، تولىراق تۈركىيە ئالىملىرىدىن مەزكۇر («مىللىي تەتەببۇلەر» دە)، نەجىپ ئاسىم («تۈرك تارىخى» دا)، كوفىرلۇزادە («تۈركىيە تارىخى» دا) ۋە باشقىلار «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان دېگەن پىكىرنى تەكىتلىشىدۇ.

③ 6520 ـ، 6565 ـ، 6605 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەكلىدە ئىككى يۈزگە يېقىن رۇبائىي، قىسىتىلە (مەسىلەن، 173 ـ، 174 ـ بېيىت)، تۆيۈق قاتارلىق تۆتلىكلەر بار بولۇپ، نوقۇل مەسنەۋىلىك ئەنئەنىسىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى رۇبائىيلار ئۆمەر ھەييامنىڭ ھەزەج بەھرى رۇبائىيلىرىدىن پەرقلىق ھالدا مۇتەقارىب بەھرى رۇبائىيلىرى نۇسخىسى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر، ئۇ يەنە «دەۋر نۇقتىئىنەزەرىدىن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىن قەدىمىي بولۇپ، رۇبائىيلار تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە»[1].

«قۇتادغۇ بىلىك» تە «بېيىت ھەم ئوبراز، ھەم ئەسەرنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان. بۇ ئۇنىڭ سۆز ئىشلىتىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن بولغان»، دەرۋەقە «ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى بېيىتلارنىڭ ھېكمەتلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن»[2]. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بېيىت شەكلىدىن كېيىنكى مۇھىم بەدىئىي ئۆزگىچىلىك — ئەسەر تەسۋىرىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنى ئىپادىلىگۈچى ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىشتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بىلەن يازما ئەدەبىيات شەكلىنى بىرلەشتۈرۈش، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن ئارۇز شېئىرىي شەكلىنى بىرلەشتۈرۈش، لىرىزم، رېئالىزم، رومانتىزم ۋە دراماتىك ئىپادىلەش ئامىللىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، كاتېگورىيىلىك تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق پېرسوناژ تەسۋىرىنى بىرلەشتۈرۈش «قۇتادغۇ بىلىك» تە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىك بولۇپ گەۋدىلەنگەن. تۇرمۇش رېئاللىقى، مۇتەپەككۇرانە قەلب،

---

① قەييۇم كەرىموف: «ئىلىك بەدىئىي داستان»، 132 ـ بەت.

② «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك، ھەققىدە» (س. ن. ئىۋانوف: «بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك، ناملىق ئەسىرى ھەققىدە»)، 33 ـ، 34 ـ بەتلەر.

شائىرانە لىرىك ھېسسىيات ۋە ئەسەرنىڭ دراماتىك ئۆيۈشتۇرۇلۇشى ئۆزئارا مۇجەسسەملىشىپ، بۇ نادىر ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى خاس مەنتىقىلىق ئىزچىللىقى بىلەن مەنتىقىلىق ئالمىشىشچانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مېنىڭچە، بۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانىدا تۇغۇلغان ۋە ھەل قىلىنغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا مەدھىيە، مەرسىيە، تەۋسىيە، تەنقىد، دىئالوگ، مونولوگ، بايان، تونۇشتۇرۇش، سۈپەتلەش، ئوخشىتىش، سىمۋول، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، كىنايە، ئىستىئارە، قىياس، ئىسپاتلاش، ئاللىگورىيە، سۆز ئويۇنى[1] ، قاپىيە ئويۇنى[2] ، ئەقلىيە[3] ۋە ئىرسالۇل مەسەللەردىن دەلىل كەلتۈرۈش قاتارلىق مەنتىقىي ھەم بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خۇددى دولقۇنلار گىرەلەشكەن، كىرىستاللار بىر ـ بىرىگە نۇر چاچقاندەك تەسۋىرىي گۈزەللىك ھاسىل قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رەڭگارەڭ تەسۋىرلەش ۋاستىلىرىدىن پەقەت تەبىئەت لىرىكىسى ۋە تەبىئەتنى سىمۋوللاشتۇرۇپ — ئىنسانلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىشىگە ئائىت بىرقانچە نەمۇنىلەرنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىمەكچىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ باھار تەسۋىرىگە بېغىشلىغان 68 ـ، 78 ـ، 80 ـ بېيىتلىرىدىن مىسال كەلتۈرىمىز:

---

[1] 197 ـ، 374 ـ، 564 ـ، 653 ـ 805 ـ، 1193 ـ، 1459 ـ، 1759 ـ، 1953 ـ، 2034 ـ، 2101 ـ، 2221 ـ، 4107 ـ، 4251 ـ، 4323 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.

[2] 876 ـ، 897 ـ، 1233 ـ، 1353 ـ، 1830 ـ، 2679 ـ، 3373 ـ، 3374 ـ، 4960 ـ، 5383 ـ، 6021 ـ، 6269 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.

[3] 805 ـ، 1049 ـ، 1183 ـ، 1424 ـ، 1916 ـ، 2047 ـ، 2756 ـ، 5474 ـ، 5923 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياغىز يەر ياشىل تورقۇ يۇزكە بادى
خىتاي ئارقىشى يادتى تاۋغاچ ئەدى
[قوڭۇر يەر يېپيىندى يېشىل تورقىنى،
تابغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.]
چەچەكلىكتە ساندۇاچ ئۆتەر مىڭ ئۇنۇن
ئوقىر سۇرى ئىبرى تۇنۇن ھەم كۇنۇن
[چېچەكلىكتە مىڭ خىلدا بۇلبۇل ئۈنى،
ئوقۇر سورى ئەبرنى[①] كۈن ھەم تۈنى.]
قالىق قاشى تۇگدى كۆزى ياش ساچار
چەچەك يازدى يۇز كۆر كۇلەر قاتغۇرار
[قاشىن تۈردى ئاسمان، كۆزى ياش چاچار،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى، كۈلۈپ قاتقارار.]

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 4959 ـ، 4960 ـ بېيىتلىرىدا كۈز پەسلى تەسۋىرى پەلەكنىڭ قىزىل يۈزىنىڭ سارغىيىشى، جاھاننىڭ ئالتۇن رەڭدە تاۋلىنىشى، قۇياشنىڭ يۈزىگە سېرىق زەپىران رەڭ سۈركىۋالغانلىقى، ئالەمنىڭ ھاۋارەڭ شىشىگە كىرىۋالغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەسىللەر ئۆزگىرىشىنى ئۆز داستانىنىڭ 4888 ـ، 4889 ـ، 6219 ـ، 6220 ـ، 6221 ـ بېيىتلىرىدا يۇلتۇز بۇرجلىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەسۋىرى بىلەنمۇ سۈپەتلىگەن.

شائىر كېچە — تۈن تەسۋىرىنى ئۆز ئەسىرىنىڭ 3284 ـ، 3836 ـ، 4884 ـ، 4885 ـ، 4886 ـ، 4961 ـ، 5029 ـ، 6213 ـ، 6215 ـ بېيىتلىرىدا

① ئەبرى سورى «زەبۇر» دىكى سۇلايمان قەسىدىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇ زېمىنغا گۇللەر ئېچىلغان، قۇشلار سايرىغان مەۋسۇمدا يېتىپ كەلدى» دېگەندەك تەبىئەت لىرىكىسى ئىپادىلەنگەن.

ئالەم ئاق يۈزىنى يوشۇرۇپ قارا چىچىنى يايدى؛ جاھان يۈزىگە قارا بوياق سۈركىدى؛ قۇياش يۈزىگە قارا چۈمبەل سالدى؛ رۇم قىزى يۈزىنى يەرگە يوشۇرغاندا جاھان زەڭگى قىزىدەك قارايدى؛ جاھان تۈل خوتۇننىڭ كىيىمىنى كىيگەندە، ئاسمان شەيتان ئەپتىدەك قارا تۇسكە كىردى، دېگەندەك ئوخشىتىشلار بىلەن سۈرەتلىگەن. قۇياش ۋە سەھەر تەسۋىرى داستاننىڭ 3288 ـ، 3839 ـ، 3840 ـ، 4893 ـ، 4895 ـ، 4966 ـ، 4967 ـ، 5449 ـ بېيىتلىرىدا يېپەك قالقان؛ نۇرلۇق نەيزە كۆتۈرۈلگەندە، جاھان ئۈنچىدەك سۈزۈلدى؛ پەلەك قارا كۆڭلىكىنى يىرتىپ، قارا پەرەنجىسىنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى ئاچتى؛ ئالەم ئاققۇ تۈسىگە كىردى؛ مالائىكىتەك تەبەسسۇم قىلدى؛ يۈز ئاچقان كېلىنىدەك كۈلدى دېگەن سىمۋوللۇق جۈملىلەر بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنغان. ھەتتا شائىر 4893 ـ بېيىتىدا تاڭ سەھەر كۆرۈنۈشىنى قاراخانىلارنىڭ توققۇز پۇتاقلىق تامغا سىزىلغان قىزىل (ھال) بايرىقىغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن. شۇ سەۋەبلىك «ئىسلام قامۇسى. ‹قۇتادغۇ بىلىك›» تېمىسىدا بۇ بەدىئىي ماھارەت: «تەبىئەت تىلغا كەلتۈرۈلگەن بىر سىمفونىيە دېكوراتسىيىسى ئىچىدە تەسۋىرلەنگەن» دەپ تەرىپلەنگەن[①].

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، داستان ئۆزىنىڭ كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلمىسى ۋە تەسۋىرىي ۋاستىلىرىنى نوقۇل رېئاللىققا تەقلىد قىلىشقا كۆرە، شائىرنىڭ رېئاللىقتىن ۋە رېئاللىقنىڭ تارىخىي ماھىيەتلىرىدىن ئالغان ئىلھاملىرىنى مۇتەپەككۇرانە ئەقىل جىلۋىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە كۆپرەك قاراتقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۈچۈن «ئەكس ئېتىش» كە نىسبەتەن «ئىپادىلەش» ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. شائىر قەلبىدە يالقۇنجاپ تۇرغان پىكىر ـ ھېسسىيات ئۆزىنى سىرتلاشتۇرۇش

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 262 ـ بەت.

باسقۇچلىرىدا سىمۋولىزمنىڭ يارقىن ئۆلگىلىرىنى ياراتتى. مۇنداق تەسۋىرىي ئۇسۇلنىڭ قويۇق ئىپادىلىنىشى بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىنى چۆرىدەپ، تۆت پېرسوناژدىن تاكى ھەربىر سەركەردىنىڭ جاسارەت سىمۋوللىرىغىچە ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، ئابىدە ۋە ھېكايەتلىرى، ئەقلىيە ۋە ئىرسالۇل مەسەللىرىدىكى ئېيتىلىق تەسۋىرىي تىپ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. يايلاق ۋە شەھەر ھاياتىغا ئائىت ئۇبرازلاشتۇرۇش بىلەن ساپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ ئىبارىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بەدىئىي ۋاستىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئۆز مۇمكىنلىكلىرىنى نامايىش قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن س. ن. ئىۋانوفنىڭ «بالاساغۇنلۇق يۇسۇپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدىكى: « ‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى ئۇبرازلىقنىڭ مەنبەسى تۈركىي خەلقلەر ئېپىك ئېغىز ئىجادىيىتى بىلەن دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدىن كەلگەن دەپ پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن»① دېگەن سۆزلەرنى توغرا تاپىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بەدىئىي قىممىتى ئۇنىڭ مۇتەپەككۇر قەلبىنى ئىپادىلەش شەكلىگە مۇيەسسەر قىلغانلىقىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر دەۋر ئاچقان، ئۇيغۇر دىرامىچىلىق تارىخىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى بىلەن كېيىنكى باسقۇچىنى تۇتاشتۇرغان، يارقىن رېئالىزملىق ۋە تەنقىدىي رېئالىزملىق بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان تۇنجى دىرامالىق داستاندىن ئىبارەت بولغانلىقىدا.

## 8. قىسقىچە يەكۈن

مەشھۇر ئىتالىيان ئالىمى گالىلېي (1564 — 1642):

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 33 ـ بەت.

«دۇنيادا پەقەت ئىككى خىل كىتاب بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرى تەبىئەت ھەققىدىكى كىتاب، ئۇنىڭ يەنە بىرى قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ ھەققىدىكى كىتاب» دېگەنىدى. گالىلېينىڭ بۇ سۆزى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى تېما قىلىنغان «ئىنسان مەركەزلىك نەزەرىيىسى» پىكىر ئېقىمى بىلەن تەڭرى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى تەرغىب قىلىنغان «تەڭرى مەركەزلىك نەزەرىيىسى» پىكىر ئېقىمىنىڭ، باشقىچە ئېيتقاندا گۇمانىزم ۋە راتسىئونالىزملىق مۇئەللىپچىلىك بىلەن ئىلاھىيەتچىلىك ۋە روھانىيلىق مۇئەللىپچىلىكنىڭ كەسكىن چېگراسىنى ئىخچاملىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئىنسانشۇناسلىق كىتابى، جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىلغار گۇمانىزملىق پەلسەپىۋى دەستۇر سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۈگۈنمۇ تەتقىقاتنىڭ بارغانسېرى تېرەنلەشكەن نەتىجىلىرى بۇ شاھانە ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى خاراكتېرىنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى «بىمەنە تەمسىللەر بىلەن تولغان»، «ھاياتتىن خېلىلا يىراق»، «قىممىتى بەك تۆۋەن ئەسەر» دېگەن قاراشلىرى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تاجىك ـ پارس ئەدەبىياتىدىن «ھاسىلە» بولغان «ئىككىلەمچى» ئەدەبىيات ئىچىدىكى «بوش نەسىھەت» خاراكتېرلىك ئەسەر دېگەن قارىشى بارغانسېرى بۇ شۆھرەتلىك تارىخشۇناسنىڭ نۇرانە بولمىغان ھۆكۈملىرى ۋە تەتقىقات پوزىتسىيىسىنى ئاشكارىلاپ قويدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن ئاكادېمىك س. ن. ئىۋانوف «بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە، يۇقىرىقى قاراشلارنى قەيت قىلغاندىن كېيىن: «ھالبۇكى ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىنىڭ تېرەن تەتقىق قىلىنىشى

بۇ پىكىرنىڭ خاتالىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى»[1] دەپ كەسكىن تىلغا ئالدى. س. ن. ئىۋانوف شۇ ماقالىسىدە: «بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىر جاھان ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن نادىر ئەسەرلەر قاتارىدا ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ»[2] دەپ روشەن باھالىدى. قەييۇم كەرىموفمۇ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق ماقالىسىدە: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەرىيە تۈركىي خەلقلىرىنىڭ XI ئەسىرگە مەنسۇپ ۋە بىزگە مەلۇم بولغان بەدىئىي ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ يىرىك نەمۇنىسى ‹قۇتادغۇ بىلىك› تۇر»[3] دەپ يازغان.

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر شەھەر ۋە يېزا مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككى نادىر ئەسەر — «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، گەرچە قەشقەردە ۋە باغدادتا ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىلا خۇددى كېيىكتەك تەمتىرەپ تۇرغان[4] خاقانىيە تۈركىي تىلىنى «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك» ھالەتكە كەلتۈرۈش يولىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، قاراخانىلار سەلتەنىتىنىڭ ئىچكى مەنىۋى قىياپىتى ۋە غايىۋى تەلپۈنۈشلىرى بىلەن ئۇنىڭ تاشقى تەسىرى، شۇنداقلا خەلقئارا ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ ئالتۇن دەۋرنىڭ ئالتۇن قەلەم بىلەن پۈتۈلگەن بىباھا يادىكارلىقى رەشىد رەھمەتى ئارات ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا «ھازىرغىچە قول تەگمىگەن خەزىنە»[5] دىن ئىبارەت. س. ن. ئىۋانوفمۇ مۇنداق دەپ يازدى: «بۇ داستان ئۇستىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى كۆرۈنۈشتىلا كىشىنىڭ دىققىتىدىن چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن بولغان مول

---

① ② «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 37 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 175 ـ بەت.
④ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 6617 ـ، 6618 ـ، 6619 ـ بېيىتلىرى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى ئوخشاشلىققا قارالسۇن.
⑤ «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 162 ـ بەت.

مەزمۇنى بارغانسېرى ئاشكارىلانماقتا . بۇ داستان توغرىسىدىكى تەتقىقات ھازىر تېخى تۇنجى قەدىمىنى باستى »[1] ، «ئالدى بىلەن بۇ داستاننىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىنى تولۇق تەتقىق قىلىپ ، ئېنىق شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ »[2] .

ھەقىقەتنى ئېچىشنىڭ ئېلېمېنتار شەرتى — پوزىتسىيە ۋە مېتودنىڭ ھەقىقەتلىك خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولۇشىدىن ئىبارەت . بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ كىتابەت خاراكتېرىنى توغرا شەرھلەشتە ، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەنئەنىۋى ۋە سىنكرېتىك تارىخىي قاتلاملىرىنى توغرا شەرھلەشتە ، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىسلامىيەت بىلەن ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى چەمبىرىدە ئاپىرىدە بولغان شەرق ئويغىنىشى پىكىر ئېقىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا شەرھلەشتە ، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىدىكى كەڭ يىلتىزى ۋە كەڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ ھەممىنىڭ بېشىدا بولىدىغان ئىنسانىي ئېتىنىك خاسلىقىنى ، ئىشلەتكەن ئەدەبىي تىلى مىللىيەتلىكىنى توغرا شەرھلەشتە ، ئەسەردىكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ، ئىلاھىيەت ۋە ئىنسانىيەت ، جۈملىدىن تۆت پېرسوناژ خاراكتېرىدە گەۋدىلەنگەن كاتېگورىيىلىك مەسىلىلەرنى توغرا شەرھلەشتە ، ئەسەرنىڭ ئۇتۇقلىرى ۋە تۆھپىلىرى بىلەن تارىخىي چەكلىمىسى ۋە نۇقسانلىرىنى توغرا شەرھلەشتە ئەمەلىيلىشىشى كېرەك . بۇ نۇقتىدا سۇبيېكتىۋىزم ، سوفىستىكا ، مېتافىزىكا ۋە مىللىي — ئىرقىي ھېسسىياتقا بېرىلىش تەتقىقات گۈلزارىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ .

دېموكرىت توغرا ئېيتقان : پۈتۈن يەر — زېمىن دانىشمەن ئادەمگە ئۆز ئىشىكىنى ئاچقان . چۈنكى كائىنات يۈكسەك قەلبنىڭ ۋەتىنىدۇر .

---

[1] [2] «جەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە» ، 37 — ۋە 42 — بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Ⅱ باب «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئىدىيە مەنبەلىرى

«ئۇيۇقتا قۇياشتىن چاقنىغاي زىيا ،
كىم دانا دېمەككى ئۇ ئاقىقان دەريا .»
— ناسىر خۇسراۋ

## 1 . «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئىدىيە مەنبەلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش

مۇرەككەپ مۇجەسسەملىك — يۇقىرى قاتلامدا تۇرغان ئۇلۇغۋار نەرسىلەرنىڭ تەركىبىي ئالامىتىدىن ئىبارەت . تەبىئەت دۇنياسىدىمۇ شۇنداق ، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر دۇنياسىدىمۇ شۇنداق . بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلغانلىق ياكى گۆدەكلىك ، ياكى جاھىللىقتىن دېرەك بېرىدۇ .

مەلۇمكى ، ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ، بولۇپمۇ يەلسەپۋى تۈستىكى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە جەمئىيەتنى بىلىش ، ئىزاھلاش تارىخىنىڭ بىر قىسمى . ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۆزگىچە مۇناسىۋەتلىك تارىخنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى ۋە بىلىش مەنبەلىرىنى ئۆزگىچە يىلتىز

قىلىدۇ. ماركسىزم مەدەنىيەت ۋە بىلىش تارىخىنى مەنبەسىز، تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان جەريان دەپ قارايدىغان ئىدېئالىستىك ئىنكارچىلىق (نېگىلىزملىق) تەشەببۇسلارغىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خىل مەدەنىيەت ۋە بىلىش تارىخنى مۇئەييەن رايون، مۇئەييەن مىللەت خەلقىدە يەككە ـ يېگانە، ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز ھالدا يۈز بېرىدىغان نەتىجە دەپ قارايدىغان مېتافىزىكىلىق كۆز قاراشلارغىمۇ زىت ھالدا، ئىنسانىيەت بىلىش تارىخىنىڭ بىردەكلىك قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىنى تەكىتلەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ «مۇقەررەرلىك ئالەمى» دىن «ئەركىنلىك ئالەمى» گە، جۈزئىي ۋە نىسپىي ھەقىقەتلەردىن ئومۇمىي ۋە مۇتلەق ھەقىقەتلەرگە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىدىكى ھەقىقىي سىر دەل مانا شۇنىڭدا.

قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇرى، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت شەرقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر شائىر، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلەر يالغۇز «ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيىۋى قامۇسى» بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان ئەنئەنىۋى ھەم سىنكرېتىك مەدەنىيەت قاتلاملىرى بىلەن تەپەككۇر مەنبەلىرىنىڭ، رېئال تارىخىي مۇھىت ۋە مۇتەپەككۇر ئەقلىي پائالىيىتىنىڭ مۇجەسسەم مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ھەققىدە پەلسەپىۋى بىلىش تارىخى نۇقتىسىدىن تېخى بىرقەدەر مەخسۇس ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بۇ ھەقتە چەت ئەل تۈركولوگلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىن ئۆزلىرى ئىشلىگەن تېكىستولوگىيىلىك خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئۇنداق ياكى مۇنداق كۆز قاراشلارنى تىلغا ئالغان، خالاس.

شۇ نەرسىگە نەزەر سېلىش لازىمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەدىيۋى مەنبەلىرى ھەققىدە چەت ئەل تۈركىلوگلىرىنىڭ ئاندا ـ مۇندا قىلغان ئىبارىلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە زىت. ئۇنىڭ بىر قىسمى دەلىل ـ ئىسپاتسىز، كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان قۇرۇق مۇھاكىمە بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى بىر قەدەر ئىجابىي بولغانلىرىمۇ ئىزچىللىقتا ئىگە بولمىغان باشلانغۇچ قىياستىن يىراقلىشالمىغان.

يەنە شۇ نەرسىگىمۇ نەزەر سېلىش لازىمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەدىيۋى مەنبەلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشتىن باش تارتىدىغان، ھەتتا مۇنداق مۇھاكىمىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلمىي ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە مەلىكىسىگە نۇقسان كەلتۈرۈش دەپ قارايدىغان، مۇئەللىپنى ياكى تۇغما دانىشمەن، ياكى نوقۇل ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تەسىرى چەمبىرىدىن ھالقىپ چىقمىغان قىلىپ ئىزاھلاشقا ھېرىسمەنلىك قىلىدىغان قاراشمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل قاراش تارىخىي چىنلىققا زىت بولۇشى بىلەن بىللە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىدە چەكلەپ قويىدىغان خاتا ھەم زىيانلىق قاراشتۇر. ئۇلۇغ تالانت كۆپ قاتلاملىق بىلىم ۋە ئۆتمۈشتە ئېرىشىلگەن مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ئاساسىدىلا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى يايلاق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ئەمەس، بەلكى شۇ ئاساستا ئېرىشىلگەن ئولتۇراقلاشقان شەھەر مەدەنىيىتى ھەم خەلقئارا ئالاقىلەر مۇھىتىدىلا مۇنداق تەپەككۇر بالاغىتى، مۇنداق ئىجادىيەت ماھارىتىگە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم.

ئېيتىش ھاجەتكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەدىيۋى مەنبەلىرىگە ئالاقە قىلغاندا ھەممە ئۆلگىلەرنى ھىندىستان، ئىران، ئەرەب ياكى گرېك مەدەنىيىتىگە خاسلاشتۇرۇپ قويىدىغان ياكى بۇ جەھەتتىكى تەسىر، ياكى ئوخشاشلىقلارنى مۇتلەق ئىنكار

قىلىشقا قىزىقىدىغان غەيرىي تارىخىي، غەيرىي ئىلمىي قاراشلارغا خاتىمە بېرىش ۋاقتى يەتتى.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇھاكىمىلىرى تارىخىغا قىسقىچە خاراكتېرىستىكا بېرىپ ئۆتىمىز.

ۋ. ۋ. بارتولد «قۇتادغۇ بىلىك»نى پۈتۈنلەي ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن دېگەن قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئىسلامىيەتنىڭ ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ تۈركىيلەر ئىچىدىكى تەسىرى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولغانكى، تۈركىيلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن»① دېگەن. بارتولد «قۇتادغۇ بىلىك» تىن يەتتە يىل كېيىن مەيدانغا كەلگەن نىزامۇل مۇلىك[25] «سىياسەتنامە» (يەنە بىر نامى «سىيارۇل مۇلۇك») سى بىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك»تىن 23 يىل كېيىن مەيدانغا كەلگەن كەيكاۋۇس[26] نىڭ «قابۇسنامە» سىنى «قۇتادغۇ بىلىك» كە يېقىنلاشتۇرماقچى بولىدۇ. تۈركىيە ئالىملىرىدىن ف. كوپرۇلۈزادەمۇ خۇددى بارتولدتەكلا: «ئورخۇن كىتابلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى ھۆكۈمران ئىدىيىنىڭ زادى قەدىمكى تۈرك ئىدېئولوگىيىسى ئەمەسلىكى ئوچۇق كۆرۈلىدۇ»② دەيدۇ. ئا. جاپپار ئوغلى، ھ. ئىنالچىق قاتارلىق تۈركىيە ئالىملىرىمۇ③ ئىران تەسىرى، بولۇپمۇ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى[27] نىڭ «شاھنامە» داستانىنىڭ تەسىرىنى كۈچەپ تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئىلاۋە قىلىنغان

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 123 — 124 ـ بەتلەر.

② يۇقىرىقى كىتاب، 125 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 127 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى قەسىدىنىڭ 6547 — 6551 ـ بېيىتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان لېگىندا قەھرىمانلىرىناملىرىنى بۇنىڭغا دەلىل قىلىشىدۇ.

بۇ پىكىرنى ھ. ۋامبېرى رەت قىلىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم»[1] دېسە، س. ن. ئىۋانوف: «ئەسەر ئاپتور ياشىغان مۇھىت، پېرسوناژلار، ۋەقەلەر تېخى كۆچمەن (ئۆتمۈش) تۇغرىسىدىكى خاتىرىلەر پۇختا ساقلانغان تۈرك دۆلىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇشى بىلەن ئەتتىكس ئەتتۇرۇلگەن»[2] دەپ يازىدۇ. ئە. بېرتېلس «تۈركىي خەلقلەر قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى ئەنئەنە مەسىلىسىگە دائىر» ناملىق ماقالىسىدا: «غەرب تەسىرىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، ھەرھالدا ‹قۇتادغۇ بىلىك›، نەق ئاشۇ قاراخانىلار قەشقەرىگە خاراكتېرلىك كۆز قاراشلار بىلەن باغلانغان كۆپلىگەن يەرلىك تۈركىي ئەنئەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى تامامەن روشەندۇر»[3] دەپ يازغان. تۈركىيە ئالىمى كاپسوغلۇنىڭ « ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» ناملىق ماقالىسىدا ئۆزگىچە خاس قاراشلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كاپسوغلۇ ئومۇمەن تۈركىي بولمىغان مەنبەلەرگە قارىغاندا تۈركىي يايلاق — بوستان («بوز ـ قىر») مەدەنىيىتىنىڭ «يۇكسەك مەدەنىيەت نوپۇزىنى» چۈشەندۈرۈشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويغان[4].

ھىندىستان مەدەنىيىتى تەسىرىنى ئىنالچىق ئالاھىدە تەكىتلىگەندە بۇددىزمدىن كۆرە «كەلىلە ۋە دېمنە» ھېكايىلىرىنى پاكىت قىلماق بولدى[5]. كاپسوغلۇ ئودغۇرمىشتا

[1] «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 125 ـ بەت.
[2] يۇقىرىقى كىتاب، 26 ـ بەت.
[3] يۇقىرىقى كىتاب، 282 ـ بەت.
[4] يۇقىرىقى كىتاب، 123 ـ، 159 ـ بەتلەر.
[5] يۇقىرىقى كىتاب، 127 ـ بەت.

بۇددىزىم تەسىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئالدى.[1] بۇددىزىم تەسىرى لاڭ يىلىڭ قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن داستاندىكى ئودغۇرمىشنىڭ تەركىدۇنيا قاراشلىرى، داستاندىكى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇغۇلماق، قېرىماق، كېسەل بولماق ۋە ئۆلمەكلىكتەك «ئالەم ئازاب دېڭىزى» قاراشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ تىلغا ئېلىندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەختنىڭ بىقارارلىقى، ئالەمنىڭ بىۋاپالىقىنى بۇددىزىم تەسىرى دېگۈچىلەرمۇ، سوپىزم تەسىرى دېگۈچىلەرمۇ بار.

گرېك تەسىرىنى تەكىتلىگۈچىلەردىن بومباچى كۈنتۇغدىنىڭ ئۈچ پۈتلۈق كۇرسىتا ئولتۇرغىنىنى ۋە قىلىچ تۇتقانلىقىنى گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھە تەيمىس بىلەن دېكاغا سىمۋول قىلىپ، ئايتولدىنىڭ توپتا ئولتۇرغانلىقىنى قەدىمكى گرېك «بەخت» ئىلاھى تېئوكنىڭ شاردا ئولتۇرغانلىقىغا تەققاس قىلدى. بەزى مۇئەللىپلەر ھەتتا ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ۋە گۈزەللىك مەسىلىلىرىگە ئائىت ئەنئەنىۋى قاراشلارنىمۇ سوقرات، پلاتون، ئارستوتېل قاتارلىق گرېك مۇتەپەككۇرلىرى تەسىرىدىن كەلگەن دېيىشىدۇ. كاپسوغلۇ ئۆز ماقالىسىدە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئادالەت، بەخت ۋە دۆلەت قاراشلىرى مەزمۇنەن گرېك ئىدېئولوگىيىسىگە ئوخشىمايدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈردى[2].

كوپرىلۈزادە، س. مەخسۇدى، ئارسال قاتارلىق تۈركىيە ئالىملىرى كۆك زىنىڭ[28] رايىشلىق قاراشلىرى بىلەن «ۋاپادارلىق»، «مېھرىبانلىق» قاتارلىق ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنى «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئەقىل، بىلىم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى دەپ قىياس قىلىشقان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 133 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 158 ـ بەت.

تۈركىيىلىك دىلئاچار ۋە باشقا خەنزۇشۇناسلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنى خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولغان، «قۇتادغۇ بىلىك» جۇڭگودا («چىن ـ ماچىن» دا) كەڭ تارقالغان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆڭ فۇزىچىلىق (رايىشلىق) تىكى «ئالدىنقى پادىشاھلار يولى گۈزەللىكتۇر» (先王之道斯为美)، «ئەدەپنى بىلمەي پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولمايدۇ» (不知礼、无以立也) دېگەن قاراشلار بىلەن 1899 ـ يىلى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «دۇنخۇاڭ ئۆزگەرتىلمىلىرى» (بۇددا ھېكايە نۇملىرىنىڭ جۇڭگولاشقان شەكلى) دىكى ئەقلىيە سۆزلەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شەرقىي مەنبەسى بولغان دەپ ئىزاھلاشماقتا. بۇ نورمال تەسىردىن ھالقىغان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت تىپىغا ۋەكىللىك قىلىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇلار رايىشچىلىققا قارشى ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق قاراشلىرى بىلەن سوپىلىققا زىت رېئالىزملىق ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىگە دۇچ كەلگەندە ھېچنېمە دېيەلمىدى. بۇ خىل كۆز قاراش ئوتتو ئالبېرت، بروككېلمان، رەشىد رەھمەتى ئارات ۋە كاپسوغلۇ قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. بروككېلمان: «دەسلەپ ئويلىغان جۇڭگو ئەدەبىياتى تەسىرى (كۆڭ زى ئەسەرلىرى نەزەردە تۇتۇلغان — ئاپتور) ھېچقانداق ئىسپاتلىنىدىغاندەك ئەمەس» دېسە، رەشىد رەھمەتى ئارات: «بۇ پەۋقۇلئاددە يۈزەكى شەخسىي بىر مۇھاكىمىدىن ئىبارەت بولغان» دەپ كۆرسەتكەن. كاپسوغلۇ يەنە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن جۇڭگو تەسىرىنى تېگى ـ تەكتىدىن تۈركىي تەسىر، چۈنكى جۇڭگودىكى «كۆك»، «كۆكتەڭرى» ئىبارىلىرى (天) تۈركلەردىن كەلگەن، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى.

ئوتتو ئالبېرت، رەشىد رەھمەتى ئارات قاتارلىق تۈركولوگلار ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا

قارىشىنىڭ توغرىدىن - توغرا پىشۋاسى سۈپىتىدە تەكىتلەشتى[1] . ئالبېرتىنىڭ كۆرسىتىشىچە: ئىبىن سىنا ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەر يۈسۈپ خاس هاجىپ تەرىپىدىن پەقەت ئوبرازلىق شەخسلەشتۈرۈلگەن داستان ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلمىنىڭ نۇقتىلىق مەسىلىلىرىدىكى كۆز قاراشلار بويىچە بۇ ئىككى مۇتەپەككۇر ئارىسىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق. رەشىد رەھمەتى ئارات بۇ كۆز قاراشنى داۋاملاشتۇرۇپ: «يۈسۈپ خاس هاجىپ ئىبىن سىنانىڭ شاگىرتى»، «يۈسۈپ خاس هاجىپ ئەسىرىدە ئىدىئولوگىيىلىك مەزمۇن نۇقتىئىنەزەرىدىن ئەڭ كۆزگە تاشلانغان تەسىر ئىبىن سىنانىڭدۇر»[2] دەپ كۆرسەتتى. كاپسوغلۇ ئىبىن سىنانىڭ قانۇنشۇناسلىق توغرىسىدا ئەسىرىنىڭ يوقلۇقىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ خىل قاراشقا ئېتىراز بىلدۈردى[3] .

يۇقىرىقىلار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلىرىنى يورۇتۇشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن روشەن.

رەشىد رەھمەتى ئارات «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن فاكسىمىل ئىشلەشتەك مۇھىم خىزمەت ئاساسىدا بۇ داستاننىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىغا يازغان مۇقەددىمە ماقالىسىدە (158 - بەت)، بۇ داستاننىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ھەققىدە سخېماتىك مودېلنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەنبەلىرى «توققۇز رەڭلىك لىتوگرافىيە (تاش باسما) بىلەن بېسىلغان لەۋھەگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى ئۈچ قاتلام تۈركىي

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 125 - بەت.

② رەشىد رەھمەتى ئارات: « ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە مۇقەددىمە»، 155 - بەت.

③ «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 151 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللىي ئەنئەنە، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈچ قاتلام ئارىستوتېل ئىلمىي ئېقىمىدىكى ئەخلاقىي ۋە سىياسىي قاراشلار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى قاتلام ئىسلامىيەت تەسىرى ۋە ئەڭ ئۈستۈنكى بىر قاتلىمى ئىبنى سىنا مەسلىكىنىڭ ئەقلىي تۈسى بىلەن بېزىتىلگەن». بۇنىڭدىن ئەنئەنىۋى تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تەسىرى، ئارىستوتېل پېرىپاتىتىزمى[29] تەسىرى، ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى تەسىرى ۋە ئىبنى سىنا پان ئىلاھچىلىقى تەسىرىدىن ئىبارەت تۆت نۇقتا ئۆز - ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. رەشىد رەھمەتى ئارات ھەر ھالدا ئوتتۇ ئاللىبېرتتىن كۆرە ئىبنى سىنادىن ئىلگىرىكى ئاساسىي ئىدىيىۋى مەنبەلەرگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى بىلەن ئالغا قاراپ بىر قەدەم تاشلىغان.

مېنىڭچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنى مۇنداق ئۈچ جەھەتكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت چەمبىرىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى؛

ئىككىنچى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى يىپەك يولى بويلاپ مەيدانغا كەلگەن ئارىلاشما (سىنكرېتىك) مەدەنىيەت قاتلىمى؛

ئۈچىنچى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىسلام مەدەنىيىتى چەمبىرىكىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدىيىۋى مەنبەلەردىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى مەدەنىيەت قاتلاملىرى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلەر خالىغان زامان ۋە ماكاندا ئەمەس، بەلكى «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەن زامان ۋە ماكاندا، خالىغان تەپەككۇر سۇبيېكتىدا ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئورگىنال پىكىر جەريانلىرىدا ئۆزئارا قوشۇلغان ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»كە خاس تەپەككۇر سىستېمىسىنى ياراتقان.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى

«قۇتادغۇ بىلىك» گەرچە قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ راسا گۈللەنگەن مەزگىلىدە دۇنياغا كەلگەن غايەت زور مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى جەھەتتە ئۇزاق مۇساپىلىق ئاساسقا ئىگە.

مەلۇمكى، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ئاپىرىدەگاھلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئانتروپولوگىيىلىك رايون، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا ئۆزىگە خاس قەدىمكى مەدەنىيەت رايونلىرىنىڭ بىرى. ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرى تارىخنىڭ ھەرقايسى كاتتا ئىزلىرىدا ئۆزگىچە ئېتنىك مەدەنىيەت تىپى ئالامەتلىرى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر ئىسلامىيەتكىچە ئىپتىدائىي ئانىمىزم[30]، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى، توتېمىزملىق ئىپتىدائىي ئېتىقادلار بىلەن شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، كېيىنچە بۇددىزم، مانىزم دىنىي ئەقىدىلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلدى. ئۇلار تەبىئەت، ئىلاھىيەت، جەمئىيەت، ھاكىمىيەت توغرىسىدا ئۆز مەدەنىيەت تىپىغا خاس بىر قاتار ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە تارىخىي تەجرىبىلەرنى جەمغۇرلىدى. ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ غار ـ جىلغىلار، يايلاق ۋە بوستان مەدەنىيەت شەكلىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش، سىنىپىي كۈرەش ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتى ئاساسىدا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، ئەخلاق، فولكلور ۋە ھاكىمىيەتچىلىك توغرىسىدا قەدىمكى ساددا مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرۈپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا سەھنىسىدە ئۇزاقتىن ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ هايات لېگىندىلىرى ۋە تارىخىي شەجەرىلىرى ئوغۇزخان، ئەفراسىياپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا، كېيىنچە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى، قاراخانىلارغا بېرىپ تۇتاشقان. هايات تارىخى ئۇلاردا بىر قاتار ئىدېئولوگىيىلىك تارىخ ۋە مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى هاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. دەرھەقىقەت ئىپتىدائىي ۋە قەدىمكى تارىخنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قەبىلىلەر ئارا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئارا مەدەنىيەت سىڭىكىرىتىزمى بولۇپ تۇرغانىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا سۆزلەنگەن «تۆت تادۇ» (تۆت زات) كۆز قارىشى بىلەن سەييارىلەر، يۇلتۇزلار ۋە 12 بۇرجتىن ئىبارەت ئالەم كۆز قارىشى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى تارىخىدا ئەڭ كونا تەبىئەت كۆز قارىشى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تىبابەتچىلىك قاراشلىرى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش خەلقلەر مەدەنىيەت چەمبىرىدە ئۇزاق داۋام قىلغان تۆت زات، تۆت خىلىت، تۆت مىزاج ۋە ئەم - ئىرىم ئەنئەنىلىرى ھەم رەسمىي تېبابىي ئىلىم ئىپتىدائىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدىقۇت تېبابىي - دورىگەرلىك ئىلمىي قاراشلىرى بىلەن تارىخىي باغلىنىشلىق بولغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى قەھرىمانلىق، يۈكسەكلىك ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىغا سىمۋول بولغان ئوخشىتىشلاردىن مۇئەللىپ ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ يىراق تۇتېمىزملىق ئىزنالىرى ۋە ئادەتلىرىنى چەتكە قاقمىغانلىقىنى، ئۇنى ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم فولكلور مەنبەسى قىلغانلىقىنى كۆرىمىز[①].

«قۇتادغۇ بىلىك» شامانىزم ئىزنالىرىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

---

① داستاننىڭ 2310 — 2314 ـ بېيىتلىرىغا قارالسۇن.

داستانىنىڭ 1065 ـ بېيىتىدا «قام» (باقشى) بىلەن تېۋىپ سېلىشتۇرۇلسا، 1518 ـ، 1524 ـ، 1525 ـ، 6064 ـ، 6065 ـ بېيىتلىرىدا شامانىزم قاراشلىرى ئاساسىدا جاننىڭ يېشىل كۆككە — روھىيەت قاتلىمىغا ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقى ئاللىگورىيىلىك تەسۋىرلەنگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەڭرى ئىبارىسىنى ئىزچىل بايات ئىبارىسى بىلەن بىللە ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئىلاھىيەتچىلىك ئەنئەنىلىرىنىڭ ئىسلامىيەت مۇھىتىدىكى ئىپادىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. گەرچە بايات ۋە تەڭرى ئىبارىلىرى مەزمۇنەن ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولسىمۇ، بۇ خىل ئىبارە ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۇزاق تارىخىيلىق قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ يېڭى مۇھىتتىكى يېڭى بىخى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا سۆزلەنگەن ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ئىنسانىنىڭ ئەقلىي بىلىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارى، ئىنسانىنىڭ يېڭىلىپ ـ خاتالىشىپ كېتىش مۇمكىنلىكى، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ ـ ئۆلىدىغانلىقى، ئىنسانىنىڭ بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىملىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارمۇ قەدىمكى ئەنئەنە ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلغان. بىز 734 ـ يىلى بىلگە قاغان مۇئەللىپلىكى ۋە مەشهۇر خەتتات يوللۇغ تېكىن[①] خۇش قەلىمى بىلەن يېزىلغان «كۆلتېكىن ئابىدىسى»دە: «ئوت تەڭرى ياشار، كىشى ئوغلى قوب ئۆلگەلى تۇرۇمىش» (زامان تەڭرى ئۆلمەيدۇ، ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن) دېيىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەبىئەتكە، تەڭرىگە ۋە جەمئىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا شامان ۋە مانى ئېتىقادى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى، قەھرىمانلىق داستانلىرى، جۈملىدىن

① يوللۇغ تېكىن — كۆلتېكىننىڭ جىيەنى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

«تۇرپان تېكىستلىرى» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن كۆپلىگەن ئىسىل پىكىر ئۈلگىلىرىنى تېپىش مۇمكىن. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا نۇقتىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ۋە پەزىلەت توغرىسىدىكى پىكىرلەرنىڭ كونا ئىزنالىرىنى بىز ئورخۇن ئابىدىلىرىدىن، ئىدىقۇت دەۋرىگە ئائىت «تۇرپان تېكىستلىرى» دىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن، ھەتتا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىۋاستە داۋامى بولغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

«توققۇز ئوغۇز بەگلەرى بودۇنى بۇ سابىمىن ئەدگۈتى ئەشد قاتىغدى تىڭلا:» (توققۇز ئوغۇز[①] بەگلىكىنىڭ خەلقلىرى بۇ سۆزۈمنى ياخشى ئىشتىپ قاتتىق ساقلا:)

«ئەدگۈ بىلىك كىشىگ، ئەدگۈ ئالىپ كىشىگ...» (ياخشى بىلىملىك كىشىلەرلا ياخشى قەھرىمان كىشىلەردۇر)؛

«بىلىگسىز قاغان ئولۇرمىش ئەرىنچ، يابلاق قاغان ئولۇرمىش ئەرىنچ. بويرۇقى يىمە بىلىگسىز ئەرىنچ» (بىلىمسىز خاقان بولدى نادان خاقان بولدى، ۋەزىرلىرىمۇ بىلىمسىز ئىدى)؛

«ئۆكۈن! كۆرە گۆكۈن ئۆچۈن» (پۇشايمان قىل! ئىنتىزامسىزلىقىڭ ئۈچۈن)، «بىلمەدۈك ئۈچۈن» (بىلىمسىزلىكىڭ ئۈچۈن...)؛

«ئىغار ئوغلانىڭىزدا تايغۇنىڭىزدا يېگدى ئىگىدۈر ئەرتىڭىز.» (قەدىردان ئوغلانلار، ئەۋلادىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەپ ئالەمدىن ئۆتتىڭىزلەر).

يۇقىرىقىلار «كۆلتېكىن ئابىدىسى» دىكى بىلگە قاغاننىڭ بىلىم ۋە بىلىمسىزلىك، بىلىملىك ۋە نادانلىقنىڭ ئاچچىق ھەسرىتى ھەققىدىكى يەكۈنى ۋە ئەۋلادلارنى بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى تارىخىي تەۋسىيىسى.

«تۇرپان تېكىستلىرى» دە بۇ ئىدىيە مۇنداق شېئىرىي شەكىلدە جۇلالاندۇرۇلغان:

---

① توققۇز ئوغۇز — كەڭ مەنىدە پۈتكۈل توققۇز ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

بىلىگ بىلىڭ يا بەگىم،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر،
بىلىگ بىلگەن ئۇل ئەركە
بىر كۈن دەۋلەت توش بولۇر.
[بىلىم بىلىڭ ئەي بېگىم،
بىلىم سىزگە يار بولۇر.
بىلىم بىلگەن ئۇل ئەرگە
بىر كۈن دۆلەت يار بولۇر.]
بىلىگ ئەرنىڭ بىلىنگە،
تاش قۇرسانسا قاش بولۇر.
بىلىگسىزنىڭ يانىغا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.
[بىلىملىك ئەر بىلىگە،
تاش قىستۇرسا قاش[1] بولۇر.
بىلىمسىزنىڭ يېنىغا،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.]
ئەردەملىك كىشى ئەردىن بىرلە تۈز ئول،
ئەردەمسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىندەكى ئۇلياق بىرلە تۈز ئول.
[ئەخلاقلىق كىشىنىڭ تۈزلۈكى گۆھەرنىڭ
تۈزلۈكى،
ئەخلاقسىز كىشىنىڭ تۈزلۈكى ئۆتۈك ئۇلتاڭنىڭ
تۈزلۈكى.]

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بۇ پىكىر مۇنداق خەلق بېيىتلىرى تۈسىنى ئالغان:

بىلىگ ئەرىگە ئەدگۈ تۈتۈپ سۆزنى ئەشىت،
ئەرەمنى ئۆگرە نىبەن ئىشقا سورا.
[بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ سۆزىن ئىشىت
پەزىلىتىدىن ئۆگەن ھەمدە ئىشقا ئاشۇر.]

---

① قاش تېشى، بۇ يەردە ئومۇمەن ئېسىل تاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

ئەردەم تىلە ئۆگرە نىبەن بولما كۆۋەز،
ئەردەمسىزىن ئۆكۈنسە ئەگمە كۈدە ئەڭەر.
[پەزىلەت ئىزدە ئۆگىنىشتە، بولما مەغرۇر،
نادان ماختانسا ئۇ سىناق ئۈستىدە سۇنۇر.]
ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويىدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلگىلىك ئۈلە.
[مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلا ئوغۇل، پەزىلەت ئىزلە،
ئەلدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىم سۆزلە.]
ئەردەم ئوزا ئەرەنلەر، ئەردەم بەگى بىلىگ تاغ،
ئايدى ئۆكۈش ئۆگۈتلەر، كۆڭلۈم بولۇر ئاڭار ساغ.
[ئۈتمۈشتە شۇنداق ئەرلەر ئۆتكەن،
بىلىمى تاغدەك بار،
قىلغان نۇرغۇن نەسىھەت، ئەسلىسە دىل
كۈچ تاپار.]
ئولا بولسا يول ئازماس،
بىلىگ بولسا سۆز يازماس.
[بەلگە بولسا يولدىن ئازماس،
بىلىم بولسا سۆزدىن ئازماس.]

بۇ خىل ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىزچىل ئىپادىسى سۈپىتىدە قاراخانىلار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق داستانىدا رەسمىي ئېتىكىلىق[31] سىستېما سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك» تىن كېيىن يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئەقىل، بىلىم ۋە پەزىلەت توغرىسىدىكى تۆتلىكلەر بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلار ئەنئەنىسىنىڭ پەلسەپىۋى رۇبائىيات تۈسىگە كىرگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

بىلىگدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا،
بىلىگلىگكە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا،
بىلىگ بىرلە بولنۇر سائادەت يولى،
بىلىگ بىل، سائادەت يولىنى بولا.

[ بىلىم دەپ سۆزلىدىم سۆزۈمنى تىڭلا ،
ئەي دوستۇم بىلىملىككە ئۆزۈڭنى ئۇلا ،
بىلىم بىلەن ئېچىلۇر سائادەت يولى ؛
بىلىم ئال ، سائادەت يولىنى بويلا .]

سۆڭەككە يىلىكتەك ئەرەنكە بىلىگ ،
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭەكنىڭ يىلىگ .
بىلىگسىز يىلىگسىز سۆڭەكتەك هالى
يىلىگسىز سۆڭەككە سۇنۇلماز ئەلىگ .

[ سۆڭەككە يىلىكتەك ئەرگە بىلگۈلىك ،
ئادەم گۈزەللىكى ئەقىل ، سۆڭەك زىننىتى يىلىك .
بىلىمسىزنىڭ هالى يىلىكسىز سۆڭەككە ئوخشار ،
بىلىمسىز سۆڭەككە يوق نەزەر - ئىلىك .]

بىلىگلىگ سۆزى پەند ، نەسىهەت ئەدەپ ،
بىلىگلىكنى ئوگدى[1] ئەجەم هەم ئەرەب ،
تاۋارسىزغا بىلىگى تۈكۈنمەز[2] تاۋار ،
نەسەپسىزقا بىلىگى يىيىلماز[3] نەسەب .

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا تەمسىل قىلىنغان ئەقلىيلەرنىڭ سالماقلىق بىر قىسمى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان . يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆز كىتابىدا بىرقانچە ئون جايدا «ئاتالار سۆزى» سۈپىتىدە توغرىدىن - توغرا ئەنئەنىۋى هېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ئىرسال ماقاللارنى قوللانغان[4] . ئۇ بۇ پىكىر مەنبەلىرىنى «مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى تۈركچە مەسەل» ، «مۇڭار مەڭزە تۈكەلدى تۈركچە مەسەل» ، «مۇڭار مەڭزە تۈر ئەمدى شائىر

---

① ئوگدى — ماختاشتى .
② تۈكۈنمەز — تۈگىمەس .
③ يىيىلماز — ئۈزۈلمەس .
④ 110 - ، 216 - ، 245 - ، 261 - ، 273 - ، 306 - ، 319 - ، 336 - ، 412 - ، 426 - ، 433 - ، 441 - ، 445 - ، 471 - ، 555 - ، 668 - ، 711 - ، 723 - ، 739 - ، 820 - ، 1336 - ، 1594 - ، 1758 - ، 1798 - ، 1826 - ، 1962 - ، 3830 - بېيىتلارغا قارالسۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆ سۆز» دېگەندەك مىسرالار بىلەن روشەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەن.
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا خۇددى ئورخۇن
ئابىدىلىرىدىكىدەك ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ياشىغان يۇرتلار، توققۇز
ئۇيغۇر خاقان، بويرۇق، يابغۇ ۋە بەگلىرى تىلغا ئېلىنغان.
«كۆلتېكىن ئابىدىسى»دە ئۆتۈكەن تىغى ۋە ئورمانلىقى
«ئۆتۈكەن يىشىدا يىگ ئىدى يوق ئەرمىش» (ئۆتۈكەن
ئورمانلىقىدەك ياخشى جاي يوق ئىدى) دېيىلگەن بولسا،
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 1962 ـ بېيىتىدا:

نەگۈ تەر ئەشىتگىل ئۆتۈكەن بەگى
سىناپ سۆزلەمىش سۆزنى يەترۈپ ئۆگى
[ئىشىتكىن ئۆتۈكەن بېگى نېمە دەر،
سىناپ ھەم سۆزنى بىلىپ قىلغان ئەر.]

دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنداق ئىرسال ـ ئەقلىيە
مىسرالىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن:

نەگۈ تەر ئەشىتگىل ئۇچ ئوردۇ خانى:
[نە دەيدۇ ئۇچ ئوردا بېگى ئاڭلىغىل:]
تاكى مۇندا بەگرەك ئايۇر تۈرك خانى:
[تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتار تۈرك خانى:]
ئىدى ياقشى ئايمىش بۇ ياغما بېگى:
[بۇ ياغما بېگى، بەكمۇ ياخشى دېگەن:]
نەگۇ تەر ئەشىت ئۇلۇغ كەنت بېگى:
[نە دەيدۇ ئۇلۇغ كەنت بېگى ئاڭلىغىل:]
نەگۇ تەر ئەشىت ئەل ئەركىنى:
[نە دەيدۇ ئىشىتكىل ئەل ئەركىنى:]
نەگۇ تەر ئەشىت تونغا ئالىپ ئىرىغ:
[نە دەيدۇ ئىشىت پازىل قەھرىمان:]

ئۇچ ئوردا خانى، تۈرك بويرۇقى (ۋەزىرى)، بۆگۈ يابغۇ
(ۋالىي)سى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ شۇنداق مىسرالار
كەلتۈرۈلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە تىلغا ئېلىنغان كۆپلىگەن ئىرسال مەسەللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە 180 دىن ئارتۇق ھەر خىل ئىبرەتلىك تەمسىللەر ھازىرقى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان.

روشەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئورخۇن ۋادىسىنى مەركەز قىلغان دەسلەپكى ھاكىمىيەت زامانىدىلا «قۇت» ۋە ئۇ توغرىلىق «بىلىگ» مەسىلىلىرىگە ھەممىدىن كۆپ كۆڭۈل قويغان، ئۆز قاغانلىرىنى «قۇت»، «بىلىگ»ناملىرى بىلەن شۆھرەتلىگەن، خەلق قەلبىدە، كېيىنچە مەڭگۈ تاشلاردا ئەينى زامانىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»ى، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۇندۇرمىسى بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتاقلىق سەركەردىسى ۋە قەھرىمانى ئەفراسىياپ ھەققىدە «قۇتادغۇ بىلىك»تە قىممەتلىك مەلۇمات بېرىلگەن. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىنىڭ تولىمۇ نۇرغۇن سەھىپىلىرىدە ئىنچىل تەسۋىرلەنگەن تۇران شاھى ئەفراسىياپ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئالىپ ئەرتوڭا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىز دەسلەپ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن، ئۇنىڭدىن كېيىنلا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن بىلدۇق. «قۇتادغۇ بىلىك» ئالىپ ئەر توڭانىڭ نامىنى «ياخشىلىق قىلماق توغرىسىدا ئۆگۈت ۋە نەسىھەت» سۆزلەنگەن بابقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى دۈشمەننى تىغ ـ ئەلەم بىلەن يەڭگەن، ئەلنى قانۇن ـ قەلەم بىلەن ئىدارە قىلغان پەزىلەتلىك «تۈرك بېگى» سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا كۆتۈرگەن ئېلىگنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى دۆلەت ۋە ھوقۇق سىماسى سۈپىتىدە تىلغا ئالغاندا مۇئەييەن قاراتمىلىقنى نەزەردە تۇتسا كېرەك، ئەلۋەتتە. «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئىدېئولوگىيىگە ۋەكىللىك قىلغان بىردىنبىر ئېپىك قەھرىمان ئالىپ ئەرتوڭا»[①]،

---

① س. ن. ئىۋانوف: «بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا» («چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 27 ـ بەت).

«‹ئاۋېستا› دا تۇران ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە، ‹شاھنامە›دە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ سەردارى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن»[①] ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بېرىلگەن تەبىئەت تەسۋىرى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن «ئوغۇزنامە»، «كۆلتېكىن ئابىدىسى»، «تۇرپان تېكىستلىرى»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى تەبىئەت تەسۋىرى ۋە مۇھەببەت لىرىكىسى بىلەن ئاھاڭداش ۋە رەڭداش بولغان. بىز بۇ ھالەتنى XIII ئەسىر مۇئەللىپى رابغۇزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق داستانى بىلەن شائىر مۇھەممەد خارەزمىنىڭ سىر دەريا بويىدا ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «مۇھەببەتنامە» ناملىق لىرىك داستانىدىنمۇ كۆرۈۋالايمىز. بۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەبىئەت تەسۋىرى ۋە مەۋسۇم قوشاقلىرىغا خاس ئېستېتىك كۆز قاراشنىڭ ئىزچىل راۋاجىنى ئىسپاتلايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلىم - پەن، دىن، تارىخ ئاتالغۇلىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە ئېلىنغان. خۇدا «تەڭرى»، «بايات» دەپ، پەيغەمبەر «يالاۋاچ» دەپ ئاتىلىشتىن تاشقىرى، 12 بۇرج ئىسىملىرىنى، قۇياش ۋە سەييارىلەر ئىسىملىرىنى ئىمكانىقەدەر ئۇيغۇرچە ئالغان. 68 مىڭ سۆزلۈك لۇغەت قىممىتىگە ئىگە كلاسسىك داستان «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىشلىتىلگەن ئەرەب، پارس ئاتالغۇلىرى ئاران 400 خىلدىن ئاشمىغان.

دېمەك، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئېرىشكەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەڭ

---

① س. ن. ئىۋانوف: «بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا» («چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 27 - بەت).

تۇپلۇك ئاساسىي مەدەنىيەت قاتلىمىنى ۋە گېنېئالوگىيىلىك بۆلىقىنى ھاسىل قىلغان. بۇ، يېگانە توپ مەنبە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ھېچقانداق تەسىر ۋە سىنكرېتىزىم مەسىلىسى ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

## 3. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى سىنكرېتىك مەدەنىيەت قاتلىمى

مەلۇمكى، تارىخ، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا مەدەنىيەت تارىخىدىن، مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق تەرەققىي قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت. مىللىي مەدەنىيەتمۇ، رايون (چەمبەر) مەدەنىيىتىمۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىمۇ شۇنداق.

بىرەر مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ماھىيەتتە شۇ مىللەت ئەمەلىيىتىدىن ھالقىغان، شۇ مىللەتنىڭ پائالىيەت تارىخىدىن ھالقىغان بولىدۇ. بۇ، بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئۇنىڭ قاتلاملىرى يالغۇز ئۆزىنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ مىللەتنىڭ تەركىبىي تۈركۈمى، ھەتتا شۇ مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر كىشىلىرى ئارقىلىق شۇ مىللەت مەدەنىيەت فوندىغا كىرىپ كەلگەن يېقىن، ھەتتا يىراقتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزلەشكەن مەدەنىيەت تەسىرى ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن سۆز. تەسىر كۆرسەتكەن مىللەتمۇ تەسىر قوبۇل قىلىدۇ. تارىخ مۇنداق سىنكرېتىك مەدەنىيەت [32] مەنبەلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى ئەڭ كۆپ بېيىتقان مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەرگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى شۇنچە زور بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدە ئىككى تۈرلۈك خاتا قاراش ئۇزاق داۋاملىشىپ، ناچار پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلغانىدى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرى «مىللىي مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىياتى (ئېۋالىيۇتسىيىسى) نەزەرىيىسى»[33]. بۇ قاراشقا ئېدۋارد تەيلۇرنىڭ 1872 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق ئەسىرى بىلەن جېمس فرازېرنىڭ 1890 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئالتۇن شاخاپچىلار» ناملىق كىتابى ئاساس بولدى. بۇ خىل قاراش بويىچە مىللىي مەدەنىيەت نوقۇل شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەدرىجىي راۋاجى ئاساسىدىلا راۋاجلىنىدۇ. ئىككىنچى خىل قاراش «مەدەنىيەتنىڭ دىففۇزىيە (كېڭىيىش) نەزەرىيىسى»[34] بولۇپ، ئۇنىڭغا فرېدرىخ راتزىل 1888 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئىنسانىيەت جۇغراپىيىسى»، ف. گرابنېر 1905 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئوكيانىيىچە مەدەنىيەت چەمبىرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى» دېگەن كىتاب ئاساس سالغان. بۇ خىل قاراش بويىچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىر ياكى بىرقانچە مەدەنىيەت مەركىزىدىن باشقا مىللەتلەر ۋە رايونلارغا دىففۇزىيە قىلىدۇ، تارقىلىدۇ. مىللەتلەر «تەبىئىي مىللەت» ۋە «مەدەنىي مىللەت» دېگەن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، «تەبىئىي مىللەت»لەر «مەدەنىي مىللەت»لەر تەرىپىدىن مەدەنىيەتلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك خاتا قاراش مەدەنىيەت تارىخى مەسىلىسىنى قويۇق جاڭگالغا باشلاپ كىردى. «مىللىي مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىياتى نەزەرىيىسى» ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر دەپ ئاتىۋالغۇچىلار تەرىپىدىن باشقا مىللەتلەر تەسىرىنى ئىنكار قىلىشتا ئىشلىتىلدى. «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى نەزەرىيىسى» تەرەپدارلىرى قانداقتۇر ئالىي ئىرق، غەيرىي ئالىي ئىرق ۋە «غەرب مەركەزلىك نەزەرىيىسى»نى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، كوسموپولىتىزم ۋە مىللىي نىگىلىزم[35] تۇتەكلىرىنى تارقاتتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى يۇقىرىقى ئىككى خىل ناتوغرا قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت مىللىي ۋە مەھەللىۋى قىممەتتىن ھالقىغان

ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك تەپەككۇر خەزىنىسىنى ئېچىشقا پايدىسىز، ھەتتا زىيانلىق.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەر يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋىغىدا ياشاپ، ئارىيان ئانتروپولوگىيىسى[36] ۋە تۇران ئېتنولوگىيىسى[37] بىرلەشتۇرۇلگەن؛ ئاسىياچە ئاق جىنس ۋە سېرىق جىنسنى بىرلەشتۇرگەن؛ شىمال بىلەن جەنۇب، يايلاق بىلەن بوستان، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شەھەر مەدەنىيەتلىرىنى بىرلەشتۇرگەن؛ شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى تەسىرىنى بىرلەشتۇرگەن خاس ئەنئەنىۋى ۋە خاس سىنكرېتىك مەدەنىيەت تىپىنى ياراتتى. ئىپتىدائىي ئېتىقادلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن ياكى باشقا رايونلاردىن ئېقىپ كىرگەن شامانىزم، زاروئاستىرىزم (ئاتەشپەرەسلىك)[38]، بۇددىزم، مانىزم[39] قاتارلىق دىن ۋە ئالەم قاراشلىرى بىلەن بىرقانچە خىل يېزىق شەكىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىنكرېتىك تۇسىنى كۈچەيتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەرگە نىسبەتەن شەھەر مەدەنىيىتى ۋە خەلقئارا ئالاقىلەرگە بالدۇر قەدەم قويغانلىقى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات، كلاسسىك سەنئەت، كلاسسىك پەلسەپە سەمەرىلىرىگە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىدا بۇنداق كۆپ ئېقىملىق سىنكرېتىزم ھادىسىسىنىڭ شاراپىتى روشەن گەۋدىلەندى. بۇ نۇقتىنى تونۇمىغانلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەنمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شەرق - غەرب، شىمال - جەنۇب خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىلىرى چوقۇم بۇ ئالاقىلەرنىڭ مەلۇم «مەدەنىيەت مەركىزى» دىن «تەبىئىي ھالەتتىكى مىللەت» كە تارقىلىشى، ئۆلگە - ئەۋرىشكە يارىتىشى دېگەنلىك ئەمەس. بۇ تولىمۇ يۈزەكى ۋە بالىلارچە قىزغىنلىق بىلەن تولغان يەكلىمىلىك قاراشتۇر.

www.uyghurkitap.com

ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئورغۇن تارماقلىرىدىكى ئالاقە بىرقانچە مىڭ يىل داۋامىدا داۋاملىشىپ، بەزىدە دولقۇن شەكىللەندۇرۇپ كەلگەن. قەدىمكى دى ـ زەي ۋە كۈيفاڭ《狄翟隗方》قەبىلىلىرى خۋا ـ شيا قەبىلىلىرى بىلەن يېقىن ئۆتكەن. ئۇلار «دى رۇڭ ئېلى»، «جۇڭشەن ئېلى»، «زەي ـ ۋېي ئېلى» ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرغان[40]. قاراسۇق مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى[41] ۋە شىمالىي دىغار، غەربىي ساكلارنىڭ چۈنچيۇ بەگلىكلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى تارىخنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى گەۋدىلەندۇرسە، خەن ـ تاڭ مەدەنىيىتى بۇ خىل ئالاقىلەرنىڭ يەنە بىر تارىخىي قاتلىمىنى شەكىللەندۇرگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» مۇئەللىپى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بۇددىزم تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان چۈئاب (سۇياپ) ۋە خوتەن، كۇسەن، ئىدىقۇت مەدەنىيەتلىرىدىن سىرتتا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە، قەدىمدىمۇ مۇنداق تەسىر يەنىلا ئۆزئارا بولغان. بۇنىڭغا جاۋلىڭۋاڭ، چىن شىخۇاڭ، خەن سۇلالىسى، شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي سۇلالىسى، تاڭ شۈەنزۇڭ زامانىدىكى مەركىزىي ئاسىيادىن ئات مەدەنىيىتى، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە قوزغالغان تارىخىي خاراكتېرلىك دولقۇننى مىسال قىلىش كۇپايە.

ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خاس مەدەنىيەت تىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى خەلق ھوقۇقى بىلەن تىزگىنلەش مودېلىغا ئاساس سالمىسىمۇ، ئومۇمىي مەرىپەتچىلىك تەسىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى قاتلىمى ئارقىلىق تەسىر قىلىشى تارىختا تولىمۇ ئۇيغۇن ھادىسە ئىدى.

تاجىك ـ پارس مەدەنىيەتلىرى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيىتى بىلەن دائىم ئالاقىدە بولۇپ كەلدى.

سومېرلار، ئارىئانلار ۋە سوغدىلار بۇ مەدەنىيەتلەرنى تۇتاشتۇرۇشتا رول ئوينىغان. ۋەھالەنكى، ئارىئان قەبىلىلىرى بىلەن سوغدىلار كېيىنچە ئىران ۋە تۈركىي خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىش بىلەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت چۆكمىلىرىگە ئۆز قالدۇقلىرىنى تاشلىغانىدى. ئاتەشپەرەسلىك ۋە ئىپتىدائىي فولكلور خەزىنىلىرىدە چاقناپ تۇرغان بۇ تەسىر سامانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاكىتى بىلەن مەزمۇنەن ئۈزۈلگىنى يوق. «شاھنامە» داستانى ۋە قەدىمكى ئىران تارىخىغا تىنزىقارلىق ماۋزۇ بېغىشلىغان ئەفراسىياپ، تۇمارىس ۋە قەدىمكى تۇران لېگېندىلىرىنىڭ تەسىرىنى، جۈملىدىن خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدە شەرق تەپەككۇرىغا جىلۋە قوشقان مۇسا خارەزمى، ئەلفەرغانى ۋە ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئۆلمەس تۆھپىلىرىنى ھەرقانداق ھەقىقىي ئىرانشۇناس ئىنكار قىلالمايدۇ.

ھىندىستان مەدەنىيىتى تەسىرى ئۈستىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق. بۇددىزم مەيلى دىنىي ياكى مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە بولمىسۇن ھىندىستاندا شەكىللەنگەن بۇددا سېنكرېتىزمىنى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىغا ئېلىپ كىردى. ھىندى سانسكرىت دەستۇرلىرى سوغدى ۋە ئۇيغۇر بۇددا ئالىملىرى تەرىپىدىن كۆپلەپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. بۇ جەھەتتە كومىراجىۋا، خۇيلان، سۇلئى سۇما، ئەنزاڭ، سىڭقۇ سەلى قاتارلىق كۆرۈنگەن ئالىملار مەيدانغا كەلدى.

گرېك مەدەنىيىتى ئالېكساندر ماكېدونىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈشى، گرېك ـ باكترىيە ۋە ئېللىنىزملىق[42] گرېكلەشكەن دۆلەتلەر مەدەنىيىتى ئارقىلىق بىرقانچە ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تارىخىي پاكىت. دەرۋەقە، گرېك كلاسسىك مەدەنىيىتى مىسىر، كرىت ئارىلى، كىچىك ئاسىيا، مېسوپوتامىيە، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سىكىتاي

چەۋەندازلىرى مەدەنىيىتىنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن سىنكرېتىك مۇجەسسەملىشىش نەتىجىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. بىز ھېپپوگراتنىڭ «تۆت فىزىس» (تۆت ئېلېمېنت) تەلىماتىدا، ئارستوتېلنىڭ ئاتلىق قوشۇن تاكتىكىلىرىدا سىمىليان ـ سىكتايلار تەسىرىنىڭ روشەنلىكىنى كۆرىمىز.

گرېك مەدەنىيىتى ئەرەب مەدەنىيىتى گۈللەنگەندە — ئابباسىيە خەلىپىلىكى زامانىدا يەنە بىر قېتىم مەركىزىي ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ تەسىر ئەلخارەزمى، ئىبنى سىنا، ھەتتا ئۇلۇغبېك قاتارلىق ئالىملار ئارقىلىق قايتىپ بېرىپ غەربىي ياۋروپا رېنېسسانسىغا تەسىر پەيدا قىلدى.

ئەرەب مەدەنىيىتى تەسىرى مۇرەككەپ ـ سىنكرېتىك مەدەنىيەت تەسىرى ئىدى. بىز «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىسلام ئەقىدىسى، ھەمدۇسانالىرى، ئەرەب يېزىقى ۋە ئارۇز بەھرىلىرىنى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى دېيىش بىلەن بىللە، يەنىلا «قۇتادغۇ بىلىك»نى تۈركىي ـ ئەرەبىي تىل بىلەن تۈركىي ـ ئەرەبىي مەدەنىيەت توقۇنۇشقان ھالەتتە مەيدانغا كەلگەن؛ رېئال دۇنيادا ئاددىي ئاۋامنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنى ئىلىم ـ قانۇن ـ مالىيە ـ قوشۇن ـ مائارىپ ـ ئەخلاق ئارقىلىق بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان خاس «ئىنسان بەختنامىسى» دەپ قارايمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت قاتلىمى ئۈستىدە توختالغاندا، بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى قاتلامنىڭمۇ، سىنكرېتىك قاتلامنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە، ئىككىنچىدىن، ھەرخىل تاشقى تەسىرنىڭ ھەقىقىي كونكرېت سالمىقى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا، مۇنداق تاشقى تەسىرنىڭ مىللىي، ئىچكى، ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارغا ئۆزلەشمىگەنلىكىگە توغرا ئىزاھات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىزنىڭ پرىنسىپىمىز، ئەمما مۇشۇ كىتابتا تەتقىق قىلىدىغان تېمىمىز ئەمەس. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت

قاتلىمى ھەرقاچان مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي بولىقى، گەۋدىسى ۋە سۆيىيىكتى ئىكەنلىكىنى، سىنكرىتىنىڭ تەسىر ھەرقاچان مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئوزۇقى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» ۋېنگرىيە ئالىمى ژ. تېھوردى ئېيتقاندەك خەنزۇچە ئەسەرنىڭ تۈركچە كۆز قاراشقا سىڭىنغان تەرجىمىسى ئەمەسلىكى روشەن. «قۇتادغۇ بىلىك» كۆك زى «كالامنامە»سى ياكى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە»سىنىڭ تۈركىي شەكلى ئەمەسلىكىمۇ روشەن. مەن «كۆك زى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىش جەريانىدا ۋە «شاھنامە»نى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىقىش جەريانىدا بۇ ئەسەرلەرنى بىر ـ بىرىگە بىۋاستە مەنبە دەيدىغان قاراشلارنىڭ يوزەكى ۋە مەسئۇلىيەتسىز سۆھبەت بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. «كالامنامە»، «شاھنامە» ھەتتا بۇددا دەستۇرلىرىدىكى ئىنسانغا ئىنسانىي ھېسداشلىق، ھالاللىق، بىلىم ۋە ئادالەت قاراشلىرى نوقۇل بىرەر مەنبە تەلەپ قىلمايدىغان ئومۇمىي كىشىلىك قاراشلىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قاراشلىرىدىكى مىللەت ۋە رايوندىن ھالقىغان ئورتاق غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، «كالامنامە»، «شاھنامە»، «قۇتادغۇ بىلىك» ئوخشاشمىغان تۇزۇلمىگە ئىگە، ئوخشاشمىغان خاراكتېر ۋە ژانىردىكى ئەسەرلەر بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورىگىناللىققا ئىگە بايلىقتىن ئىبارەت.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا «پاراللېل تىپ» ۋە «تەسىرلەنگەن تىپ»[43] بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇلماسلىقى لازىم. يۇقىرىقى ئۈچ ئۇلۇغ ئەسەر پاراللېل تىپقا كىرىدىغان ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خەمسەلىرى گەرچە خاس قاراتمىلىق ۋە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ خەمسە ژانىرى تەسىرىدە، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى

خەمسە شەكىللىرىگە جاۋابەن يېزىلغانلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. فارابىنىڭ بىرقاتار شەرھىي ئەسەرلىرى ھەققىدىمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن. ئىنسانىيەتنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ئۇنىڭ يەنە بىر مەلۇم قىسمىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە. «ئەگەر ھەربىر تەسەۋۋۇرنى بىرلا مەنبەگە باغلاپ قويۇش زۆرۈرىيىتىگە ئاساسلىنىدىغان بولغاندا، يەر يۈزىدە ئوخشاش غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پۈتۈن ئېتىقادلار ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىشى، ئوخشاش مەقسەتتە ئىشلىتىلىدىغان قوراللار شەكلىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىشى توپىلى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇرجىكىدە ياشايدىغان ئىلمىي خادىملار ئالدىغا ئىجادىيەتتە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتمەسلىك تەلىپىنى شەكىللەندۈرگەن بولاتتى[1]». كاپىسوغلو بۇ نۇقتىنى توغرا ئېيتقان. سىلىشتۇرما تەتقىقاتتىكى دوگماتىزىم ۋە مېتافىزىكىچىلىقنىڭ خەتىرى شۇكى، ئۇ «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى نەزەرىيىسى»، «مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى نەزەرىيىسى»نىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيىدۇ، خالاس.

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىدىيە مەنبەلىرى

ئىسلامىيەتنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ يېڭى دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن بىللە ئېقىپ كىرگەن ئەرەب پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ مۇتەزىلىزم ۋە پان ئىلاھچىلىق پىكىر ئېقىملىرى، جۈملىدىن ئىسلام روھانىيلىقى كۆز قاراشلىرى بىلەن ئاتالمىش ئەرەب

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 154 ـ بەت.

تەبىئەت ئىلمى كۆز قاراشلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىدىيىۋى مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدى. بۇنىڭسىز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ XI ئەسىر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك روشەن ئەينىكى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئەرەب مەدەنىيىتى چۇشەنچىسى يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان ۋە ئىسپانىيە، شىمالىي ئافرىقىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ئەينى زاماندىكى سىياسىي تىرىكى بولغان ئەرەب خەلىپىلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. مۇھىمى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا رىم ۋە ئىسكەندىرىيە مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئارىسىدىكى مۇھىم بىر دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا تارىخىدا VI — XV ئەسىر ئارىلىقىدىكى مىڭ يىلغا يېقىن ئوتتۇرا ئەسىر ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇرغان ۋە ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك شۆھرەت قازانغان مەدەنىيەت، شەرقتە ئېلىمىزنىڭ سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يارىتىلغان پارلاق مەدەنىيەت بىلەن پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى بىرلەشتۈرگەن ئەرەب مەدەنىيىتى بولدى.

بىز ئەرەب مەدەنىيىتى دېگەندە نوقۇل ئىسلام دىنىغا ئائىت مەنىۋى مەدەنىيەتنى چۈشىنىش بىلەن چەكلەنمەيمىز. بىز ئەرەب مەدەنىيىتى دېگەندە، يەنە ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ مەھەللىۋى نەتىجىلىرى ياكى ئەرەب مىللىتىنىڭ بىر مىللەتلىك مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەنمۇ چەكلەنمەيمىز. ئەرەب مەدەنىيىتى چۈشەنچىسى بىر تارىخىي چۈشەنچە سۈپىتىدە، ئەرەب مىللىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئويغانغان ۋە تارىخنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن ھىندى دەرياسىدىن ئاتلانتىك ئوكيان ساھىلىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە مەيدانغا كەلگەن ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئورتاق مەدەنىيىتىنى، شۇنىڭدەك، مۇنداق ئوتتۇرا ئەسىر ئورتاق ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغان قەدىمكى مېسسوپوتامىيە، نىل، پېرسىيە، تۇران، ھىندىستان مەدەنىيەتلىرى بىلەن جۇڭگو ۋە گرېتسىيە مەدەنىيەتلىرىنىڭ تارىخىي ۋارىسلىقىنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئەگەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە ئىسلامىيەتتىن غەيرىي مۇنداق قەدىمكى مەدەنىيەتلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەرەب مەدەنىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەرەب مەدەنىيىتى مەيلى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن، مەيلى تەبىئەت ئىلمى ياكى پەلسەپىۋى كۆز قاراشلار جەھەتتىن بولمىسۇن ئىسلامىيەت يېيىنچىسى بىلەن قايتا گەۋدىلەنگەن قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەبىئىي راۋاجى، تارىخىي ۋارىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىكىسىنى كېيىنكىسىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم بىر باسقۇچنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىسلامىيەتنىڭ بىر خىل دىنىي ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە قاراخانىلار خاندانلىقىغا ئېقىپ كىرگەن ۋاقتى، ئۇنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر (630 — 632) دىن كېيىنكى ئابابەكرى (632 — 634)، ئۆمەر (634 — 644)، ئوسمان (644 — 656)، ئەلى (656 — 661)[①] دىن ئىبارەت تۆت خەلىپىنىڭ «ئەل راشىددىن» دەپ ئاتالغان جۇمھۇرىيەت دەۋرىنى، دەمەشقنى مەركەز قىلغان ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى (661 — 750) دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، باغدادنى مەركەز قىلغان ئابباسىيە (750 —

① بۇ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇلتۇرغان يىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

1258) خەلىپىلىكىنىڭ ئىككى ئەسىرلىك تەرەققىياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋاقتى ئىدى. بۇ دەۋرگە يەتكەندە، ئەرەبلەر چۆل مىللىتىنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان چەكسىز ئۇسسۇزلۇقى بىلەن گرېك - رىملىقلار، مىسىر ۋە ھىندىستانلىقلار، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ نەچچە ئەسىردە ئېرىشكەن بىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىگىلەپ ئۈلگۈرگەنىدى. پەقەت ئەرەبلەرلا ھارۇن رەشىد (789 — 809 - يىللىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن)، بولۇپمۇ خەلىپە مەئمۇن (813 — 833 - يىللىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) دەۋرىدە ئارستوتېل ئەسەرلىرى، پلاتون ۋە يېڭى پلاتونىزم مىراسلىرى، پىفاگور، ئېۋكىلىد، ئارخىمېد، پتولېمى، گالېن، ھىپپوگرات [43] تەبىئەت ئىلمى نەتىجىلىرى، ھىندىستان ماتېماتىكىسى، جۇڭگو تېبابەتچىلىكى ۋە قەغەزچىلىك سانائىتى قاتارلىقلار جەھەتتە ئىلمىي نوپۇزىنى تىكلىگەنىدى. ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىدىن مۇھەممەد مۇسا خارەزمى، ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئەل فەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبنى سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى قاتارلىقلار يېڭى شۆھرەت قوشتى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، گەرچە ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىدە دىن ۋە كالام تەلىماتلىرى① ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە ھېسابلانغان، ئۇنىڭغا قارشى ھەرقانداق كۆز قاراش «دەھر»لىكتە ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما جانلىق ھايات ئەمەلىيىتى، بىلىش تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى ئىسلام شەرقىدە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى كۆپ خىللىقنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل كۆپ خىللىق ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىر تەبىئەت ئىلمى،

① كالام — سۆز دېگەن ئىبارە بولۇپ، كالامىزم — كالام تەلىماتلىرى ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى — ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي پەلسەپۋى تەلىماتلار سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇتەززىلىزم، پان ئىلاھچىلىق، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر خەلقپەرۋەرلىكى ئىدىيىلىرى ئۆز تەرەققىياتىغا يول ئاچقانىدى.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مانا شۇنداق كۆپ خىللىقنى ۋە مۇنداق كۆپ خىللىق ئىچىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان تەبىئەت ئىلمى كۆز قاراشلىرى، ئىنسان مەركەزلىك كۆز قاراشلىرى، ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتىنى قەدىرلەش كۆز قاراشلىرى، خەلقپەرۋەرلىك ۋە ئىنسان باراۋەرلىكى كۆز قاراشلىرى، ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت ۋە مەنىۋى پەزىلەت كۆز قاراشلىرىنى بىۋاسىتە كۆرۈۋالالايمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە رەسمىي ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرى سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئومۇمىيلىق جەھەتتىن رەسمىي مۇسۇلمانلىق ئېتىقادىدىكى مۇتەپەككۇر ۋە شائىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ ھەقتە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە ئالەم كۆز قاراشلىرى ھەققىدە توختالغاندا تەپسىلىي مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز. ئەمما، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇئەللىپى ئەينى زاماندا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان روھانىيەتچىل سوپىزم، دەرۋىشلىك ۋە ئىشانچىلىق، تەقۋاگەرچىلىك ۋە زاھىتلىق ھەتتا تەركىيدۇنياچىلىق كۆز قاراشلىرىدىن ئۆزىنىڭ رېئال دۇنيانى قەدىرلىشى، ئىنسان ئەقلى ـ پاراستى ۋە ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەتنى قەدىرلىشى ئارقىلىق كەسكىن پەرقلەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى دىنىي پەلسەپىنى تەرغىب قىلغۇچى ياكى دىنىي ئەخلاقنى تەرغىب قىلغۇچى دىنىي دىداكتىك ئەسەر سۈپىتىدە باھالاش ئۈچۈن ھېچقانداق ئاساس يوق.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئېتنىك

ئەنئەنىسىگە خاس ئىلغار كۆز قاراشلىرى بىلەن ئەينى زامان ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى تەبىئەت ئىلمى ۋە تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىنى، ئەقلىچىلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كۆز قاراشلىرىنى ماھىرانە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ۋە ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئىلغار خاراكتېرلىك كۆز قاراش شەكىللەندۈرگەن. بىزچە، بۇ جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ھەممىدىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن نەرسە ئىسلام مۇتەززىلىزمى بىلەن فارابىنىڭ پان ئىلاھىيەتچىل قاراشلىرى بولغان.

مەلۇمكى، «مۇتەززىلىزم» ئاتالغۇسى ئەرەبچە «مۇتەززىلە» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «بۆلۈنمەك»، «ئايرىلىپ چىقماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ سۆز كالام تەلىماتلىرى («ئىلمۇل كالام») غا شۇبھىلەنگەن ۋە كېيىنچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان ئىسلام مۇتەززىلىزمىگە قارىتىلغانىدى.

مۇتەززىلىزم ئۇمەۋىيە (661 — 750) دەۋرىدە مەيدانغا كەلدى. ئابباس، بولۇپمۇ خەلىپە مەئمۇنىنىڭ گېرېكلەردىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى شارائىتىدا كەڭ تارقالدى. خەلىپە مەئمۇن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە گرېك ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ «زىددىيەتلەر بىرلىكى» نەتىجىسى سۈپىتىدە رەسمىي شەكىللەنگەن ۋە پۈتۈنلەي ئىسلامىيەت قىياپىتىگە ئىگە بولغان مۇتەززىلىزم كۆز قاراشلىرىغا ئاشكارا ھامىيلىق قىلدي. خەلىپە مۇتەۋەككىل (847 — 861 ـ يىللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان) يۇقىرى قاتلام دىنىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا مۇتەززىلىزمنى تەڭرى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى رەسمىي كالامىزم كۆز قاراشلىرىغا زىت ھېسابلاپ تەقىپ قىلىشقا كىرىشتى.

مۇتەززىلىزم كالام ئەقىدىلىرىنىڭ مەنتىقىي زىددىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ شۇبھىلىنىشكە ئۇچراشتەك جىددىي بوھرانىنى گەۋدىلەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭ تۈپ ئىدىيىسى كالام ئەقىدىلىرىدىكى «تەڭرى مەركەزلىك» كۆز قاراشلىرىغا زىت ھالدىكى «ئادەم

مەركەزلىك» كۆز قاراشلىرىنى دەسسىتىش ئىدى. مۇتەززىلىزم كالام ئىلاھىيەتچىلىكىدىكى تەڭرىنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى «ئىلمۇل تەۋھىد» كە، تەڭرىنىڭ سۈپەتلىرى كۆپ خىللىقى ھەققىدىكى «ئىلمۇل سۇفەت» كە، دىنىي ئىرارخىيىلىك[①] ۋە ھاكىممۇتلەقلىقىنىڭ ھامىيسى بولغان قانۇنشۇناسلىق «ئىلمۇل فىقىخ» قا خىلاپ ھالدا، تەڭرىنىڭ بىر قاتار ئىلاھىي سۈپەت ـ خاسىيەتلىرىگە گۇمان بىلەن قارىدى؛ ئىنساننىڭ ئەلمىساقتا پۈتۈلگەن تەقدىر ـ قىسمىتى توغرىسىدىكى ئەقىدىگە قارشى ئىنساننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، بىلىش ئىقتىدارى، ئىنساننىڭ ئەقىل ـ ئىدرىكى ۋە مەنتىقىي تەپەككۇرى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مىزانى دېگەن ئەقىلچىلىك كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ھەتتا جان بىلەن روھنى بەدەن بىلەن ھايات پائالىيىتى ئاساسىدا ئىزاھلاشقا كىرىشتى. مۇتەززىلىزم ئەينى زامان مەنىۋى ھاياتىغا سىڭىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك فېئودالىزمغا ۋە ئەرەب خەلىپىلىكىگە قارشى ئۆكتىچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنقابلانغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلدى. بىز مىسىر فاتىمە خەلىپىلىكىنى ئاساسىي بازا قىلغان ئىسلام شىئىزمى[44] بىلەن ئىران، خوراسان ئىسمائىلىزم[45] تەرەپدارلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئەبۇ ئەل ئەللەف، ئىبراھىم ئەل نەززەم، ئەل جەھىز، مۇئەممەر قاتارلىقلارنىڭ مۇتەززىلىزم تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرىمىز. ۋەھالەنكى، خۇددى ك. ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك «ئىسمائىلىزم سىستېمىسى ئىسلامىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن ھىندى ـ پېرسىيە تەلىماتلىرىنىڭ مۇرەككەپ نەتىجىسىدىن ئىبارەت»[②] ئىدى.

① تەبىقە ـ قاتلاملىق.
② «ماركس ـ ئېنگېلس ئارخىپلار» رۇسچە V توم، 127 ـ بەت.

مۇتەززىلىزم ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكىگە يان تەرەپتىن زەربە بېرىپ، ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە تەڭ ھوقۇقلۇقى پىكىر ئېقىمىنى قانچىلىك جانلاندۇرۇۋەتكەن بىلەن، ئۇ يەنىلا ئىسلام دىنىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، خالاس. ئۇ ئاخىر شىئىزم مەزھىپى، كارامەتچىلىك ۋە سوپىزم ئېقىمىغا قاراپ يۈزلەندى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مۇتەززىلىزم باشلىغان ئىسيانكار كۆز قاراشلار X ئەسىر ئېنىسكلوپېدىستلىرى بولغان «ئىخۋانول سافا ۋە كۈللەنۇل ۋاپا» (سادىق دوستلار) [46] مەخپىي ئىلمىي ئېقىمىنىڭ «رىسالەت» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدىكى ئىلغار پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بىز كۆپلىگەن ئوتتۇرا ئەسىر مەرىپەتچىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن مۇتەززىلىزم شولىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئەقىلچىلىك ۋە ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئەزەلدىن بەلگىلەنمىگەنلىكى توغرىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىلەر بايرىقىنى كۆتۈرگەن مۇتەززىلىزم تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بىز بۇنى ئەقىل ـ پاراسەت نامايەندىسى بولغان دانىشمەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بىلەن تەڭرى مەركەزلىك كۆز قاراشلىرى ئاسارىتىدىكى ۋە باقىي ئالەم خىيالىي تەسۋىرلىرىگە بەنت بولغان تەركىيدۇنياچى زاھىت — ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دىئالوگ ۋە پىكىر ئىختىلاپلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما، بۇنىڭدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئىدىيىۋى مەنبەسى ئىسلام مۇتەززىلىزمى دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقماسلىقى كېرەك. ۋەھالەنكى، ئەقىل ۋە ئىنسانغا غەمخورلۇق

www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى قاراشلار ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تېخىمۇ قەدىمكى تارىخىي شەكىللىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. مۇتەززىلىزم ئىسلامىيەت شارائىتىدا بۇ ئىدىيىۋى قاراشنى قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى، خالاس.

## 5. يۈسۈپ خاس ھاجىپ — فارابى ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى

مەلۇمكى، ئەبۇ نەسىر فارابى قەدىمكى گرېك پەلسەپىسىنىڭ ئىلغار مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئارستوتېل تەلىماتلىرىنىڭ ئىلغار مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىسلامىيەت شەرقىدە راۋاجلاندۇرۇپ بىر پۈتۈن ناتۇرال پانتېئىزم (پان ئىلاھىيەتچىلىك①) لىق پەلسەپىۋى سىستېما ياراتقان دۇنياۋى تارىخىي خاراكتېرلىك مۇتەپەككۇر ئىدى. فارابى ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت قاراشلىرى، مانى دىنىنىڭ ئىنسانىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي قاراشلىرى، ھىندىستان، گرېك - باكترىيە[47] ۋە كوشان مەدەنىيىتى[48] سەمەرىلىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىدە ساقلىغان مەرۋى ئىلمىي گۇرۇھىنىڭ[49] تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ئاساسىدا ئارستوتېل تەلىماتلىرى بىلەن تونۇشتى ۋە ئارستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» (ئەلمۇئەللىمۇن

① ئوتتۇرا ئەسىر پانتېئىزمى (پان ئىلاھىيەتچىلىكى) ئىككى قىسىمغا — روھانىيەتچىل پان ئىلاھىيەتچىلىك ۋە ناتۇرال پان ئىلاھىيەتچىلىككە بۆلۈنىدۇ. روھانىيەتچىل پان ئىلاھچىلىق تەبىئەتنى تەڭرىگە قوشۇۋېتىش بىلەن ئالەم بىرلىكىنى ئىزاھلىسا، ناتۇرال پان ئىلاھچىلىق تەڭرىنى تەبىئەتكە قوشۇۋېتىش بىلەن ئالەم بىرلىكىنى ئىزاھلايدۇ. ناتۇرال پان ئىلاھچىلىق ئەڭ ئىپتىدائىي ئاتېئىزم قاراشلىرىدا ساددا ئىپادىلەنگەن. ئۇ XVII ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن تەبىئەت ئىلاھچىلىقى (دېئىزم) دىن ئىلگىرى شەكىللەنگەن. روھانىيەتچىل پان ئىلاھچىلىق سوپىزمدىن ئىبارەت.

ئەلسانى ) دېگەن شۆھرەتلىك نامغا ئىگە بولدى . فارابىزم — ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئارستوتېلىزمى سۈپىتىدە تاكى ياۋروپا پانتېئىزمى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى بولغان سپىنوزا[50] پانتېئىزمىغىچە ئىزچىل راۋاجلىنىپ پۈتكۈل پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىدا پەلسەپىۋى بىلىشنىڭ ئانىمىزم (ياكى ئېپتىدائىي دېئىزم ) ، تېئىزم (ياكى بىر تەڭرىلىك دىنلار )دىن ئىبارەت ئىككى خىل فورماتسىيىسىدىن كېيىنكى ، ماتېرىيالىزم (ياكى ئاتېئىزم ) ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم (ياكى ماركسىزم )دىن ئىبارەت ئىككى خىل بىلىش فورماتسىيىسىدىن ئىلگىرىكى ئۈچىنچى خىل بىلىش فورماتسىيىسىنى — ناتۇرال پانتېئىزمنى شەكىللەندۈردى . فارابىزم (ناتۇرال پان ئىلاھچىلىق ) پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ بىلىش تارىخىدىكى سالماقلىق تارىخىي ئورنىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلغار ئىلمىي پەلسەپىۋى ئېقىملىرىنى ، ئۇلارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى ۋە تارىخىي ئىزچىللىقىنى يورۇتۇش مۇمكىن ئەمەس . بولۇپمۇ ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ، ئىبنى سىنا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەھمەد يۈكنەكى ، ناسىر خىسراۋ① ، ئىبنى بەجە② ،ئىبنى توفېيل③ ، ئىبنى رۇشد④ ، ئىبنى مەئمۇندى⑤ . ئىبنى خەلدۇن⑥ ، نىزامى گەنجىۋى⑦، پەخرىددىن رازى⑧ . ئەلىشىر نەۋائىي ، ئابدۇقادىر بېدىل⑨ قاتارلىق ئىسلام شەرقى

---

① ناسىر خىسراۋ (1004 — 1088 ) ئۇلۇغ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرى .

② ③ ④ ⑤ ⑥ ئىبنى بەجە (؟ — 1138 ) ، ئىبنى توفېيل (1110 — 1185 ) ، ئىبنى رۇشد (1126 — 1198 ) ، ئىبنى مەئمۇندى ( XII ئەسىر ) ، ئىبنى خەلدۇن ( XIV ئەسىر ) شىمالىي ئافرىقا ۋە ئەرەب ئىسپانىيىسىدىكى مەشھۇر فارابىزم ۋارىسلىرى ، ئىسلام شەرقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر پان ئىلاھچىلىق تەرەپدارلىرى .

⑦ ⑧ ⑨ نىزامى گەنجىۋى (1142 — 1203 ) ، پەخرىددىن رازى (1148 — 1210 ) ، ئابدۇقادىر بېدىل (1644 — 1721 ) ئىسلام شەرقىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار ، شائىرلار ، پان ئىلاھچىلىقنىڭ نامايەندىلىرى .

www.uyghurkitap.com

پانتېئىزمى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشىنى روشەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر پەلسەپىۋى داستانى «قۇتادغۇ بىلىك»نە بىر قىسىم چەت ئەل تۈركولوگلىرى بىر چاغلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك بىۋاسىتە گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئارىستوتېلنىڭ تەسىرى ئەمەس، بەلكى «ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلى» دەپ شۆھرەت قازانغان ھەم ئۆزى بىلەن ۋەتەنداش بولغان ئالىم فارابى پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك سېزىلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تۆت زات ۋە ئالەم كۆز قاراشلىرى، ئەقىل - پاراسەت ۋە تىل - تەپەككۇر قاراشلىرى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت - سائادىتى كۆز قاراشلىرى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە ئادالەتلىك قانۇن بىلەن دۆلەتنى كۈچەيتىپ، خەلقنى پاراۋان قىلىش ئىدىيىسى ئەمەلىيەتتە فارابىنىڭ بىر قاتار پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» ناملىق كۆپ قىسىملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ قاراخانىلار ئىجتىمائىي - سىياسىي شارائىتىدا ئىجادىي گەۋدىلەندۈرۈلۈشى بولدى.

شۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، فارابى تەلىماتلىرى ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي ئىلاھىيەتچىلىكى مەزگىلىدىلا تەقىپ قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «ئەبۇ ئەسەف» تەخەللۇسىدا لاتىن ياۋروپاسىغا تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، چېركاۋ سوتى تەرىپىدىن ئىبىن رۇشىد ئەسەرلىرى بىلەن بىللە قاتتىق چەكلەنگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا فارابى ئەسەرلىرى «غەرب مەركەزلىك نەزەرىيىسى» تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن قامال قىلىنغان ۋە سۈيئىستېمال

قىلىنغانىدى. خەلقئارا مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسىنىڭ يېمىرىلىشى ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ فارابىشۇناسلىق پەلسەپە تارىخىي تەتقىقاتىنىڭ يېڭى تارمىقىغا ئايلاندى.

ئوتتو ئالبېرتنىڭ يېڭى فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن خېلى ئىلگىرى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئارستوتېل ۋە ئىبىن سىنا ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن، دېگەن كۆز قارىشى گەرچە ھەقىقەتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، مەسىلىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە ھەممە تەرىپىنى يورۇتالمىغان. ئوتتو ئالبېرت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان كۆز قاراشتىكى ئالىملار بىر تەرەپتىن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي مەنبەلىرىنى يېتەرلىك چۈشەنمىگەن ۋە باھالىمىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى توغرىدىن ـ توغرا قۇلدارلىق دەۋرى مۇتەپەككۇرى ئارستوتېلغا باغلاپ، ئارستوتېل تەلىماتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقى شارائىتىدىكى تارىخىي تەقدىرى ۋە ئاساسلىق ئىجادىي نامايەندىسىنى كۆرەلمىگەن. نەتىجىدە ئۇ تېبابەتچىلىك زۇرۇرىيەتلىرى تۈپەيلىدىن شەرقتە ۋە غەربتە بىرقەدەر ئەركىن مۇھاكىمە ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولمىغان ئىبىن سىنانى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاساسلىق پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر پېشۋاسى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان.

شۇ نەرسىنى ئادىللىق ۋە ئىپتىخار بىلەن قەيت قىلىمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىلگىرى سۈرگەن پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنىڭ ئاساسلىق كلاسسىك قاتلىمى يەنىلا ئۆزىنىڭ نەسەبدىشى، ۋەتەندىشى فارابىنىڭ «ئۈلگىلىك دۆلەت» تەلىماتى

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز پىششۋاسى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار ئىلغار كۆز قاراشلارغا قاراخانىلار دەۋرىدىكى، بولۇپمۇ تىنچ راۋاجلىنىش مەنزىرىسىگە قەدەم قويغان ئەبۇ ئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخان دەۋرىدىكى كونكرېت تارىخىي مۇھىتتا جانلىق ۋە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، دۆلەتنى ۋە دۆلەت باشلىقىنى ئىلىم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت ۋە ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت روھىدا يېتەكلەشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئابستراكت تەشەببۇسلاردىن ھالقىغان ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئۆزگىچىلىكى ۋە قىممىتىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە! ۋەھالەنكى، چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن فارابى غايىۋى ئىجتىمائىي تەشەببۇسلاردىن تاشقىرى مۇنداق بىۋاسىتە ئەمەلىي ئىسلاھات پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانىدى.

فارابى بىلەن ئارستوتېلنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا شۇ نەرسىنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، فارابىنىڭ ناتۇرال پان ئىلاھچىل پەلسەپىۋى سىستېمىسى ئارستوتېل كۆز قاراشلىرىنى پەقەت ئۆزىگە مۇھىم بىر ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان، خالاس. مەنبە بىلەن سىستېمىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، فارابى پەلسەپىسى بىلەن ئارستوتېل تەلىماتلىرى ئارىسىغا ئوخشاشلىق بەلگىسى قويۇش، «ئوتتۇرا ئەسىر ئارستوتېلى» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىپ، ئوتتۇرا ئەسىرگە ئارىستوتېلنى زورمۇ زور يۆتكەپ كېلىش، ئارستوتېل پەلسەپىسى بىلەن كۆپ خىل، ھەتتا بىر ـ بىرىگە زىت پەلسەپىۋى ئېقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گرېك پەلسەپىسى ئارىسىغا، ھەتتا تۈپ نېگىزىدىن بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان پلاتون پەلسەپىسى ئارىسىغا تەڭداشلىق بەلگىسى قويۇش، فارابى پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ ئارستوتېل تەلىماتلىرىدىن يەنە باشقا ئىدىيىۋى مەنبەلىرى، تارىخىي ئۆزگىچىلىكلىرى،

پەلسەپىۋى خاراكتېرى ۋە تەركىبىي قىسىملىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇپ، قارىقويۇق، تومتاق ۋە تولىمۇ خاتا ھالدا گرېك پەلسەپىسىنى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇلارنى ئىدېئولوگىيىلىك ھادىسە سۈپىتىدە زىكرى قىلىش ۋەھاكازالار ئىلمىي پەلسەپە تارىخى ئۈچۈن تولىمۇ غەلىتىلىكتۇر. روشەنكى، فارابىنى گرېك پەلسەپىسىنىڭ بىر نامايەندىسى ھېسابلاپ، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىن چەتلەشتۈرۈش خاھىشى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ۋە ئاساسسىز.

فارابى بىلەن ئىبنى سىنانىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، فارابى تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپىۋى سىستېما ۋە پەلسەپىۋى يۆنىلىشنىڭ مەشھۇر ۋارىسلىرىدىن بىرى ئىدى. فارابى پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن ئىبنى سىنا ئۆز تەلىماتلىرىدا خۇددى ئۆزبېك پەيلاسوپى ئاكادېمىك — دوكتور مۇزەپپەر مۇھەممەدىن خەيرۇللايوف كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «فارابى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بىرقەدەر ھەل قىلىنغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىنى باستى»[1]. «ئىبنى سىنا كىتابلىرىدا بىرەر تەلىماتمۇ فارابىغا ئاساسلانماي مەيدانغا كەلمىگەن»[2].

بىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرى ئىبنى سىنا تەلىماتلىرىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى چەتكە قاقمايمىز. ئەمما بىر پۈتۈن تەلىمات

---

① م. م. خەيرۇللايوف: «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى»، 1975 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 334 ـ بەت.

② ت. ج. بوئېر: «ئىسلام پەلسەپىسى تارىخى»، 1958 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 96 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىستېمىسى نۇقتىسىدىن ئەنزەردىن بۇ يەنىلا فارابىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مەسىلىلەر بويىچە، بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تە مەركىزىي ئورۇندا تۇرغان «ئۈلگىلىك دۆلەت» مەسىلىسى بويىچە ئىبىن سىنانىڭ بىرەر ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى «رىسالەتۇت تەئىر» ناملىق ئەسىرى «ئۈلگىلىك دۆلەت» مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتمىغان. مۇندىن باشقا، گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1037 ـ يىلى ئىبىن سىنا ھەمەدان شەھىرىدە ۋاپات بولغاندىن 32 يىل كېيىن «قۇتادغۇ بىلىك»نى يېزىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىبىن سىنانىڭ بىۋاستە سۆھبىتىگە نائىل بولۇشىغا تارىخ ھېچقانداق ۋاقىت ۋە شارائىت قالدۇرمىغانىدى. ئىبىن سىنا يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا كېلىشتىن 20 يىل ئىلگىرى بۇخارادىن چىقىپ كەتكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىبىن سىنا ئىدىيىۋى جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇھىم بىر پېشۋاسى ھېسابلىنىشقا لاياقەتلىكتۇر.

بۇ ھەقتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسى قەييۇم كەرىموف ئۆزى ئىشلىگەن «قۇتادغۇ بىلىك» كە يازغان مۇقەددىمىلىك ماقالىسىدە مۇنداق كۆرسەتكەن: «يۈسۈپنىڭ دۇنيا قارىشىدا، پەلسەپىسىدە فارابى ۋە ئىبىن سىنالار دۇنيا قارىشى، پەلسەپىلىرىنىڭ تەسىرى كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. دۇنيانى تونۇش ۋە تونۇشتۇرۇشتا يۈسۈپ ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەگىشىدۇ. ماددىي دۇنيانىڭ يارىلىشىنى روھىي كۈچكە باغلىغان ھالدا، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق دۇنيا قارىشى پۈتۈن ئەسەر داۋامىدا كۆزگە تاشلىنىدۇ»[①]. بۇ ھەققە پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى،

---

① قەييۇم كەرىموف: «‹قۇتادغۇ بىلىك› كە سۆز بېشى»، تاشكەنت، 1972 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 31 ـ بەت.

پروفېسسور ئەزىز نارىنبايوف مۇنداق يازىدۇ: «يۇسۇپ خاس ھاجىپتا ئۇنىڭ ئۆتمۇشداشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنالارنىڭ تەسىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارچە، تەڭرى بىلەن مەۋجۇدات بىر - بىرىگە زىت، بىر - بىرىنى ئىنكار قىلغۇچى نەرسىلەر ئەمەس. ئەبەدىيلىك تەڭرىگىمۇ، ماددىغىمۇ خاس. لېكىن تەڭرى بىلەن ماددىي ئالەم مەلۇم ھالقىلار ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ. بىر پۈتۈن ئۆزۈن زەنجىرنىڭ ئۇ بېشىدا يارىتقۇچى تەڭرى — زۆرۈرىي مەۋجۇت تۇرسا، ئۇنىڭ ئىككىنچى بېشىدا تەبىئەت تۇرىدۇ. تەبىئەت تەڭرىنىڭ تەسىرىدىن شۇنچە يىراقتىكى، ئۇ ئۆز قانۇنلىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىدۇ.»[1]

## 6. «قۇتادغۇ بىلىك» — ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇق قامۇسى

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى بىلەن ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات بۇ بىباھا ئەقىل - ھېكمەت خەزىنىسىنى پۈتكۈل ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا، پۈتكۈل شەرق ۋە يىپەك يولى مەدەنىيەت تارىخى جۇغلانمىسى ۋە راۋان ئېقىمى ئۈستىگە قويۇپ، ھەم مىللىي، ھەم ئىنسانىيەت خاراكتېرلىك تەپەككۇر مەدەنىيىتى ھادىسىسى سۈپىتىدە چۈشىنىشنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئېيتىش لازىمكى، مۇتەپەككۇر - شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىدارلىق تارىخىي شەخسلەر، پەقەت تارىخنىڭ مول مەنبە

---

[1] «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 287 - بەت.

جەمغۇرلىغان ئالتۇن دەۋرگە يۈزلەنگەن چېغىدا، زۆرۈرىيەت ـ تەقەززا، ئىمكانىيەت ۋە ئىلھام بېغىشلىغان شارائىتى ئاستىدىلا مەيدانغا چىقىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، تارىخ — ئۆز ئەزىمەتلىرىنى ياساپ چىقىدىغان ماھىر ھەيكەلتىراشتۇر. مۇنداق تارىخ ئەزىمەتلىرى ئۆز پائالىيەتلىرى بىلەن تارىخىي تەرەققىياتقا يېڭى تۈس، يېڭى پىكىر چېچەكلىرى، يېڭى ئۈمىد ۋە كۈچ بېغىشلايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا — تارىخ ئەزىمەتلىرى تارىخنى بېزەندۈرىدىغان رەسسامدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك، ھەم كونكرېت بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى، مايىللىقى، خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئەينى زامانغا خاس تارىخىي چىنلىق بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم. بۇ مەدەنىيەت قاتلاملىرى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلەر ئىچىدە نېمىنىڭ ئاساس ـ ئۇل، نېمىنىڭ گەۋدە ـ سۇبيېكت، نېمىنىڭ تەسىر ـ ئوزۇق، نېمىنىڭ ئالاقىسىز ياكى ئەھمىيەتسىزلىكىنى پەرقلەندۈرۈش بەك زۆرۈر. بۇنىڭدا يەنىلا «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئاساسلىنىش لازىم.

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق ھاجەتكى، مەيلى ئەنئەنىۋى ۋە مەيلى سىنكرېتىك مەدەنىيەت قاتلاملىرى بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىدىيىۋى مەنبەلەرنىڭ ئۆزى، تېخى بىر مۇتەپەككۇرنىڭ دۇنيا قاراش سىستېمىسى ئەمەس، تېخى ئۇ سۇبيېكت ئالىڭ سىستېمىسى ئەمەس. بۇ خۇددى گېگېل[51] پەلسەپىسى ماركسىزم پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ بىر مەنبەسى بولسىمۇ، ماركسىزم گېگېل پەلسەپىسى بولمىغىنىغا ئوخشاش، باشقا ـ باشقا ئىككى چۈشەنچە. بىر خىل تارىخىي مەدەنىيەت قاتلىمى مۇشۇ خىلدىكى پىكىر سىستېمىسىنى مەيدانغا چىقىرىش

بىلەن بىللە، باشقا ـ باشقا خىلدىكى، ھەتتا بىر ـ بىرىگە زىت بولغان پىكىر سىستېمىسىنى مەيدانغا چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوخشاشمىغان كاتېگورىيە ئىكەنلىكىنى، ئالدىنقىسىنىڭ جەمغۇرلانغان مەدەنىيەت بايلىقى، تارىختىكى مەدەنىيەت سەمەرىسى، جانلىق پائالىيەتچانلىقتىن ئايرىلغان ئۆتمۈشنىڭ «ئەسلىمىسى» ئىكەنلىكىنى، كېيىنكىسى بولسا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىزچىل خاسلىق قانۇنىيەتلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى، جانلىق ـ پائالىيەتچانلىقىنى ۋە ئۇسلۇبچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، سىرتتىن تەسىر قىلغان مەدەنىيەت، پەقەت ئىچكى مەدەنىيەت ئامىللىرى ئارقىلىق، مىللىي مەدەنىيەتكە بويسۇنۇش ۋە ھەزىم بولۇش ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى، مۇنداق قوبۇل قىلىنغان سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت مىللىي مەدەنىيەتنى بېيىتىدىغانلىقىنى، ئۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت چۆكمىسىدىمۇ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئېقىمىدىمۇ يەنىلا مىللىي مەدەنىيەت سۈپىتىدە ساقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، قەدىمكى مەدەنىيەت قاتلىمى ئومۇمەن يېڭى مەدەنىيەت مۇمكىنلىكى ئىكەنلىكىنى، مۇنداق مۇمكىنلىكتە «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ياكى چەت ئەللەرنى مىسال قىلساق، تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، شولوخوفنىڭ «تىنچ دون» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ. مۇنداق مۇمكىنلىكنىڭ رېئاللىققا ئايلانماسلىقىمۇ مۇمكىن. باشقىچە مەزمۇن ۋە شەكىلدە يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن.

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ:

www.uyghurkitap.com

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن، ئومۇمىي قىممەتكە ئىگە بولغان مەدەنىيەت قاتلىمى، ئىدىيە جۇغلانمىلىرى بولۇشتىن تاشقىرى يەنە، ھەتتا مۇھىمى، بىۋاستە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغان ئىككى شەرت لازىم. ئۇلار ئەينى زامان قەشقەر شەھىرىنى تېپىك سەھنە قىلغان قاراخانىلار دۆلەت ئاپپاراتى ۋە ئۇيغۇر — ماۋەرائۇننەھر ئوتتۇرا ئاسىيا فېئودال جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى رېئال مەسىلىلەر بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شەخسەن مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى، تەپەككۇر كۆرەشلىرى ۋە پىكىر قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت.

رېئال ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئۇنىڭ تەقەززالىرى بىلەن مۇتەپەككۇرنىڭ ئەمەلىيەت ۋە بىلىش پائالىيىتى مۇستەسنا قىلىنىدىغان بولسا، ھەرقانداق مەنىۋى مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ھەرقانداق بىلىم خەزىنىسى، ھەرقانداق ئىدىيىۋى مەنبەلەر ئۆز ـ ئۆزىدىنلا يېڭى ئىدىيىۋى كۆز قاراشنى ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىلمىي نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ، دېگەن تېتىقسىز مۇھاكىمە كېلىپ چىقىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا يۈز بەرگەن فېئوداللىق ئىجتىمائىي گۈللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلدارلاردا ئۆسۈپ بېرىۋاتقان مال ـ مۈلۈك ھېرىسلىقى، راھەت ـ ھالاۋەتكە بېرىلىش، ھەسەت ۋە ئاچكۆزلۈك، نادانلىق ۋە شەپقەتسىزلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى تازىلاپ، ئەبۇ ئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ تەرەققىيپەرۋەر دەۋرىدە دۆلەتنى بىرقەدەر توغرا يولغا سېلىش مەقسىتىدە يېزىلغانلىقىنى بۇ داستاندىن كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. مۇتەپەككۇرنىڭ بەخت ـ سائادەتنىڭ نىسپىي، ۋاقىتلىق، ئۆلۈمنىڭ مۇتلەق، مەڭگۈلۈكى

توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەن ھەر «ئىككى دۇنيا»نى نەزەردە تۇتۇش، بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدا قالىدىغان شۆھرەتلىك ياخشى نامنى نەزەردە تۇتۇش ھەققىدىكى تەۋسىيىلىرىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى چۆشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن تارىخىي مەلەكە، ئىجتىمائىي مەلەكە، ھاكىمىيەت ۋە ھوقۇقچىلىق ئىشلىرى مەلەكىسى، خەلقئارا ئالاقىلەر مەلەكىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىپادىلەش ئىقتىدارى مەلەكىسى، زەنجىرسىمان شەھەر مەدەنىيىتى مەلەكىسىنى ئۇل قىلغان، مۇئەللىپنىڭ ئەقىل ـ زېھنىي ئىقتىدارىنى، بىلىم ـ مەرىپەت تۈزۈلمىسىنى، تەپەككۇر ۋە خاسلىقىنى، ئىجادىي ئىستېداتىنى گەۋدە قىلغان بەھەيۋەت بىناكارلىق. ئۇنىڭ يىلتىزلىرى ۋە گۈل ـ ياپراقلىرىدىن گۈپۈلدەپ تۇرغان خۇشپۇرىقى مەڭگۈ سولمايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ھالقىغان بولۇشقا قارىماي، بۇ بەھەيۋەت بىنا يەنىلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە روھىيەت تارىخىدا ئەبەدىي قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 7. قىسقىچە يەكۈن

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىللىتى، يۇرتى، تىلى، ئەسەر ژانىرىدىكى ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار ئۈستىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى تۈزىتىش قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسىدىكى جاۋاھىراتلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيىلىك تارىخىي قاتلاملىرى توغرىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى تۈگىتىشمۇ شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك» مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەت

هادىسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي، يىراق ۋە يېقىن، بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىك، ئەنئەنىۋى ۋە سىنكرېتىك مەدەنىيەت يىلتىزى، مەدەنىيەت مەنبەلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەنبەلىرىنى ئىنكار قىلىش ناتوغرا بولغىنىدەك، ئۇ مەنبەلەر ئۈستىدە ئاساسسىز، ماھىيەتسىز، تەھلىلسىز، ئۇنداق ياكى مۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولۇشمۇ توغرا ئەمەس.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ھەم بۇ داستانغا ئاساسلىنىشى، ھەم بۇ داستاندىن ھالقىغان ھالدا ئەڭ يېقىن ئالاقىدار مەنبەلەرنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەنئەنىۋى مەنبەسى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پۈتكۈل كىشىلىك مەدەنىيەت تارىخىغا ئورتاق قاراشلارغا ئائىت مەنبەلەر پەرقلەندۈرۈلۈشى، كۆپ ئېقىملىق، پاراللېلىزىم قاراشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىشى، زورمۇ زور بىر مەنبەدىن تەسىرلەنگەن قىلىپ قويۇلماسلىقى كېرەك.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھەرخىل مەنبەلىرى بىلەن ئاساسلىق مەنبەلىرى، بۇ خىل ئىدىيىۋى مەنبەلەر بىلەن «تۇرمۇش» مەنبەلىرى، مەنبەلەر بىلەن مۇئەللىپنىڭ ئىدىيىلىرى، ھەرخىل ئىدىيىۋى قاراشلار بىلەن تۈپ ئىدىيىسى پەرقلەندۈرۈلۈپ، توغرا ھەل قىلىنىشى لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى ۋە ئىدىيە مەنبەلىرى تەتقىقاتى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىككى تۈرلۈك ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە:

ئۇنىڭ بىرى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى ساغلاملاشتۇرىدۇ. روشەنكى، چوڭقۇرلاشمىغان

تەتقىقات ئەتراپلىق تەتقىقات بولالمايدۇ، ئەتراپلىق بولمىغان تەتقىقاتتا ھەقىقەت ئۆز ئىگارىنى تولۇق جىلۋىلەندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ماركس توغرا ئېيتىدۇ: ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۇسۇللىرىمۇ ھەقىقەتلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

**ئىزاھلار:**

[1] «قاراخانىيلار» (840 — 1212) — ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بالاساغۇن — قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان يەنە بىر ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىدا ئۇيغۇر ياغما قاغانلىرى ۋە ھەربىي گۇۋاردىيىسى تەشكىللىگۈچى رول ئوينىغان، خاندانلىق ئازغىنا (18 يىل) كەم تۆت ئەسىرلىك سەلتەنەت دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داۋاملىق قايتا كۆپىيىپ شەكىللىنىشى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ روناق تېپىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

«قاراخانىيلار» ئەينى زاماندا ئۆزلىرىنى «خاقانىيە» دەپ ئاتىغان ۋە قەدىمكى ئەفراسىياپ ھاكىمىيىتى ۋارىسلىرى ھېسابلاپ كەلگەن؛ خان نەسەب ۋە سەلتەنەت ناملىرىدىمۇ «قاراخان»، «بۇغرا قاراخان» دېگەندەك نام ۋە ئۇنۋانلار بولغان. روسىيە ئالىمى ۋ. ۋ. گرىگورىيېۋ (1816 — 1881) شۇ ئاساستا تۇنجى قېتىم «تارىخىي مۇنەججىمباشى» (سانكت - پېتىربۇرگ، 1874 - يىل نەشرى، 6 - بەت) ناملىق ئەسىرىدە ماۋەرائۇننەھرنى سامانىلاردىن تارتىۋالغان خانلىقنى «قاراخانىيلار» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نام ئومۇملاشقان.

[2] پانتېئىزم (پان ئىلاھچىلىق) — دۇنيانى پەلسەپىلىك بىلىش تارىخىدىكى بىر خىل بىلىش شەكلى بولۇپ، تەبىئەت

بىلەن تەڭرىنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئىزاھلاش ئۈستىگە قۇرۇلغان. پانتېئىزم تەبىئەتنى تەڭرىگە سىڭدۈرۈۋېتىدىغان روھانىيەتچىل پانتېئىزم ۋە تەڭرىنى تەبىئەتكە سىڭدۈرۈۋېتىدىغان ناتۇرال پانتېئىزمغا بۆلۈنىدۇ.

[3] راتسىئونالىزم (ئەقلىچىلىك) — ئىككى مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىلىش مەنتىقىسى (تار) مەنىدە ئەقلىي بىلىش بىلەن ھېسسىي بىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئەقلىي بىلىشنىڭ رولىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىدىغان نوقۇل ئەقلىچىلىكنى كۆرسىتىدۇ. بىلىش تارىخى (كەڭ) مەنىدە دىنىي ئىلاھىيەتچىلىككە ۋە ئەقىدىچىلىككە، نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى ئەقىل ۋە بىلىمنى ئۇلۇغلاش، ئىلىم ۋە مەدەنىيەتپەرۋەرلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىتابتا كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان.

[4] «فائۇست» ئاتاقلىق نېمىس شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى گېيوتى (1749 — 1832) تەرىپىدىن XVI ئەسىردىكى خەلق رىۋايىتى ئاساسىدا ئىشلەنگەن پەلسەپىۋى داستان. ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكرى ۋە بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىنكى غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ نادانلىققا قارشى، ئىلىم ۋە يېڭى ھايات يولىدىكى ئۈچ ئەسىرلىك مەنىۋى ھايات تارىخىنى يىغىنچاقلاپ ئەكس ئەتتۈرگەن.

[5] ئابدۇشۇكۇر بەلخى ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك مەدەنىيىتىدە ئابدۇللا رۇداكى (860 — 941) دىن كېيىن، ئەبۇ مەنسۇر دەقىقى (930 — 977)، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇھىم نامايەندە. ئابدۇشۇكۇر بەلخى بەلخ شەھىرىدە 915 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىغان. ئۇنىڭ «ئاپىرىننامە» ناملىق ھېكمەت داستانى پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا داستانچىلىق مۇقەددىمىسىنى ئاچقان.

[6] ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابىي (870 — 950) قاراخانىيلارغا مەنسۇپ توققۇز ئوغۇز — توققۇز ئۇيغۇر (ئۇيغۇر - قارلۇق) ھەربىي چەۋەنداز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئوغۇلچاق قىدىرخاننىڭ ياغما قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان. فارابى 30 ياشتىن ھالقىغاندا يىپەك يولىنى بويلاپ باغداد دەمەشق — ھەلەب شەھەرلىرىدە پەلسەپە تەھسىل قىلغان ۋە ئىسلام شەرقىدە ئارستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز»، «شەرق ئارستوتېلى» دەپ نام قازانغان. فارابى ياراتقان ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسى پۈتكۈل بىلىش تارىخىنىڭ مۇھىم باسقۇچىنى شەكىللەندۇرۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە بولۇپ قوشۇلغان.

[7] بەزى ئاپتورلار قاراخانىيلارنى ئارسلانخانلىق، بۇغراخانلىق، تابغاچ بۇغراخانلىق ۋە ئىلىك خانلىقتىن ئىبارەت تۆت خىل دەرىجىگە ئاجرىتىپ ئىزاھلىغان. مېنىڭچە، قاراخانىيلار ماۋەرائۇننەھرنى بويسۇندۇرغاندىن خېلىلا كېيىن ئىككى ئاساسىي دەرىجىگە بۆلۈنگەن. بۇنىڭ بىر خىلى ئارسلانخان ياكى ئۇلۇغ بۇغراخان ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان ئومۇمىي سۇلتانلىق سەلتەنىتى، بۇ بىر دەرىجىنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى. يەنە بىر خىلى ئۇنىڭغا تەۋە بولغان ۋە تولىراق ماۋەرائۇننەھرنى باشقۇرىدىغان ئابغاچ خانلىق ياكى تابغاچ بۇغرا خانلىق سەلتەنىتى. بۇنىڭدىن باشقا ئاتالمىش ئىلىك خانلىق بۇ مەلۇم رايون كىنەزلىكى بولۇپ، ۋالىيلىققا تەڭ بولغانىدى.

[8] بۇنىڭغا ئىبراھىم ئىبىن ناسىر تابغاچ قاراخان (1052 — 1068) نىڭ مۇتەئەسسىپ شەيخ ئىمام ئابدۇلقاسىم سەمەرقەندىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى خىزىرخان (1080 — 1081) نىڭ دىنىي ئارىلىششقا قارشى قوللانغان جىددىي ۋاستىلىرىنى مىسال

قىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەدخان (1081 — 1095) دادىسىنىڭ بۇ خىل سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا شەيخلەر تېررورلۇقى بىلەن قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەن.

[9] ئۆمەر ھەييام — نىشاپۇردا تۇغۇلۇپ، خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە تەلىم ئالغان، سالجۇق تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى مەلىك شاھ (1072 — 1092) نىڭ تونۇلغان ۋەزىرى نىزامۇل مۇلىك ھىمايىسىدە ئىشلىگەن ئاتاقلىق ئاسترونوم، ماتېماتىك ۋە مۇتەپەككۇر شائىر. ئۇنىڭ نامى رۇبائىيلىرى بىلەنمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر.

[10] مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارەزمى (؟ — 847) ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىدىن چىققان ئاتاقلىق تەبىئەتشۇناس، ئالگېبرا ئىلمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەسلەپكى دەۋرىنىڭ كۆرۈنگەن ۋەكىلى.

[11] ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئەل فەرغانى IX ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق كۆرۈنگەن تەبىئەتشۇناس. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تالانتلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى.

[12] ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1037) فارابىدىن كېيىنكى ئاتاقلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرى، ئالەمشۇمۇل تېبابەتچىلىك ئىلمى شۆھرەت ئىگىسى، ئۇ سامانىلار ۋە قاراخانىيلار خاندانلىقلىرى دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپۋى بىلىش ۋە ئىلمىي تېبابەتچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۆپ تەرەپلىمە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

[13] ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بىرۇنى (973 — 1048) ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر ئالىم، مەشھۇر تەبىئەتشۇناس ۋە تارىخشۇناس. ئۇ ئىبنى سىنا بىلەن ئىلمىي

سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغان ۋە مەھمۇد غەزنەۋى (988 — 1030) ئوردىسىدا تارىخ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مىنېرالوگىيە ۋە ئەدەبىيات پەنلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

[14] ئوبۇلقاسىم (تەخەللۇسى جارۇللا) زەمەقشەرى (1074 — 1144) خارەزىملىك شائىر ۋە تىلشۇناس.

[15] قاراخانىيلارنىڭ 7 ـ ئەۋلاد خاقانى سۇلايمان بىننى يۈسۈپ ئارسلانخان بىلەن ئىبراھىم بىننى ناسىر تابغاچ خاندىن باشلاپ خانلىق شەرقىي ۋە غەربىي ئۆلكىلەرگە ئايرىلغىنىدىن كېيىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي قاراخانىيلار ئۆلكىسى «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتالغانىدى.

[16] ھېلۋېتىئۇس (1715 — 1771) XVIII ئەسىر فىرانسۇز ماتېرىيالىستى، فىرانسۇز بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ كۆرۈنگەن ئىدىيە پېشۋالىرىدىن بىرى.

[17] ئەبۇل ھەسەن ئەشەرى (874 — 935) ئىسلام كالامىزم ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەكىلى، كۆرۈنگەن ۋە تەسىرلىك مۇتەكەللىمچى مۇتەپەككۇر، ئىمام مۇھەممەد غەززالى (1058 — 1111) ئۇنىڭ قاراشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، سۈننىي مەزھىپى ئىسلام مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نوپۇزىنى تىكلىگەن.

[18] تەڭرى مەركەزلىك ۋە ئىنسان مەركەزلىك نەزەرىيىلىرى تەبىئەت، جەمئىيەت، بىلىش ھادىسىلىرىنى تەڭرىگە ياكى ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئاساسلىنىپ ئىزاھلايدىغان بىر ـ بىرىگە زىت يۆنىلىشتىكى ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر ۋە نەزەرىيىدىن ئىبارەت.

[19] تۇران شاھىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن سالاھىددىن ئايۇپ مىسىردا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەنىدى. ئۇ تۈركلەردىن تەشكىل تاپقان مەملۇك قوشۇنىنى تەشكىللىدى. مەملۇكلاردىن

ئايبەگ مىسىردا بەھرى مەملۇك خانلىقى (1250 — 1382) غا ئاساس ياراتتى. بۇ خانلىقنىڭ 6 ـ خانى ئەشرەپ شاھ (1290 — 1293) نىڭ ئىنىسى ناسىر بىننى قاراۋۇن (1293 — 1340) مىسىردا خېلى بىر مەزگىل سۇلتانلىق قىلغان ۋە چىڭگىزخان ئەۋلادى ئىلخان، قازانخان ھۇجۇمىنى چېكىندۇرگەن. ناسىر تۈركىيە سۇلتانى ئوسمان I (1290 — 1326) بىلەن زاماندىش ئىدى. بەھرى مەملۇك خانلىقى ئەھمەد ئىبىن تولۇن قۇرغان تولۇن خانلىقى (868 — 905) ۋە مۇھەممەد ئىبنى توجى قۇرغان ئىخشىد خانلىقى (935 — 969) دىن كېيىن مىسىردا مەيدانغا چىققان 3 ـ تۈركىي ھۆكۈمران رىياسەتچىلىك قىلغان سەلتەنەت بولۇپ، ئۇ ھالاك بولغاندىن كېيىن مىسىردا ناسىرنىڭ ئەۋرىسى سالى ئىبنى شەيبان باشچىلىقىدىكى بۇرجى مەملۇك خانلىقى (1382 — 1517) مەيدانغا چىقتى. مىسىر مەملۇك خانلىقلىرى ئىلىم ـ پەن ھامىيلىرى ئىدى. ناسىر 1304 ـ يىلى ناسىر تەتقىقات يۇرتــــى قۇرغان. ئەھمەد نوۋىل ۋە ئەھمەد كاركاساندى قاتارلىق ئالىملار قامۇس تۈزگەن. ئاتاقلىق ئالىم ۋە ناتىق، قانۇنشۇناس ئىبىن تەييىمە (1263 — 1326)، ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئىبىن خەللىكان (1211 — 1282) قاتارلىقلار شۇ دەۋردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

[20] بەزى تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەمەنگان نۇسخىسىنى روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قەدىمكى كىتابلارنى يىغىۋالغاندا ئاقسۇدىن ئېلىپ كەتكەن، دېگەن قىياسنى پىكىرنى تىلغا ئالسا، يەنە بەزىلىرى پۈتۈن پەرغانە — يەتتە سۇ ۋادىسى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى زېمىنى بولۇپ، بۇ زېمىن كېيىنچە بۇ خانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىن قوقان خانلىقى زېمىنى بولغان، «قــۇتادغــۇبىـــــلــــــىك» نــــــىڭ نەمەنگــان نــۇسخىســى قوقان — قەشقەر سودىگەرلىرى ياكى بىـــرقانچە

قېتىملىق خوجىلار قوزغىلىشلىرى چېلىق سۇلالىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندا پەرغانە ۋادىسىغا يۆتكەلگەن قەشقەر — ئاتۇش ئاھالىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن دېگەن پەرەزنى ئىلگىرى ئالىدۇ. بىۋاستە ھادىسىۋى ئىسپات تېپىلمىغان بولسىمۇ، بۇ ماھىيەتلىك، تارىخىي مۇمكىنلىككە ئۇيغۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نۇسخىنىڭ باش - ئاياغ بەتلىرىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەنلىكى بۇ قىياسنى كۈچەيتىدۇ.

[21] كوسمولوگىيە — كائىنات ھەققىدىكى نەزەرىيە، كەڭ مەنىدە ئالەم ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراش، تار مەنىدە ئالەم ھەققىدىكى ئاسترونومىيىلىك تۈزۈلمە نەزەرىيىسى.

[22] گۇمانىزم — ئىنسانپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمى.

[23] كومىراجىۋا (344 — 413) مەشھۇر كۇسەن (كۇچا) بۇددا مۇتەپەككۇرى، ماھايانا مەزھىپىنىڭ كۆرۈنگەن ۋەكىلى، «ئەدەم» (سونياتا، يوقلۇق) تەلىماتىنىڭ نامايەندىسى، جۇڭگو بۇددىزمى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ يەتتە خەتلىك نەزم ۋە تەرجىمىشۇناسلىق ئاساسچىسى.

[24] ئاللىگورىيە — خىيالىي توقۇلمىلىق تەسەۋۋۇر.

[25] ئابدۇلقاسىم نىزامۇل مۇلىك (1017 — 1092) سالجۇقىلار سۇلتانى جالالىددىن مالىك شاھنىڭ ۋەزىرى، ئۆز دەۋرىنىڭ كۆرۈنگەن مۇتەپەككۇرى، يەن ھامىيىسى، «سىياسەتنامە» نىڭ مۇئەللىپى.

[26] كەيكاۋۇس (1022 — ؟) كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدىكى گىلان قەبىلىسىنىڭ شاھى بولۇپ، 1083 - يىلى ئوغلى گىلان شاھىنى ئۆزى تەربىيىلەش مەقسىتىدە «قابۇسنامە» نى يازغاندا، كىتاب نامىنى چوڭ نەسەب بوۋىسى شەمسۇلمائالى قابۇس ئىبنى بوشماگىر (979 — 1012) نامىغا قويغان. ئىبنى سىنا 1011 — 1014 - يىللىرى، بىرۇنى 995 — 1017 -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يىللىرى شەمسۇلمائالى قابۇس ئىبنى بوشماگىر، ئوغلى ۋە ۋارىسى غەلەكۇل مائالى مانوچىھىر (1012 — 1029) دەۋرىدە جۇرجاندا ياشىغانىدى.

[27] ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940 — 1020) جاھان سەنئەت تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار ئەدىب، 120 مىڭ مىسرالىق «شاھنامە» داستانىنىڭ مۇئەللىپى. بۇ داستانىنى 1010 ـ يىلى مەھمۇد غەزنەۋىگە ئاتىغان.

[28] كۇڭ زى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 551 — 479 ـ يىللار) ئىلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرى، دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى. ئۇ خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچقان مائارىپشۇناس. كۇڭ زى تەلىماتىنىڭ نېگىزى ئەخلاقىي سىياسەت بولۇپ، ئۇ «مېھرىبانلىق» ۋە «ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش» قارىشىغا ئاساسلانغان. كۇڭ زى تەلىماتى تۈپكى ياقتىن بىر تەرەپتىن توغما دانىشمەنلىك، ئاتا ـ بوۋىلارغا سىغىنىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەشنى مەزمۇن قىلىدۇ. كۇڭ زى ئىدىيىلىرى داۋاملىق راۋاجلىنىپ فېئوداللىق جۇڭگو روھىيىتىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت، مېھرىبان ئىنسان بول»، «مەنپەئەتنى كۆرگەندە مەجبۇرىيەتنى ئەسلە» دېگەن قاراشلىرى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ قەدىمكى ئىپادىسىنى كۆرسىتەتتى.

[29] ئارستوتېل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 384 — 322) قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى، قەدىمكى زامانىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋە ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى، ئىلىم ـ پەن تارىخىنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى ئاساس سالغۇچىلىرىنىڭ بىرى.

پېرىپاتېتىزم — سۆزمۇ سۆز مەنىسى سەيلى ـ ساياھەت بولۇپ، ئارستوتېل ئىلمىي گۇرۇھىغا قارىتىلغان. ئارستوتېل

ئۆز شاگىرتلىرىغا دەرس ئۆتكەندە سەيلى ـ ساياھەت قىلغاچ تەلىم بەرگەن. كېيىن بۇ ئىلمىي گۇرۇھنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى پېرىپاتېتىزم دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

[30] ئانىمىزم — ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي بىلىش شەكلى. ئانىمىزم ھەرخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ كەينىدە ئۇنى باشقۇرىدىغان خاس ئىلاھلار، مۇئەككەللەر ۋە ئەرۋاھلار مەۋجۇت دەپ قاراشقا ئاساسلىنىدۇ.

[31] ئېتىكا — ئەخلاق ئىلمى. كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى، بولۇپمۇ بۇ مۇناسىۋەتلەردە گەۋدىلىنىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيىلىرى توغرىسىدىكى پەن.

[32] سىنكىرىتىك مەدەنىيەت — مەلۇم مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆز مەنبەسى ۋە ئەنئەنىسى ئاساسىدا، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇناسىپ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشكە قارىتىلغان. سىنكىرىتىك مەدەنىيەت قارىقويۇق، تەڭداش ئارىلاشما دەپ چۈشىنىلمەسلىكى كېرەك.

[33] «مەدەنىيەت ئېۋاليۇتسىيىسى (تەدرىجىي تەرەققىيات) نەزەرىيىسىنى تەيلۇر قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ نەزەرىيە مەدەنىيەت پەقەت ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئاساسىدا تەدرىجىي راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

[34] «مەدەنىيەت دىففىرىنسىيىسى» ف. گرابنېر، گ. ئې. سمىت قاتارلىقلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتى بىر (مىسىر) ياكى بىرقانچە چەكلىك مەدەنىيەت مەركىزىدىن باشقا رايون ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللەتلەرگە «دىففېرېنسىيە» (تارقىلىش) ئاساسىدا شەكىللەنگەن، دېگەن بىر تەرەپلىمىلىك قاراشقا ئاساسلانغان.

مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى «مەدەنىيەت دىففېرېنسىيىسى» نەزەرىيىسىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ دەسلەپتە بارلىق مەدەنىيەت مىسىردا پەيدا بولۇپ، مېسسوپوتامىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئارقىلىق خۇاڭخې ۋادىسىغا تارقالغان دېگەننى، كېيىنچە، بارلىق مەدەنىيەت «غەربتە ئاپىرىدە بولغان»، «غەربتىن كەلگەن» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭغا پاسسىپ تاقابىل يۈزىسىدىن يەنە بارلىق مەدەنىيەت «شەرقتە ئاپىرىدە بولغان»، «شەرقتىن كەلگەن» دېگەن قاراش شەكىللەندى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى رايونلار ۋە مىللەتلەر تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ناتوغرا قاراش.

[35] كوسموپولىتىزم — ۋەتەنسىزلىكنى تەرغىب قىلىدىغان سىياسىي تەشۋىقىي تەشەببۇس. مىللىي نىگىلىزم (مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقى).

[36] ئانتروپولوگىزم — ئىنساننى بىئولوگىيىلىك سۇبىستانسىيە (زات، جىسىم) سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدىغان پەلسەپىۋى ئېقىم، فېيېرباخنىڭ ئىنسان تەبىئىتى قارىشى ئۇنىڭ تىپىك ئورىگىنالى. ئانتروپولوگىيە — ئىنسانشۇناسلىق.

[37] ئېتنولوگىيە — مىللەتشۇناسلىق، ئىنسان تۈركۈملىرى مەدەنىيەتشۇناسلىقى.

[38] زاروئاسترا (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنى زاروئاستىر دېگەن كىشى رەسمىي سىستېمىغا سالغان بولۇپ، ئۇ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 600 — 520) ئاخمانىلار خاندانلىقى

شەكىللىنىش ھارپىسىدا پاشىغان. ئاتەشپەرەسلىك دىنى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈرەشى ۋە يورۇقلۇقنىڭ غەلىبىسى ئاساسىدا ئالەم ۋە كىشىلىك ھادىسىلىرىنى ئىزاھلايدۇ.

[39] مانى دىنى II ئەسىردە ياشىغان مانى دېگەن كىشى تەرىپىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك تەشەببۇسلىرى بىلەن ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

[40] «دى رۇڭ گو» (狄戎国)، «جۇڭشەن گو» (中山国)، زەي (دى) ۋېي گو» (翟魏国) — دىڭلىڭ (دىلىەن - دىغار) قەبىلىلىرى چۇنچيۇ — جەنگو ۋە 16 بەگلىك زامانىدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا قۇرۇلغان پارچە خانلىقلار.

[41] قاراسۇق مەدەنىيىتى — مىنوسىك پەس تۈزلەڭلىكى بىلەن شەرقىي ئالتاي ئارىسىدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئاتا - بوۋىلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللار بىلەن 1000 - يىللار ئارىسىدا ياراتقان برونزا (تۇچ) قوراللىرى يارىتىلغان كۆچمەنچى ئاھالىلەر مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەت قەبرىلەردىكى چارۋا سۆڭەكلىرى، مىس قوراللار ۋە ھايۋان سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن قىيا تاشلاردا گەۋدىلەنگەن.

[42] ئېللىنىزملىق مەدەنىيەت — ئالېكساندر ماكېدونىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈشى بىلەن گرېكلەشكەن دۆلەتلەر سىستېمىسى شەكىللەندى. گرېك ئانتىك مەدەنىيىتى كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. ئېللىنىزم — گرېك مەدەنىيىتىنى، شەرق ئېللىنىزمى — گرېك - باكتىرىيە دەۋرى ئالدى - كەينىدىكى شەرقتىكى گرېك مەدەنىيىتى تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[43] سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە سىلىشتۇرما مەدەنىيەتتە بەزى مەدەنىيەتلەر باشقا خەلقلەردىن تەسىرلىنىش ئاساسىدا يېڭىلا ئىجادىي يوسۇندا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ «تەسىر تىپى» دېيىلىدۇ. يەنە بەزى مەدەنىيەتلەر ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما ھاسىل قىلغان بولۇپ، تەسىر ھادىسىسى بولمىغاندىمۇ باشقا مىللەت ۋە رايونلاردا غايەت ئوخشاشلىقتا ئىگە بولىدۇ. بۇ «پاراللېل تىپ» دېيىلىدۇ. بىرەر ئىجابىي مۇۋەپپەقىيەتنى مەشۇق ئوخشاش قىممىتى تۇپەيلى «تەسىر تىپ» كە ھۆكۈم قىلىش ئۇچۇن، مەنىۋى قىممەت ئوخشاشلىقىدىن تاشقىرى تەسىر جەريانى توغرىسىدا روشەن پاكىت بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

[44] شىئىزم — ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپىدىن كېيىنكى بىر مەزھەپ — شىئە مەزھىپى ئابدۇل مالىك (685 — 705) خەلىپە دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ھەرقانداق پاك مۇسۇلمان خەلىپە بولالايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ مىسىر ۋە ئىراندا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، ھۆكۈمران ئەرەب خەلىپىلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلغان.

[45] ئىسمائىلىزم — شىئە مەزھىپىدىكى تەسىرى كۈچلۈكرەك بىر تارماق ئېقىم بولۇپ، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەكىللەنگەن. ئۇلار ئەلىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ 6 ـ نەۋرىسى ئىسمائىلنى 7 ـ ئىمام دەپ ئۇنىڭغا سېغىنىدۇ. ئىسمائىلىزم «يەتتە ئىمام مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[46] X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەسرەدە شەكىللەنگەن ۋە تەسىرىنى باغدادقا كېڭەيتكەن مەخپىي ئىلمىي تەشكىلات. ئۇلار ئەينى زامان ئىلاھىيەتچىلىكى مۇھىتىدا مەخپىي يوسۇندا يېزىپ تارقاتقان 52 چوڭ رىسالىدىن تەشكىل تاپقان قامۇس ئوتتۇرا ئەسىر تەبىئەت ئىلمى تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسىنى ئىپادىلىدى.

XVIII- ئەسىر ئېنسىكلوپېدىستلىرىگە تەققاس قىلىنىپ X ئەسىر ئېنسىكلوپېدىستلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي رەھبىرى ئەل بەستى ئىدى.

[47] گرېك ـ باكتىرىيە مەدەنىيىتى — ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈشى بىلەن قەدىمكى باكتىرىيىدە گرېك ـ باكتىرىيە مەدەنىيىتى شەكىللەنگەنىدى. گرېك ـ باكتىرىيە مەدەنىيىتى گرېك مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈردى.

[48] كوشان مەدەنىيىتى — گرېك باكتىرىيىسىگە بېسىپ كىرگەن ئۇلۇغ ياۋچىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت. ئۇ بۇددا سەنئىتىدە ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتقانلىقى بىلەن مەشھۇر بولدى.

[49] مەرۋى ئىلمىي گۇرۇھى — مەرۋى خوراساننىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. مەرۋىدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى تەرەپدارلىرى قەدىمكى گرېك پەلسەپىسى، تەبىئەت ئىلمى ۋە تېبابەتچىلىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىزچىللاشتۇرۇشتا مۇھىم بىر كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

[50] سپىنوزا (1632 — 1677) گوللاندىيىنىڭ مەشھۇر ناتۇرال ئىلاھچىلىق پەيلاسوپى. ئۇ تەڭرىنى ئىنكار قىلمىغان، بىراق تەڭرىنى تەبىئەتكە قوشۇپ تاشلىغان. سپىنوزا پەلسەپىلىك بىلىش تارىخىدا ناتۇرال ئىلاھچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى، XVIII ئەسىر ماتېرىيالىستلىرىنىڭ ھارپىسىدا تۇرىدۇ.

[51] گېگېل (1770 — 1831) نېمىس كلاسسىك

پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى، ئوبيېكتىپ ئىدېئالىست، دىئالېكتىك تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە زور ھەسسە قوشقان مەشھۇر مۇتەپەككۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# Ⅲ باب «قۇتادغۇ بىلىك»تە تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى

«ئاسمان ھەم زېمىندا بارلىق ھەربىرى،
ئادەمنىڭ زېھنىدىن قالماس تاشقىرى.»
— نىزامى گەنجىۋى

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك»تە تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى

ھەرقانداق بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى تەلىماتلار سىستېمىسىدا تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ئۇل ۋە يىلتىزلىق ئورۇن تۇتقان بولىدۇ. دۇنيا قاراشسىز كۆز قاراش ۋە تەلىمات گەۋدىسى، تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىسىز پەلسەپىۋى سىستېما بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

فېيېربراخ «پەلسەپىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق پروگراما» ناملىق ئەسىرىدە: «بىر خىل تەلىمات ئۆزىگە تەبىئەتتىن ئاساس تېپىشتىن ئىلگىرى، پەقەت بىر خىل پەرەزدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ»[①] دېگەنىدى.

---

① «فېيېربراخ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 1962 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، I توم، 118 ـ بەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز دەۋرى روھىي ھاياتىنىڭ يارقىن ئەينىكى سۈپىتىدە نوقۇل ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي ئەسەر بولماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش دەستۇرىدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەپەككۇرى سۈپىتىدە ئالەم ۋە تەڭرى، تۆت زات ۋە پىلانىتلار دۇنياسى، ماددىي دۇنيادىكى ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەشتىكى ئىرادە ئەركىنلىكى، كىشىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى جەمئىيەتتە قالىدىغان تەسىرى، پانىي دۇنيا ۋە باقىي دۇنيا، تىلاۋەت ۋە ياخشىلىق قىلىش، بىلىم ۋە بەخت ـ سائادەت قاتارلىق تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئۆز داستانىنىڭ ھەممە قىسمىدا تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن، تولا ھاللاردا بىۋاسىتە ئۇسۇلدا ئەمەس، بەلكى چىقىش نۇقتىسى تەرىزىدە، تولىراق ئىككىنچى سەپتە بايان قىلغان، خالاس. بۇ، ئەسەر تېمىسىنىڭ، شۇنىڭدەك ئەسەر شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئەينى زامان شارائىتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە تېماتىك بايانىنىڭ ئىنسانشۇناسلىقتا، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى توغرىسىدىكى جەمئىيەت پەلسەپىۋى مەسىلىلىرىگە قارىتىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، تەبىئەت پەلسەپىسى بىلەن جەمئىيەت پەلسەپىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى شەكىللەنگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەبىئەتنى تەبىئەت ئارقىلىق ئىزاھلاش، تەبىئەت پەلسەپىسى ئارقىلىق جەمئىيەت پەلسەپىسىنى ئىزاھلاش، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەسلى زاتىتىكى ۋە قانۇنىيەتتىكى بىردەكلىكى ئاساسىدا ئۆز تېماتىكىسىنى يورۇتۇش ۋە غايىۋى جەمئىيەت مودېلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش يولىنى تۇتقان. ئۇ 60 ـ بېيىتتا ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن مۇنداق يازىدۇ:

بۇ تۆرت ئەش ماڭا تۆرت تادۇتەگ تۇرۇر
تۇزۇلسە تادۇچىن تىرىگلىك بولۇر
[بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇدەك ئېرۇر،
تۇزۇلسە تادۇچىن هاياتلىق بولۇر.]

شۇنداق قىلىپ، تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىككى ئاساسىي قىسمەتتە — هەم تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى قىسمىتىدە، هەم جەمئىيەت پەلسەپىسى تېماتىكىسىغا دۇنيا قاراش جەهەتتىكى ئۇل، يىلتىز، يېتەكچى قاراش، نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇش قىسمىتىدە گەۋدىلەنگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ئەينى زامان تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىق مۇهاكىمە تېمىسى بولغان ئالەمنىڭ ئەسلى مەنبەسى، ئادەمنىڭ ئالەمدىكى پائالىيەتچان ئورنى مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن. يۈسۈپ خاس هاجىپ بۇنداق ئەبەدىيلىك پەلسەپە تېمىسىغا ئىسلام مەدەنىيىتى شارائىتىدىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئەبۇ نەسىر مۇهەممەد فارابى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئاساسىدا كلاسسىك پانتېئىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن يېقىنلاشقان. بۇ قاراش بويىچە، تەبىئەت هەم «قۇت» (ئىلاهىي نەرسە)، هەم «تادۇ» (مۆجىزىلىك نەرسە) هېسابلىنار، تەبىئەت بىلەن ئىلاهىيەت بىر گەۋدە قىلىنار ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۇ تاشلىرى»، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇغ»، «تۇرپان تېكىستلىرى» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئۇلاردا كۈچلۈك ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق ساقلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىسلامىيەت ئالەم قاراشلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن خۇددى مانىزىم ۋە بۇددىزىم قاراشلىرىغا ئوخشاش تەبىئىي ئىلاهچىلىق (دېئىزىم)، ئەقىلچىلىك (راتسىئونالىزىم)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

ئىنسانپەرۋەرلىك (گۇمانىزم) شەرتلىرى ئاستىدا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىدا ئىلگىرىكى ئەنئەنە ئىزچىللىقى ئاساسىدا يېڭى سەكرەشنىڭ — سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ نۇقتىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ئىلگىرىكى ئەنئەنىلىك مەلىكىسىدىن كلاسسىكلىق مەلىكىسىگە كۆتۈرۈلدى. دەرھەقىقەت، «قۇتادغۇ بىلىك» «شەرق مەدەنىيەت گۈللىنىشى» نىڭ 3 ـ باسقۇچىنىڭ[1] مۇقەددىمىسىگە سىمۋول بولۇپ مەيدانغا كەلگەنىدى. قاراخانىيلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، خوراسان ۋە پۈتكۈل خەلىپىلىكتىكى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئالەمشۇمۇل مەۋقى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەلىكىسى ئۆزئارا توغرا تاناسىپ بولغانلىقى ھېچقانداق سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»تە «تۆت تادۇ» قارىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇچۇن ئالەمنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ماددىي ئاساسى تۆت زات — «تۆت تادۇ» دىن ئىبارەت ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت «تۆت تادۇ» نى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاساسى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسى، تەبىئەتتىكى زىددىيەت ۋە بىردەكلىكنىڭ ئاساسى، تەڭرىنىڭ تەبىئەتنى تۈزۈشىنىڭ ئاساسى دەپ قارىدى. ئۇ يەنە «تۆت تادۇ» نى ئىنسان تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسى، تۆت پەسىل، تۆت مەجاز، ساغلاملىق ياكى كېسەللىكنىڭ ئاساسى، جۇملىدىن جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ تەبىئىي ئۇلى دەپ قارىدى. ئۇ داستاننىڭ 60 ـ، 143 ـ، 144 ـ، 145 ـ،

1053 ـ، 3579 ـ، 3725 ـ، 3726 ـ، 4620 ـ، 4621 ـ، 4622 ـ، 4623 ـ، 4624 ـ، 4625 ـ، 4626 ـ، 4627 ـ، 4628 ـ، 4629 ـ، 4631 ـ، 4632 ـ، 5866 ـ، 5867 ـ، 5868 ـ، 6006 ـ، 6007 ـ، 6008 ـ، 6009 ـ، 6010 ـ، 6011 ـ، 6014 ـ بېيىتلىرىدا تۆت زات ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۆت زاتنىڭ ئالەم تەرتىپىدە تۇتقان ئورنى، تۆت زاتنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتى ۋە بىرلىكى، تۆت زاتنىڭ تۆت پەسىلگە ۋە تۆت مىزاجغا بولغان مۇناسىۋىتى، كىشىنىڭ روھىي ھالىتى، ھەتتا كۆرگەن بەزىبىر چۈشلىرىنى تۆت زات، تۆت پەسىل، تۆت مىزاج ئاساسىدا ئىزاھلاش لازىملىقى توغرىسىدا كلاسسىك قاراشلارنى بايان قىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «تۆت تادۇ» قارىشى يىراق تارىخىي مەنبەگە ئىگە. مەلۇمكى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسانىيىتى ئەڭ دەسلەپكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى سۈپىتىدە ھەرخىل ئانىمىزملىق مۇئەككەل ۋە نامايەندىلەرگە ئېتىقاد قىلىپ كېلىشتى. كېيىنچە، ئالەمنى بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن «تۆت تادۇ» قارىشىغا يىغىنچاقلاپ ئىزاھلاشقا باشلىدى. مانا بۇ پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ بىخلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

مەلۇمكى، «تۆت تادۇ» ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئارىيان ھەم تۈركىي خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئارىيان ئانتروپولوگىيىسى ۋە تۈركىي ئېتنولوگىيىسىگە مەنسۇپلۇقى تىپىك بولغان ئۇيغۇر ـ ئوغۇز خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت قارىشى ئىدى. «تۆت تادۇ» چۈشەنچىسى شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇر ـ ئوغۇز قەبىلىلىرىدە «زات»، «قۇت»، «تۇغۇم» شەكلىدىمۇ ئىپادىلەنگەن، ھەم ئىلاھىي، ھەم تەبىئىي خاراكتېر ئالغان باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن. گابائىن خانىم ئېلان قىلغان ئۇيغۇرچە «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى مانى قەسىدىسىدە «تۆت تۇغۇم» مەنىسىدە، رەشىد رەھمەتى ئارات

www.uyghurkitap.com

ئېلان قىلغان «ئۇيغۇرچە تىببىي تېكىست» تە «تەم» مەنىسىدە «قۇتادغۇ بىلىك» تە «ئېلېمېنت» مەنىسىدە كەلگەن①.

بۇنىڭدا تۇپراق دۇنيانىڭ مۇھىم بىر ئامىلى ھېسابلانغان. ئەڭ قەدىمكى تاش قورچاقلار، ھەرخىل مۇئەككەل ئوبرازلىرى لايدىن ياسىلىپ ئوتتا پىشۇرۇش بىلەن تەييارلانغان. تۇز ۋە سۇمۇق تېشى، تۇرلۇك مەدەنلەر ھېكمەتلىك سانالغان. قاشتاش، كۆك تاش (لازۇرىت تېشى)، فىرۇزا تېشى، قىزىل بەدەخشان ياقۇتى، قارا شەھەر كۆك تاختا تۇزى، قىزىل سىغىز، گۇڭگۇرت قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا — تۇران ئاھالىسىنى مەھلىيا قىلىپ كەلگەن. كېسەل داۋالاش، بەدەننى بوياش، جەسەتنى قىزىل توپىغا ئوراپ كۆمۈش، تېرىقچىلىق، كاھىشچىلىق (كۇلالچىلىق)، ئۆي ـ قەلئە قۇرۇلۇشى تۇپراقنىڭ «ئانا تەڭرىسى» لىكتىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئانىمىزملىق ئۇلىنى بەرپا قىلىشتا سەۋەب بولغان. يېڭى يىل ـ نورۇز بايراملىرىدا كونا يىللىق لاي قورچاقلار توپىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، قايتىدىن يېڭى يىللىق بەخت ھامىيلىرى ياسىلىدىغان ئادەت بولغان. ھەتتا ھونلار ھەر يىلقى يېڭى يىل بايرىمىدا تەڭرىقۇت ئوردىسىدا مۇشۇنداق بەخت مۇئەككەللىرى ياساش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈشكەن. شامان (قامان) ئەقىدىلىرىدە يەر تەڭرىسى ھامىيلىق مۇئەككەللەرنى، بايلىق ۋە مول ھوسۇل مەبۇدىسى ئوماي ئانا، ناجىگەي، ئەمدىكۇل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كونا رولاننىڭ خارابىگە ئايلانغان شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ «ناجىكەنت» دەپ ئاتىلىشى ئېھتىمال بايلىق ۋە مول ھوسۇل مەبۇدىسىگە سىمۇۋل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەنئەنە بويىچە «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ

① تادۇ — يەنە تەبىئەت، تەبىئىي زات، تەبىئىي ھاسىل، تۇغما مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ.

تېشى» دا: «ئىدۇق يېر سۇب» (قۇتلۇق يەر بىلەن سۇ)، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دا: «تەڭرى يېر بولغاق ئۇچۇن» (يەر تەڭرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن)، «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» دا: «تەڭرىيېر ئانتائايۇ بېرتى»[1] (ئۇنىڭغا يەر تەڭرىسى قۇۋۋەت بەردى)، «تۇرپان ئۇيغۇرچە مانى تېكىستلىرى» دە: «ئوڭىنتا تەڭرى يېرىڭە رۇقاپاغىن ئاچتى» (ئوڭ تەرەپتىن تەڭرى يەر قاپقىسىنى ئاچتى)، «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دە: «يېر تەڭرى تۆرۈمىشتە باي يېمە بار يوق چىغاي يېمە بار» (يەر تەڭرىسى يارالمىشتا بايمۇ بار، كەمبەغەلمۇ بار ئىدى) دەپ يېزىلغان.

سۇ — قەدىمكى ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئالەم بىنا قىلغۇچ مۇقەددەس شەيئىلىرىنىڭ يەنە بىرى ھېسابلانغان. سىر دەريا «شىپالىق سۇ» دەپ قارالغان. ئېيتىلىشىچە، «ئۆتۈكەن» ئىبارىسى «سۇلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. قەدىمكى تويۇن — شامان باخشىلىرى ئۆيلەنمەستىن ئۆزىگە «سۇ ئىلاھىنىڭ قىزىنى مەھبۇب قىلىپ، پاكلىقنى يار تۇتىدۇ» دېگەن قاراشلار بولغان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخاننىڭ سۇ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخكە چىقىۋالغان كۆك كۆز، قوڭۇر چاچ گۈزەل قىزنى ئالغانلىقى ۋە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بىرسىگە «دېڭىزخان» دەپ ئىسىم قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بايقال كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى لىنا دەرياسى قاسىنىقىدىكى (ھازىرقى چىڭگىز جىلغىسى) قىيا تاشلارغا ئەجدىھا شەكىللىك ئۇزۇن قېيىقتا چۈشكەن بىر توپ كىشىنىڭ يەنە شۇنداق قېيىقتىكى بىر توپ

---

① «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 29 ـ قۇردا، «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» نىڭ 38 ـ قۇردا، «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 1 ـ قۇردا مۇقەددەس يەر (ئىدۇق يېر) دېگەن ئىبارە تاشقا ئويۇلغان.

www.uyghurkitap.com



كىشى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ سۇ ئۈزۈۋاتقانلىقى سىزىلغان①. بۇ خىل ھالەت ھازىرقى جەنۇبىي جۇڭگودىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەردە ئۇچرايدۇ. ھونلار 5 ـ ئايدا ئەجدىھا بالىقتا قۇرۇلتاي چاقىرىدىغان بولۇپ، ئەجدىھانى ئۇلۇغلايتتى. بۇ ئادەت شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ھون ئەۋلادلىرى قۇرغان بىرقانچە ھاكىمىيەتلەر (خېن، كېيىنكى جاۋ، شيا، شىمالىي لياڭ) ئارقىلىق سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرىگە ئۆزلەشكەن. كونا مىران (كىرورائىنا) ۋە رولان خارابىلىرىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى تارشا پۈتۈكلىرىدە سۇ تىلەش مەزمۇن قىلىنغان مۇناجاتنامە ۋە مۇراسىم قائىدىلىرى يېزىلغان. ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىدە خۇددى فېيېربا خ «خرىستىئان دىنىنىڭ ماھىيىتى» ناملىق كىتابىدا سۆزلىگىنىدەك: «سۇ تەبىئىي باراۋەرلىك ۋە ھۆرىيەتنى شەكىللەندۈرگۈچى نەرسە، ئالتۇن دەۋرىنى ئەكس ئەتكۈچى ئەينەك»②بولۇپ قالغان.

يەر ۋە سۇ توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر مەنپىي قۇتۇپ ياساپ ئانا تەڭرىسى چۈشەنچىلىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئورخۇن ـ يەنسەي مەڭگۇ تاشلىرىدا تۇپراق (يەر) بىلەن سۇ ھەم ئايرىم ـ ئايرىم، ھەم بىرلىشىپ ئانا تەڭرىسى «ئوماي» سىماسىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 29 ـ قۇرىدا: «تەڭرى يېر بولغاق ئۈچۈن» (يەر تەڭرىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك) ، «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ

---

① ئا. پ. ئوكلادنىكو، ۋ. ئا. زاپوروژىسكايا: «لىنا قىياتاش رەسىملىرى»، لېنىنگراد، 1959 ـ يىل، 97 — 103 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. رەسىم بىلەن بېرىلگەن.

② «فېيېرباخ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 1962 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، Ⅱ توم، 321 ـ بەت.

شەرقىي يۈزى 1 ـ قۇرىدا: «تەڭرى يىر ئايۇ بىرتى سۇب» (يەر ۋە سۇ تەڭرىلىرى)، 9 ـ قۇرىدا: «تەڭرى يىر ئانتا ئاقۇ بىرتى» (يەر تەڭرىسى ئۇنىڭغا مەدەت بەردى)، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا: «ئىدۇق يىر سۇب» (مۇقەددەس يەر ۋە سۇ) دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. تۇپراق بىلەن سۇنىڭ بىر گەۋدە قىلىنىشى ئاساسىدىكى ئانا يەر ئىلاھى — «ئۇماي» ھەققىدىكى بايانلارمۇ ئورخۇن ـ يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنغان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 31 ـ قۇرىدا: «ئۆگىم قاتۇن قۇتۇڭا كۆلتېكىن ئەر ئات بولتى» (ئۇمايدەك ئانام خاتۇن شاراپىتى بىلەن كۆلتېكىن ئەر بولۇپ يېتىشتى)، «ئالتۇن كۆل مەڭگۈ تېشى» نىڭ شىمالىي يۈزىدە: «بۇ ئاتىمىز ئۇماي باقىز» (ئاتىمىز ۋە ئۇماي بىز بىلەن)، «ئۇلانباتۇر مەڭگۈ تېشى قالدۇقلىرى» دا: «قان تەڭرى ئۇماي قاتۇن» (خان تەڭرى بىلەن ئۇماي خاتۇن) دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. ئۇماينىڭ نامى «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ 38 ـ قۇرىدا، «بايان چوقتۇ مەڭگۈ تېشى» نىڭ 38 ـ قۇرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. «ئالتۇن يارۇغ» دا: «قۇت تەڭرى قاتۇن» دېگەن شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان. «يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى» دا يەنە «ئۇماي بىگ»، «ئاناچ» (مومام) دېگەن شەكىلدىمۇ ئۇچرايدۇ.

يەر ۋە سۇ ھەققىدە «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ يىرتىنغۇ يىر سۇۋ» (ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ ئالەملىك يەر بىلەن سۇ)، «بۇ يىرتىنغۇ يىر سۇۋ داغى تىنلىغلار» (بۇ كائىناتتىكى يەر ۋە سۇدىكى جانلىقلار) دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، يەر بىلەن سۇ ئىلاھى سۈپىتىدىن قالغان ۋە بايات (تەڭرى) ياراتقان تەبىئەت جىسمى («مۆجىز») دەپ قارىلىشقا باشلىسىمۇ، مەنىۋى خاراكتېرىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى. «ئۇماي» ئانا ئىلاھەلىكتىن ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا قارىتىلغان ئىبارە بولۇپ قالدى. «ئالتۇن يارۇغ» دا: «ئۆگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قارىنتا ئۇمايىتا» (ئەقىل — ئانا قارىندا — ئۇمايدا) دېگەن سۆز بار.

ھاۋا ھەققىدىكى كۆز قاراش قەدىمكى نەپەس ۋە ھايات، ھاۋا رايى ۋە پەسىل ھەققىدىكى كۆز قاراشلار بىلەن زىچ تۇتىشىپ ئالەم ئامىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان. ھاۋا — كۆك تەڭرىسىنىڭ شەپقىتى، ئاتا تەڭرىسى بىلەن ئۇلۇغ ئانا تەڭرىسى يەر ـ سۇ ئارىسىدىكى ئاساسىي ئالاقىچى سۈپىتىدە ھايات، تەقدىر، جەڭ، سەپەر، چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىققا تولىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىلاھىي تۈس ئالغان. قەدىمكى ئەپسانىۋى كۆز قاراشلاردا ھايات نەپەس («تىنىق») كە يۆلەنگەن بولۇپ، جان ھاۋا شەكلىدە تەنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، دېيىلگەچكە، يۇڭدىن ياسالغان، ياكى لايدىن ياسىلىپ پىشۇرۇلغان قورچاقلارنىڭ قولىقىغا ئۆلگۈچىنىڭ چېچىنى تىقىپ قويۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەن روھى شۇ تۈشۈكتىن كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ دېگەن چۈشەنچە ساقلانغان.

«رىگ ۋېدا» دا يېزىلىشىچە، ئارىيانلارنىڭ جەڭ مۇئەككىلى ئىندرا («تۇرپان تېكىستلىرى» دە «ئېركەن ئىندرا») دارىئانلارنى يېڭىش جەريانىدا «ئۆلتۈرۈ قان» (قىرغۇچى خان) غا ئايلانغان، غەلىبىدىن كېيىن «مولۇت» (بۇلۇت) تەڭرىسىگە ئۆزگەرگەن. كېيىن بەخت تەڭرىسى «قۇتلۇ» بىلەن قوشۇلۇپ ئالەم بىنا قىلغۇچى ھەم سەنئەت ئىلاھى «سېۋا» ئوبرازىغا ئايلانغان.

«ئۇيغۇرچە تېببىي تېكىست» تە: «بورۇغرىنتا يېل ئىگ بولغانمىش ئىرسەر» (شامال تەڭرىسى ئاغرىپ قالسا خىرقىرايدۇ) دېيىلسە، «ئۇيغۇرچە مانى تېكىستى» دە: «يېمە يېل تەڭرى ئاتار ئوقشايىر» (يەنە شامال تەڭرىسى يولغا چىقتى) دېيىلگەن. «ئىرق بىتىگ» دە: «يېر بوشۇشلۇق تەڭرى بۇلۇتلۇق بولتى» (يار قايغۇرسا تەڭرى بۇلۇتلۇق بولدى) دەپ يېزىلغان.

ئوت — قەدىمكى ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى نەزەرىدە يەنە بىر مۇھىم ئالەم ئامىلى ھېسابلانغان. ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى تېشكەتاش، كېلتېمىنار، قولئاب قاتارلىق غار تۇرمۇشى خارابىلىرىدىن تېپىلغان كۆل قاتلاملىرى، برونزا (تۇچ) قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئافانا سىيۋ مەدەنىيىتى، ئاندروپوۋلار مەدەنىيىتى ۋە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 — 1000 يىللار ئارىسىدىكى قارا سۇقلار مەدەنىيىتىدىن ئوتنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئېلىنغان. شامان ئېتىقادىدا ئاسمان 17 قەۋەتلىك نۇر دۆلىتى بولۇپ، ئۇ تەڭرى ۋە بەخت دەرگاھى ھېسابلانغان. ئۇنىڭ ئەكسى توققۇز قەۋەت دوزاخ بولۇپ، ئۇ ئالۋاستى ۋە ئاپەت ماكانى دېيىلىپ، سوغۇق ھەم قاراڭغۇلۇق بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئوتقا ھۆرمەت قىلىش، ئوتقا سېغىنىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، ئاي - كۈن تۇتۇلۇشقاندا مەشئەل كۆتۈرۈپ شېئىرىي تىلاۋەت قىلىش، كېلىننى ئوتتىن ئۆتكۈزۈش، كېسەلنى ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، بېشىدىن ئوت ئايلاندۇرۇش، مۇردا چىققاندا چىراغ يېقىش، جىن - ئالۋاستىلارنى چاچاتقۇ ئوت بىلەن قوغلاش، ئوت چېچىپ دۇئايى بەنت قىلىش قەدىمكى تۇران ئاھالىسىنىڭ ئوتقا بولغان ئىلاھىي تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئوتقا بولغان مۇنداق سېغىنىش تۇرلۇك ئىسرىق ۋە كۈجە پۇرىتىشقا ئېلىپ كەلدى. ئوت — روھ بىلەن ئۇنىڭغا ئاتالغان ئىسرىق (شىپا بەخش ھاۋا) نى ئۆز ئارا تۇتاشتۇراتتى. ئىسرىق ئەرۋاھقا ئاتالغان نەرسىنىڭ «شىپالىق ئەرۋاھى»، «ھايات بەخش روھى» ياكى «خۇش كەيپ سوۋغىسى» ھېسابلىناتتى. ياغ پۇرىتىشمۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن بىر شەكلى بولۇپ، ئوت بىلەن ھاۋادىن تەشكىل تېپىپ كۆك تەڭرىسىگە بېغىشلىنار ئىدى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆپلىگەن قىيا سۈرەتلىرىگە ئوت (卐) تامغىسى ئويۇلغان. بىر چاغلاردا قاراشەھەر (كېنگىت، چالىش) نىڭ «ئاگنى» (ئوت بالىق) دېگەن نامى بولغانلىقى مەلۇم.

كۈن بىلەن ئاي ئوتنىڭ ئىككى مۇقەددەس سىمۋولى دەپ

قارالدى. «كۈن تەگرىدىن بولمىش»، «ئاي تەگرىدىن بولمىش» دېگەن سەلتەنەت ناملىرى بىلەن «ئالتۇن يارۇغ»قا سىڭقۇ سەلى قولى بىلەن يېزىلغان «ياڭى تۇغمىش كۈن تەگرىتەك» (يېڭى چىققان كۈن تەگرىدەك)، «ياڭى تۇغمىش ئاي تەگرىتەك» (يېڭى چىققان ئاي تەگرىدەك) دېگەن تەسۋىرىي ئىبارىلەر بىر - بىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. لوپنۇر بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ بىرقانچە چەمبەر قوزۇق قېقىلىپ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش سىماسىدا ھازىرلىنىشى، داللاردا بىرقانچە چەمبەر تاش تىزىلىپ قۇياش كۆرۈنۈشى ھاسىل قىلىنىشى قۇياشقا بولغان سېغىنىشنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ھون تەگرىقۇتلىرى ئۆزىنى تەگرى پەرزەنتى، قۇياش (كۈن) پەرزەنتى ھېسابلاشقان. ئۇلار قۇياش كۆتۈرۈلگەندە قۇياشقا، ئاي چىققاندا ئايغا قاراپ ئولتۇرغان. ئاي تولغاندا جەڭگە ئاتلانغان، ئاي قارايغاندا جەڭدىن چېكىنگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار «ھون» ئاتالغۇسىنى «كۈن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، «كۈنەس»، «كۈنچى» قاتارلىق توپىنومىك ئاتالغۇلاردىمۇ قۇياش ئىبارىسىنىڭ مەنىسى بار، دەپ قارىماقتا.

ئاي بىلەن كۈن، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرى ۋە ھاۋا بىرلىشىپ مۇسبەتلىك يەنە بىر قۇتۇپنى — ئاتا تەگرىسى — كۆك تەگرىنى ھاسىل قىلغان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا: «ئۆزە كۆك تەگرى ئاسرا) ياغىز يېر قىلىنتۇقتا» (يۇقىرى كۆك تەگرى بۇ قوڭۇر يەرنى پاناھىڭدا ئاسرا) دېيىلسە، «ئىرق بىتىگ»دە: «ئۆزە ئۈن قات كۆك ئاسرا سېكىز قات يېر تۇرۇر» (ئون قات يۇقىرى كۆك سەككىز قات زېمىننى ئاسرا) دېيىلگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا كۆك تەگرىنىڭ نامى ئالتە جايدا تىلغا ئېلىنغان.

تۆت زات — تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت ئىككى چوڭ گۈرۈپپىغا — مەنپىي قۇتۇپلۇق (阴) ئانا تەگرى، ئاتا قۇتى يەر - سۇغا

ۋە مۇسبەت قۇتۇپلۇق (阳) ئاتا تەڭرى، ئاتا قۇتى ئوت ۋە هاۋاغا بۆلۈنۈپ قارالغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 4622 ـ، 4626 ـ، 4627 ـ بېيىتلىرىدا سۆزلەنگەن «ئىسسىق» بىلەن «سوغۇق» دەل مۇشۇ ئىككى قۇتۇپلۇق — مەنپىي ۋە مۇسبەتلىك قاراشنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت. بۇ، قارىمۇقارشى قۇتۇپلارنىڭ قوشۇلۇشى مۆتىدىللىكنى پەيدا قىلىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ ئاساسىدۇر. «ئالتۇن يارۇغ» دىكى: «يېللى ئوتلى ئىكەگۇ يىنتەم ئۆرۈ بارىرلەر» (ئوت بىلەن شامال بىللە بارار)، خەلق ئاغزىدىكى سۇ بىلەن يەر كۆك»، «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۇندۇق» دېگەن سۆزلەر مانا مۇشۇ مەنپىي ـ مۇسبەت دىئالېكتىكىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزىدىكى 22 ـ، 27 ـ قۇرلار بىلەن «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزىدىكى 27 ـ، 37 ـ قۇرلاردا ئوت بىلەن سۇ (ئوت سۇب) مۇسبەت ـ مەنپىيلىك ئىككى مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

تۆت زات كۆز قارىشى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ دۇنيانى بىلىش جەھەتتىكى ئالەمشۇمۇل تارىخىي جەريانغا قوشقان تۆھپىسى بولۇپ، بۇ كۆز قاراش ئۆزىنىڭ تۆت زاتنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە مەنبە قىلمىغان پاراللېلىزملىق خاراكتېرى بىلەن قەدىمكى ھىندىستان «چارۋاقا» [2] تەلىماتىدىن، ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى تۇپەيلىدىن گرېك پەيلاسوپى ئېمپېدوكل [3] (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 490 — 430 ـ يىللار) ۋە ئارىستوتېللارنىڭ «تۆت فىزىس» تەلىماتىدىن پەرقلىنەتتى. ۋەھالەنكى، «چارۋاقا» تەلىماتىدا هاۋا ـ گاز ئاساس ئامىل بولۇپ، ئوت، سۇ، تۇپراق گازدىن هاسىل قىلىنغان ۋە گازغا ئايلىنىدىغان ئىدى. ئارىستوتېل «تۆت فىزىس» تەلىماتىدا تۆت زاتنى ئەمەس، بەلكى سوغۇق، قۇرغاق، هۆل، ئىسسىقتىن ئىبارەت تۆت سۈپەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى گرېكلاردا يېگانە ئوت (هېراكلىت [4] تەلىماتىدا)، ياكى

سۇ (تېلېس [5] تەلىماتىدا)، ياكى ھاۋا (ئاناكسىمون [6] تەلىماتىدا)، ياكى مىقدار (پىفاگور [7] تەلىماتىدا)، ياكى زەررە ــ ئاتوم (دېموكرىت [8] تەلىماتىدا) ئالەمنىڭ ئاساسىي مەنبەسى دېگەن كۆز قاراشلار ساقلانغانىدى.

ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تۆت زات كۆز قارىشى ئەڭ قەدىمكى زاماندىن بېرى داۋاملىق شەكىللىنىپ، ئىزچىل ساقلانغان. ئۇ شامان، ئاتەشپەرەسلىك (زاروئاستىرىزم)، بۇددا، مانى ۋە ئىسلام ئېتىقادلىرى دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تېبابەتچىلىكنى نۇقتىلىق قىلغان تەبىئەت ئىلمى بىلەن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. «شەنخەيجىڭ. غەربىي تاغلار بابى» دا: «غەربىي دىيارلىقلار تۇپراقتا تەئەللۇق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغاندا، سۇغا ئائىت ئۇسۇللارغا ئىلتىجا قىلىپ شىپا تاپىدۇ» دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تېبابەتشۇناس سۈن سىماۋ (581 — 682) «بىباھا غەيرىي دورا نۇسخىلىرى» ناملىق كىتابىدا غەربىي دىيار تېبابەتچىلىكىنىڭ «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق» تىن ئىبارەت تۆت زات كۆز قارىشىغا ئاساسلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق يازغانىدى. لىكوك 1906 ـ يىلى تۇرپاندىن تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر مانى دۇئاسىدا: «تۆت تادۇ يورۇقلۇق بىلەن قوشۇلۇپ ئالەم تەكرىسى ھورمۇزدا [9] (ئاخرۇمازدا — ئاپتور) نىڭ ئاساسىي ئالامىتى بولغان» دەپ يېزىلغان. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى ئۆزىنىڭ تۆت زات كۆز قارىشىدا ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

★

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇلۇغ ئالىمى ۋە پەيلاسوپى ئەبۇ نەسىر فارابى ئارستوتېل پەلسەپىسىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچراشتىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيا تۆت زات كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك ئەنئەنىۋى تەسىرىدە ئۆزىنىڭ تەبىئەت كۆز قارىشىغا ئاساس سالغانىدى. ئۇ كېيىن باغداد، ھەلەب، دەمەشىق قاتارلىق جايلاردا گرېك پەلسەپىسى بىلەن تونۇشقاندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۆت زات كۆز قارىشى ئاساسىدا ئېمپېدوكل، ھىپپوكرات، ئارستوتېل، گالېن قاتارلىقلارنىڭ «تۆت فىزىس» كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ تۆت زات ۋە ئالەم نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى» («ئىھسائۇل ئۇلۇم») ناملىق زور ھەجىملىك ئىلمىي كىتابىدا تۆت زات توغرىسىدا توختىلىپ: «بىز ئۇلارنى تۈرگە ئايرىپ بايان قىلساق، ئۇ تۆتلىك شېئىر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار: ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت... ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىمۇ تۆت خىل، ئاتاپ ئېيتقاندا: ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل ۋە قۇرغاقتىن ئىبارەت»[①] دەيدۇ. فارابى ئارستوتېلنىڭ ئەكسىچە تۆت زاتنى ئەسلى ماددا — «جەۋھەر» (سۇبستانسىيە)، تۆت خۇسۇسىيەتنى ئالامەت — «ئەرەز» (ئاكسىدېنسىيە) دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭچە، جەۋھەرسىز ئەرەزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىبىن سىنا فارابى پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى تۆت زات كۆز قارىشىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ «ئەلقانۇن فىت تېب» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: «تەبىئىي ئۇنسۇرلار تۆتلا. ئۇلارنىڭ تۆتتىن ئارتۇق ئەمەسلىكىگە تەبىئەتشۇناس ئالىملار ئىشەنسۇن. ئۇنسۇرلارنىڭ

---

① س. ن. گرىگورىئاننىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران IX — VII ئەسىر پەلسەپە تارىخى ئوچېركلىرى» ناملىق كىتابىغا «ئىھسائۇل ئۇلۇم» ئىلاۋە قىلىنغان. رۇسچە 1960 ـ يىلى نەشرى، 151 ـ، 152 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئىككىسى يەڭگىل، ئىككىسى ئېغىردۇر. يەڭگىل ئوت ۋە ھاۋا بولۇپ، ئېغىرى سۇ ۋە تۇپراقتۇر. تۇپراق ئاددىي جىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي ئورنى ھەممە جىسىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر··· تۇپراقنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ۋە سوغۇقتۇر ··· سۇ سوغۇق ۋە ھۆلدۇر... ھاۋانىڭ تەبىئىتى... ئىسسىق ۋە ھۆل. ئوت... مۇتلەق يەڭگىل... ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق ۋە قۇرۇق»[①] دەپ يازغان. ئىبنى سىنا «مەۋجۇداتنىڭ بۆلۈنۈشى توغرىسىدا رىسالە»، «بىرۇنى بىلەن ئىبنى سىنانىڭ سوئال ـ جاۋابلىرى» قاتارلىق ماقالىلىرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋى تۆت زات كۆز قارىشىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەندى.

★

ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئىزدىنىشلىرىگە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى تەرىپىدىن قوشۇلغان مۇھىم ھەسسە بولغان «تۆت تادۇ» قارىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپتا ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى باياندىن كۆپ قاتلاملىق كلاسسىك بايان ھالىتىگە كۆتۈرۈلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۆت تادۇ» قارىشى ئارقىلىق پەلسەپە، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، ئىنسان بىئولوگىيىسى مەسىلىلىرىنى ئىزاھلاپ قالماي، يەنە جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۆلگىسىنى تىكلىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 3725 ـ، 3726 ـ بېيىتلىرىدا ئارستوتېل، فارابى ۋە ئىبنى سىناغا ياندىشىپ يەر

---

① ئىبنى سىنا: «ئەلقانۇن فىت تىب»، 1954 ـ يىل، تاشكەنت نەشرى، I توم، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.

(تۇپراق)نى سۇ قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىنى ھاۋا (يەل) قورشاپ تۇرىدۇ، ئوت بولسا ئالەمنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ[①] دېگەن پىكىر بىلەن، بۇ تۆت زاتنىڭ تۆت خىل فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە مۇنداق يازىدۇ:

قودىسى ياغىز يەر ياشىل سۇۋ بىلە
ئۆرۈسى سۇزۇگ يەل ئۆزە ئوت ئۇلا
[تېگىدۇر قوڭۇر يەر بىلەن يېشىل سۇ،
ئۈستى سۈپسۈزۈك يەل بىلەن ئوتتۇر ئۇ.]
«ئىسىگ تومىلىغ ھەم قۇرۇغ يا ئۆلۈگ»
ياراشتۇردى خەلققە تەگۈردى ئۇلۇگ
[قۇرۇق - ھۆل بىلەن بۇ ئىسسىق، سوغۇقنى —
ياراشتۇردى، بەردى خەلققە رىزىقنى.]

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» ناملىق بابىنىڭ 143 ـ، 144 ـ، 145 ـ بېيىتلىرىدا تۆت زاتنىڭ تۆت پەسىلگە ئاساس سالغانلىقى، تۆت زاتنىڭ ئالەم قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزى ئىكەنلىكى توغرىسىدا «ماتېرىيالىستىك قاراشقا ئەينەن ئىشارە قىلىنغان ئېپىزوت»[②] بېرىلگەن:

ئۇچى ئوت ئۇچى سۇۋ ئۇچى بولدى يەل
ئۇچى بولدى تۇپراق ئاژۇن بولدى ئەل

---

① بۇ خىل كۆز قاراش يەر مەركەزلىك تەلىماتى (گېئوسېنتىرىزم)نىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى بولغان. يەر مەركەزلىك نەزەرىيىسى بويىچە سوغۇق ۋە قۇرۇق، ئېغىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تۇپراق (يەر) قالغان ئۈچ زاتنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، ئۇلار ئۆز تەرتىپى بويىچە ئالەمنىڭ گەۋدە تۈزۈلۈشىنى تەشكىل قىلغان، دېيىلەتتى.

② قەييۇم كەرىموف: «ئىلىك بەدىئىي داستان»، 29 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

[ئۇچى سۇ، ئۇچى يەل، ئۇچى بولدى ئوت،
ئۇچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.]
بۇلاردا بىرىسى بىرىگە ياغى
ياغىقا ياغى ئىدتى كەستى چوغى
[يېغىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلدى جەڭنى نېرى.]
قارىشماز ياغىلار ياراشتى ئىچىن
كۆرۈشمەز ياغىلار كۆتۈردى ئۆچىن.
[ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۇچۇن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۆچىن.]

شۇنداق قىلىپ، خۇددى فارابىغا ئوخشاش يۇسۇپ خاس هاجىپمۇ «تۆت تادۇ» تۇپراقنى مەركەز قىلىپ، سۇ، هاۋا ۋە ئوتنىڭ ئىغىر - يەڭگىللىك بويىچە بىر - بىرىنى چۆرىدەپ چەمبەر هاسىل قىلىشىدىن مۇنداق تۈزۈلمە مودېلىغا ئىگە دەپ قارايدۇ:




يۇسۇپ خاس هاجىپ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ۋە بىرلىكتە بولغان تۆت زاتنى ئىنسانىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشى، هاياتى، ساغلام ياكى كېسەللىكى، هەتتا روهىي هالىتىنىڭ ماددىي ۋە بىرلەمچى نېگىزى سۈپىتىدە ئۆز

داستانىنىڭ كۆپلىگەن بېيىتلىرىدا، بولۇپمۇ 1053 ـ، 3579 ـ، 4631 ـ، 4632 ـ، 4633 ـ، 5866 ـ، 5867 ـ، 5868 ـ بېيىتلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئۇ داستانىنىڭ 4632 ـ، 4633 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئۆزۈڭ تەبئىنى مەن ئايايىن يورا
قىزىللى سارىغلى ئۆرۈڭلى قارا
[مىزاجىڭنى ئېيتاي ئوچۇق ساڭا، بىل،
سېرىق، ئاق، قارادۇر ۋە ياكى قىزىل.]
بۇلاردا بىرسى بىرىگە ياغى،
ياغۇسا ياغىقا ياغى ئادرارا
[بۇلارنىڭ بىرسى بىرىگە يېغى،
يېغىلارنى بۇ رەڭ بىلەن ئايرىغىل.]

شائىر ئۆز داستانىنىڭ 1053 ـ بېيىتىدا كىشى بەدىنىدە تۆت زاتنىڭ نورمال («ياراشىق») ھالىتى بۇزۇلۇشى تۈپەيلى ساغلاملىققا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى:

ياراشىق تادۇلار قارىشتى ئىچىن
كۆچەندى بىرى تۇتتى باستى ئۇچىن
[جېدەل باستى يارىشىق تادۇ ئىچىنى،
يېڭىپ بىرى باستى كېلىپ ئۇچىنى.]

دېگەن مىسرا بىلەن ئىپادىلىسە، داستانىنىڭ 5866 ـ، 5867 ـ، 5868 ـ بېيىتلىرىدا كىشىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى تۈرلۈك ئىپادىلىرىنىمۇ بىر ـ بىرىگە زىت تۆت زات ئاساسىدا مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىشى تەبئى تۆرت ئۇل قارشىما ياغى
بىرى كۇلدۇرۇر بىر قىلىۇر ئۇن چوغى
[ كىشى تەبئى تۆت قارىمۇقارشى يىغى،
بىرى كۇلدۇرۇر، بىرى قىلۇر ئۇن چوغى[1]]
بىرى ئەۋسە بىرى ئامۇللۇق تىلەر
بىرى كۇلسە بىرى سىغىتقا ئۇلار
[بىرى شاشسا، بىرى بىسىقلىق تىلەر،
بىرى يىغلىتىپ، ئۇ بىرى كۇلدۇرەر.]
سەۋىنچلىگ تەدۇكتە ساقىنچ كەلدۇرۇر
ساقىنچلىغ تەسەبۇ سەۋىنچ كۇلدۇرۇر
[خۇشاللىق دىگەن چاغدا غەم كەلتۇرۇر،
خاپىلىق دىسە بۇ خۇشال كۇلدۇرۇر.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئىنساننى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئىزاھلىغىنىدا، تۆت زات مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىدىغان تۆت پەسىل ئۆزگىرىشىنىڭ، جۈملىدىن ئادەم ھاياتىدىكى بالىلىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىقتىن ئىبارەت تۆت تەرەققىيات مەزگىلىنىڭ ئادەم ھاياتىنىڭ نورماللىقىنى تەمىنلەپ تۇرغان تۆت مىجەز تەكپۇكلۇقىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئۆز داستانىنىڭ 4620 — 4629 ـ بېيىتلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. يۇسۇپخاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 6006 — 6014 ـ بېيىتلىرى ئارىسىدا، ھەتتا تۆت پەسىل، ئۆمۈرنىڭ تۆت دەۋرى[2] ۋە تۆت زات ئۆزگىرىشى كىشىنىڭ قانداق چۈش كۆرۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ ئىزاھلاپ

① ئۇن چوغى — غوۋغا قىلماق. «قۇتادغۇ بىلىك» [231] ئىزاھات.
② بالىلىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئۇتىدۇ. بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز.

★

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «تۆت تادۇ» قارىشى، تۆت زاتنى پاراللېل ئورۇنغا قويغانلىقى، تۆت زاتنى ئالدى بىلەن نەرسە (سۇبستانسىيە)، ئاندىن كېيىن خۇسۇسىيەت دەپ مۇقەررەرلىك ئورنىغا قويغانلىقى، تۆت زاتنى بىر قاتار پائالىيەتچان قاتلاملارغا ئاجرىتىپ ئىزاھلىغانلىقى، تۆت زات ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسى مەسىلىلىرىدىن تاشقىرى ئىجتىمائىي ۋە روھىي مەسىلىلەرنى ئىزاھلىغانلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىق شەكىللەندۇرگەن.

## 3. «قۇتادغۇ بىلىك»تە زىددىيەت، ھەرىكەت ۋە تەرەققىيات قارىشى

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا كۆزگە تاشلىنىدىغان ئەھمىيەتلىك بىر مۇھىم پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر — شەيئى ۋە ھادىسىلەردىكى زىددىيەت ۋە كۆرەش نۇقتىئىنەزەرىدىن ئىبارەت.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ گەرچە زىددىيەت ۋە كۆرەشنى ئالەم تەرەققىياتىنىڭ تۈپ مەنبەسى دەپ روشەنلەشتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۇ مۇنداق زىددىيەت ۋە كۆرەشنى بىرىنچىدىن، ئەڭ ئاساسىي ماددا — «تۆت تادۇ» نىڭ تەبىئىي خاراكتېرىدە ساقلانغان مەنپىي - مۇسبەتلىككە باغلايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مۇنداق زىددىيەت ۋە كۆرەشنى ئاسمان جىسىملىرىدىن ئادەم ۋۇجۇدىغىچە، تەبىئەتتىن جەمئىيەتكىچە ئومۇمىي ھادىسە سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ زىددىيەت ۋە كۆرەش قاراشلىرىغا

قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا ئەنئەنىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى تەسىر كۆرسەتكەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «بېگلەر بىر ـ بىرىگە ياغىقتى» (پادىشاھلار ئۆزئارا زىتلاشتى) دېيىلسە، «ئالتۇن يارۇغ» دا: «يومقى يىغىلىپ بىر يېرتە ئۆچمن قارشى تېلىرلەر» (ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ ئۆزئارا قارشىلىشار)، «تۆرت ماھا بوتلۇق يىلانلار ئۆزكە توزا ئۆڭى ئول تۇرسالار يىمە بىر يېرتە» (تۆت چوڭ زات بىر جايدا تۇرسىمۇ خۇددى يىلاندەك بىر ـ بىرىدىن تۇرقى پەرقلىنىدۇ) دېيىلگەن. «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دە: «بۇ يىرتىنچۇ تۆرۈسى ئانتاغ ئول ئامراق يىمە ئادىرلار سېرىگ يىمە سېرىنئۇر» (بۇ ئالەم قانۇنى ئانداغكى، ئۇ ئامراقلىقنى بىلمەيدۇ، مۇھەببەتنى بىلمەيدۇ) دەپ يېزىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 2249 ـ، 2250 ـ بېيىتلىرىدا زىددىيەت («ياغى»، «قارشىما»، «ئۆچەش») قۇتۇپلىرىنىڭ زىتلىقىنى مۇنداق يازغان:

ئەسىز ئەزگۇ بىرلە ياراشماز بولۇر
كۆنى ئەگرى بىرلە كۇرەشمەز بولۇر
[يامان ياخشى بىرلە ياراشماس بولۇر،
تۈز ئەگرى بىلەن چىقىشالماس بولۇر.]
قارا تۈن يارۇق كۈنكە ياقماز ياغۇق،
ياشىل سۇۋ قىزىل ئوتقا بولماز قونۇق.
[ قارا تۈن، يورۇق كۈن ئاراسى يىراق،
يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا بولماس قوناق[1].]

تۆت زاتنىڭ زىددىيەتتىن باشقا بىرلىشىشى توغرىسىدا

---

[1] قوناق — قونۇچى، مېھمان. «قۇتادغۇ بىلىك» [136] ئىزاھات.

«ئالتۇن يارۇغ» دا «تۆت ئۇلۇغلار بىرىكىپ» دەپ تىلغا ئېلىنغانىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ، زىددىيەتنىڭ بىردەكلىك («ئۆز»)، ھەمجەھەتلىك، گارمونىيىلىك مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭچە، زىت خاراكتېردىكى، بىر - بىرى بىلەن كۈرەشتىكى ئالەم («يىرتىنغۇ») ۋە تەبىئەت تەگرى («بايات») نىڭ ئىزغا سېلىشى، قانۇنىيەتلىك قىلىشى شارايىتىدىن بىردەكلىك ئىچىدە ئۆزئارا ماسلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ ۋە ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك دىئالېكتىك كۆز قارىشىنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقىنى ھاسىل قىلغان. ئۇ 146 ـ بېيىتتا مۇنداق يازىدۇ:

ئەتىكلى باياتىم ئەتە بەردى ئۆز
ئەتە بەردى تۈزدى ياراشتۇردى تۈز
[يېتىشلىك ئىلاھىم سېلىپ ئىزغا ئۆز،
ياراتتى ئۇلارنى، ياراشتۇردى تۈز.]

ئۇ 3212 ـ بېيىتتا تۇپراقنىڭ سۇ بىلەن زىددىيەتتىن بىرلىككە كېلىشىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ياغىز يەر ياشىل سۇ ياراشتى بىلە
ئارا مىڭ چېچەكلەر يازىلدى كۆلە
[قوڭۇر يەر يېشىل سۇ ياراشماق بىلە،
ئارا مىڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلە.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ، داستانىنىڭ 3550 ـ، 3551 ـ، 4926 ـ بېيىتلىرىدا زىددىيەتلەرنىڭ بىرلىكى ۋە قارشى تەرىپكە ئۆتۈشۈشلۈكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەۋىنچىن كۆرۈ بارسا ئاخىر ساقىنچ
ساقىنچىن تىرىلسە بولۇر كىن سەۋىنچ
[سۆيۈنچىن كۆرەرسەن، ئاخىرى ئەلەم،
ئەلەمدىن كېلۇر سوڭ سۆيۈنچىسى ھەم.]
ئۇچى نىمەت ئەرسە تۈپى مىھنەت ئول
باشى مىھنەت ئەرسە سوڭى نىمەت ئول
[ئۇچى بولسا نېمەت، تۈۋى مىھنەت ئول،
بېشى بولسا مىھنەت، سوڭى نېمەت ئول.]
قۇرۇغلۇق تۇرۇر بۇ زامانە ياسى
ئارا ئاسغى تەگرۇر ئارالا ياسى
[قۇرۇقلۇق تۇرار بۇ زامانە ياسى،
تېگۇر گاھ زەرەرى، گاھى پايدىسى.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 4225 ـ، 4226 ـ، 4227 ـ، 4228 ـ بېيىتلىرىدا سۈلھى قىلغىلى بولىدىغان ۋە سۈلھى قىلغىلى بولمايدىغان ئىككى خىل زىددىيەت ھەققىدە توختىلىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇتەپەككۇر ئەينى زامان ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ تەسىرىدە دىنىي زىددىيەتنى مۇرەسسەسىز زىددىيەتنىڭ، مەنپەئەت زىددىيىتىنى مۇرەسسە ـ مادارا قىلىشقا بولىدىغان زىددىيەتنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 126 ـ، 696 ـ، 731 ـ، 734 ـ، 743 ـ، 744 ـ، 1049 ـ، 1050 ـ، 1086 ـ، 1087 ـ، 4888 ـ، 4889 ـ، 6219 ـ، 6220 ـ، 6221 ـ بېيىتلىرىدا ئالەمنىڭ، ھەممىدىن ئىلگىرى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتە ۋە ئۆزگىرىشتە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ خىل ئىستىخىيىلىك دىئالېكتىك كۆز قارىشى يەنىلا ئۇنىڭ ئىلاھىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمىگەن. ئۇنىڭ ئىلاھىيەتچىل ئالەم ھەرىكىتى كۆز قارىشى

داستاننىڭ 3194 ـ بېيىتىدا مۇنداق تىپىك تەرىپلەنگەن:

تۇرۇتتى بۇ ئەۋرەن تۇچى ئەۋرۈلۇر
بايات ھۆكمى تەقدىر بىلە تەزگىنۇر
[ ياراتتى پەلەكنى، تۇرماي چۆرگىلۇر،
خۇدا ھۆكمى تەقدىرىلە تەۋرىنۇر.]

داستاننىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج بايانىدا» ناملىق بابى پۈتۈنلەي ئالەمنىڭ، جۈملىدىن جانلىق تەبىئەتنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشىگە بېغىشلانغان. 126 ـ بېيىت بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى سۈپىتىدە مۇنداق يېزىلغان:

ياراتتى كۆر ئەۋرەن تۇچى ئەۋرىلۇر
ئانىڭ بىرلە تەزگىنچ يەمە تەزگىنۇر
[ياراتتى پەلەك، كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگىلۇر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن باشقا يۇلتۇزلار، جۈملىدىن ئايمۇ ئورۇن ئۆزگەرتىدۇ، بۇرج ئۆزگىرىشىدىن پەسىللەر ھاسىل بولىدۇ، ئۆرلەش بىلەن چۈشۈش، كېچە بىلەن كۈندۈز، تۇغۇلماقلىق بىلەن ئۆلمەكلىك، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ئۆزئارا ئۆزگىرىدۇ، بىقارارلىق، تۇرغۇنسىزلىق ئالەمنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئىنسانىيەت ھاياتى بىلەن بەخت ـ سائادىتىمۇ مۇنداق بىقارارلىقنىڭ تەسىرىدە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

داستاننىڭ 743 ـ، 744 ـ بېيىتلىرىدامۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئاي ئورنى بولدى ئەۋى مۇنقەلىب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇنسىز بولۇر مۇنقەلىب نەڭ قىلىپ
[بۇ ئاينىڭ ئۆيى ھەم ئورنى مۇنقەلىپ①،
مۇنقەلىپ — قالۇر ئۆيىسىز ئاخىر بېرىپ.]
بۇ ئاي بۇرجى سەرتان بۇ ئەۋ ئەۋرىلۈر
ئەۋى ئەۋرىلۈر ھەم ئۆزى چەۋرىلۈر
[بۇ ئاي بۇرجى سەرتان، بۇ بۇرج ئۆزگىرۇر،
ئۆيى ئۆزگىرۇر ھەم ئۆزى چۆرگىلۇر.]

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى كۆپلىگەن تەبىئەت تەسۋىرلىرىكىلىرى ھەرقايسى مەۋسۇملاردىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بۇرج ئۆزگەرتىشىنى سۈرەتلەش ۋاسىتىسى بىلەن بېرىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 696 ـ، 1086 ـ ۋە 1087 ـ بېيىتلىرىدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، تۇغۇلماقلىق بىلەن ئۆلمەكلىكنىڭ ئۆز ئارا ئۆزگىرىشىنى ئومۇمىي ئۆزگىرىشكە مىسال قىلىپ مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

كەلىپ بارماز ئەرسە بۇ دەۋلەت يانا
تۈنەرمەگەي ئەردى يارۇمىش كۆنە
[كېلىپ كەتمەس ئولسا بۇ دۆلەت يانا،
يورۇق كۈن قارايماس ئىدى، كۆر، مانا.]
قايۇكىم تۇغار ئەرسە ئۆلگۈ كەرەك
قايۇ نەڭ ئاغار ئەرسە ئىلگۈ كەرەك
[نېمە كىم تۇغۇلار ھەم ئۆلمەك كېرەك،
نېمە ئۆرلىسە، پەسكە چۈشمەك كېرەك.]
ئاغىشقا ئىنىش ئول ئەدىزكە پاتىغ،
سەۋىنچكە ساقىنچ ئول ئاچىغقا تاتىغ

① مۇنقەلىپ — يۆتكىلىپ، ئايلىنىپ تۇرغۇچى، تۇراقسىز. «قۇتادغۇ بىلىك» [85] ئىزاھات.

[چىقىشقا چۇشۇش بار، ئېگىزگە باتىق[1]،
سۆيۈنچكە قايغۇ ـ غەم، ئاچچىققا تاتىق[2].]

داستاننىڭ 1049 ـ ، 1050 ـ بېيىتلىرىدا بۇ پىكىر تېخىمۇ دىئالېكتىك تۈستە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

ئىنگلى ئاغار ئول ئاغىنلى ئىنەر
يارۇغلى تۇنار ئول يورىغلى تىنار
[ئۆرلىگەن چۈشەر ھەم چۈشكەنلەر چىقار،
يورۇغان ئۆچەر ھەم يۇرگەنلەر تىنار.]
نەكىم ئىشلەر ئەرسە تۇكەلىن كۇدەر
تۇكەگلى تۇكە سە ئىنىشكە يانار
[نە ئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۈتەر،
تولۇقلۇققا يەتسە چۈشۈشكە يانار.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 392 ـ، 400 ـ، 401 ـ، 402 ـ، 403 ـ، 404 ـ، 549 ـ، 550 ـ، 662 ـ، 666 ـ، 668 ـ، 669 ـ، 670 ـ، 676 ـ، 677 ـ، 681 ـ، 685 ـ، 694 ـ، 695 ـ، 719 ـ، 731 ـ، 734 ـ، 741 ـ، 742 ـ، 743 ـ، 1332 ـ، 1373 ـ بېيىتلىرىدا ۋەزىر ئايتولدى گەۋدىلەندۇرۇلگەن بەخت ـ سائادەت كاتېگورىيىسىنىمۇ يېڭى چىققاندا كىچىك باشلىنىپ بارغانسېرى ئۆرلەپ، تولغاندىن كېيىن يەنە كىچىكلەشكە باشلايدىغان، بىقارار ۋاپاسىز ئايغا، دومىلاپ توختىمايدىغان توپ (يومزەك) قا، تۇتۇق بەرمەيدىغان كېيىك ياكى قۇشقا ئوخشىتىدۇ.

---

[1] باتىق — چوڭقۇرلۇق، ئوي يەر. «قۇتادغۇ بىلىك» [100] ئىزاھات.
[2] تاتىق — تاتلىق، لەززەت. «قۇتادغۇ بىلىك» [101] ئىزاھات.

www.uyghurkitap.com



«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ھەرىكەت، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنىڭ ئىز بېسىشى ئاساسىدا ئىزاھلىنىدۇ. مۇتەپەككۇر ئۆز ئەسىرىنىڭ 686 ـ، 687 ـ، 688 ـ، 689 ـ بېيىتلىرىدا ئۆزىنىڭ يېڭىلىق تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى ۋەزىر ئايتولدى نامىدىن روشەن جاكارلاپ مۇنداق يازىدۇ:

مۇن ئەرمەز ماڭا كۆر بۇ ئەرسەللىكىم
ياڭى نەڭ تولۇلارما ئۆزكە بەكىم
[تۇراقسىز بولۇشۇم ماڭا ئەيىب ئەمەس،
تاللايمەن ئۆزۈمگە يېڭى نەرسە، بەس.]
قامۇغ ئەسكى نەڭلەر ئەرىنچىگ بولۇر
ئەرىنچىگ يوكى كۆر يەرىنچىگ بولۇر
[پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.]
ياڭى نەڭ بولۇردا بۇ ئەسكى نەرەك
تالۇ نەڭ بولۇردا ياۋۇز نەكەرەك
[يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە[1] نەرسە بولسا يامان نە كېرەك.]
ياڭىدا بولۇر كۆرسە بارچە تاتىغ
تاتىغنى تىلەپ ئەركۆر ئەمگەر قاتىغ
[پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېڭىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.]

«قۇتادغۇ بىلىك» تە تىلغا ئېلىنغان زىددىيەت، ھەرىكەت، تەرەققىيات توغرىسىدىكى بايانلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پانتېئىزملىق پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىكى دىئالېكتىك ئامىللارنى چۈشىنىشتە، مۇتلەق ـ نىسپىيلىك قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى

---

① سەرە — نەپىس، سەرخىل، كۆركەم.

كىلاسسىك قاراشنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى ئىزچىل ئىپادىلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە تىلغا ئېلىنغان يېگىلىقنىڭ يېڭىلمەسلىكى ۋە يېڭىلىقنىڭ تەرەققىياتتىكى ئاۋانگارتلىق رولى توغرىسىدىكى يارقىن قاراشلار مۇتەپەككۇرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئالىي تەرەققىيات تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە، ئۇنىڭ ئەينى زاماندىكى بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىش ھادىسىلىرىنى قىزغىن قوللىغانلىق ئوبرازىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مەنبەلىك قىممەتكە ئىگە. بۇ قاراش يەنە «گۈزەللىك — يېڭىلىقتۇر» دېگەن يەنە بىر قاتلاملىق ئىلمىي قىممىتى بىلەن ئېستېتىكىلىق ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك»تە تەبىئەت پەلسەپىسى كاتېگورىيىلىرى

كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىلەر ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئالەم بىلىش جەريانلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان. ۋەھالەنكى، ئۇ ئەينى زامان روھىيىتىگە يارىشا ئانىمىزملىق، شامانىزملىق ياكى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى (دېئىزملىق) تۈس ئالغان، خالاس. بىز «ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»، «تۇرپان تېكىستلىرى»دىن «قۇت» («تادۇ»، «ماھابۇت»)، «ئاژۇن» (دۇنيا، دەۋران)، «يىرتىند-غۇ» (كائىنات، ئالەم)، «ئۈچ ئۆتكى» (ئۈچ زامان)، «ئۆگرە ئاژۇن» (ئۆتكەن زامان)، «كۆزۈنور ئاژۇن» (رېئال دۇنيا)، «ئوقبا» (پانىي دۇنيا)، «ئۆزلەك» (تەقدىر)، «مەڭۇ»، «ئاھەرى» (ئەبەدىيلىك)، «تۇراقسۇز» (بىقارار)، «ئۆلسىز

تۇپىسىز» (چەكسىز)، «توغۇم» (تۇپ زات)، «بايات»، «تەڭرى» (تەڭرى، خالىق)، «مۆجۈز» (مەخلۇق، يارالمىش نەرسە)، «ئوماغ» (مۇمكىنلىك)، «ئۆزۈت» (ماھىيەت، روھ)، «ئۆڭ» (شەكىل، ھالەت)، «تۆرۈ» (قانۇنىيەت)، «كېرتۈ»، «كۆنى» (چىن، ھەقىقەت، ھەقىقىي)، «ئەركسىنمەك» (ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە، ئەركىنلىك) قاتارلىق تەبىئەت پەلسەپىسىگە ئائىت كاتېگورىيىلىك ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلىش نەزەرىيىسى، تەبىئەت ئىلمى، ئەدەپ ـ ئەخلاق، سىياسىي ـ قانۇن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئائىت بىرقاتار كاتېگورىيىلىك ئىبارىلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، يەنە تەبىئەت پەلسەپىسىگە ئائىت بىرمۇنچە ئاساسلىق كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىلەرنى تىلغا ئالدى. بىز كىتابىمىزدا بۇ كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىلەرنى ئالاقىدار ماۋزۇ ـ تېمىلاردا بايان قىلىدىغان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇھىملىرىنى بېيىت كۆرسەتكۈچى بىلەن تىلغا ئېلىپلا ئۆتمەكچىمىز:

— «تۆت زات» (تۆت تادۇ): 60 ـ، 143 ـ، 144 ـ، 145 ـ، 3212 ـ، 3725 ـ، 3726 ـ، 1053 ـ، 3579 ـ، 4631 ـ، 4632 ـ، 4633 ـ، 5866 ـ، 5867 ـ، 5868 ـ، 6006 ـ، 6007 ـ، 6008 ـ، 6009 ـ، 6010 ـ، 6014 ـ قاتارلىقلار.

— «مەڭگۈ، مۇتلەق» (مەڭگۈ): 833 ـ، 834 ـ، 1049 ـ، 1050 ـ، 1086 ـ، 1087 ـ قاتارلىقلار.

— «بىقارارلىق، نىسپىيلىك» (تۇراقسىز، يايىغ): 399 ـ، 400 ـ، 401 ـ، 402 ـ، 403 ـ، 404 ـ قاتارلىقلار.

— «زىددىيەت» (قاراشما، ياغى): 144 ـ، 145 ـ،

696 ـ، 2938 ـ، 3548 ـ، 3549 ـ، 3550 ـ، 4918 ـ، 4926 ـ، 4225 ـ، 4226 ـ، 4227 ـ، 4228 ـ قاتارلىقلار.

— «بىرلىك» (قوناق، ياراشۇق، ئۆزلىك): 434 ـ، 4269 ـ، 3208 ـ، 3212 ـ قاتارلىقلار.

— «ھەرىكەت»، «ئۆزگىرىش»، «دەۋر قىلىش» (ئېۋۈرگۈ): 126 ـ، 731 ـ، 734 ـ، 743 ـ، 744 ـ قاتارلىقلار.

— «ماكان» (ئورۇن) ۋە «زامان» (ئۆتكى): 19 ـ، 1211 ـ، 1213 ـ، 2523 ـ قاتارلىقلار.

— «ئىككى ئالەم» (ئىككى ئاژۇن): 1147 ـ، 1294 ـ، 1432 ـ، 1659 ـ، 1663 ـ، 1973 ـ، 3658 ـ، 3659 ـ قاتارلىقلار.

— «يېڭى نەرسە» (ياڭى نەڭ) ۋە «كونا نەرسە» (ئەسكى نەڭ): 686 ـ، 687 ـ، 688 ـ، 689 ـ قاتارلىقلار بىلەن «چەكلىك» (ئۈلۈگ تۈپلۈگ)، «چەكسىزلىك» (ئۈلسىز تۈپسىز)، «قانۇنىيەت» (تۆرۈ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەبىئەت پەلسەپىسى كاتېگورىيىلىرى ئۇنىڭدىكى ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك ۋە ئىجتىمائىي تېماتىكىلار بايانىدىمۇ ئۇللۇق پەلسەپىۋى رول ئوينىغان. شۇنىڭدەك، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەبىئەت پەلسەپىسى كاتېگورىيىلىرى مەدرىسە پەيلاسوپلىرىچە ھەربىر كاتېگورىيىنىڭ تەرىپ ۋە بېشىمىنى بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاساسلىق تېماتىك مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. مەسىلەن، «ئىككى ئالەم» ماكان قارىشى، ئادەمنىڭ ئۆمرى (زامان) قىسقىلىقى، ئۇ چەكسىز زاماندا چەكلىك زامان قىممىتىگە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى زامان ۋە ماكانىنى — ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنى نەزەردە تۇتۇپ، ياخشىلىق قىلىش، قىسقا ئۆمۈرنى ياخشىلىق قىممىتى بىلەن بېزەش لازىملىقى مەسىلىسىگە قارىتىلغان. «تۆت زات» ۋە «زىددىيەت»، «كونا نەرسە» ۋە «يېڭى نەرسە» كاتېگورىيىلىرىمۇ تىنچ، خاتىرجەم، گارمۇنىك ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئىجتىمائىي بەخت يارىتىش غايىلىرىنى ئىزاھلاشقا قارىتىلغان.

## 5. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئالەم قارىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى سىستېمىسىدا ئۇنىڭ پەلەكىيات (كوسمولوگىيە) قاراشلىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ جەھەتتىكى بايانلىرى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالەم قاراشلىرى، ئاسترونومىيىلىك تەجرىبە جۇغلانمىسى بىلەن پتولېمى، فارابى ۋە بىرۇنى تەلىماتلىرى، جۇملىدىن جۇڭگو، بابىلۇن — مانىزىم تەقۋىمچىلىك ئۇتۇقلىرى ئۇلىدا قەد كۆتۈرگەن، مۇتەپەككۇرغا خاس «تۆت تادۇ» قاراشلىرى ئاساسىدا ئىزچىللىققا ئېرىشكەن ۋە كلاسسىك خاراكتېر ئالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان نەزەرىيىۋى كامالەت تەلىپى بويىچە پەيلاسوپ — پەلەكىياتچى ھۆكۈمالىق مەلەكىسىدە كۆرۈنگەن نامايەندە ئىدى. ئۇنىڭ پەلسەپە، ئاسترونومىيە، فىزىكا ۋە ماتېماتىكىنى تۆپ زات ۋە مىقدار نەزەرىيىسى بىردەكلىكى ئاساسىدا ئىزچىللاشتۇرغانلىقى، بۇ جەھەتتە ھەم ئىلمىي، ھەم گۈزەل تەسۋىرىي بېيىتلار يازغانلىقى بۇ ھۆكۈممىزنى دەلىللەيدۇ. مۇئەللىپ ئۆز كىتابىدا ئالەم ھەققىدە 150 تىن ئارتۇق بېيىت يازغان بولۇپ، پۈتۈن «قۇتادغۇ بىلىك»

تېمىلىرى ئىچىدە 3 ـ ئورۇننى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەبىئەت ئىلىملىرى تېمىسى ئىچىدە 1 ـ ئورۇننى ئىگىلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەمنى تەڭرى ياراتتى دېگەن ئومۇمەن دىنىي، خۇسۇسەن ئىسلامىيەتچە ئىلاھىيەت قارىشىنى تىلغا ئالغان ھالدا، نۇقتىلىق قىلىپ دۇنيانىڭ ماددىي قۇرۇلمىلىق مودېلى ۋە دائىمىي ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنى سىزىپ بەرگەن. ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەگەر مەۋجۇد قەشقەرى تىللار ۋە خەلقلەرنى گەۋدە قىلىپ ئۆز كىتابىدا «يەر سۈرىتى» خەرىتىسىنى سىزغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇلتۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ماكان، زامان خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدە قىلىپ ئۆز داستانىدا ماددىي ئالەم سخېمىسىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭچە، مەيلى چوڭ دۇنيا — ئالەم ۋە مەيلى كىچىك دۇنيا — ئادەم بولسۇن، ئۇ ھەرىكەتتىكى «تۆت تادۇ» دىن تەشكىل تاپقاندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئالەمنىڭ ماددىيلىقىنى، ئالەم پائالىيىتىنىڭ ماددا پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى، كائىنات، زېمىن ۋە ئىنساندىن ئىبارەت ئۈچ قاتلاملىق مەۋجۇدىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تۆپ قانۇنىيەتنىڭ يەنىلا تۆت زات ۋە ئۇنىڭ زىددىيەتلىك ـ بىرلىك قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇلى يەنىلا مۇشۇ ئالەم قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىزچىل بايان قىلىپ ياكى بېشارەت قىلىپ ئۆتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئالەم تەسۋىرى يەنە خاس ئىلمى نۇجۇملۇق قىممەتتىمۇ بايان قىلىنغان.

★

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالەم قاراشلىرى تەپەككۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

بوشلۇقىدا ئەركىن پەرۋاز قىلالىغانلىقى تۇپەيلى ئەينى زامان ئاسترونومىك قاراشلىرىنى جانلىق ئىپادىلىيەلىدى.

ف. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» (314 – بەت) ناملىق ئەسىرىدە: «كۆچمەن چارۋىچى ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەر پەسىللەرنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئاسترونومىيە ئىلمىغا مۇتلەق موھتاج بولۇشتى» دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىلا يۇلتۇزچىلىق، پالچىلىق ئىپتىدائىي تۇسكە كىرگەنىدى. دېھقانچىلىق ئاساسى ئىجتىمائىي پائالىيەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ئاسترو – مېترولوگىيىلىك ماقال – بېيىتلار كۆپلەپ شەكىللەندى. شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ رەسەتخانا ئىلمى نۇجۇمچىلىقى ۋە تەقۋىمچىلىك (كالىندارچىلىق) كلاسسىك دەۋرگە قەدەم قويدى.

قىيا رەسىملىرىگە ھايۋان تەسۋىرىنى سىزىش ۋە ئۇنىڭغا ئاينىڭ تولغان ياكى ھەر خىل شەكىلدىكى تولمىغان فىگورىسىنى چېكىش، ئېھتىمال ئەڭ قەدىمكى دىنىي مۇراسىملار بىلەن باغلانغان ئىپتىدائىي كالىندارچىلىق بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇراقلاشقان سۆز – ئىبارىلەر بىلەن ۋاقىت – مەۋسۇم ئىپادىلەش كالىندارچىلىق فولكلورىنى شەكىللەندۈردى. «توك كېتەر چاغ»، «تۇرنا كېلەر چاغ»، «ئۆرۈك چېچەكى چېغى»، «كاككۇك ئۈنلىگەن چاغ»، «كەلكۈن چېغى»، «ئورما مەۋسۇمى»، «غازاڭ پەسلى»، «تۇرنا كېتەر چاغ»، «ئۈششۈك مەۋسۇمى» دېگەنلەر قانچە – قانچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئەل ئىچىدە ساقلانماقتا. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئاي، بۇلۇت، يامغۇر، ھاۋا رايى توغرىسىدا بۇنداق مېترولوگىيىلىك فولكلور مىساللىرى كەلتۈرۈلگەن.

«ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۇ تاشلىرى» بىلەن «تۇرپان تېكىستلىرى»دە ئەنئەنىۋى ئالەم قاراشلىرى، يۇلتۇز تۇركۇملىرى ۋە ھاۋا رايى توغرىسىدا باي مەنبەلەر ساقلانغان. تومسېن بىلەن ستەيىن ئېلان قىلغان 104 بەتلىك «ئىرق بىتىگ»دە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ شامانلاشقان شەكلى ئىپادىلەنگەن.

★

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج بايانىدا» نامىدىكى پۈتۈن بابى بىلەن 1211 ـ، 1213 ـ، 2523 ـ، 2632 ـ، 3194 ـ، 4386 ـ، 4888 ـ، 4889 ـ، 6219 ـ، 6220 ـ، 6221 ـ بېيىتلىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم ۋە يۇلتۇز، بۇرج، ۋاقىت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى تەسۋىرلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاسمان جىسىملىرىنى ئاساسەن ئەنئەنىۋى ناملىرى بىلەن ئاتىغان. ئۇنىڭ ئالەم تۈزۈلمە مودېلىنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلاش مۇمكىن:

1) مەڭگۇ يۇلتۇزلار قارىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇلتۇزلارنى تۇرغۇن («سابىت») يۇلتۇزلار ۋە دىسەكچى («يەزەك») يۇلتۇزلار — پىلانېتلارغا ئاجراتقان. ئۇ قۇياشنى، يەتتىكەن (چولپ ئېيىق) يۇلتۇز تۈركۈمىنى، يىلدىرىق (بۆرە، سىرىئوس) يۇلتۇز تۈركۈمىنى ۋە 12 بۇرجتىكى يۇلتۇز ئائىلىلىرىنى مەڭگۇ يۇلتۇزلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىگە بىشارەت قىلغان.

2) يەتتە يۇلتۇز ۋە يەتتە پەلەك قارىشى

«ئۇيغۇرچە تۇرپان تېكىستلىرى» دە، يەتتە يۇلتۇز «يېتى گراخلار» دەپ تىلغان ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى مانىخ (مانىزم) ئاسترونومىيىلىك ئاتالمىسى بويىچە «ئادىتيا، سوما، ئاڭراق، بۇدبراخ، سىۋاتى، شۇكۇر، شانىجار يېتى گراخلار» دەپ يېزىلغان. مانىزمنىڭ نوملىرىنى «يېتى ئاغىلىغ نوملار»، «يېتىگەن سۇدۇر» دەپ ئاتاشقانىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «يېتتى قات كۆك» تىلغا ئېلىنغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانى مۇنداق:

بۇلاردا ئەڭ ئۇستۇن سەكەنتىر يورىر
ئىكى يىل سەكىز ئاي بىر ئەۋدە قالىر
[بۇلاردىن ئەڭ ئۇستۇن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.]
ئانىڭدا باسا بولدى ئىكمىنچ ئوڭاي
بىر ئەۋدە قالىر ئون ئادىن ئىكى ئاي
[ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.]
ئۇچۇنچى كۇرۇد كەلدى كۆكسۇن يورىر
قايۇقا بۇ باقسا ياشارمىش قۇرىر
[ئۇچىنچى كۇرۇددۇر غەزەپتە يۇرۇر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.]
ياشىق بولدى تۆرتىنچ يارۇتتى ئاژۇن
ياقىشسا يارۇتۇر باقىشسا ئۆزۈن
[تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.]
سەۋۈگ يۈز ئۇرۇندى بەشىنچى سەۋىت
سەۋە باقتى ئەرسە سەن ئۆزنى ئاۋىت

[بەشىنچى سەۋىتتۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.]
باسا كەلدى ئارزۇ تىلەك ئارزۇلار
قايۇقا ياغۇشسا ئاڭار ئۆز ئۇلار
[ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتەر.]
بۇلاردا ئەڭ ئالتىن بۇ يالچىق يورىر
ياشىق بىرلە ئۇترۇ باقىشسا تولىر
[بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار]. ①

يۇقىرىقى بېيىتلارغا ئاساسەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يەتتە يۇلتۇز تىزمىسى ۋە يەتتە پەلەك قارىشىنى زېمىننى ئۇل قىلغان ھالدا مۇنداق سىخېملاش مۇمكىن:

(1) يالچىق (ئاي، قەمەر، سوما)
(2) ئارزۇ (مېركۇرى — ئوتارىد، بۇدبارا، سۇ يۇلتۇز)
(3) سەۋىت (ۋېنېرا، زۆھرە، ناھىد، شۇكۇر، ئالتۇن يۇلتۇز)
(4) ياشىق (قۇياش، شەمس، ئادىتيا)
(5) كۇرۇد (مارس، مىرىخ، ئاڭراق، ئوت يۇلتۇز)
(6) ئوڭاي (يۇپىتېر، ساراتى، ياغاچ يۇلتۇز)
(7) سەكەنتىر (ساتورىن، شانقار، تۇپراق يۇلتۇز)

يەر بىلەن ئاي ئارىلىقى 1 ـ پەلەك (سفېرا)، ئاي بىلەن مېركۇرى ئارىلىقى 2 ـ پەلەك، مېركۇرى بىلەن ۋېنېرا ئارىلىقى 3 ـ پەلەك، ۋېنېرا بىلەن قۇياش ئارىلىقى 4 ـ پەلەك، قۇياش

① «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 131 — 137 ـ بېيىتلىرىغا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

بىلەن مارس ئارىلىقى 5 ـ پەلەك، مارس بىلەن يۇپىتېر ئارىلىقى 6 ـ پەلەك، يۇپىتېر بىلەن ساتورن ئارىلىقى 7 ـ پەلەك دەپ قىياس قىلىنغان①. بۇنى مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن:




① ئەينى يىللاردىكى بۇ خىل قاراش پۈتكۈل خەلىپىلىكتە ئورتاق بولغان، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى، خۇسراۋ دېھلىۋى، ئابدۇراھمان جامى ۋە ئەلىشىر نەۋائى «خەمسە» لىرىدە سۆزلەنگەن يەتتە يۇلتۇز، يەتتە گۈلشەن تەسۋىرىدىمۇ شۇ خىل قاراش گەۋدىلەنگەن. فارابىمۇ بىر شېئىرىدا:

«يەتتە يۇلتۇز كائىناتتا مەنبىيى نۇر رەبنا،
مىسلى كۆكتە يەتتە دەريا تىزمىسىدەك دائىما،
ھەربىرى سەييارىنىڭ سىمائى بىر ئامىل ئۇنىڭ،
ماددا ـ جەۋھەر خىسلىتى بىر ئەسلى ھەم جەمدۇر ئاڭا.»

دەپ يازغان. يەتتە يۇلتۇز قارىشى يەتتە ئامىل قارىشى بىلەن بىرلىشىپ، ياپونىيە كالېندارىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ياپونىيەدە بىر ھەپتە يەتتە كۈن يەتتە يۇلتۇز بويىچە: قۇياش (يەكشەنبە)، ئاي (دۈشەنبە)، ئوت — مارس (سەيشەنبە)، سۇ — مېركۇرى (چارشەنبە)، ياغاچ — يۇپىتېر (پەيشەنبە)، ئالتۇن — ۋېنېرا (جۈمە)، تۇپراق — ساتورن (شەنبە) كۈنلىرىنى تەشكىل قىلغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىسى بويىچە ھەرقايسى سەييارە يۇلتۇزلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئورۇن يۆتكەش جەھەتتىكى ۋاقىت پەرقلىرىنى تىلغا ئالغان؛ مارسنى قۇرغاق ۋە ئاپەت خاراكتېرلىكلىكى بىلەن ئىزاھلىغان؛ ئاي تولۇش ھەققىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ كۆز قاراشلار ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان بولۇشىغا قارىماي، ئاسمان ھەققىدىكى روھانىيەتلىك كۆز قاراشلىرىغا زىت ھالدا ئوتتۇرا ئەسىر ئىلغار تەبىئەت كۆز قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلغاندى.

3) يەر، قۇياش ۋە ئاي قارىشى

ئاي بىلەن كۈن كۆك تەڭرى ئېتىقادىدىكى ئىلاھىي قۇت ھېسابلىناتتى. «قوڭۇر يەر، ياشىل كۆك» (44 ـ بېيىت) ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىلەن يەر ـ سۇنى مەنپىي ـ مۇسبەتلىك ئىلاھىي كۈچ دەپ قارىغان قەدىمكى ئەنئەنىلەر بىلەن ئالاقىدار ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەدىمكى ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يەر، قۇياش ۋە ئاي توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى يېڭى كلاسسىك مەزمۇن بىلەن ئۆزگەرتىپ قايتا قۇردى. ئۇ ئۆز داستانىدا ھەقىقەتەن بۇ ئۈچ پەلەكىيات ساھەسىگە ئالاھىدە، ئايرىمچە كۆڭۈل قويدى ۋە خاس بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بېيىتلىرىغا قارىغاندا، زېمىن پەلەكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، باشقا يۇلتۇزلارغا ئوخشاش دەۋر قىلاتتى. ئۇ ئىسلام ئېتىقادى بىلەن بىللە ئېقىپ كىرگەن يۇلتۇزلار ئالەم گۈمبىزىدىكى يالتىراق مىخلار ياكى پەرىشتىلەر تۈندە سانچىپ كۈندۈزدە ئېلىۋېتىدىغان شام چىراغلار دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى www.uyghurkitap.com

قاراشقا خاتىمە بېرىپ، ئالەمنىڭ ئايلانما («ئەۋرىلمە») دەۋر قىلىش («تەزكىنمەك») شەكلىدىكى سىفىرالىق ھەرىكىتىنى، ھەممە يۇلتۇزلارنىڭ، جۇملىدىن يەرنىڭمۇ بۇ سىفىرالىق ھەرىكەتتىن خالىي ئەمەسلىكىنى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇلارنىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىنى بىشارەت قىلدى. ئۇ داستانىنىڭ 126 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازغانىدى:

ياراتتى كۆر ئەۋرەن[1] تۈچى ئەۋرىلۈر
ئانىڭ بىرلە تەزگىنچ يەمەتەزگىنۈر
[ياراتتى چەرخ پەلەك دائىم ئايلىنۇر،
تەقدىرمۇ ئۇ بىلەن بىللە چۆرگىلۈر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇياشنى يۇلتۇز قاتارىدا ئالاھىدە ئورۇنغا قويغان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە داستانىنىڭ 134 ـ، 825 ـ، 827 ـ، 829 ـ، 831 ـ، 833 ـ، 834 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق تەپسىلات بەرگەن:

ياشىق بولدى تۆرتىنچ يارۇتتى ئاژۇن
ياقىشسا يارۇتۇر باقىشسا ئۆزۈن
[تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.]
كۈنۈگ كۆر ئەرىلمەز تولۇ ئوق تۇرۇر
يارۇقلۇقى بىرتەگ تالۇ ئوق تۇرۇر
[قارا، كۈن ئۆۋالماس — ھەممىشە پۈتۈن،
يورۇقى بىردەكلا ۋە پارلاق تولۇن.]

---

[1] ئەۋرەن — سىفىرا، ئايلانما چەرخ مەنىسىدە، تەزگىنچ — تەقدىر — قىسمەت مەنىسىدە بولغاچقا «يەشمە» دىكى «پەلەك» ۋە «ھايات» ئىبارىلىرىنى ئەسلى مەنىسى بىلەن تۈزىتىپ ئالدىم — ئاپتور.

ئىكىنچى توغار كۈن يارۇر بۇ ئاژۇن
تۆزۈ خەلققا تەگرۇر يوقالماز ئۆزۈن
[ئىككىنچى، تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان،
ئۇمۇمغا چاچار نۇر، كېمەيمەس ھامان.]
ئۈچۈنچى بۇ كۈن توغسا يەركە ئىسىگ
چەچەك يازلۇر ئاندا تۈمەن مىڭ تۈسىگ
[ئۈچىنچى، ئىسسىيدۇ يەر، تۇغقاندا كۈن،
چېچەك ئاچىلۇر ئاندا تۈمەن مىڭ تۈسۈن.]
توغار كۈن ئارىغ يا ئارىغسىز تېمەز
قامۇغقا يارۇقلۇق بەرۇر ئەكسۈمەز
[تۇغار كۈن ئىرىغ ئىرىغسىز دېمەس،
ئۇمۇمغا يورۇقلۇق بېرەر كېمەيمەس.]
يانا ما بۇ كۈن بۇرجى سابىت تۇرۇر
بۇ سابىت تەدۇكۇم تۈپى بەرك بولۇر
[يەنە بۇرجى كۈننىڭ ئۇ سابىت ئېرۇر،
بۇ سابىت دېگەنىم تېگى چىڭ بولۇر.]
بۇ كۈن بۇرجى ئارسلان بۇ بۇرج تەپرەمەز
ئەۋى[1] تەپرەمەزى ئۈچۈن ئارتاماز
[بۇكۈن بۇرجى ئارسلان، بۇرجى تەۋرىمەس،
چەرخى تەۋرىمىگەچ ئۆيى بۇزۇلماس.]

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇياش ھەققىدە «كۈنتەگرى» ئەنئەنىۋى قاراشلىرىغا خاتىمە بەرگەن ھالدا يېڭىچە ئاسترونومىيىلىك ئىزاھات بەرگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، قۇياش يەتتە يۇلتۇز ئارىسىدا ئوقلۇق ئورۇنغا، مەركىزىي ئورۇنغا، باشقىچە ئېيتقاندا مەركىزىي پەلەك

① بۇنىڭدىمۇ «يەشمە»گە ئەسلى بويىچە تۈزىتىش بېرىلدى — ئاپتور.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىفىرىسى ئورنىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ يۇلتۇز، ئاستىغا ئۈچ يۇلتۇز ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى، قۇياش باشقا پىلانېتلاردىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئورنىدا مۇقىم (سابىت)، تەۋرىمەس قىلىپ بېرىلگەن. ھەم مەركىزىي ئورۇندا، ھەم تەۋرەنمەس بولغان قۇياشنىڭ يەرنى دەۋر قىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى بېشارەتلەنگەن.

ئۈچىنچى، قۇياشنى ئايدەك ئۆز ھەجمىنى ئۆزگەرتمەس، پارچىلانماس، ھەمىشە ئوخشاشلا پۈتۈن دەپ تىلغا ئالغان.

تۆتىنچى، قۇياشنى نۇر مەنبەسى دەپ كۆرسىتىش بىلەن، نۇرىنى ھەم ھەممە يەرگە (جاھانغا) تەكشى ۋە دائىمىي دەپ خاراكتېرلىگەن. بۇ نۇقتا قالغان پىلانېتلاردا تىلغا ئېلىنمىغان.

بەشىنچى، قۇياشنى ئىسسىقلىق مەنبەسى دەپ كۆرسىتىش بىلەن، ئىسسىقلىقىنى ھەممە تەرەپكە ھەم تەكشى، ھەم دائىمىي بېرىدەك دەپ كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قۇياش قارىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى، گېلىئوسېنتېرىزىملىق قاراشتىن ئىلگىرىكى قۇياش گەۋدىلەندۇرۇلگەن ئەڭ ئىلغار قاراش دېيىشكە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاي توغرىسىدا ئۆز داستانىنىڭ 137 ـ، 731 ـ، 733 ـ، 743 ـ، 744 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازغان:

بۇلاردا ئەڭ ئالتىن بۇ يالچىق يورىر
ياشىق بىرلە ئۈترۈ باقىشسا تولىر
[بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.]
بۇ ئاي توغسا ئاشنۇ ئىدى ئاز توغار
كۈنىگە بەدۇيۇر يوقارۇ ئاغار
[ئاي ئاۋۋال تولمۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن ـ كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.]

تۇكەل بولسا كۆر ئاي بۇ ئاغسا ئەدىز
يانا ئەرلۇ تۇرچىر كەتەر كۆرك مەڭىز
[تولۇن ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ، كېيىن —
كېمىيىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۇزىدىن.]
بۇ ئاي ئورنى بولدى ئەۋى مۇنقەلىب
ئورۇنسۇز بولۇر مۇنقەلىب نەڭ قىلىپ
[بۇ ئاينىڭ ئۆيى ھەم ئورنى مۇنقەلىپ،
مۇنقەلىپ قالۇر ئۆيىسىز ئاخىر بېرىپ.]
بۇ ئاي بۇرجى سەرتان بۇ ئەۋ ئەۋرىلۇر
ئەۋى ئەۋرىلۇر ھەم ئۆزى چەۋرىلۇر
[بۇ ئاي بۇرجى سەرتان، بۇ بۇرج ئۆزگىرۇر،
ئۆيى ئۆزگىرۇر ھەم ئۆزى چۆرگىلۇر.]

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئاينى زېمىنگە ئەڭ يېقىن يەرەك (دىسەكچى) دەپ ئاتىغان؛ ئۇنى مۇقىمسىز، شەكلىنى ۋە ئۆز ئورنىنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان، ئۆزى دائىم چۆرگىلەپ يۈرىدىغان يۇلتۇز دەپ كۆرسەتكەن؛ ئۇنى يورۇقى ۋە ئىسسىقى يوق، پەقەت قۇياشقا ئۇدۇل كەلگەندە تولۇپ نۇرلىنىدىغان يۇلتۇز دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگەن. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بېشارەت، ئەلۋەتتە.

4) 12 بۇرج ۋە تۆت پەسىل قارىشى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇياش ۋە سەييارىلەر دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى مەڭگۈلۈك يۇلتۇزلار تۈركۈملىرى ۋە ئۇلارنىڭ يەرگە بولغان مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان 12 بۇرج، تۆت پەسىل توغرىسىدىمۇ توختالدى. ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ھەرقايسى پەسىللەر ئىچىدە كۆزگە روشەن كۆرۈنۈشىگە ئاساسلانغان بولۇپ، تولىمۇ ساددا خاراكتېر ئالغاندى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



12 بۇرج مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ:

ئون ئىكى ئۆكەك ئۇل بۇلاردا ئادىن
قايۇ ئىكى ئەۋلىگ قايۇ بىركە ئىن
[ئون ئىككى بۇرج باردۇر بۇلاردىن بۆلەك،
جۇپ ئۆيلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك.]
قوزى يازقى يۇلدۇز باسا ئۇد كەلىر
ئەرەنتىر قۇچىق بىرلە سانچۇ يورىر
[قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۇي كېلۇر،
جەۋزا بىلەن سەرتان تۇرتۇشۇپ يۇرۇر.]
كۆر ئارسلان بىلە قوشنى بۇغداي باشى
باسا ئۇلگۇ بولدى چادان يا ئەشى
[ئېرۇر قوشنا بۇغداي بېشى، ئارسلان،
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقرەب، مىزان.]
باسا كەلدى ئوغلاق كۆنەك ھەم بالىق
بۇلار توغدى ئەرسە يارۇدى قالىق
[كېلەر ئاندىن ئوغلاق، سوغا ھەم بېلىق،
تۇغۇلسا بۇلار كۆك بولغۇسى يورۇق.]
ئۇچى يازقى يۇلدۇز ئۇچى يايقى بىل
ئۇچى كۇزكى يۇلدۇز ئۇچى قىشقى بىل
[ئۇچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۇچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۇچىسى، ئۇچى كۇزگىدۇر[①].]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كۆرسىتىشىچە، 12 بۇرجتىن تۆت پەسىل ھاسىل بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تە كۆرسىتىلگەن يەتتە يۇلتۇز بىلەن 12 بۇرج («ئۆكەك») نى ھاسىل قىلىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە خەلقئارا

---

① «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 138 — 142 ـ بېيىتلىرى.

ئاسترونومىيىلىك سىلىشتۇرما ناملىرى تۆۋەندىكىچە:

يەتتە يۇلتۇز:

سەكەنتىر (ئىسكەندەر، قوچۇق) — زۇھەل — ساتورىن سەييارىسى؛

ئوڭاي (قاراقۇش) — مۇشتەرى — يۇپىتېر سەييارىسى؛

كۇرۇد — مىرىخ — مارس سەييارىسى؛

ياشىق — قۇياش؛

سەۋىت — زۆھرە (ناخىد) — ۋېنېرا سەييارىسى؛

ئارزۇ — ئوتارىد — مېركۇرى سەييارىسى؛

يالچىق — ئاي.

باشقا يۇلتۇزلار:

يەتتىكەن (قاراقچى) — چولڭ ئېيىق يۇلتۇزى؛

يىلدىرىق — سىرىئوس (بۆرە) يۇلتۇزى.

باھار پەسلىدە:

قوزا — ھەمەل — ئوۋېتىس (♈) — 牡羊宫；

ئۇي — سەۋر (ئۇد) — تېلېتىس (♉) — 金牛宫；

ئەرەندىز (قوشكېزەك) — جەۋزا — بىلىزنېتىس (♊) — 双子宫；

ياز پەسلىدە:

قۇچىق — سەرەتان — راك (♋) — 天蟹宫；

ئارسلان — ئەسەد — لېۋ (♌) — 狮子宫；

بۇغداي بېشى — سۇمبۇلە — دېۋا (♍) — 处女宫；

كۇز پەسلىدە:

يا — قەۋس — ستىربلېتىس (♐) — 人马宫；

چايان — ئەقرەب — سكورپىئون (♏) — 天蝎宫；

ئۇلگۇ — مىزان — ۋېسي (♎) — 天秤宫；

قىش پەسلىدە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوغلاق — جەدى — كوزېروگ ( ♑ ) — 磨羯宫；
سوغا (كۆنەك) — دەلۋ — ۋودولېي ( ♒ ) — 宝瓶宫；
بېلىق — ھوت — رېبي ( ♓ ) — 双鱼宫；

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ 12 بۇرجنى داستانىنىڭ 143 ـ بېيىتىدا تۆت زات ئاساسىدا ئىخچاملاپ، ئاسمان جىسىملىرى ۋە زېمىندىكى جىسىملارنى ئوخشاش سۈپەتلەشتۈرگەن. ئۇ مۇنداق يازغانىدى:

ئۈچى ئوت ئۈچى سۇۋ ئۈچى بولدى يەل
ئۈچى بولدى تۇپراق ئاژۇن بولدى ئەل
[ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.]

بۇنى تۆت زات، تۆت خۇسۇسىيەت، تۆت پەسىل بويىچە مۇنداق سخېمىلاشتۇرۇش مۇمكىن:



5) يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئاستروماتېماتىكىلىق قارىشى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئالەمنى ماددىي تۈزۈلمە دەپ قارىغاچقا، ئۇ داستانىنىڭ 4383 ـ، 4384 ـ بېيىتلىرىدا «ئىككى دۇنيا ئىشى ھېساب بىلەن بولۇر»، «ھېساب بۇزۇلسا دۇنيا بۇزۇلۇر» دېيىش بىلەن ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىدە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ نىسپىي مەنىدە پىفاگورنىڭ ئالەمنىڭ مىقدارنى نېگىز قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا پائال ياندىشقانىدى. ئۇ شۇڭا داستانىنىڭ 4376 ـ، 4377 ـ بېيىتلىرىدا ئىلمى نۇجۇمنىڭ ئىنچىكە ھېساباتلىق ئىلىم ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالسا، 4381 ـ بېيىتىدا «يەتتە قات پەلەكنى بىر تال چۆپتە تۇت» دەپ كۆرسەتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۇلتۇزلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن جايلىشىشى، غۇۋا ـ روشەنلىكى، مىدىرلىماي يول بەلگىسى بولۇشى ياكى سەييارىلىقى، جۈپ ياكى تاق ئائىلە («ئۆي»، «ئەۋ») ھاسىل قىلىشى ۋە بۇرجتا كۆرۈنۈشىنى ھېسابى بولغان ھادىسە دەپ قارىدى. ئۇ ساتورنى بىلەن يۇپىتېرنىڭ يىللىق ئايلىنىش دەۋرىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ساتورنىنىڭ بۇرجتا تۇرۇشىنى ئىككى يىل سەككىز ئاي، يۇپىتېرنىڭ بۇرجتا تۇرۇشىنى 12 ئاي دەپ كۆرسەتكەن. بۇنى يەر شارىدىن 1 مىليارد 300 مىليون ۋە 620 مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ پلانېتلار ئۈستىدىكى ھازىرقى ھېسابقا سېلىشتۇرغاندا ساتورنىنىڭ ئۈچ ئاي، يۇپىتېرنىڭ يېرىم ئاي پەرق چىققان، خالاس. بۇ ئەينى زامان شارائىتىدا قالتىس ئاستروماتېماتىكىلىق مۆجىزە ئىدى!

«قۇتادغۇ بىلىك» تە تىلغا ئېلىنغان ئالەم قاراشلىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنى چۈشىنىشتە

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلمى نۇجۇم ۋە ئالەم تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى چۈشىنىشتىمۇ تېپىلغۇسىز مەنبەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 6. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىلاھىيەت قارىشى

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلاھىيەت كىتابى، قۇتقۇزغۇچى ياكى ئالەم ياراتقۇچى ھەققىدىكى دىنىي ئەسەر ئەمەسلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندۇق. لېكىن تېماتىك ماۋزۇ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، بۇ كىتابتا ئىلاھىيەت تىلغا ئېلىنغان ۋە مۇئەللىپ بۇ مەسىلە ئۈستىدە كلاسسىك پەلسەپىگە ئوخشاش تەبىئەت (فىزىكا)، ئىلاھىيەت (مېتافىزىكا) تەرتىپى بويىچە ئىزاھات بېشارە قىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئىلاھىيەت قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە مۇنداق ئىزاھلىماقچىمىز:

1) گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك» بىلىم ۋە «خالايىق قۇتى» (ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت) كىتابى بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇئەللىپى ئىسلامىيەت گۈللىگەن دەۋردە ياشىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز ئەسىرىنى ئەينى زامان كىتابەتچىلىك قائىدىسى بويىچە تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇشتىن باشلىغاندىن تاشقىرى، يەنە ئاڭ ۋە ئېتىقاد جەھەتتىمۇ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ياراتقۇچى ۋە بىردىنبىر تەڭرى ئاللا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاللانىڭ ئەلچىسى («يالاۋاچ»)، دەۋەتچىسى («ئوقىچى»، «ساۋچى») ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ئىشەنچ بىلدۈرگەن، پىكىر مۇھاكىمىلىرى ھەم ھايات يولى زىددىيەت ۋە تېگىرقاشقا دۇچ كەلگەندە، ئاللاغا سۆيۈنۈش بىلدۈرگەن. ئۇ

داستاننىڭ 3 - بېيىتىدا مۇنداق يازىدۇ:

ياغىز يەر ياشىل كۆك كۈن ئاي بىرلە تۈن
تۆرۈتتى خەلايىق ئۆز ئۆدلەك بۇ كۈن
[قوڭۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن —
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.]

2) يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەڭرى بىلەن تەبىئەتنى بىرىنى ئەلا، بىرىنى پەس بىلىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە زىت قويىدىغان يېڭى پلاتونىزم ۋە كالامىزملىق قاراشلار بىلەن، تەڭرى ۋە تەبىئەتنى پاراللېل ئىككى مەنبە قىلىپ كۆرسىتىدىغان دۇئالىزملىق قاراشلاردىن روشەن پەرقلىق ھالدا، تەڭرىنى تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەڭرى ئىرادىسىنى تەبىئەت گارمۇنىيىسى ۋە تەبىئەت قانۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئالەم بىنا قىلىشنى تۆت زات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلىغان. بۇ «ۋەھدەت ۋۇجۇد» (مەۋجۇتلۇقنىڭ بىردەكلىكى) — پانتېئىزملىق تۈپ قاراش ئىدى.

بۇنىڭ بىرىنچى قاتلىمى «تۆت تادۇ» بولۇپ، تۆت زات تەڭرىنىڭ ئالەم بىنا قىلىشى ۋە بىنا قىلىنغان ئالەمنى تۆت زاتنىڭ خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلىرى «ئاپتونومىيىسى» گە تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ ماددىي ئاساسى ئىدى. ئۇنىڭچە، مۇنداق ماددىي ئاساسسىز ئالەم بىنا قىلىش ھەققىدە سۆز ئېچىش قىيىن ئىدى.

بۇنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ زامان جەھەتتە ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسى (باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش) يوقلۇق ۋە مەڭگۈلۈك بىلەن، مىقدار جەھەتتە ماكان ئۆلچىمى ۋە چېكى بولمىغان ئومۇمىي چەكسىزلىك ۋە مۇتلەقلىقنى ھەم تەڭرىنىڭ، ھەم تەبىئەت ئالەمنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى دەپ قارىدى. بۇ ھەقتە قەييۇم كەرىموف «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۆزبېكچە نۇسخىسىغا يازغان مۇقەددىمە ماقالىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پان ئىسلاھچىل تەلىماتىدىن كۆرە، تەڭرى پۈتۈن تەبىئەت بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەبىئەتتىن تاشقىرى قانداقتۇر روھىي قۇدرەت مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى تولىمۇ ئىدېئالىستىك قاراشقا نىسبەتەن بىرئاز ئىلغارلىقتا ئىگە، ئۇنىڭدا ماتېرىيالىستىك چۈشەنچىنىڭ ئۇندۇرمىلىرى ساقلانغاندى»[1].
داستاننىڭ 10 ـ، 8 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

سەزىكسىز بىر ئۆك سەن ئاي مەڭۇ ئاچۇ
قاتىلماز قارىلماز ساقىشقا ساچۇ
[گۇمان يوقكى، بىر سەن، ئەي مەڭگۇ خۇدا،
ئۆزۈڭ ھەر نىچۈك سان ـ ساناق سىرتىدا.]
ئايا بىر بىرىكمەز ساڭا بىر ئادىن
قامۇغ ئاشنۇدا سەن سەن ئۆڭدۈن كەدىن
[ئەي بىر سەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇن سەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر.]

داستاننىڭ 19 ـ بېيىتىدا تەڭرى چۈشەنچىسىنى تەبىئەتنىڭ مۇتلەق كاتېگورىيىسى بولغان ماكانغا بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

ئورۇن ئول تۆرۈتتى ئورۇن يوق ئاڭار
ئانىڭسىز ئورۇن يوق پۈتۈن بول مۇڭار

---

[1] «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 181 ـ بەتكە، جۇملىدىن ئۇنىڭ «ئىلىك بەدىئىي داستان» ناملىق تەپسىلات كىتابى (ئۆزبېكىستان «پەن» نەشرىياتى، 1976 ـ يىل نەشرى) 31 ـ بەتكە قارالسۇن.

[ ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.]

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، مۇئەللىپ ئۆز داستانىنىڭ 20 ـ بېيىتىدا تەڭرى ئارقىلىق تەبىئەتنى ئىسپاتلاش يولىنى ئەمەس، بەلكى تەبىئەتتىكى بارلىق رېئال مەۋجۇدىيەتلەر ئارقىلىق تەڭرىنى ئىسپاتلاش يولىنى تۇتقان.
ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئاي سىرقا ياقىن ئاي كۆڭۈلكە ئەدىز
تانۇق ئول ساڭا بارچا سۇرەت بەدىز
[ئەي سىرغا يېقىن، ئەي كۆڭۈلگە ئەزىز،
گۇۋادۇر ساڭا بارچە سۇرەت ۋە ئىز.]

بۇنىڭدىكى ئۈچىنچى قاتلام شۇكى، تەڭرىنى تەبىئەتتىكى زىددىيەتلىك قۇتۇپ ۋە ھادىسىلەرنى، بولۇپمۇ ئالەمنىڭ ئاساسى بولغان تۆت زات ۋە ئۇنىڭ تۆت خۇسۇسىيىتىنى بىردەكلىك («ئۆزلى»)، گارمونىيىلىك («ياراشقىلى»)، قانۇنىيەتلىك («تۈزلى») ھالىتىگە كەلتۈرگۈچى، ئىزغا سالغۇچى دەيدىغان تەبىئەت ئىلاھچىلىقى نۇقتىئىنەزەرىدىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەتتىكى مۇقەررەرلىكنى (مەسىلەن، تۇغۇلماقتىن ئۆلمەكلىكنىڭ مۇقەررەرلىكنى، تۆت زات ۋە تۆت سۈپەت نورماللىقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېسەللىك ياكى ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكنى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ۋە ھەرقايسى پەسىللەر ئالمىشىشىنىڭ مۇقەررەرلىكنى) تەڭرى سۈپىتىدە ئىزاھلىغانلىقىمۇ تەڭرى بىلەن تەبىئەتنى بەلگىلىك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈپ قارىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شائىر ئۆز داستانىنىڭ 6343 ـ، 6344 ـ بېيىتلىرىدىن تەشكىل تاپقان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رۇبائىيسىدا پىغاننىڭ كۆلكىگە، قايغۇنىڭ خۇشاللىققا ئالمىشىشى ئۇستىدە سۆزلەپ، ئۆلۈمنى ئالەم قانۇنىيىتى سۈپىتىدە مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

نەچە قادىغۇ ساقىنچ سەنى بولناسا
يانا ئوق كۇلەر كۆز نەچە يىغلاسا
ئاژۇن ئۆگدىسى بۇ تەلىمدە بەرۇ
ئەسىز ئەدگۇ ئەرتەر نەچە يىللاسا
[سېنى قانچە قىلسا ئەسىر قايغۇ ـ غەم،
كۇلەر بۇ كۆزۈڭ، يىغلىسا قانچە ھەم.
جاھان قانۇنى شۇ ئۇزۇندىن بويان،
ئۆتەر قانچە تۇرسا ھەم ياخشى ـ يامان.]

مۇنداق ئىدىيە «كۆلتېكىن ئابىدىسى»دە زامان بىلەن تەڭرىنى پارالېللاشتۇرغان تەرىزدە: «ئۆد تەڭرى ياشار، كىشى ئوغلى قوب ئۆلگەلى تۇرمىش (زامان — تەڭرى ئۆلمەس، ئادەم بالىسى ئۆلىدۇ)» دەپ يېزىلغانىدى.

3) يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەڭرىنى شەكىل جەھەتتە ئىنسان قىياپىتىدىكى، ئىقتىدار جەھەتتە ئىنساندىكى ئىقتىدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ يۇقىرى كامالەتتە ئىگىلىگۈچى تەنھا روھىي مەۋجۇدات دەپ قارايدىغان ئانتروپومورفىزملىق [10] ۋە كالامىزملىق «ئىلمۇل سۈپەت» قاراشلىرىدىن مۇئەييەن پەرقلىق ھالدا مۇتەززىلىزملىق، ھەتتا پانتېئىزملىق كۆز قاراشنى ئىپادىلىدى. شائىر ئۆز داستانىنىڭ 17 ـ، 28 ـ بېيىتلىرىدا تەڭرىنىڭ ھېس ـ سەزگۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىدىن خالىي، باشقىچە ئېيتقاندا، روھىي ئىقتىداردىن خالىيلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ۋەھالەنكى، سەزگۇ، ھېس ۋە تەسەۋۋۇر ھەرقانداق بىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

يورىماز نە ياتماز ئۇدىماز ئودۇغ
نە مەڭزەگ نە ياڭزاغ كۆتۈرمەز بودۇغ
[ئۇ يۈرمەس، ئۇ ياتماس، ئويغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر – قىياس.]
ئاي مۇڭسۇز ئىدىم سەن بۇ مۇڭلۇغ قولۇغ
سۇيۇرقاپ كەچۈرگىل يازۇقىن قامۇغ
[بۇ مۇڭلۇق قولۇڭنى، ئەي مۇڭسىز ئىگەم،
كەچۈرگىن گۇناھىنى ئەيلەپ كەرەم.]

مەلۇمكى، فېيېرباخ «بەخت – سائادەت ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە: «قەيەردە ھېس – تۇيغۇ بولمىسا، شۇ يەردە بەخت ۋە بەختسىزلىك، خۇشاللىق ۋە مۇڭ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ پەرقى بولمايدۇ. شۇ يەردە ئەخلاقمۇ بولمايدۇ»[1] دەيدۇ. ئۇ «خرىستىئان دىنىنىڭ ماھىيىتى» ناملىق كىتابىدا تېخىمۇ روشەن ھالدا: پەقەت ھېسسىيات ئىنكار قىلىنىدىكەن، تەڭرىمۇ ئىنكار قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەڭرىنى قايغۇ – مۇڭ قاتارلىق ھېسسىياتتىن خالىي بولغان مۇتلەق ۋە بىردەكلىككە ئىگە چەكسىز مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە ئىزاھلىشى ئۇز دەۋرىگە نىسبەتەن بىر ئىلغارلىق ئىدى.

ئەلۋەتتە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، پلاتوننىڭ تەڭرىنى مۇتلەق «ئىدېئال چۈشەنچە»، تەبىئەتنى ئۇنىڭ شولىسى، سۈرىتى دەيدىغان ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق كۆز قاراش ئاسارىتىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، داستانىنىڭ 4781 – بېيىتىدا تەڭرىنىڭ ئىسپاتى بولغان رېئال ماددىي سۈرەت ۋە نىشانلاردىن مۇستەسنا بولغان تەڭرىنى، ئىستىقامەتكە ئۇمۇر بويى بىرىلگەن سوپى – زاھىتلارنىڭمۇ كۆرمىگەنلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

[1] «فېيېرباخ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، I توم، 536 – بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

ئىدىمنى تىلەرمەن ئۆزۈم ئۇسى يوق
نىشانىن بۇلۇر مەن كۆرۈكلىسى يوق
[ئىگەمنى ئىستەيمەن، كۆزدە ئۇيقۇم يوق،
تاپسامىۇ نىشانىن، ھېچ كۆرگۈنۈم يوق.]

4) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئىزچىل ۋە غايەت كاتتا سەھىپە بىلەن راتسىئونالىزم پرىنسىپلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ بۇ جەھەتتە ئىسلام كالامىزمى تەرىپىدىن «بۆلۈنۈپ چىققانلار» دەپ چەكلەنگەن مۇتەززىلىزمنىڭ ھەممىنى ئىنسان ئەقىل ـ تەپەككۇرىنى ئۆلچەم قىلىپ ئىزاھلاش تەشەببۇسلىرى بىلەن بىردەك پىكىردە بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىككى دۇنيا ۋە ياخشىلىق قىلىش («ئەدگۇ قىلىنچ») بىلەن ئىبادەت قىلىش («تابۇغ») مەسىلىلىرىدىمۇ راتسىئونالىزم پرىنسىپلىرىغا ھامىيلىق قىلغان. ئۇ تۈركىيە ئالىمى كاپسوغلۇ دىگەندەك: «ئۇ ئاقىۋەتنى ئەقىل بىلەن قىياسلاندۇرۇپ سىلىشتۇرغان، تەقدىرچىلىك چۈشەنچىسى بىلەن ئەمەس، ئەقىلگە لايىق چۈشەنچىلەر بىلەن ئىنسان بەختى ھەققىدە ئىزدەنگەن، ئىجتىمائىي تەبىقىلەرگىمۇ ئەقىل بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان»[①].

تەڭرىگە ئىستىقامەت قىلىشتىمۇ، خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئاكادېمىكى س. ن. ئىۋانوف ئېيتقاندەك ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى «ئۆزى ئۈچۈن»، يەنە بىرى «باشقىلار بەختى ئۈچۈن» ئىستىقامەت قىلىش سىياقىدا پەرقلەندۈرگەن[②]. ئۇ قۇرۇق ئىبادەت بىلەن تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ؛ خۇدالىق يولى قۇرۇق، نوقۇل ئۆزى ئۈچۈن ئىبادەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ؛ ياخشىلىق قىلىش ئىبادەت قىلىشتىن كەڭ

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە»، 133 — 135 ـ بەتلەر.
② يۇقىرىقى كىتاب، 35 ـ بەت.

ۋە ئۇستۇن چۇشەنچە؛ دىن ئۇزىمۇ رېئال دۇنيا («كۆزۈنۈر ئاژۇن») دىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ھاياتلىقنى، رېئال دۇنيا پائالىيەتچانلىقنى دىنغا قارام ۋە قۇربان قىلماسلىق لازىم دەپ قارىغان. ئۇ غەيرىي دىنىي پەنلەر ۋە تەدبىرلەر توغرىسىدا — تەبىئەت پەنلىرى، ئىنسان تەپەككۇرى، قانۇن ۋە سىياسەت توغرىسىدا توختالغاندا، بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق، غەيۇرلۇقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەكىتلىگەن.

5) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلاھىيەت قاراشلىرى ئاساسەن ئۇيغۇرچە ئىبارىلەر ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن ئىزاھلانغان. بۇنى بىرقانچە نۇقتىغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز:

بىرىنچى نۇقتا شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاللا — تەڭرى ئىبارىسىنى گەرچە پۈتۈن داستاندا 235 قېتىم تىلغا ئالغان بولسىمۇ، 173 ئورۇندا «بايات»، 26 ئورۇندا «تەڭرى»، 21 ئورۇندا «ئىدى» دەپ، جەمئىي 220 ئورۇندا قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىياچە ئەنئەنىۋى نام بىلەن تىلغا ئالغان، پەقەت ئالتە ئورۇندا «ئىلاھ» (ئەل ئىلاھ، ئاللا)، توققۇز ئورۇندا «رەب» دەپ ئاتىغان. ئۇ ھەتتا «قۇرئان» دىكى «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» ئىبارىسىدىن ئۇيغۇرچە مەنىسى بىلەن مۇنداق بېيىت تۈزگەن:

بايات ئاتى بىرلە سۆزۈگ باشلادىم
تۆرۈتگەن ئىگىدگەن كەچۈرگەن ئىدىم

بۇ «بايات نامى بىلەن سۆزۈم باشلىدىم، ياراتقان، يۆلىگەن، كەچۈرگەن ئىگەم» دېگەن سۆز[1]. «بايات» ئىبارىسى ئارغۇچە — غەربىي ئۇيغۇرچە سۆز

---

① بەزى كىتابلار «تۆرۈتگەن» (ياراتقان) ئىبارىسىنى «ئايغۇچى» (مەسلىھەتچى) قىلىپ، خاتا يەشكەن. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا: «قاغانى ئەلىپ ئېرمىش، ئايغۇچىسى بىلگە ئېرمىش» (قاغانى قەھرىمان، مەسلىھەتچىسى، ۋەزىرى دانىشمەن ئىدى) دېگەن سۆز بار.

بولۇپ، قەدىمكى ئوغۇز قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان نامى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىبارە ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرىمايدۇ.

«تەڭرى» - كۆكتەڭرى — شامانىزم ئالىي مۇئەككىلى بولۇپ، «ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى» ۋە «تۇرپان تېكىستلىرى»دە كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان.

«ئىدى» ئىبارىسى «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، لېكوك ئېلان قىلغان 30 بەتلىك «قوچۇ مانى تېكىستلىرى»دە «ئىگە»، «ئىگىسى» مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن، «ئۆتۈكەن يىشىدا يېگ ئىدى يوق ئېرمىش» (ئۆتۈكەن ۋادىسىدا ياخشى خوجا يوق ئىدى)، «قۇتلۇغ بولسۇن بۇ بىتىگ ئىدىسى» (بۇ كىتاب ئىگىسى قۇتلۇق بولسۇن) دېگەندەك. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تە «ئىگەم» مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن، «ئاي يېر كۆك ئىدىسى» (ئەي يەر - ئاسمان ئىگىسى)، «قۇلۇڭ مېن ئىدىم سېن» (قۇلۇڭ مەن، ئىگەم سەن) دېگەندەك.

«ئىلاھ» ۋە «رەب» ئىبارىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانلىرىدا كۆزگە چېلىقىدۇ، خالاس. بۇ ھال، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى بىر مۇھىم ئاڭنى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا سىرتتىن كىرگەن دىنىي مۇئەككەللەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ماسلاشتۇرۇپ، قاتلاملاشتۇرۇپ قوبۇل قىلغان. مەسىلەن، «تەڭرى تەڭرىسى خورمۇزدا»، «تەڭرى تەڭرىسى مانى بورخان»، «ئىركەن ئىندرا»، «قۇت تەڭرى قاتۇن» دېگەندەك.

ئىككىنچى نۇقتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «كۈن» ئىبارىسىنى ئىلگىرىكىدەك «كۈن تەڭرى»، «كۈن قۇتى» دەپ ئىلاھىي سۈپەتتە ئەمەس، رەسمىي ئاسمان جىسىملىرى سۈپىتىدە ئىزاھلىغان ۋە ئۇنى «كۈنتۇغدى ئىلىگ» نامىدا دانىشمەن پادىشاھ قىلىپ ئوبرازلاشتۇرغان. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نى «تۇرپان تېكىستلىرى» ۋە «ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»

سىستېمىسىدىكى ھۆججەتلەردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرغان ئالامەتلەردىن بىرى.

ئۈچىنچى نۇقتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئىدىيىلىرىنى خۇددى كاپسوغلو توغرا بايقىغاندەك[①]: «قۇرئان»، ھەدىس دەستۇرلىرى ياكى پەيغەمبەر تەپەككۇرى بىلەن ئالاقىسىز بولغان ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ماقال - تەمسىللىرى، ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن چۈشەندۇرگەن ۋە نۇرلاندۇرغان. ئەپسۇسلىنار-لىقى شۇكى، «ئۆتىگەن بېگى»، «ئىلى بېگى»، «ئىبلى بىتىكچىسى»، «ئۈچ ئوردا خانى» قاتارلىق ھېكمەت تەسنىفچىلار ھەققىدە مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ھېچقانداق ساقلانغان يادىكارلىق تېپىلمىدى.

تۆتىنچى نۇقتا شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەڭرىنىڭ ئالەم بىنا قىلىشىنى ئىسلام ۋە پلاتونىزمچىلىق قاراشلىرىغا ئورتاق بولغان «بەرقى تەجەللى» (جۇش ئۇرۇپ چىقىش) يولىدا ئىزاھلىماستىن، بەلكى خۇددى قۇربان ۋەلى كرورانى ئېيتقاندەك[②] قەدىمكى ئارىيانچە «ئاس»، «بوۋ» (بار، بول) ئالەم بىنا چۈشەنچىسىگە يېقىنلاپ، داستانىنىڭ 4 - بېيىتىدا مۇنداق يازغان:

تىلەدى تۆرۈتتى بۇ بولمىش قاموغ
بىر ئۆك بول تەدى بولدى تولمىش قاموغ
[ ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ «بار بول» دېگەندە بار بولدى پۈتۈن[③].]

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 133 -، 135 - بەتلەر.

② «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىل 6 - سان، 18 - بەت.

③ يەشمىسى ئەسلى بويىچە تۈزىتىلدى.

«قۇتادغۇبىلىك»تە دىنشۇناس ئۆلىمالارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، جۇملىدىن، ھەتتا پەيغەمبەر ئەۋلادى بولغاندىمۇ ناچار ئىش قىلسا سۈرۈشتۈرۈش تىلغا ئېلىنغان. ئۇ داستاننىڭ 4340 ـ بېيىتىدا مۇنداق دېگەن:

ئىچىن ئىرتەمەگىل يا قىلقىن تۆزىن
مەگەر تىلدە تەڭسىز يورىتسا سۆزىن
[سۈرۈشتۈرمە ئىچ ھەم تىشى، ئەسلىنى،
ناچار سۆزلىسە گەر، سۈرۈشتۈر ئۇنى.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 12 ـ بېيىتىدا:

بارىلىڭ بەلگۈلۈگ سەن كۈن ئاي تەگ يارۇق
نە تەگلىككە يەتكۈ كۆڭۈل ئۆگدە يوق
[ئېرۇر بارلىقىڭ كۈن ۋە ئايدەك يورۇق،
تېگىڭگە يەتكۈچى كۆڭۈل ـ ئەقىل يوق.]

دەپ، تەڭرى ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پىكىر قىلىشتىن باش تارتقان.

## 7. «قۇتادغۇ بىلىك»تە روھىي ھادىسىلەر قارىشى

كلاسسىك گرېك پەلسەپەسىدە روھىيەت خاس تېما ھېسابلانغانىدى. ئارستوتېل «روھ ھەققىدە» ناملىق مەخسۇس ئەسەر يازغان ۋە ياۋروپا فونومونولوگىيىسى (روھىي ھادىسىلەر ئىلمى) ۋە نەزەرىيىۋى پسىخولوگىيىسىگە ئاساس سالغانىدى. شەرق ئارستوتېلى — ئۇيغۇر قارلۇق پەيلاسوپى فارابى ئارستوتېلنىڭ يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەسىرى ئۈستىدە شەرھى تەلقىن قىلغان ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ «ئەننەفەس» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئىلىم خەزىنە قامۇس كىتابىدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى يىرىك مۇتەپەككۇر — پىسخولوگ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. «غەرب مەركەزلىك» نەزەرىيىسى سەلبىي تەسىرى تۈپەيلى فارابى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرلەردىن ھالقىغان باشقا ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارىدا، بۇ جەھەتتىكى تۆھپىلىرى روھىيەت پەنلىرى تارىخىدىن مۇناسىپ قانۇنىي ئورنىغا قويۇلغىنى يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ روھىي ھادىسىلەر قارىشى روھىيەتنى ئىنسان بەدىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا باغلاپ ئىزاھلاش، مىڭە ۋە سەزگۈ ئەزالىرىنى روھىي پائالىيەتنىڭ مەركىزى ۋە سىگنال سىستېمىسى دەپ بىلىش، پېرسونال (ئىندىۋىدۇئال) پسىخىك ئالامەتلەرنى تىلغا ئېلىش، چۈش سىرىنى ماتېرىيالىستىك يۆنىلىشتە يېشىش، شەخسنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىنى تەكىتلەش، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرى ۋە روھىي قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدا گۇمانىستىك تەشەببۇستا بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەتقىق قىلىشى يولىدىكى قەيسەر بىر قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىرىنچى نۇقتا: روھ — بەدەننىڭ ھاسىلىسى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ روھ ھەققىدە توختالغاندا، پلاتوننىڭ «مۇتلەق روھ»، «ئالەم روھى» دېگەندەك ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك، غەيرىي ئىنسانىي، غەيرىي جىسمانىي روھىيەت قاراشلىرى ئاسارىتىدىن خالىي ھالدا، روھىي ھادىسىلەرنى ئىنسان بەدىنىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىدى. «ئۇنىڭ بەدەن بىلەن روھنىڭ ئۆزئارا نىسبىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى فارابى، ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشدلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىغا يېقىن»[①] (ئەزىز نارىنبايوف)، ئۇ بۇ قاراشنى كۆپ جەھەتلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرگەن.

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 292 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۇغۇلماق»، «ئۆلمەك»نىڭ ئىبارەت ئىلمىي ۋە دىنىي قاراشلار ئۈچۈن ئىختىلاپى بولمىغان مۇقەررەر ھادىسىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىردىنلا ئەينى زامان ئىدېئولوگىيىسى نەزەرىدە غايەت زور ۋە كەسكىن تېما بولغان ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ـ تىرىلمەسلىك، بارچە روھنىي ئېتقىدلارنىڭ ساقلىنىش ـ ساقلانماسلىقى مەسىلىسىگە بۇرۇلىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 6146 ـ، 5416 ـ، 6297 ـ بېيىتلىرىدا بۇ مەسىلىگە مۇتداق ياندىشىدۇ:

نەچە مىڭ پاشاسا ئۆز ئۆلگۈ تورۇر
ئۆلاشمىش ئەت ئۆزلەر ئۇزۇلگۇ تورۇر
[نەچچە مىڭ ياشىسا، ئۆز ئۆلگۈچىدۇر،
ئۆلانغان ئەزالار ئۈزۈلگۈچىدۇر.]
تاپ ئەردى يانا بۇ ئۆلۈمدە باسا
قارا يەر قاتىندا ئۆلۈپ ئوپراسا
[بەس ئەردى ئۆلۈمدىن كېيىنلا يانا،
قارا يەر قېتىدا چىرىمەك مانا.]
ئول ئەۋرە يانا يانغۇ ئەرمەز بەرۇ
ساڭا ھەم ماڭا بارغۇ تەرك ئول نارۇ
[ئۇ قايتىپ كەلگۈچى ئەمەستۇر يانا،
سەن ھەم بىزمۇ قايتىپ كېتەرمىز مانا.]

شۇنى تىلغا ئېلىش لازىمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇخىل ئىما ـ ئىشارەتلىك ئىلغار كۆز قاراشلىرى گەرچە پۈتۈنلەي ئاشكارا تەلىمات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زامان روھانىيەتچىلىكى ئۈچۈن «دىنىنىڭ مەخپىيىتى بولغان ئادەم» نىڭ ئىلاھىيەتچىلىك تەرىپىدىن كۈچەپ بۇرمىلانغان «مەخپىيىتى» — «روھنىڭ ئۆلمەسلىكى» ئەقىدىسىگە ئۆكتە قىلغان. ۋەھالەنكى، فارابىنىڭ «شەخسنىڭ روھى بىلەن ئۇنىڭ

بەدىنىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغانلىقى تۈپەيلى ئىسلام زاھىتلىرى تەرىپىدىن تەقۋىگە ئىشەنمەسلىكتە ئەيىبلەنگەنلىكى تاسادىپ ئەمەس ئىدى»①. فارابى بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

«تەبىئەت جىنسىبىز ئۆز جىنسىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى.»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە داستانىنىڭ 294 ـ، 1839 ـ بېيىتلىرىدا روھىي ئىقتىدارنىڭ پەقەت تىرىكتە بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئەقىللىق كىشىمۇ بەدەنىنىڭ قېرىشى بىلەن روھىي ئىقتىداردا سۇسلىشىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

ئۇقۇشلۇغ كىشى كۆر قارىسا مۇنار
ئۇقۇش كەتتى تەپ ھەم قەلەم مە تىنار
[ئەقىللىق كىشى ھەم قېرىسا ئازار،
ئەقىل كەتتى دەپ ھەم قەلەممۇ تىنار.]
ئوقۇشسۇز ئۆلۈگ ئول ئۇقۇشلۇغ تىرىگ
[ئەقىللىق تىرىكتۇر، ئەقىلسىز ئۆلۈك.]

ئۇ يەنە روھنىڭ مەنىۋى مەزمۇن ۋە سۈپىتىگە تۆت زات، تۆت خىلىت، تۆت مىزاج بىلەن ئالاقىدار كونكرېت ئادەم بەدەن ھالىتىنىڭ تەسىرىنى، شۇنىڭدىن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەلىم ـ تەربىيىنىڭ تەسىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئالاقىدار ئورۇنلاردا تەپسىلات بېرىمىز.

ئىككىنچى نۇقتا: مېڭە — كۆڭۈل قەسىرىسى

دەرھەقىقەت، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا

---

① دونىكىن، مىتىن قاتارلىقلار: «پەلسەپە تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، I توم، 258 ـ بەت.

قەدىمكى ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا كۆڭۈل — ھېس ۋە تەپەككۇر تۇغرىسىدا كۆپلىگەن مەنبەلەر ساقلانغان. بىز «ئوغۇزنامە»، تۇرپاندىن تېپىلغان «بەش پارچە تېببىي تېكىست»، «تۇرپان تېكىستلىرى»، «ئالتۇن يارۇغ»، «قۇتادغۇ بىلىك»، ئولدېنبۇرگ تاپقان XIII ئەسىرگە ئائىت «قانۇن ۋەسىقە ھۆججەتلىرى» قاتارلىقلاردا ئۇچرىشىدىغان نۇقتىدىن «كۆڭۈل» كاتېگورىيىسى مۇھاكىمە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. «ئالتۇن يارۇغ»دا ئېستېتىك كاتېگورىيە «كۆڭۈل ئاچماق» بىلەن پسىخىك كاتېگورىيە ئاڭ — «كۆڭۈل بىلىنگ» تىلغا ئېلىنغان. ۋەھالەنكى، «ئالتۇن يارۇغ»دا تەپەككۇر ئورگىنى بۇددىزم قاراشلىرى تەسىرىدە «كۆڭۈل قاچىغ» دەپ، «تۇرپان تېكىستلىرى»دە كۆڭۈل ئورگىنى «كۆڭۈل — يۈرەك» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. «كۆڭۈل قاچىغ» بۇددىزمدا گۇناھتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاچۇرۇلىدىغان سەزگۈلەردىن بىرى ۋە ئاساسلىقى دەپ قارالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 2797 ـ، 2472 ـ، 2795 ـ بېيىتلىرىدا كۆڭۈل بىلەن يەتتە ئەزا باشقۇرۇلىدىغانلىقى، كۆڭۈل بولمىغاندا ئىنسان قۇرۇق ھەيكەلدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

ئەت ئۆز يەتى ئەندام كۆڭۈلگە ئۇدار
كۆڭۈل بىرلە يالڭۇق ئاغىر يۈك يۈدەر
[ ۋۇجۇد، يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە باقار،
كۆڭۈل بىرلە ئىنسان ئېغىر يۈك ئالار.]
كۆڭۈلسۈز كىشىلەر قۇرۇغ كەپ بولۇر
كۆڭۈل بىرلە يالڭۇق قامۇغ ئىش قىلۇر
[ كۆڭۈلسىز كىشى بىر ھەيكەلدۇر قۇرۇق،
قىلۇر ئىشنى ئىنسان كۆڭۈللە تولۇق.]

كۆڭۈل بەگ تۇرۇر يەتى ئەندام ئۆزە
بەگى باشلاسا بودنى يۇگرۇر تۇزە
[كۆڭۈل يەتتە ئەزا ئۈزە ھۆكۈمران،
يۈگۈرەر ئەل چوقۇم، باشلاپ ماڭسا خان.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ كۆڭۈلنىڭ جايلاشقان ئورنى مەسىلىسىدە مېڭ زى ۋە ئارستوتېل قاتارلىق قەدىمكى شەرق ـ غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ «يۈرەك» نەزەرىيىسىدىن پەرقلىق ھالدا فارابى ۋە ئىبنى سىنانىڭ «مېڭە» قاراشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. گەرچە تۇرپاندىن تېپىلغان «ئۇيغۇرچە تېببىي تېكىست»تە: «قال ئىت تارتمىش كىشىكە ئۇلارنىڭ مېيىسىن يېسەر ئىدگۇ بولۇر» (غالجىر ئىت چىشلىگەن كىشىگە ئۇلار مېڭىسى پايدا قىلىدۇ) دېيىلگەن بولسىمۇ، بۇ تېببىي ـــ دورا كاتېگورىيىسىدىكى رېتسېپ ئىدى، خالاس.

مېڭە ھەققىدە فارابى توختالغان. ئۇ مېڭىنى نەفسانى (روھىي) ئىقتىدارنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان[①]. ئىبنى سىنا «ئەلقانۇن فىت تېب» ناملىق ئەسىرىدە: نەفسانى قۇۋۋەتنىڭ ئورنى ۋە تەسىر پەيدا قىلىدىغان جايى مېڭە، دەپ كۆرسەتكەن[②]. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەينى زاماندا تېخى يېڭى ئىلمىي ئىختىرا بولغان بۇ مەسىلىنى پادىشاھ كۈنتۇغدىغا ئۆگىدۈلمىشنىڭ تونۇشتۇرۇپ، چۈشەندۈرۈشى شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ داستاننىڭ 1834 ـ، 1836 ـ، 1840 ـ بېيىتلىرىدا كۈنتۇغدىنىڭ سوئالى،

① م . خەيرۇللايوف: «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى»، 1971 ـ يىل تاشكەنت نەشرى، 217 ـ بەت.

② ئىبنى سىنا: «ئەلقانۇن فىت تېب»، 1954 ـ يىل تاشكەنت نەشرى، 35 ـ بەت.

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆگىدۈلمىشنىڭ جاۋابى تەرىقىسىدە مۇنداق يازغان:

نەگۈ ئول ئۇقۇش ئورنى قايدا تۇرۇر
قايۇدىن قوپار قوپسا قايدا بارۇر
[نىچۈكتۇر ئەقىل ئۇ، ئورنى قايدادۇر؟
قەيەردىن چىقار ئۇ، قەيەرگە بارۇر.]
ئۇقۇش ئورنى ئۇستۇن مەڭەدە تۇرۇر
ئاغىر نەڭ ئۇچۇن ئورنى باشتا ئەرۇر
[ئەقىل ئورنى ئۇستۇن مېڭىدە تۇرۇر،
قىممەتلىكىدىن ئورنى باشتا بولۇر.]
قاراڭغۇ ئەۋ ئول بۇ كىشى تۇن سانى
ئۇقۇش بىر يولا تەگ يارۇتۇر ئانى
[كىشى تۇن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغدەك ئۇنى يورۇتۇر.]

ئۈچىنچى نۇقتا: چۈش — هايات ۋە تۇرمۇشنىڭ شولىسى ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى چۈش يۇغىرىش (چۈشكە تەبىر بېرىش) ئادىتى بولغانىدى. ۋ. تومسىن بىلەن ئا. ستەيىن دۇنخۇاڭدىن تاپقان 104 بەتلىك «ئىرق بىتىگ» دە: «بۇ ئىرق بىتىگ ئىدگۇ ئول» (بۇ تەبىرنامە ياخشى) دەپ يېزىلغان ۋە ئەنئەنىۋى چۈش تەبىرلىرى جەملەنگەن. ئەمما، يۇسۇپ خاس هاجىپ شامان پىرىخۇنلىرىنىڭ ئەرۋاهقا ياكى زەردۇشت يۇلتۇز كۆرۈمچىلىرىنىڭ يۇلتۇز ئەهكاملىرىغا ۋە ياكى ئىسلام چۈش جورىغۇچىلىرىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتكە باغلاپ چۈشكە تەبىر بېرىش تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، چۈشتىن ئىبارەت بۇ سىرلىقلىك تېپىشماقنىڭ ئىلمىي ئاچقۇچىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ۋەهالەنكى، فارابى چۈشەشنى تەسەۋۋۇر — ئوبرازلارنى قايتا قۇراشتۇرۇش جەريانى دەپ قارىغان. روشەنكى، مۇنداق قايتا قۇراشتۇرۇش جەريانى تولاراق ئويغاق ۋاقىتلاردا يۈز بېرىدۇ. گەرچە

چۈشەنچىمۇ مۇنداق ھادىسە يۈز بەرسىمۇ، ئۇ تاسادىپىي بولۇپ، بۇ چۈش توغرىلىق خاس چۈشەنچە تىكلەشكە كۆپ يېتەرسىزلىك قىلاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 4366 ـ بېيىتىدا چۈش تەرىپى مەسىلىسىنى تۇنجى بولۇپ بىر ئىلىم دەپ كۆرسەتتى ۋە بۇ مەسىلىگە تۆت باب سەھىپە ئاجرىتىپ بايان قىلدى. بۇ چۈششۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى مۇنداق يازىدۇ:

تاقى بىر بىلىك كۆر بۇ تۈش ئىلمى ئول
تۈشەسە يورۇغلى ئاچار ئەدگۇ يول
[يەنە بىر ئىلىمدۇر بۇ چۈش ئىلمى ئول،
چۈشىسەڭ، ئۆرۈچى ئاچار ياخشى يول.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈش تەرىپى مەسىلىسىنى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن ئىزاھلىغان، تەقدىرچىلىك ۋە خۇراپىي قاراشلارغا ئېنىق رەددىيە بەرگەن، ئۆزىنىڭ چۈش ھەربىر شەخسنىڭ كونكرېت جىسمانىي ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىغا باغلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلمىي، ماتېرىيالىستىك قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ داستانىنىڭ 5988 ـ، 5989 ـ بېيىتلىرىدا ئودغۇرمىشنىڭ چۈشكە تەقدىرچىلىك ئاساسىدا خاتا قارىغانلىقىنى رەت قىلىپ ئاۋۋال ئودغۇرمىش، كېيىن ئۆگدۈلمىش تىلىدىن مۇنداق يازغان:

بايات ئەدگۇ ئەسىز يورىتسا قەزا
يورىتۇر ئانى ياتسا تۇنلە ئۇدا
[يامان ـ ياخشى قازانى بىلدۇرسە خۇدا،
ئايان ئەيلەر ئۇنى ياتسا ئۇيقۇدا.]
يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى بۇ سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

يەمە ئەدگۈ ئەرمەز ئايا كۆڭلى تۇر
[جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: بۇ سۆز —
ھەم ياخشى ئەمەسۇر، ئايا كۆڭلى تۇر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 6024 ـ، 6028 ـ بېيىتلىرىدا خان ـ ئەمەلدارلار بىلەن ئاددىي خەلقنىڭ چۈشىدە ۋە ھەربىر كونكرېت ئادەمنىڭ چۈشىدە پەرق بولىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

قارا ئام تۈشكە يۆرۈگى ئادىن
ئادىن بولدى بەگلەر تۈشى كۆر ئادىن
[ئاۋامنىڭ چۈشىگە تەبىر بۆلەكتۇر،
بۆلەكتۇر بەگ چۈشىنىڭ تەبىرى، كۆر.]
كىشىگە كۆرۈپ يۆرلۇر ئەمدى بۇ تۈش
ئاڭار ياقشىغ ئەرسە ياغۇتۇر ئۇقۇش
[كىشىگە قاراپ چۈش تەبىرى بولۇر،
ئاڭا بولسا لايىق، ئەقىل چۈش ئۆرۈر.]

بۇ چۈشنىڭ ۋاقىت، غىزا، تۆت تادۇ، تۆت مىزاج (خىلىت) ۋە ئادەمنىڭ يېشى ھەم پەسىل بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى داستاننىڭ 5996 ـ، 6005 ـ، 6006 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق تىلغا ئالغان:

كەچەكى تۈشۈڭكە يۆرۈگى ئادىن
يانار كۆرسە كۈندۈز كۆرۈگى ئادىن
[كېچىدىكى چۈش تەبىرى باشقادۇر،
يەنە كۆرسە كۈندۈز، ئۇ باشقا بولۇر.]
تەلىم تۈش بولۇر يەم ئىچىمكە بارىر
ياراغسىز يەمىش بولسا تەڭسىز كەلىر

[تالاي چۈشلەر باركى، غىزاغا قارار،
ئۇ بولسا يارامسىز، چۈش خۇنۈك بولار.]
تاقى بىر تۈش ئول كۆر بۈيىل فەسلىگا
تادۇسى كۈچەنىپ بارىر ئەسلىگا
[يەنە بىر چۈشكى، ئۇ پەسىلگە قارار،
كۈچەيسە تادۇسى ئاڭا ئۇ باقار.]

ئۇ داستاننىڭ 6007 ـ، 6014 ـ بېيىتلىرىدا بۇ ھەقتە تېببىي مەسلىھەتلەر كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئارىلاش چۈشلەرنىڭ تەبىرى بولمايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» مۇئەللىپىنىڭ كۆرسىتىشىچە، چۈشتىنمۇ كۆرە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىشنىڭ ئىنسانغا بولغان روھىي تەسىرى ناھايىتى چوڭ. چۈش تەبىرى ساغلام كىشىنى كېسەل قىلىشى، كېسەل كىشىنى داۋالاشقا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن (6004 ـ، 6029 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن)، شۇنىڭ ئۈچۈن چۈش تەبىرىنى كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ۋە ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان ئىلىم دەپ قاراش لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇندىن توققۇز ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ قاراشلىرى يېقىنقى زامان نېرۋالوگىيىسى، كېسەللىك پسىخولوگىيىسى، روھىي كېسەللىك ئىلمى ۋە چۈش تەتقىقاتىنىڭ بارغانسېرى ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان توپ قاراش ۋە يۈنىلىشلىرى بىلەن بىردەك بولغان. فىرئودنىڭ: ھەر كىمنىڭ چۈشى ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالامەتلىرىگە باغلىق، دېگەن قارىشىغا ئۇيغۇن بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دراماتىك داستان شەكلىدىكى بۇ ئەسىرىدە بايان ئارىسىدا يەنە كۆپلىگەن ئوبرازلىق بېيىتلار ئارقىلىق بۇ قارىشىنى ئېنىق ئىزچىللاشتۇرغان. دەرھەقىقەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش ئادرېسى

بۇ چۈش ئىلمىنىڭ خاتىمىسى ئەمەس، پەقەت مۇقەددىمىسى ئىدى، ئەلۋەتتە.

تۆتىنچى نۇقتا: پېرسونال پسىخولوگىيە قاراشلىرى

«قۇتادغۇ بىلىك»تە روھىي ھادىسىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە، ئىجتىمائىي مۇھىم ئىلىقا بولغان مۇناسىۋىتى، مائارىپ پسىخولوگىيىسى مەسىلىلىرى؛ ھەربىر كىشىنىڭ خاراكتېرىدىكى پسىخىك پەرقلەر — پېرسونال پسىخولوگىيە مەسىلىلىرى؛ مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى مەسىلىلىرى؛ مىللەتتىكى روھىي خۇنۇكلۇكلەرنى تازىلاپ، مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — جەمئىيەتشۇناسلىق پسىخولوگىيىسى مەسىلىلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك مۇھاكىمە ياكى ئۆزۈندىلەر ساقلانغان. بىز بۇ جەھەتتە ئالاقىدار تېمىلاردا ئىجتىمائىي ـ تەلىم نۇقتىسىدىن توختالغاچقا، بۇ يەردە ئۇنىڭ يەنە بىر قاتلام پسىخولوگىيىلىك مەنىدارلىقى مەۋجۇتلۇقىنى تەكىتلەش بىلەن چەكلىنىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ھەرخىل كەسىپي خادىملار ئىقتىدارىغا پسىخىك ـ ئەندىۋىدۇئال شەرتلەر قويۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئاچكۆزلۈك، يالغانچىلىق، چۈس مىجەزلىك ۋە ئۆياتنى بىلمەسلىك قاتارلىق پسىخىك تۈزۈلمىدىكى ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 2205 ـ، 2206 ـ بېيىتلىرىدا «ئۇياتسىز كۆزىدە خۇنۇك بىر قاداق»، «ئېتىلمەس تۆشۈكتۇر ئۇياتسىز كۆزى» دەپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۆزىتىشلىرىدىن تېرەن يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇ 2003 ـ بېيىتىدا ئاچكۆزنى «بۇ ئاچلىقنى ئۆلسە قويار» دەپ كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 4515 ـ، 4516 ـ، 1891 ـ، 1893 ـ، 1898 ـ، 1899 ـ، 1901 ـ، 1902 ـ بېيىتلىرىدا سۆيگۈ پسىخىك ئالامەتلىرى توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئۇ بۇنىمۇ كۆرۈش

ۋە مۇھەببەت روھىيىتىنى بايقاش جەھەتتە ئىزاھلىغان. بېيىتلار مۇنداق:

كۆزۈن كۆرمەسە ئاززۇ قولماز كۆڭۈل
كۆزۈك كۆرسە كۆڭلۈك قولۇر ئاي ئوغۇل
[كۆزۈك كۆرمىسە گەر، تەلپۈنمەس كۆڭۈل،
كۆزۈك كۆرسە، كۆڭلۈك ئاغار، ئى ئوغۇل.]
كۆزۈڭنى كۇدەزگىل كۆڭۈل قولماغاي
كۆڭۈل قولماسا ئۆز بۇلۇن بولماغاي
[كۆزۈڭنى كۆزەتكىن، كۆڭۈل تارتمىغاي،
كۆڭۈل تارتمىسا، ئۆز ئەسىر بولمىغاي.]
كۆڭۈل تاتغى نە ئول بۇ كۆز تاتغى نە
بۇ ئىكى تاتىغدىن ئۆزۈم ئۆلگى نە
[كۆڭۈل زەۋقى نېمە، بۇ كۆز زەۋقى نە؟
مۇشۇ ئىككى زەۋقتىن نېسۋەم نېمە؟]
سەۋتمىش يۈزىن كۆرسە كۆزكە تاتىغ
كۆڭۈل ئاززۇسىن بولسا ئۆزكە تاتىغ
[كۆرۈش سۆيگىنىنى — بۇ كۆز زەۋقىدۇر
تېپىش دىل ئۈمىدىن — بۇ ئۆز زەۋقىدۇر.]
سەۋەر سەۋمەزىن ئۆز بىلەيىن تەسە
كۆڭۈلكە باقا كۆرگۈ بىلگەي باسا
[بىلەي دېسە سۆيگەن ۋە سۆيمەگىنىن،
كۆڭۈلگە قاراسۇن، بىلەر ئۇ كېيىن.]
سەۋۇگلەر يۈزىندە بولۇر بەلگۈ نەڭ
كۆزىن كۆزكە تىكسە ئانى بىلگۈ تەڭ
[سۆيۈملۈك يۈزىدە بولۇر بىر نىشان،
كۆزى ـ كۆزگە چۈشسە بىلىنۇر شۇئان.]
سەۋىگلى كىشىنىڭ يۈزى بەلگۈلۈگ
تىلى ئاچسا مەنى سۆزى بەلگۈلۈگ
[سۆيۈملۈك كىشىنىڭ يۈزى بەلگىلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

تىلىن ئاچسا مەنا سۆزى بەلگىلىك.]
سەۋەر سەۋمەزىن ئۆز بىلەيىن تەسە
ساڭا تەترۇ باقسا كۆزى بەلگۈلۈگ
[سۆيۈپ ـ سۆيمىگەننى بىلەيمەن دىسەڭ،
ساڭا توغرا باقسا كۆزى بەلگىلىك.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى مىسرالىرى ئارقىلىق ئويغانغان، ھاياجان سۆيگۈ ھېسسىياتىنىڭ كۆز، كۆڭۈل ۋە يۈز ـ چىراي، سۆز ـ خۇلقتا ئومۇمىيۈزلۈك زەۋقى زىلزىلە قوزغايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئۇ داستانىنىڭ 3855 ـ بېيىتىدا «تۇتقۇن بولسا دىل، ئەركىسىز بولۇر كىشى» دەپ، مۇھەببەتتىن پەيدا بولىدىغان يالقۇنلۇق ئىشق ۋە ئىختىيارسىزلىقنى تىلغا ئالغان. بۇ ماھىيەتتە ھېسسىيات چىنلىقى ۋە ھېسسىياتنىڭ ھېسسىياتقا ئۆچۈر يەتكۈزۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇھەببەتتە ئاشىقنىڭ مەشۇقتا بولغان ھېسسىي قاراشلىرىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەرنىمۇ سۆيگۈ ئالامىتى شەكلىدە تىلغا ئالغان. ئۇ داستانىنىڭ 3516 ـ، 3517 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

نەگۇ تىر ئەشىتگىل بۇ سەۋمىش كىشى
سەۋۈگكە سەۋۈگ ئەيبى ئەردەم باشى
[ئىشىتكىن، نېمە دەر بۇ سۆيگەن ئادەم:
ئاشىق ئۈچۈن مەشۇق ئەيبى زور ئەردەم.]
سەۋۈگلۈگ نىشانى بۇ ئول بەلگۈلۈگ
سەۋۈگ ئەيبى ئەردەم بولۇر ئاي كۆلۈگ
[بۇ سۆيگۈ نىشانى شۇدۇر، ئەي شەۋكەت،
ھەر مەشۇق قۇسۇرى بولۇر پەزىلەت.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مىللەت روھىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇشقا خەيرىخاھلىق قىلغان ئۇلۇغۋار روھىي ئىنژېنېر ۋە ئۇستاز ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھتىن سىپاھىي پەرزەنتلەرگىچە ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ۋە روھىي تۈزۈلمىدە ئىمكانقەدەر پاك ۋە ئالىيجاناب بولۇشى، ناچار ئىللەتلەرنى ھەممە بىردەك رەت قىلىشى ھەققىدىكى يالقۇنلۇق تەشەببۇسلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئەبەدىي ماياك ۋە مەڭگۈلۈك خىتاب بولۇپ قالدى.

## 8. قىسقىچە يەكۇن

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئالەمنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىنسانغا ئالاقىسى، ماددىي دۇنيا ۋە روھىيەت ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت تۈپلۈك تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرىنى تىلغا ئالدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ دىنىي ۋە فېئوداللىق ئالاھىدىلىكىنى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھېسابقا ئېلىش شەرتى ئاستىدا، ئوتتۇرا ئەسىر تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ بۇ ئورىگىنال تېمىسىنى پانتېئىزم ئاساسىدا ئىزاھلاپ، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخىدا ئەبۇ نەسىر فارابىدىن كېيىنكى يەنە بىر يۈكسەك پەللىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ پەلسەپىۋى دراماتىك ئەسىرىدە، بىلىم دېمەكلىك نوقۇل دىنلا ئەمەس، پەلسەپە دېمەكلىك يالغۇز كالام تەلىماتىلا ئەمەس، تەقدىر دېمەكلىك يالغۇز تەڭرى ئىرادىسىلا ئەمەس، ھەقىقىي دۇنيا دېمەكلىك پەقەت باقى ئالەمدىلا ئەمەس، بەخت دېمەكلىك پەقەت جەننەتتىلا ئەمەس، ئاقىۋەت دېمەكلىك قىيامەت سورىقىلا ئەمەس دېگەن يېڭىچە ئىدىيە چاقناپ ـ جىلۋىلىنىپ چىققان.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەرچە ئۆز دەۋرى ئىدېئولوگىيىلىك تەرەققىياتىدا غايەت زور ئەھمىيەتلىك نەتىجە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر قاتار ئىدىيىۋى، تارىخىي چەكلىمىگە ۋە بىلىش چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. بۇ ماھىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرلىرى سادىر قىلغان ئومۇمىي ئاجىزلىق ئىدى. ئۇنىڭ مۇھىملىرى: «مەقسەتچىلىك نەزەرىيىسى» [11]، «ئوتتۇرا ھالەت نەزەرىيىسى» [12] ئىپادىلىرى ۋە پانىي ئالەم ئەپسانىلىرى بىلەن باقىي ئالەم ھەقىقەتلىرىنى مۇرەسسە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا دۇنيانى تەڭرى ياراتقان دېگەن قاراش ئىسلام ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلار ئاساسىدا ئىزاھلانغان. گەرچە مۇنداق ئالەم بىنا قىلىش ھادىسىسى مۇئەللىپنىڭ پانتېئىزملىق ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرى تەرىپىدىن ئىنساننى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى مەقسەت قىلىپ ئىزاھلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىدېئالىستىك «مەقسەتچىلىك نەزەرىيىسى» خاراكتېرىنى ئالغانىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇئەللىپى ئارستوتېل ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئارستوتېلىزمى تەرەپدارلىرىنىڭ «ئوتتۇرا ھالەت نەزەرىيىسى» تەسىرىگە ئۇچراپ كەسكىن مۇھاكىمىلەردىن باش تارتقان. زاھىت ئودغۇرمىشقا نىسبەتەن «ئارتۇقچە زورلىماسلىق» پوزىتسىيىسىنى قوللانغان. ھەتتا داستاننىڭ 2090 - بېيىتىدا ۋە 4984 -، 4985 - بېيىتلىرىدىكى رۇبائىيسىدا:

بود ئورتۇ كەرەك ھەم تەڭنچە ياراغ
ئىشىڭ ئورتۇ تۇت ئاي بىلىكلىگ كىشى
[بويى ئورتا بولسۇن لايىق ئۆزگە،
ئەي ئالىم ھەر ئىشنى ئورتا تۇت ھەرئان.]
تەڭىندە كەچۈرمە قامۇغ ئىشنى سەن

تەگمىدە كەچۇرسە يانا قاجغا سەن
قامۇغ ئىشكە① ياڭراغ تەگى ئۇل ياڭى
قامۇغ نەڭ تەگى بىرلە بولدى ئەسەن
[چىقارما ھېچ ئىشنى ئۆلچىمدىن سەن،
قاچار ئىش، چىغىردىن ئۇ چىققان ئىكەن.
پۈتۈن ئىشتا ئۆلچەم، ئۇسۇل، قائىدە بار،
ھەر ئىش ئورتاھال بولسا — بولغاي ئېسەن.]

دەپ، ئارستوتېلنىڭ «ھەر ئىشتا يەتكۈزمەيمۇ قالماسلىق، ئاشۇرۇۋېمۇ ۋەتمەسلىك، ئوتتۇرا ھالەتتە بولۇش» كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەن. بۇ كۆز قاراش شەھەر سودا ــ ھۈنەر ئاقسۆڭەكلىرى مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ جاسارەتلىك، كەسكىن مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىشىغا چەك قويغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا پانتېئىزملىق تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرى سوپىزملىق ــ ئىسلاھىيەتچىلىك كۆز قاراشلىرى بىلەن مۇئەييەن كۆرەشتە ۋە مۇئەييەن مۇرەسسە ئىچىدە بايان قىلىنغان. بۇ خىل مۇئەييەن مۇرەسسە ئىپادىلىرى داستانىنىڭ تارىخىي چەكلىمىسىنى، ئاپتورنىڭ سىنىپىي ۋە بىلىش چەكلىمىسىنى ھاسىل قىلدى. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورىدىن ئەينى زاماندا بۇنىڭدىن ھالقىغان ئۇزۇل ــ كېسىل ئاتېئىزملىقنى تەلەپ قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. داستاندا تىلغا ئېلىنغان «ئىككى دۇنيا»، «ئىككى ماكان»، «ھەر ئىككى دۇنيانى تەرك ئەتمەسلىك»، «ئىككى پۈتتا يۈرۈپ، ئىككى قولدا تۇتۇش»، «ئۈمىد بىلەن ۋەھىمە ئارىسىدا ياشاش» قاتارلىق كۆز قاراشلار گەرچە رېئال ھايات ۋە رېئال بەخت ــ

① «نەمەنگان نۇسخىسى»دا «قامۇغ نەڭ» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

سائادەتنى تەكىتلەش مەقسىتىدە سوپىزملىق ئىلاھىيەتچىلىككە زىت قويۇلغان بولسىمۇ، «دۇنياۋى ھايات مەسىلىلىرىدە، ھايات ئۈچۈن كۈرەش مەسىلىلىرىدە دىنغا قارام بولۇپ قالماسلىقتا، دۇنياۋى تەدبىرلەرنى دىنىي ئېتىقادقا قۇربان قىلىۋەتمەسلىككە چاقىرغان»[①] بولسىمۇ، ئەمما باقىي ئالەم ئەپسانىلىرى رەت قىلىنمىغان، بەلكى مۇرەسسەلەشتۈرۈلگەن. نەتىجىدە، داستان خەلق بىلەن تەڭرىنى، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئېتىقادنى، رېئال بەخت بىلەن جەننەتنى، پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەمنى مۇرەسسە قىلىش ئۇسىنى ئالغان. بۇ ھال يېڭىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان فېئودال يۇقىرى قاتلىمىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىكلىرى بىلەن ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرقتە باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنىڭ كەڭ تەسىر دائىرىسىنى تاپقان سوپىزملىق ـ تەسەۋۋۇپلۇق كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەينى زامان روھىيەت ئاسمىنىدىكى ئېغىر بېسىمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى يېزىلىپ ئانچە ئۇزاتمەي غەربىي خان ئەھمەدنىڭ 1095 ـ يىلى دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بۇ خىل مەنىۋى ۋەزىيەتنىڭ قانچىلىك كەسكىنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

گېگېل توغرا ئېيتقانىدى: «پەلسەپە تارىخى... پۈتكۈل تارىخنىڭ ئەينىكى بولۇشى لازىم»[②]. بۇ ئەينەكنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئېتىشى ئۇنىڭ چىنلىقى ۋە نەتىجىلىرى جۇملىسىگە كىرىدۇ، ئەلۋەتتە.

لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «قوپال، ئاددىي، مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرچە، پەلسەپىۋى

---

① قەييۇم كەرىموف: «ئىلىك بەدىئىي داستان»، 26 ـ بەت.

② گېگېل: «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيىلەر»، مۇقەددىمىسىگە قارالسۇن.

ئىدېئالىزم جۆيلۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەكسىچە، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرچە، پەلسەپىۋى ئىدېئالىزم بىلىشنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيىتىنى، تەرىپىنى، قىممىتىنى بىر تەرەپلىمە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ··· راۋاجلاندۇرۇپ (كۆپتۈرۈپ، كېڭەيتىپ)، راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ماددىدىن ئايرىپ، تەبىئەتتىن ئايرىپ، ئىلاھىيلاشتۇرۇش، مۇتلەقلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت، خالاس.»[1]«تارىخىي تۆھپىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلغاندا، تارىخىي ئەربابىنىڭ هازىرقى زامان تەلەپ قىلىدىغان نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگە نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى نەرسىلىرىگە ئاساسلىنىش لازىم»[2].

مانا بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىغا تارىخىي ۋە تەنقىدىي باھا بېرىشتە ئەمەل قىلىدىغان يېتەكچى پرىنسىپ.

---

① لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 364 ـ بەت.

② لېنىن: «ئىقتىسادىي رومانتىزمغا باھا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، II توم، 150 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرېسى

# IV باب «قۇتادغۇ بىلىك»تە بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى

«زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىنسان،
ئۇ — ئاچقۇچ، قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان.»
— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك»تە بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى

«قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم جاۋاھىرات سارىيى ئۇنىڭ ئورگىنال ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بېزەندۈرۈلگەن بىلىش نەزەرىيىسى تەلىماتلار تىزمىسىدىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىدىن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتۈش ئارىسىدا بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغان.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بىلىش نەزەرىيىسى پەلسەپىنىڭ مۇھىم دائىرىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ رېئال دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشىگە ئائىت دۇنيا قاراش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭسىز مەدەنىيەت تارىخىنىڭ

ئاساسلىرىنى، ئىلىم ـ پەن خەزىنىسىنىڭ پەلسەپىۋى ئاچقۇچىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت كلاسسىك ئەسەردە بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيىتى شارائىتىدىكى ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە ھېسابلانغان كالامىزم تەرغىباتىدا بىلىش پەقەت ئىنساننىڭ تەڭرىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۆزىنىڭ پاسسىپ، بويسۇنغۇچى، ئىتائەتمەنلىك سالاھىيىتىنى تەن ئېلىشى دائىرىسىدە غەيرىي ئەقلىچىلىك (ئىرراتسىئونالىزملىق)[①] ۋە نادانلاشتۇرۇش خاراكتېرى ئالغانىدى. مۇنداق بىلىش ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەقسىتىدە دۇنيانى بىلىش، پەن ۋە سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىنى يورۇتماستىن، ئەكسىچە، ئىنساننى تەقۋادارلىق، تەركىدۇنيالىق ۋە ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا «ئۆز گۇناھلىرى»نى چۈشىنىپ، توۋا ـ ئىستىغپار قىلىش يولىغا دەۋەت قىلاتتى. بۇ ھال ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بىلىش ئىقتىدارى، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم، ئىنساننىڭ ھەقىقەتنىڭ ئاساسى ۋە ئۆلچىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىلغار راتسىئونالىزملىق كۆزقاراشنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدىكى ئالاھىدە تارىخىي تۆھپىسى ۋە پەلسەپىۋى قىممىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان بىلىش نەزەرىيىسىگە ئائىت ئىلغار راتسىئونالىزملىق كۆز قاراشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىمۇ ئىككى تەرەپلىمە بولغان. ئۇنىڭ بىرى مۇتەپەككۇرنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچىسى،

① ئىرراتسىئونالىزم — ئەقىل ۋە ئەقلىي بىلىشكە، راتسىئونالىزمغا قارشى پەلسەپىۋى ئېقىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇئەللىپىنىڭ ئەقىل، بىلىم، ئادالەتلىك قانۇن ۋە ئەخلاقنى ئۇل قىلغان پازىل — سۇپىلىزاتسىيىلىك جەمئىيەت قاراشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى قاراشلىرى يالغۇز ئىسلامىيەت شەرقىدە ئەركىن تەرەققىي قىلىۋاتقان بىلىش نەزەرىيىسى قاراشلىرى ئەمەس بەلكى، ئۇ قاراشلىرىغا جۇملىدىن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك بىلىش قاراشلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىپ قالماي، يەنە ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىش نەزەرىيىسى قاراشلىرىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق جەۋھەرلەردىن بىۋاسىتە ئوزۇقلانغانىدى.

مەلۇمكى، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئەقىل، بىلىم، دانالىق، ئەخلاق ۋە بەخت ـ سائادەت چۈشەنچىلىرى كاتېگورىيىلىك چۈشەنچە شەكلىنى ئالغان بولۇپ، بىلىملىكلەر ماختىلىپ، بىلىمسىزلىك ئەيىبلەنگەنىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى دەستۇرلىرىدا «كۆز قاراش» (كۆرۈم)، «سەزگۇ» (تېگىنمەك)، «تۇيغۇ» (تۇيماق)، «سەزگۇ ئەزالار» (قاچىغ ئورۇنلار)، «ھېس» (بۆرۈتمەك)، «گۇمان» (ئىكىرچگۇ)، «بىلىش» (بۆگۈلەنمەك)، «ھەقىقەت» (كېرتۆ، چىن)، «ساختا» (يالغان)، «خاتالىق» (ياڭلۇغ)، «ھېسسىي بىلىش» (تۇيماق بىلىگ)، «ئەقلىي بىلىش» (بىلگە بىلىگ)، «ئىسپات» (تانۇغلۇق)، «ئەقىل» (ئۇقۇش) قاتارلىق بىلىش كاتېگورىيىلىرى بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەنئەنىۋى قاراشلاردىكى «ئۇگ تەڭرى»، «بىلىگ تەڭرى» قاتارلىق خۇراپىي قاراشلارنى شاللىۋېتىپ، ئەقىلنىڭ تۇغمىلىقى (مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇغ» دىكى: «ئۇگ — قارىنتا — ئۇمايدا» دېگەندەك)، سەزگۇنىڭ سەزگۇ ئەزالار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقى (مەسىلەن،

«ئۇيغۇرچە بۇددا تېكىستلىرى» دىكى: «ئالتى قاچىغ ئورۇنلار بولماسار بۆرۈتمەك بولماز» — ئالتە سەزگۇ ئەزالىرى بولمىسا سېزىش بولمايدۇ)، ياخشى ئىشنىڭ ئۆلمەسلىكى (مەسىلەن، «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى: «ئۆلگىسۇز بۇيان ئىدگۇ قىلىنچ») قاتارلىق ئەبەدىيلىك ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەپەككۇر بوشلۇقى ۋە بىلىش سىستېمىسى مەسىلىلىرىدە فارابىدىن كېيىن ئالاھىدە ئورىگىناللىقى بولغان يەنە بىر ئېگىزلىك پەيدا قىلدى. ئۇنىڭچە، پەقەت ئىنسان ئۆز قەدرىنى بىلگەندىلا، ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە بىلىش ئىقتىدارىنى جارى قىلغاندىلا بىلىم مەلىكىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بىلىم مەلىكىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئادالەتلىك، پەزىلەتلىك ۋە سائادەتلىك جەمئىيەت يارىتىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىدىن ئىبارەت ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ دىنىي قۇللاشتۇرۇش جاھالەتچىلىكىگە قارشى، ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئىنسان ئۆز بەختى ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزى ئاكتىپ كۆرەش قىلىش تەشەببۇسى بىلەن مەيدانغا چىققان ئەزىمەت بولدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنىڭ قاتمۇ قات قارا تۇتەكلىرى ئىچىدە ئىنساننىڭ نوپۇزىنى ئۇلۇغلىدى؛ ئىنساندا ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىلىمنىڭ نوپۇزىنى ئۇلۇغلىدى؛ ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىلىمدە بىلىمنىڭ نوپۇزىنى ئۇلۇغلىدى. شۇ ئارقىلىق بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىلاھىيەتچىلىك ۋە سوپىزم تەرغىباتىغا زىت ھالدا، تەقىپ قىلىنىۋاتقان راتسىئونالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىنسان ئەقىل ۋە بىلىم تۇپەيلى قۇدرەتلىك. ئەقىلسىز ۋە بىلىمسىز كىشى مېۋىسىز دەرەخ، جان كىرگۈزۈلمىگەن لاي قورچاقتىن ئىبارەت. بىلىمسىزلىك ئىجتىمائىي كېسەللىك بولۇپ، بارلىق يامانلىق ۋە

www.uyghurkitap.com

خارابىلىشىنىڭ مەنبەسى. مۇتەپەككۇر پۈتۈن جەمئىيەتنى نادانلىقتىن ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىلىم ئېلىشقا چاقىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىش توغرىسىدىكى بۇ ھېكمەت كىتابىنىڭ 297 ـ، 1843 ـ، 2455 ـ، 157 ـ، 158 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

ئۇقۇشقا تۇرۇر بۇ ئاغىرلىق ئەتىك
ئۇقۇشسۇز كىشى بىر ئاۋۇچچا تەتىك
[ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئوچۇملا لاي.]
بىلىگىن سەچىلدى كىشى يىلقىدىن
بىلىگدە بەدۈكرەك نەگۈ بار ئادىن
[بىلىملە پەرقلىنئۇر كىشى يىلقىدىن،
نىمە بار بۈيۈكرەك بۆلەك بىلىمدىن.]
ئۇقۇشسۇز كىشى ئول يەمىشسىز يىغاچ
[ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ.]
بىلىگسىز كىشى بارچا ئىگلىگ بولۇر
ئىگىگ ئەملەمەسە كىشى تەرك ئۆلۈر
[بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.]
يورى ئاي بىلىگسىز ئىگىگنى ئوتا
بىلىگسىز ئوتىن سەن ئاي بىلگە قۇتا
[كېسەلنى داۋالات، بار، ئەي بىلمىگەن،
ئەي ئالىم ناداننى داۋا ئەيلە سەن.]

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى بىرىنچىدىن مول، ئىككىنچىدىن ئەمەلىي. ئۇ ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى — ئەقلىي ئىقتىدار، سەزگۈ ئەزالىرى ۋە مېڭە، تىل ۋە تەپەككۇر، بىلىش جەريانلىرى، بىلىش ۋە بىلىم، ھەقىقەت ۋە خاتالىق، ئەمەلىي پائالىيەت قاتارلىق كۆپ جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىنساننىڭ ئەۋزەللىكى ۋە پائالىيەتچانلىقى ھەققىدە

ئىنسان — يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇچۇن دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى تۈزەشتە ئەڭ پائالىيەتچى نەرسە ھېسابلىناتتى. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج بايانىدا» ناملىق بەشىنچى بابنى تاماملاۋېتىپ، بىردىنلا:

باسا ئايدىم ئەمدى مۇنۇ يالڭۇقۇغ
ئاغىرلىقى بولدى بىلىك ئۆگ ئۇقۇغ
[بۇ ئىنسان بايانىن قىلاي ئەمدى مەن،
قەدىر تاپتى ئەقلى، بىلىم ـ ئاڭ بىلەن①.]

دەپ، ئىنسان تېمىسىغا بۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭچە، ئاسمان سەتھىدە يۇلتۇز بىلەن ئاي، قۇياش، زېمىن كۆكسىدە ئىنسان ئاساسىي تېما ھېسابلىناتتى.

بىرىنچى، ئىنسان — تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىنسان توغرىسىدا توختالغاندا، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى بىلىش ئىقتىدارى ئەۋزەللىكلىرى ۋە ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن كۈرەش تەشەببۇسكارلىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغانىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى ئالدى بىلەن ئىنساندىكى تەبىئەتلىك ئالامەتلىرىدىن ئىزاھلاشقا كىرىشتى. مەلۇمكى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ئورنى مەسىلىسى پەلسەپە مۇھاكىمىسى تارىخىنىڭ مەركىزىي

① «قۇتادغۇ بىلىك»، 147 ـ بېيىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەننىدى.

ئادەم ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئورنى مەسىلىسى ئەينى زامانىدىكى دىنىي ئىدېئالىستىك تەلىماتلاردا، جۈملىدىن كالام تەلىماتلىرىنىڭ تەقدىرچىلىك تەشۋىقاتلىرىدا پۈتۈنلەي سەلبىي، پاسسىپ، قۇللۇق نۇقتىسىدىن ئىزاھلىنىپ، بارلىق ئىنسانىي ئەقىل ـ پاراسەت، ئەركىن پىكىر ۋە ئىرادە ئىختىيارلىقى جىنايى ئەيىب ئاستىدا تەقىپ قىلىنغاننىدى. ئىنسان ئەقىل ـ پاراستى ۋە تەقدىر ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى مۇتەززىلىزملىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كۆز قاراشلارنىڭ نامايەندىلىرى خۇددى باغدادلىق مۇتەپەككۇر مەنسۇر ھەللاجى[13] دەك روھانىيلار تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان ياكى شىرازلىق شائىر ئەبۇ تەيىب ئەل مۇتەنەببى[14] دەك يوشۇرۇن سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەننىدى. بىراق، زۇلمەت دەھشىتى ھەقىقەت يولىدىكى ئىزدىنىشنى توسۇپ قالالىغان ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەڭ ئالدى بىلەن، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىي مۇقەررەرلىك ئۈستىدە توختىلىپ، بۇنىڭ كىشى ئىرادىسىگە ۋە شاھ ياكى گادايلىقىغا قاراشلىق ئەمەسلىكىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھال مۇتەپەككۇرنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ سۈبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى توغرىسىدىكى باشقا پىكىرلىرىنى بايان قىلىشىغا ئاساس سالغان. ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تۇغۇلۇش، كېسەل بولۇش، قېرىش ۋە ئۆلۈشى توغرىسىدا ھەرخىل ئوبرازلىق تەسۋىرلەر بايان قىلغان. ئۇ داستاننىڭ 1465 ـ ۋە 1540 ـ بېيىتلىرىدا بۇ ھەقتە روشەن جۈملىلەر بىلەن مۇنداق يازىدۇ:

كەچىگلى تۇرۇر دۇنيا كەچتى ساقىن

كەلىگلى ئۆلۈم ئۇترۇ كەلدى ساقىن
[جاھان ئۆتكۈچىدۇر، ئۇنى ئۆتتى بىل،
ئۆلۈم كەلگۈچىدۇر، ئۇنى كەلدى بىل.]
ئەسىز ئەدگۇ قالماز نەچە تۇز ئۆلۈر
ئۇلۇغ يا كىچىگ تۇت قارا يەر بولۇر
[يامان ـ ياخشى قالماس تامامەن ئۆلۈر،
ئۇلۇغمۇ، كىچىكمۇ قارا يەر بولۇر.]

داستاندا ئۆلۈمنىڭ مۇتلەق ۋە مۇقەررەرلىكى ئالدىدا تېبابەتچىلىك ياكى دانا ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ لال بولىدىغانلىقى (1198 ـ، 1778 ـ بېيىتلاردا)، ئۆلۈم ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى (3617 ـ، 4724 ـ بېيىتلاردا)، ھەتتا ھارۇن، كەيخىسراۋ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين، قەيسەر، مۇسا پەيغەمبەر، سۇلايمان پەيغەمبەر، مۇھەممەد پەيغەمبەر قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭمۇ ئۆلۈمدىن ئامان قالمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، ئىنسانىي ئاڭ ـ تۇيغۇنى ئويغىتىپ، قىسقا ئۆمۈر جەريانىدا ياخشى ئىش قىلىش، ياخشى نىشان تىكلەشنى دەۋەت قىلىدۇ. داستاننىڭ 1522 ـ، 180 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دالالەت قىلىدۇ:

بولۇپ توغما دۇق تەگ يىتىپ باردى جان
ئاژۇندا ئاتى قالدى بەلگۈ نىشان
[بولۇپ تۇغمىغاندەك يۇتۇپ كەتتى جان،
جاھاندا ئېتى قالدى بەلگە ـ نىشان.]
توغۇغلى ئۆلۈر كۆر قالىر بەلگۈسۆز
سۆزۈڭ ئەدگۇ سۆزلە ئۆزۈڭ ئۆلگۈ سۆز
[تۇغۇلغان ئۆلەر، كۆر، قالۇر بەلگىسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگۈسىز.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «تۇغۇلماق» ۋە «ئۆلمەك» تىن

www.uyghurkitap.com



ئىبارەت ئىلىم ۋە دىنىي قاراشلار ئۇچۇن ئىختىلاپسىز مۇقەررەر ھادىسىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئۆز تېمىسىنى بىردىنلا ئەينى زامان ئىدېئولوگىيىسى نەزەرىدە غايەت زور ۋە كەسكىن تېما بولغان ئۆمۈرنى قانداق ئۆتكۈزۈش — ئىستىقامەتنى ئاساس قىلىشمۇ ياكى خەلق پاراۋانلىقى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۇچۇن تۆھپە قالدۇرۇش لازىممۇ؟ دېگەن مەسىلىگە يۆتكەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىنسان ئۇچۇن ياشىشى لازىم

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى پائالىيەتچان ئورنى توغرىسىدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىنى ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت ئۇچۇن ئۇنۇملۇك كۈرەش قىلىشى مەسىلىسىگە يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك رېئالىستىك ۋە ئۈمىدۋارلىق تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئەينى زامان ھۆكۈمران ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ تېخىمۇ روھانىيەتچىل كۆرۈنۈشى بولغان سوپىزىم — زاھىتلىق كۆز قاراشلىرى بىلەن توقۇنۇشقا توغرا كەلدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بىلەن (بەزىدە خاقان كۈنتۇغدى بىلەن) زاھىت ئودغۇرمىش (ئۆزبېكچىدە ئوزغۇرمىش دەپ ئېلىنغان) ئارىسىدىكى رېئال دۇنيا ۋە ئاتالمىش كەلگۈسى دۇنيا، ئۈمىدۋارلىق ۋە تەركىدۇنياچىلىق، خەلققە ياخشىلىق قىلىش ۋە نوقۇل تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق بىر ـ بىرىگە زىت تېمىلارنى چۆرىدىگەن بىرقانچە قېتىملىق مۇنازىرىلەر بۇنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بىز «قۇتادغۇ بىلىك»تە بۇ ھەقتە داۋام قىلغان مۇنازىرىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇنازىرىنىڭ بىر تەرەپتىن كەسكىنلىكىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى زاماندا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن يۇقىرى قاتلام دىنىي ـ تەقۋادارلار تەبىقىسىگە ئۆز شارائىتىغا يارىشا سىپايە ۋە تەكەللۇپ بىلەن ئىش تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي،

مۇئەللىپ رېئال ھايات ۋە ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت، خەلققە ياخشىلىق قىلىش، ئىلىم ـ پەن ۋە ئادالەت بىلەن شۇغۇللىنىش مەسىلىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈمىدسىزلىك، تەركىيدۇنياچىلىق، مەنىۋى قاششاقلىق كۆز قاراشلىرىنى تەكرار ـ تەكرار رەت قىلىدۇ.

داستاننىڭ 3441 ـ بېيىتىدا ۋەزىر ئۆگدۈلمىش ئاغزىدىن:

قايۇ نەڭ بولۇپ قودتۇلۇق ئەمدى ئانى
قايۇ تەلۋە زاھىد ئاتادى سەنى
[نېمە يىغدىڭ ئەمدى قويۇرسەن ئۇنى،
قايسى تەلۋە ئاتار زاھىت دەپ سېنى؟]

دېسە، 3851 ـ بېيىتىدا، ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ بىر قىسىم سۆزلىرىگە زاھىت ئودغۇرمىشنىڭ سۆز قايتۇرغانلىقىنى، بىر قىسىم سۆزلىرىگە جاۋاب قايتۇرالماي كۆزىنى يۇمۇۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ:

مەنىڭ سۆزچە بارچا يانۇت قىلدى سۆز
تاقى تۇتتۇم ئەرسە قاتىغ يۇمدى كۆز
[پۈتۈن سۆزلىرىمگە جاۋاب قىلدى سۆز،
دېيىشسەم تولاراق، قاتتىق يۇمدى كۆز.]

داستاندا كۆرسىتىلىشىچە، زاھىت ئودغۇرمىشنىڭ «خەلققە ئىشىك ياپماي خۇداغا ئىبادەت قىلغىلى بولمايدۇ» (3341 ـ، 3793 ـ بېيىت)، «ھايات ۋە مۇھەببەت دىنىنىڭ چوڭ دۈشمىنى» (3344 ـ بېيىت)، «ياسانغان كېلىنچەك كۆڭۈلنى ئازدۇرغۇچى» (3540 ـ بېيىت)، رېئال دۇنيادىكى «بەخت خۇدادىن يىراقلاشتۇرغۇچى ئېزىتقۇ» (3525 ـ بېيىت)، «كۆڭۈل بىر نېپىز شىشە» (3394 ـ بېيىت)، «پەرزەنت كۆرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالايىئاپەت» (3380 ـ بېيىت)، «ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش خەتەرلىك كېمىگە چۈشمەكلىك» (3386 ـ بېيىت)، «ئادەم بىرىنچى گۇناھنى يۇيۇش ئۈچۈن يورۇق دۇنيادىن ئىبارەت زىندانغا تاشلانغان»① (3521 ـ، 3522 ـ بېيىت)، «بۇ دۇنيا جاپا دەرگاھىدىن ئىبارەت» (3586 ـ، 4839 ـ بېيىت)، «بۇ ۋاپاسىز، جاپاكەش دۇنيانى تاشلاپ، ئۇ دۇنيانى ماكان قىل» (4739 ـ، 5189 ـ بېيىت) قاتارلىق بۇددىزم سۇنياتا دەرۋىشچىلىكى[15]، ئاۋگۇستىنچە خرىستىئان تەقۋاگەرچىلىكى[16] ۋە ئىسلام سوپىزمى كۆز قاراشلىرى ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ بىرمۇبىر رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەينى زاماندا ئىراندىن ئوتتۇرا ئاسىيا قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە ئېقىپ كىلىۋاتقان تەسەۋۋۇپ پىكىر ئېقىمىغا بىلدۈرگەن ئېتىرازىنى ئىپادىلىگەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان روھىيەت سەھنىسىدىكى بۇ جىددىي مەسىلىلەرگە خاقان كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئۆگدۈلمىش تىلىدىن جاۋاب بەرگەندە ئۆزىنىڭ رېئالىستىك، راتسىئونالىزملىق ۋە گۇمانىزملىق كۆز قاراشلىرىنى چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە، كەسكىنلىك ۋە روشەنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ پۈتكۈل روھانىيەتچىل سوپىزم ۋە زاھىت ئەھلىگە خىتاب قىلىپ: «كەڭ دۇنيانى تار قىلىۋالماسلىق لازىم» (3649 ـ بېيىت)، «بۇ دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادىتىنى يامانلاپ ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ» (3975 ـ بېيىت)، «بۇ دۇنيادىكى مال ـ مۈلۈك ھالال تېپىلىپ، توغرا خىراجەت قىلىنسا

① «تەۋرات»، «زەبۇر» ۋە «قۇرئان» دا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا تەڭرى (يەھۇى) ئۈلارغا بېغىشلىغان ئېرەم جەننىتىدە نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئالما («قۇرئان» دا بۇغداي) يېگەن بىرىنچى گۇناھى ئۈچۈن يورۇق دۇنياغا جازا ھېسابىدا چۈشۈرۈلگەن دەپ سۆزلەنگەن.

ياخشىلىققا يول ئاچىدۇ، كىسەلگە ئەمچىدەك مەنپەئەت بېغىشلايدۇ» (3977 ـ، 3979 ـ بېيىتلار)، «بەدەنگە كىيىم ـ كېچەك، قورساققا يېمەك ـ ئىچمەك، هاياتلىققا دوست ـ قېرىنداش كېرەك» (3664 ـ، 3665 ـ بېيىتلار)، «هالالدىن مال ـ مۈلۈك تېپىش، يوقسۇللارغا بېرىش لازىم» (3666 ـ بېيىت)، «ئۆي ـ ئوچاقلىق ۋە پەرزەنتلىك بولۇش يوللۇق» (3371 ـ بېيىت)، «شەهەر ـ كەنتلەر ياخشى، ئەل ئارىسىدا ياخشىلىق قىلىشتىن ئارتۇق ساۋاب يوق، يالغۇزلۇق ياۋايىلىق، خەلققە نەپ بەرمىگەنلىك» (3499 ـ، 3407 ـ، 3425 ـ، 3974 ـ بېيىتلار)، «ئادەملەر ئارىسىدىكى هەرخىل ئەهۋاللار ئىچىدە ئۆز نەپسىنى پاك تۇتالىغان كىشى هەقىقىي كىشى» (3450 ـ بېيىت)، «خۇدادىن تەمە قىلىپ ئىبادەت قىلساڭ نەتىجەڭ بولمايدۇ، خۇدا ئىبادەتكە موهتاج ئەمەس، خۇدانى خۇش قىلىشتىن ئاۋۋال خەلقنى خۇش قىل» (3250 ـ، 3251 ـ، 3985 ـ، 3986 ـ بېيىتلار)، «هەقىقىي كىشى ئۆز پايدىسىنى تاشلاپ باشقىلار ئۈچۈن جاپا چېكىدۇ، خەلققە شۇ خىل كىشىلەر كېرەك» (3245 ـ، 3248 ـ بېيىتلار)، «گۇناهنى كۆرۈپ دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزمە، تائەتكە ئىشىنىپ هەددىڭدىن ئاشما» (3674 ـ بېيىت)، «بىلىشنى ئەقىدە ۋە ئىبادەتنىڭ ئالدىغا قوي» (3221 ـ بېيىت) دەپ جاكارلايدۇ. يۇسۇپ خاس هاجىپ ئىجتىمائىي هاياتنىڭ ئاساسلىق ماددىي شەرتلىرىنى ۋە ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرنى بىرىنچى دەرىجىلىك هاياتىي زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە تەكىتلەپ، ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئورنىغا هامىيلىق قىلىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە خالىسانىلىق بىلەن باشقىلار ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشنى، خەلققە، ئالدى بىلەن نامرات خەلققە خەيرىخاهلىق ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ئىبادەتتىن ئۈستۈن هېسابلايدۇ. ئۇ خەلقپەرۋەرلىك ۋە تەركىيدۇنياچىلىق، بىلىمگە بېرىلىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئىبادەتكە كىرىشىش ئۇستىدە توختىلىپ، داستاننىڭ 3243 ـ 3225 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

نەماز رۇزە بارچا ئۆز ئاسغىڭ تۇرۇر
ئۆز ئاسغىن تىلەگلى باغىرسىز بولۇر
[ بۇ روزى ـ نامازلار ئۆز پايداڭ ئېرۇر،
ئۆز نەپئىن دېگەنلەر رەھىمسىز بولۇر.]
بىلىگسىز تاپۇغ قىلمىشىندا كۆرۈ
بىلىگلىگ ئۆدىمىش مۇيانى ئۆرۈ
[بىلىمسىز قىلىنغان تائەتنى كۆرە،
گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۆرە.]

روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شەيخ سەئدى (1202 — 1291)، ھافىز شىرازى (1320 — 1389)، بولۇپمۇ خوجا باھائىددىن نەقشبەندى (1314 — 1388) ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانپەرۋەر — ئۇمىدۋار قاراشلاردىن خېلى ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ رېئال ھاياتى ۋە ئۇنى ئاقىلانە ئۆيۈشتۇرۇشى ئارقىلىق ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت يارىتىش مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ زاھىتلارنىڭ دەل ماھىيىتىنى پاش قىلغان ھالدا، ئۇلارنى 3443 ـ بېيىتتا رېئال ھاياتتا مەقسىتىگە يېتەلمىگەن، يېڭىلگەن، ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەن، بارلىق تەدبىر، ھەتتا ھىيلىلىرى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن سوپىلىق يولىغا قەدەم قويغان تەلۋىلەر دەپ ئاتاپ، مۇنداق دەيدۇ:

تىلەپ بۇلماسا بارچا زاھىد بولۇر
سەبىردا ئادىن ھىلە بۇلماز تۇرۇر
[تىلەككە يەتمىگەنلەر زاھىت بولۇر،
بۆلەك ھىيلىسى يوق، ئۇ سەۋر قىلۇر.]

بۇ، مۇتەپەككۇرنىڭ ئىنساننىڭ دۇنيادىكى پائالىيەتچان ئورنىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن تىپچەكلەۋاتقان ئوتلۇق قەلبىنىڭ ھەقىقىي يالقۇنى ئىدى.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تۆتىنچى پېرسوناژ — ئودغۇرمىش مۇرەككەپ ۋە كۆپ قىرلىق كاتېگورىيىلەر ۋاكالەتچىسى بولۇپ، سوپى - زاھىتلىق، خۇددى بۇددىست راھىبلىرىدەك تەركىيدۇنيالىق — تەرىقەتچىلىك ئۇنىڭ بىرلا ئالامىتى ئىدى. ئودغۇرمىش يەنە قانائەت — ئىنسان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش سىۋىلىزاتسىيىسىگە ھەم ئالەمگە نىسپىيلىك نۇقتىسىدىن قاراش ئېڭىغىمۇ ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ جەھەتلەر ئۈستىدە مۇناسىۋەتلىك ماۋزۇلاردا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

## ئۈچىنچى، ئىنسان — ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجىسى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق قىلىشى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى ئەڭ چوڭ ياخشىلىق دەپ ئىزاھلىغاندىن كېيىن، مۇنداق قىلىشقا ئىنسان قابىلمۇ؟ ئىنسان ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە قادىرمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە، باشقىچە ئېيتقاندا ئىنساننىڭ پائالىيەتچانلىق مۇمكىنلىكلىرى مەسىلىسىگە توختىلىدۇ.

روشەنكى، ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا «قايتا تىرىلمەسلىك» كۆز قاراشلىرى «باقىي ئالەم» ئەپسانىلىرىنىڭ دەبدەبىسىنى شۇبھە ئاستىغا قويغىنىدەك، «ئەركىن ئىرادە» كۆز قاراشلىرىمۇ «لەۋھۇل مەھفۇز»، «تەقدىرۇل ئىلاھىيە» قاتارلىق تەقدىرچىلىق (پاتالىزم) ئەقىدىلىرىگە قارشى قويۇلغان يەنە بىر شاھمات پېشكىسى ئىدى.

كارل ماركس: «ھاكىممۇتلەق تۈزۈمنىڭ

www.uyghurkitap.com



بىردىنبىر پرىنسىپى ئىنسانىيەتنى كەمسىتىشتۇر»[1] دېسە، ف. ئېنگېلس: «ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ ئەقلىي پائالىيەتنىڭ بارلىق دائىرىلىرىدىكى مۇنداق ئالىي ھوقۇقى ئەينى زامان دىنىي مۇئەسسەسەلىرى ئىگىلىگەن مەۋقەنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەنىدى. دىنىنىڭ مېغىزى دەل تەقدىرچىلىكتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئىسلامىيەت شەرقىدە تەقدىرچىلىك ئەقىدىلىرى ئىلاھىيەتچىلىك ۋە فېئودال ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ مەركىزىي تەشۋىقاتى سۈپىتىدە ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇشتىن باشلاپلا كۈچەپ تەرغىب قىلىنىدىغان تېمىغا ئايلانغانىدى. كالام ئۆلىمالىرىنىڭ (مۇتەكەللىمۇن) ۋەز - نەسىھەتلىرىدە، ئىنساننىڭ ھايات - تەقدىرى، ياخشى - يامان پەزىلىتى ۋە ئىش - ھەرىكىتى، ئۆلگەندىن كېيىنكى قىسمىتى پۈتۈنلەي «تەقدىر ئىلاھىيە» بويىچە «لەۋھۇل مەھفۇز» (تەقدىر تاختىسى) دا پۈتۈلگەن بولۇپ، ئىنساندا ھېچقانداق شەخسىي ئىرادە ئەركىنلىكى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېيىلگەن. «تەقدىر ئىلاھىيە» تەڭرىنىڭ ئىنسانغا زىت قاراتقان ئەڭ ئالىي مۇتلەق ھوقۇقى بولۇپ، ئۇنىڭغا گۇمانلىنىش، قارشىلىق قىلىش قاتتىق تەقىب قىلىنغان.

ئەمما، بۇخىل مۇتلەق ھوقۇقنىڭ نوپۇزىغا گۇمانلانغۇچى، ئۇنى باشقىچە ئىزاھلىغۇچى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگۈچى پىكىر ئېقىملىرىمۇ يۈز بەردى. ھەممىدىن ئىلگىرى گرېك پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇتەززىلىزمچىلار بىلەن X ئەسىر ئېنسىكلوپېدىستلىرى — «پاك قېرىنداشلار» ئىلمىي

---

① كارل. ماركس: «نېمىس - فرانسۇز يىللىق مەجمۇئەسى ھەققىدىكى خەت - چەكلەر»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، I توم، 411 - بەت.

② ف. ئېنگېلس: «گېرمانىيىدە دېھقانلار ئۇرۇشى»، رۇسچە نەشرى، 33 - بەت.

گۈزەللىك بىلەن، ياخشىلىق - ھەمدە گۇزۋھىنىڭ ياخشىلىقى - ئادەمنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئۇنىڭ ياخشى - يامان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا باغلىق بولۇپ، «تەقدىر ئىلاھىيە» دە پۈتۈلمىگەن، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار: ئەگەر بەخت - سائادەت، ئازاب - ئوقۇبەت، ساۋاب - گۇناھ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىش - ھەرىكىتىگە باغلىق بولمىغان، بەلكى «تەقدىر ئىلاھىيە» دە بېكىتىلگەن بولسا، تەقدىردە پۈتۈلگەن گۇناھ ئۈچۈن ئىنساننىڭ جازالىنىشى ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ؟ تەڭرىنىڭ جازادا ئادىل بولۇشى ئۈچۈن ئىرادە ئەركىنلىكى كىشىلەردە بولغان بولۇشى زۆرۈر، دېيىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئىلمۇل ئادىل» تەرەپدارلىرى دەپ ئاتاشتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ ئىجتىمائىي ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئۇلار مۇشۇنداق مەنتىقىلىق مۇھاكىمە ۋاسىتىسى بىلەن تەڭرىنى تەقدىر ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، بۇ ھوقۇقنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ كېلىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. خەلىپە مەئمۇن ۋاقتىدا ئۇستۇنلۇك ئالغان «ئىلمۇل ئادىل» كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە، بولۇپمۇ خەلىپە مۇقتەدى دەۋرىدە قاتتىق باستۇرۇلغانىدى. ئەبۇ نەسىر فارابى ئىنساننىڭ يول تاللىشى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ، بۇنداق ئەركىن تاللاشنى كىشىنىڭ تەقدىر ئىلاھىيە ياكى تۇغما ئىقتىدارىغا باغلىق بولمىغان «ئېرىشىلگەن» مەنىۋى نەتىجە، دەپ يېكۈنلەشتىن ئىزاھلىدى. ئۇ «بەختكە ئېرىشىش يوللىرى توغرىسىدىكى رىسالە» ناملىق ماقالىسىدە: «ياخشى ئەخلاق بىلەن تەپەككۇر كۈچى ھەر ئىككىسى بىرلىكتە كىشى پىكرى قىممىتىنى شۇنداق ئاشۇرىدۇكى، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ياكى ئۇنىڭ پائالىيىتىدىكى ھەربىر پەزىلەت يۈكسەكلىك ۋە كامالەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكتى www.uyghurkitap.com

تەشكىل تاپقان بولىدۇ»[1] دەپ يازدى. فارابى ياخشى ـ يامان پائالىيەتلەرنى ئەقىل ـ تەپەككۇر ئاساسىدىكى ئەركىن تاللاش ئاساسىغا قويغان: فارابى پەقەت ئەقلىي بىلىشكە تايىنىدىغان ئىنسانلا تاللاش ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە «ئەقىللىق ئادەملا شۇنىڭ بىلەن بىللە پەزىلەتلىك ئادەم ھېسابلىناتتى»[2].

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ ئۆز ھايات ـ پائالىيىتىنى، ئەخلاقىي ياخشى ـ يامانلىقى جەھەتتىكى ئۆز تەقدىرىنى («ئۆلەك») ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە بىلىم سەۋىيىسىگە تايىنىپ ئەركىن ـ ئىختىيارىي تاللىيالايدۇ، دېگەن فارابى كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن ھەم ئىلىم ئاساسىدىكى ئادالەت ۋە خەلقپەرۋەرلىكى مەسىلىسىگە تەتبىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي سىياسىي كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭدا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنى، ئىنساننىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئىنساننىڭ ئۆزى بەلگىلىشى، ئۆزىنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىنى ئۆزى بەلگىلىشى، ھەممە ئىشتا تەقدىر ئىلاھىيەتكە قاراپ قالماسلىقى توغرىسىدىكى پائالىيەتچان ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەندى. بۇ ھەقتە ئۇ داستانىنىڭ 238 ـ، 239 ـ، 244 ـ، 1485 ـ، 1486 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئىكى تۇرلۇگ ئات ئول بۇ تىلدە يورىر

---

① فارابى: «بەختكە ئېرىشىش يوللىرى توغرىسىدا رىسالە» (ئەلفارابى: «ئىجتىمائىي ئەخلاقىي رىسالىلەر»، رۇسچە 1976 ـ يىل نەشرى، 11 ـ بەت).

② فارابى: «ئەقىل مەنىسى ھەققىدە» (فارابى: «ئەقىل ۋە ئىلىم ھەققىدە»، رۇسچە 1975 ـ يىل نەشرى، 6 ـ بەت).

بىر ئەدگۈ بىر ئەسىز ئاژۇندا قالىر
[كىشىدە ئىككى ئات، بۇ تىلدا يۇرۇر،
بىر ياخشى، بىر ئەسكى جاھاندا قالۇر.]
ئەسىزكە سۆكۈش ئەدگۈ ئۆگدى بولۇر
ئۆزۈڭكە باقا كۆر قايۇسىن قولۇر
[يامانى سۆكۈلۈر، ياخشى ماختىلۇر،
قاراپ كۆر ئۆزۈڭگە قايسىسى ياقۇر.]
قايۇسىن تىلەسە ئۇ دەۋرگىل بىرىن
ئەسىز ئەدگۈ بولسا ئۆكۈنمە يارىن
[قايۇسىن تىلەسەڭ، بىرىن تاللىغىن،
يامان - ياخشىلىققا ئۆكۈنمە كېيىن.]
قامۇغ نەڭكە تەڭرى قىلۇر ئول سەبەب
قامۇغ ئەدگۈ ئەسىز ئاڭار ئۆز ئۆلەپ
[ھەر ئىشقا قىلۇر بىر سەۋەبنى خۇدا،
يامان يا ياخشىلىق ئۆزۈڭ قولۇڭدا.]
ئوغۇل قىز سەبەبى ئاتا ئول ئانا
قىلىنچ ئارتا سا يا ئەتىلسە يانا
[ئوغۇل - قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
قىلىقىن ئۆز بۇزار ئۆز تۈزەر يانا.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننى تەڭرى ياراتقان، بىراق ئىنساننىڭ ياخشى - يامانلىققا نىسبەتەن ئىرادە ھەم شىجائەت قىلىش - قىلماسلىقى ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق، ئۇ خۇددى ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتنىڭ تۇرىلىشىگە سەۋەب بولۇپ، پەزىلەت پەرزەنتنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولغىنىغا ئوخشاش، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭچە، ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم تۇپەيلى ئادەم ئۆز تىلىكىگە يېتىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 159 - بېيىتىدا ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئۆز تەقدىرى ۋە ھايات يولىنى يۇگەنلەشتىكى غايەت مۇھىم رولىنى مۇنداق ئىخچاملايدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئۇقۇش ئول بۇرۇندۇق ئانى يەتسە ئەر
تىلەككە تەگىر ئول تۇمەن ئارزۇ يەر
[ئەقىل بىر يۇگەندۇر، ئاڭا يەتسە ئەر،
تۇمەن مىڭ تىلىكى ھەم بولسا يېتەر.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ نادىر كىتابى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ھەقىقىي كامالىتى تەتقىق قىلىنغان كلاسسىك دەستۇر سۈپىتىدە باشتىن ـ ئاياغ ئىنساننى مەركەز قىلىپ بايان قىلىنغان بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى تىپىك بېيىتلار ھەممە سەھىپىلەردە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ.

## 3. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەقىل، بىلىم ۋە بەخت كاتېگورىيىلىرى

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەقىل، بىلىم، بەخت كاتېگورىيىلىرى ئىنساننىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىقتىدارى، ئەڭ ئاساسىي ۋاستىسى ۋە ئەڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي مەقسەتدارلىقىنىڭ ئۈچ ھالقىلىق سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ھەم بىر ئائىلىدىكى ئىككى پېرسوناژ، ھەم بىرسى بىقارار، بىرسى بەر قارارلىق خاسىيەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن — ئايتولدى بىلەن ئۆگدۈلمىش مۇئەللىپنىڭ راتسىئونالىزمنى گۇمانىزمغا خىزمەت قىلدۇرۇش روھىنى، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەتكە ئەقىل ۋە بىلىمنى ۋاستە قىلىش ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۇرگەن.

پەلسەپە تارىخىدا ئەقىل ھەققىدە توختالمىغان پەيلاسوپ بولمىسا كېرەك. دېموكرىتمۇ، پلاتونمۇ ئەقىل ھەققىدە توختالغان. پلاتون خاس «ئالەم ئەقلى»، «غايىۋى ئەقىل» ئارقىلىق ئالەمنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى «دۆم كۆمتۈرۈپ» ئىزاھلىماقچى بولغان. فارابىمۇ «مۇمكىنلىك

ئەقىل» ، «ئېرىشىلمە ئەقىل» ، «پائال ئەقىل» ، «ئەمەلىي ئەقىل» دىن ئىبارەت تۆت خىل ئەقىل ئۇستىدە توختالغان. دەرھەقىقەت، بەخت ـ سائادەت كاتېگورىيىسى ئۇستىدىمۇ قەدىمكى زاماندىلا مەيلى شەرق ياكى غەرب، مەيلى دىنىي ياكى پەلسەپىۋى جەھەتتىن بولسۇن كۆپ ئىزدىنىشلەر بولغان. بۇنداق ئىزدىنىشنىڭ قەدىمكى ۋەكىلى پلاتون («غايىۋى دۆلەت» ئەسىرى ئارقىلىق) بولسا، ئۇنىڭ يېقىنقى ۋەكىلى فېيېربباخ («بەختنامە» ئەسىرى ئارقىلىق) ئىدى. ۋەھالەنكى، خېلى كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلار ئەقىل مەسىلىسىنى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك كۆز قاراشلارنىڭ ئەرش كۇرسىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇنى رېئال دۇنيا ۋە جانلىق ئىنسان تۇركۇملىرى بىلەن ئالاقىسىز قىلىپ قويسا، يەنە بەزىلىرى خىيالىي ۋە شېرىن ئىستەكلەر دەرياسىنىڭ قۇلۇلە قېپىغا سېلىپ قويۇپ، ئۇنى يەنىلا رېئال دۇنيا ۋە جانلىق كىشىلىكتىن ئاجرىتىۋەتكەنىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپقىچە ئىسلام مۇتەززىلىزمچىلىرى «تەقدىر» جاھالىتىنى «ئەقىل» مىزانى بىلەن زەخىملەندۇرۇشتى، ئەمما يېڭى غايىۋى جەمئىيەت ئۈلگىلىرىنى بولسا كۆرسىتەلمىدى. ئۇلار يەنىلا يەتتە ئىقلىمدىكى يەتتە جەننەت تەسەۋۋۇرلىرىغا سۆيۈنۈشەتتى. فارابى گەرچە بەختكە ئېرىشىش يوللىرى ھەققىدە ھەر تەرەپلىمە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ شىمالىي سۇرىيە ۋە مىسىر ئارىلىقىدا مۇساپىرانە ئىستىقامەتتە تۇرغان بولغاچقا، ئۆز نەسەبىدىكى قاراخانىيلار سەلتەنىتىدىن ۋە خەلقىدىن يىراقتا تۇراتتى. پەقەت يۇسۇپ خاس ھاجىپلا بۇ جەھەتتىكى ئۆزۈكلۈكنى تۇتاشتۇردى ۋە بۇغراخانلار خاقانىيىسىدە ئادالەتلىك قانۇن ۋە ئەقىل ـ بىلىم ئاساسىدا ئىجتىمائىي بەختنىڭ ئۆز زامانىسىغا مۇناسىپ رېئال پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان سۇبيېكتىدىكى تۇغما ۋە ئېرىشىلگەن ئىقتىدار بولغان ئەقىل بىلەن بىلىمنى ئىنساننىڭ تاشقى ئالەمنى بىلىپ چۈشىنىشىدىكى ئىككى مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە بىر ـ بىرىگە زىچ باغلاشتۇرۇپ ۋە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ چۈشەنگەن ھەم ئىزاھلىغان. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئەقىل ـ پاراسەت («ئۆگ»، «ئۇقۇش») ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھادىسىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ماھىيەتلىرىنى بىلىش، چۈشىنىش ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ ئىقتىدارىغا قارىتىلغان دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكىنىڭ ئاساسى ھېسابلىناتتى. بىلىم («بىلىك») (جۈملىدىن ھۈنەر ـ سەنئەت) بولسا، ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى ۋە بىلىش پائالىيىتى تەرىپىدىن بىلىۋېلىنغان مانا شۇنداق ماھىيەتلەرنىڭ خەزىنىسى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەگەر بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىنسان بولمىغاندا بىلىش ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرى بولغان بىلىمنىڭ بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا، بىلىمنى ئۇنىڭ كەينىگە قويۇپ ئىزاھلىغان. ئۇ داستانىنىڭ كۆپلىگەن بېيىتلىرىدا، بولۇپمۇ 155 ـ، 310 ـ، 2790 ـ بېيىتلاردا مۇنداق يازىدۇ:

ئۇقۇشلۇغ ئۇقار ئول بىلىكلىگ بىلىر
بىلىكلى ئۇقۇغلى تىلەككە تەگىر
[ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.]
بىلىك كىميا تەگ ئول نەڭ ئىركلۈ تۇرۇر
ئۇقۇش ئوردۇسى ئول نەڭ ئۈگلۈ تۇرۇر

[بىلىم — كىمىيادەك[1] يىغار نەرسىنى،
ئەقىلنىڭ ئوردىسى يىغار ھەممىنى.]
ئۇقۇش ئۇلماسا ئەر ئۆزىن تۇتنۇماز
بىلىك بولماسا ئەر ئىشىن ئەتنۇمەز
[تۇتالماس ئۆزنى ئەر ئەقىل بولمىسا،
قىلالماس ئەر ئىشنى بىلىم بولمىسا.]

دېمەك، مۇتەپەككۇر ئەقىلنى بىلىش (چۈشىنىش) ئىقتىدارى، مۇمكىنلىكى دەپ قاراپ، ئۇنى بىلىم سارىيىغا ئوخشىتىدۇ، بىلىمنى بولسا بۇ ئىقتىداردىن، بۇ مۇمكىنلىكتىن توپلانغان نەتىجە دەپ قاراپ، ئۇنى ئەقىلگە توپلانغان ئېسىل نەرسىلەرگە ئوخشىتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ساھەسىدىكى قىممەتلىك نەتىجىلىرىدىن بىرى شۇكى، داستاندا ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىلىم ئىنساننىڭ جانلىق ـ ھاياتىي، جىسمانىي ھالىتىگە ۋە بىلىش پائالىيىتىگە باغلانغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆز زامانىسى ئۈچۈن تەرەققىيپەرۋەر ھېسابلىنىدىغان ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىلىم ئادەمنىڭ جىسمانىي ئەھۋالىغا بېقىنامدۇ ـ يوق؟ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن مۇنداق پائالىيەتلەر ئاخىرلىشامدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە بىلەن كىشى تۇغما بىلىملىك، تۇغما دانىشمەن بولامدۇ ياكى بىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، تەلىم ۋە تەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق، تۇرمۇش ۋە

---

① كىمىيا — ھازىرقى خىمىيە ئىلمىنىڭ ئالخىمىيە زامانىدىكى ئاتىلىشى. ئۇ چاغدا مىسىر ۋە ئەرەب ئالخىمىكلىرى سېھىرۋازلىق بىلەن ماددىلارنى بىر ـ بىرىگە ئايلاندۇرۇپ باشقا خىلدىكى نەرسە ياساش مۇمكىن، ھەتتا مىستىن ئالتۇن ئېلىش مۇمكىن دەيتتى. خىمىيە تەجرىبىخانىلىرى ھەرخىل نەرسىلەر ئەۋرىشكىلىرى بىلەن تولغان بولاتتى.

تەجرىبە ئارقىلىق ئاندىن بىلىشكە ئىگە بولامدۇ، دېگەن مەسىلە قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ دىن ۋە تەبىئەت پەلسەپىسى مۇھاكىمە قىلىپ كەلگەن ئۆتكۈر مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ماھىيەتتە ماددا ۋە ئاڭنىڭ قايسىسىنىڭ ئۇل ـ ئاساس ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلاتتى. بۇددىزم، خرىستىئان ۋە ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىرى بىردەك روھىي ھادىسىلەر جىسمانىي ئەھۋالغا بېقىنمايدۇ، كىشى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن روھ ئۆزىنىڭ «مەڭگۈلۈكى» بويىچە «مۇتلەق» مەۋجۇت بولىدۇ، دەپ ئىزاھلاشتى. بۇ خىل كۆز قاراش ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلمەك ئىدىيىسىگە ئاساس سالغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابىنىڭ ئىنسان روھى ئۇنىڭ جىسمانىي ھايات پائالىيىتىگە باغلاقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ناتۇرال پانتېئىزملىق كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، روھىي پائالىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى بولغان بىلىمنىڭ ھايات پائالىيىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ داستاننىڭ «بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى باياندا» دېگەن بابىدىكى 293 ـ، 294 ـ بېيىتلاردا بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

كىچىگ ئوغلانىغ كۆر ئۇقۇشقا ئۇلام
ياشى يەتمەگىنچە يورىماز قىلام
[كۆدەككە قارا، ئۇ تاپۇر ئەقىل ھەم،
يېشى تولمىغۇچە يۈرۈتمەس قەلەم.]
ئۇقۇشلۇغ كىشى كۆر قارىسا مۇنار
ئۇقۇش كەتتى تەپ ھەم قەلەم مەتىنار
[ئەقىللىق كىشى ھەم قېرىسا ئازار،
ئەقىل كەتتى دەپ ھەم قەلەممۇ تىنار.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ پەرقى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەقىلنى بىلىشتىكى تۇغما ئىقتىدار، تەبىئىي

ئىقتىدار دەپ قاراپ، ئۇنى كېيىن ئېرىشىلىدىغان بىلىمدىن پەرقلەندۇرىدۇ، ئۇ 1827 ـ، 1828 ـ بېيىتلاردا كىشىلەر ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرالايدۇ، ئەمما ئەقىل، بىلىش ئىقتىدارى ئۆگىنىشكە باغلىق ئەمەس، بۇ يارىتىلىشتىن، تەبىئەتتىكى تۆت زاتنىڭ تەسىرىدىن دېگەن كۆز قاراشنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

كىشى ئۆگرە نۇر بىلكى ئارتار ئۆكۈش
نەچە ئۆگرەنىپ ئۇقسا بولماز ئۇقۇش
[كىشى ئۆگىنىپ كۆپ تاپار ئىلىم، بىل،
ئۆگەنسە ھەر قانچە، تاپالماس ئەقىل.]
باياتتىن ئەرۈر بۇ ئۇقۇش بولغۇسى
تادۇ بىرلە كىرسە بولۇر بەلگۈسى
[ئەقىللىق بولۇش بۇ، تەڭرىدىن بولۇر،
تادۇ بىرلە كىرسە بەلگە كۆرۈلۇر.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئىنساندىكى ھەممە شاراپەتلىك خاسىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا بىلىش ئىقتىدارى (چۈشىنىش ئىقتىدارى) ئاساسىدا ئېرىشىلگەن ھەقىقىي بىلىمدىن ئىبارەت. ئىنسان تۇغما ھالدا بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ھايۋاندىن پەرق قىلىسىمۇ، ئەمما پەقەت بىلىم جەھەتتىكى پەرقلىرى تۈپەيلى يەنە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مۇتەپەككۇر بىلىم مەسىلىسىدە ئىنسانلارنى شاھ ياكى پۇقرا، بەگ ياكى ئاۋام دەپ ئايرىمىغان. بۇ ھەقتە داستاننىڭ 201 ـ بېيىتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

كىشىدە كىشى ئادرۇقى بار تەلىم
بۇ ئادرۇق بىلىكدىن ئايۇر بۇ تىلىم
[كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ھەقتە بارار.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى كۆز قاراشلىرىدا بىلىم ۋە دانىشمەنلىك تۇغما بولماستىن، كىشىنىڭ تۇغۇلۇپ زورىيىشى، تونۇپ بىلىشى ۋە تەربىيىلىنىشى ئاساسىدا تەدرىجىي ھاسىل بولىدىغان، ئېرىشىلىدىغان نەتىجە سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاساسلىق بابلىرىدىن بىرى بولغان «ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى باياندا» ناملىق بابنىڭ 1678 ـ، 1680 ـ، 1681 ـ، 1816 ـ، 1825 ـ بېيتلىرىدا بىلىم ۋە دانالىقنىڭ تۇغما ئەمەسلىكى كۈنتۇغدىنىڭ سوئالى ۋە ئۇنىڭغا ئۆگدۈلمىشنىڭ جاۋابى شەكلىدە مۇنداق بايان قىلىنىغان:

ئانادىنمۇ بىلگە تۇغار بۇ كىشى
ئازۇ ئۆگرەنۈرمۇ يەتىلسە ياشى
[بىلىملىك تۇغۇلۇرمۇ ئانىدىن كىشى،
ۋە يا ئۆگىنەمدۇ يېتىلسە يېشى؟]
بىلىكسىز تۇغار ئول تۇرۇ ئۆگرەنۈر
بىلىك بىلسە ئۆترۈ قامۇغ ئىش ئۆنۈر
[بىلىمسىز تۇغۇلار، يۈرۈپ ئۆگىنۇر،
بىلىم بىلسە ئىشلار ئۇتۇقلۇق بولۇر.]
ئانادىن تۇغۇغلى بىلىكسىز تۇغار
بىلىك ئەگرەنۈر ئۆترۈ تۆركە ئاغار
[ئانادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.]
كىشى ئۆگرەنىپمۇ بولۇر ئول بۆگۈ
ئازۇ تادۇ بىرلە تۇغارمۇ تەگۈ
[كىشىلەر بولۇرمۇ ھېكىم ئۆگىنىپ،
بولۇرمۇ تەبىئىي ياكى تۇغۇلۇپ؟]
بىلىك تۇت يا ئەردەم كىشى ئۆگرەنۈر
مەگەر بۇ ئۇقۇش ئول تادۇدىن ئۆنۈر

[بىلىم يا پەزىلى كىشى ئۆگىنۇر،
مەگەركىم، ئەقىل ئۇ، تەبىئىي بولۇر.]

ئالىمنىڭ ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىنى ھاسىل قىلغان قاراشلىرىغا داستاننىڭ 4021 ـ، 4022 ـ بېيىتلىرى تىپىك دەلىلدۇر. ئۇ مۇنداق يازغان:

توغا بىلگە توغماز كىشى ئۆگرەنۈر
توغا سۆزلەمەز تىل تۇرۇ سۆزلەنۈر
[بىلىملىك تۇغۇلماس كىشى، ئۆگىنۇر،
تۇغۇپ سۆز قىلماس تىل، تۇرۇپ سۆز قىلۇر.]
كىشى ئۆگرەنىپ ئۆترۇ بىلگە بولۇر
بىلىك بىلسە ئۆترۇ قامۇغ ئىش ئۆنۈر
[كىشى ئۆگىنىش بىلەن ئالىم بولۇر،
بىلىم بىلسە بارچە ئىشلار ئوڭلىنۇر.]

روشەنكى، بۇ جەھەتتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ كۆڭ زى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى مېڭ زى رايىشلىق پەلسەپىسىنىڭ «دانىشمەنلەر تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولىدۇ»، «ياۋ، شۇنگە ئوخشاش دانىشمەنلەر ئۆگەنمەيلا ئىستېداتلىق بولغان» دېگەن تۇغما تالانت كۆز قارىشى بىلەن قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى پلاتوننىڭ ئەزەلى «ئىدېئال چۈشەنچىلەر» كۆز قاراشلىرىدىن ئۆزىنىڭ كۆپ دەرىجىدە ئىلغارلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاساسلىق بابلىرى ۋە تېماتىك پىكىر يۆنىلىشى ئىنساننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە بىلىم ئىقتىدارىنى ھەر تەرەپلىمە ئىزاھلاش، مەدھىيىلەش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا قارىتىلغان. بىز «ئوچۇق ئىشىك» نى تاقىلداتماسلىق ئۈچۈن بۇ بېيىتلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ نومۇرلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن قانائەتلىنىمىز. ئۇلار: 152 ـ، 154 ـ، 186 ـ، 1840 ـ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1841 ـ، 2454 ـ، 2645 ـ بېيىتلاردىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل ۋە بىلىمنى ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسىي يولى، دەپ قارىغان. «بىلىم ـ سائادەت بېغىشلايدۇ» دېگەن مۇھاكىمە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ سەرلەۋھىسى بولۇشىدىكى سىر ئەنە شۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ XIV، XV، XVI بابلىرىدا مەخسۇس ئايتولدى ئاغزىدىن بەخت ـ سائادەت ھەققىدە كاتېگورىيىلىك چۈشەنچە بېرىلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە بەخت ـ سائادەت مەسىلىسى شەخسنىڭ نام ـ ئاتاق، ئەمەل ـ مەنسەپ، مال ـ مۈلۈك، كەيپ ـ ساپا ئىچىدە دەۋر سۈرۈشى مەنىسىدە ياكى ئۆلگەندىن كېيىنكى باقىي دۇنيا ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى نۇقتىسىدىن ئەمەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى نۇقتىسىدىن، ئاتاپ ئېيتقاندا، مۇتەپەككۇر ـ بىلىملىك خاقان، ئادالەتلىك قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئاسايىشلىق ھايات، ئىجتىمائىي ياخشىلىقنى گەۋدىلەندۇرگۈچى ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلىنىغان. ئۇنىڭچە، دۆلەتتە ئادالەتلىك قانۇن ـ تۈزۈم، شەخسلەردە گۈزەل ئەخلاق بولماي تۇرۇپ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىجتىمائىي ھايات تەرەققىياتىنى تېخى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىددىيىتى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى بارلىق پانتېئىزملىق مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاش ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن نادانلىق ۋە جاھالەت ئارىسىدىكى كۈرەش ئاساسىدا چۈشىنەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ شەخسنىڭ جەمئىيەتكە بېقىندىغانلىقىنى، بەخت ـ سائادەتنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى چۈشەنگەن، مۇشۇ ئاساستا زاھىت ئۇدغۇرمىشنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، نوقۇل باقىي ئالەم

بەخت ـ سائادىتى كۆز قارىشىنى قاتتىق سۆككەن.

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بەخت ئىككى مەنىدە، يەنى بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ىسپىيلىكى، بىقارارلىقـــى، قۇشتەك، كېيـــكتەك، پومزەكتەك تۇتتۇق بەرمەسلىكى، بەخت ـ ئامەت ئىچىـدە كەمتەر بولمـــىغاندا، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولمىغاندا ئۇنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقى مەنىسىدە؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئەقىل، بىلىم ۋە ئادالەتلىك قانۇن، توغرا باشقۇرۇلغان خەزىنە ۋە خەلق ئىگىلىكى راۋاجىدىن ئىبارەت ئەمەلىي شەرتلەر ئاساســدا، مۇنداق ئــجابــي تىرىشچانلىقنىڭ ئاخىرقى ئۇنۇمى سۈپىتىدە، رېئال تۇرمۇشتا بەرقارار تېپىشى، خەلقنىڭ بېيىپ، دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى مەنىسىدە مۇھاكىمە قىلىنغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەزىر ئايتولدىنى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئوبرازلىق سىمۋولى قىلىشى، ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى ئەقىل ۋە بىلىم سىمۋولى بولغان ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە ئاتىشى، خاقان كۈنتۇغدىنى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھامىيسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىشى بۇ نۇقتىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. داستاننىڭ بەخت سىمۋولى ۋەزىر ئايتولدى بىلەن خاقان كۈنتۇغدى ۋە ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمــش ئارىسىدىكى سۆھبەتكە ئاتالغان كەڭ سەھىپىلىرىدە، زىددىيەت ۋە ئۇنىڭ مۇئەييەن شەرت ئاستىدىكى بىرلىكى نۇقتىسىدىن بىقارار، تۇراقسىز خاراكتېرىدىكى بەخت ـ سائادەتنى بەرقارار، مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە شەرتلـــرى سۆزلەنگەن. داستاننىڭ 713 ـ، 725 ـ بېيىتلىرىدا تۇراقسىز بەختنى مەھكەم تۇتۇشنى بىلسە، ئۇ قاچماي بەرقارار تۇرىدىغانلىقى ئــزھار قىلىنسا، 727 ـ، 1289 ـ، 2647 ـ بېيىتلىرىدا: «ئەقىل ۋە بىلىم، پەزىلەت ۋە ئادالەت ئېگىز تاغنىـــى باش ئەگدۈرىدۇ»،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«خۇشاللىق توغرىلىقتا بولۇپ، توغرىلىقتا چەك تۇرغاندىلا خۇشاللىق يوقالمايدۇ» دېگەن ئەقلىيلەر ئارقىلىق ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى تونۇش، پاك ۋە توغرا بولۇشنىڭ بەختنى تونۇپ تۇرىدىغان تونقۇچ — باغ ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ 727 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئارىغ بولسا ئۆزى يورىسا كۆنى
مۇنىڭ باغى مۇنداغ بىلىنگۇ مۇنى
[ئۆزى پاكىز، توغرا بولسا كىشى،
بەختىنىڭ باغى شۇدۇر، بىلسە كىشى.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بەخت ـ سائادەت كۆز قارىشىدا، بەخت ـ سائادەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ئوبيېكتىپ خاراكتېر ئالغان. ئۇ، بەختنىڭ بىقارارلىقىنى، ئۇنى خاھىش بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي تەدبىرلەر بىلەن يۇگەنلەش لازىملىقىنى تىلغا ئالغاندا، ئالەمنىڭ ئۇزلۇكسىز ھەرىكىتى، كۇنىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئىگىلەيدىغانلىقىنى، بەخت ئىچكە ئاپەت («توقنا») نىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى (2938 ـ، 3548 ـ، 3549 ـ، 3550 ـ، 4918 ـ، 4926 ـ بېيىتلاردا)، بىر ئۆرلەشتە بىر چۈشۈشنىڭ، بىر چۈشۈشتە بىر ئۆرلەشنىڭ بولىدىغانلىقىنى، بەختنىڭ دوستى بولغان «ئۈمىد» بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن بەختكە ئېرىشىش قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىق لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مۇتەپەككۇرنىڭ پىكرىچە، بەختتىن مەھرۇم قىلىپ ئاپەتكە دۇچار قىلىدىغان ئاساسىي خەۋپ ھەر ئىشنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى ئىدى. ئۇ سۆز ـ ھەرىكەتتىمۇ لايىقىدا،

مۇتىدىل بولۇشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن كەمتەر ۋ ھوشيار، ئادالەتلىك ۋە پەزىلەتلىك بولۇش، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى بىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك»تە بىلىش ئەزالىرى ۋە بىلىش شەكىللىرى

ف. ئېنگېلس: تەبىئەت ئىنسان ئارقىلىق ئۆزىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولالىدى، دېگەن بىر جۇملە سۆزىگە ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە بىلىش ھادىسىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىش پائالىيىتىنى ئەنئەنىۋى ۋە ئەينى زامان قاراشلىرى بويىچە بىلىش ئەزالىرى — سەزگۈ ئەزالار ۋە مېڭە، بىلىش جەريانلىرى ئارقىلىق بولىدىغان ھادىسە دەپ قارىغان.

مەلۇمكى، «تۇرپان تېكىستلىرى» بىلەن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە يازما مەنبەلەردىن قارىغاندا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقى سەزگۈ («تېگىنمەك»)، سەزگۈ ئەزالىرى («ئالتى قاچىغ ئورۇنلار»)، ھېسسىي بىلىش («تۇيماق بىلىگ»)، ئەقلىي بىلىش («بىلگە بىلىگ»)، ھەقىقىي ئەقلىي بىلىش («كۆنى بىلگە بىلىگ») قاتارلىق بىلىش ئىبارىلىرىنى ئىشلىتىپ، بىلىش ئەزالىرى ۋە بىلىش شەكىللىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقان. سىڭقۇ سەلى ئىشلىگەن «ئالتۇن يارۇغ»دا تېرە سەزگۈسى («ئېتۈز قاچىغ»)، تىل سەزگۈسى («تىل قاچىغ»)، كۆز سەزگۈسى («كۆز قاچىغ»)، بۇرۇن سەزگۈسى («بۇرۇن قاچىغ»)، قۇلاق سەزگۈسى («قۇلاق قاچىغ») قاتارلىق سەزگۈ ۋە سەزگۈ ئەزالىرى مۇناسىپ ئىبارىلەر بىلەن تىلغا ئېلىنغان. «تۇرپان تېكىستلىرى»دە كۆز، قۇلاق ھەققىدىكى ئاددىي ئىلىملار نامى «كۆز بىلىگ»، «قۇلاق بىلىگ» نامىدا تىلغا ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com



گاباىئىن خانىم ئىلان قىلغان 133 ۋە 129 بەتلىك ئىككى پارچە ئۇيغۇرچە «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «تۇيماق بىلىگ تۇتۇنچسۇز يارۇق يولاتىگ» (ھېسسىي بىلىش خۇددى ياالقۇنجاق يورۇق مەشئەلدەك) دەپ، بىۋاسىتە ھېسسىي بىلىشنىڭ ھەقىقەتلىك قىممىتى قەيت قىلىنغان. «قوچۇ ئۇيغۇرچە مانى تېكىستلىرى» دە: «بىر ئۇلۇگ تۇيماق بىلىگ يىلتىزى» (بىلىمنىڭ بىرىنچى يىلتىزى سېزىپ تۇيماقتۇر) دېيىلسە، «قوچۇ ئۇيغۇرچە بۇددا تېكىستلىرى» دە: «ئالتى قاچىغ ئورۇنلار بولماسار بۆرۈتمەك بولماز» (ئالتە سەزگۇ ئەزالىرى بولمىسا سېزىلىش بولمايدۇ) دېيىلگەن. «ئالتۇن يارۇغ» دا: «ئالتى ئورۇنلى بۆرۈتمەكلى تېگىنمەك يىمەئىمىن تۇغار» (ئالتە سەزگۇ ئەزالىرىدىن سەزگۇ ـ ھېس تۇغۇلار) دېيىلسە، «ئۇيغۇرچە بۇددا تېكىستلىرى» دە: «قاچىغ ئاتانغۇ تۆرۈ بىلىگ كۆڭۈل بىرلە قاۋشىپ بۆرۈتمەك تېتر» (سەزگۇ ئەزالىرى ھەقىقىي (ئوبيېكتىپ) بىلىش ئىگى (كۆڭۈل) بىلەن قوشۇلۇپ ئىدراك ھاسىل قىلۇر) دېيىلگەن. «ئۇيغۇرچە بۇددا تېكىستلىرى» دە: «تېگىنمەگ ئۇچۇن ئامراق تۇغار» (سەزگۇدىن خاھىش تۇغۇلار) دېيىلگەن.

ئەقلىي بىلىش («بىلگە بىلىگ») ئاتالمىسى يەنە «بىلىملىك دانا»، «مۇتەپەككۇر» مەنىسىدىمۇ كەلگەن. «قوچۇ ئۇيغۇرچە مانى تېكىستلىرى» دە: «يۇمشاق ساۋى سۆزى بىلگە بىلىگ ئادىرتلىغ ئۇقماقى» (ئۇ — سۆزى يۇمشاق ـ سىلىق، مۇتەپەككۇر، ئەقىللىق ئىدى) دېيىلسە، «ئالتۇن يارۇغ» دا: «ئالتە تۇرلۇگ بۆگۈلەنمەك ئىدرەمگە تىدىغسىز ئىرىگلىگ بولتىلار» (شاھىمىز ئالتە خىل بىلىم ئارقىلىق ھەر خىل پەزىلەتكە بىمالال ئىگە بولدى) دېيىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سەزگۇ ۋە بىلىش مەسىلىلىرىنى دىنىي

ياكى ئەنئەنىۋى قاتلامدىن كلاسسىك ئىگىزلىككە كۆتۈردى. ئۇ ئۆز داستانىدا كۆز، قۇلاق قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارى، ھېسسىي بىلىشتە ئاڭ («كۆڭۈل») نىڭ تۇتقان ئورنى، بىلىش شەكىللىرى ھەققىدە توختالدى.

ئۇ داستانىنىڭ 2467 ـ، 1899 ـ بېيىتلىرىدا كۆزنىڭ بىلىش، ھەتتا ئىستېتىك بىلىشتىكى رولىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئەدى ئەدگۇ نەڭ بۇ كىشى كۆركى يۈز
بۇ يۈز كۆركىگە سۇۋ ئىچەر ئىكى كۆز
[كىشىچۈن نە ياخشى نەرسە — گۈزەل يۈز،
ئىچەر سۇ بۇ يۈز كۆركىدىن ئىككى كۆز.]
سەۋۈگلەر يۈزىندە بولۇر بەلگۈ نەڭ
كۆزىن كۆركە تىكسە ئانى بىلگۈ تەڭ
[سۆيۈملۈك يۈزىدە بولۇر بىر نىشان،
كۆزى كۆزگە چۈشسە بىلىنۇر شۇئان.]

داستانىنىڭ 1893 ـ، 1898 ـ، 1897 ـ، 1991 ـ، 2794 ـ، 2795 ـ بېيىتلىرىدا كۆز بىلەن كۆڭۈلنىڭ، كۆز سەزگۈسى بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈلگەن:

سەۋتىمىش يۈزىن كۆرسە كۆزكە تاتىغ
كۆڭۈل ئاررۇسىن بۇلسا ئۆزكە تاتىغ
[كۆرۈش سويگىنىنى — بۇ كۆز زەۋقىدۇر،
تېپىش دىل ئۈمىدىن — بۇ ئۆز زەۋقىدۇر.]
سەۋەر سەۋمەزىن ئۆز بىلەيىن تەسە
كۆڭۈلكە باقا كۆرگۈ بىلگەي باسا
[بىلەي دېسە سۆيگەن ۋە سۆيمەگىنىن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆڭۈلگە قاراسۇن، بىلۇر ئۇ كېيىن.]
قامۇغ نەڭكە ئۆرتۈگ بولۇر باقسا كۆز
كۆڭۈلكە يوق ئۆرتۈگ مۇنى بىلگۈ ئۆز
[كۆزۈڭ نەگە باقسا بولۇر بىر توساق،
بۇنى بىل، كۆڭۈلگە توساق يوق بىراق.]
كۆڭۈل بولماسا ئەر كۆزى ئاسغى يوق
ئۆگى بولماسا ئەر كۆڭۈل ئوسغى يوق
[ئېرۇر پايدىسىز كۆز، كۆڭۈل بولمىسا،
كۆڭۈل پايدىسىزدۇر ئەقىل بولمىسا.]
كۆزۈن كۆرسە ئۆترۈ كۆڭۈل ئارزۇلار
كۆڭۈل ئارزۇ قولسا ئانى كىم يىغار
[كۆزۈڭ كۆرسە كۆڭلۈڭ ئۇنى ئارزۇلار،
كۆڭۈل ئەتسە ئارزۇ ئۇنى كىم توسار؟]
كۆڭۈل بەگ تۇرۇر يەتى ئەندام ئۆزە
بەگى باشلاسا بودنى يۇگرۇر تۇزە
[كۆڭۈل يەتتە ئەزا ئۆزە ھۆكۈمران،
يۈگرەر ئەل چوقۇم، باشلاپ ماڭسا خان.]

داستاننىڭ 1015 ــ، 1016 ــ بېيىتلىرىدا يېزىلىشىچە، قۇلاقنىڭ بىلىشتىكى ئەھمىيىتى تاۋۇشلۇق تىلدىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇلغان:

ئۆكۈش سۆزلەيۇ بىلگە بولماز كىشى
ئۆكۈش ئەشتۇ بىلگە بۇلۇر تۆر باشى
[تولا سۆز بىلەن بولماس ئالىم كىشى،
كۆپ ئاڭلاپ بولۇر ئۇ ئالىم تۆر بېشى.]
ئاغىر بولسا يالڭۇق بىلىر ھەم بىلىك
تۆڭۈ بولسا تەگمەز بىلىككە ئەلىگ
[گاچا بولسا ئىنسان بىلەر ھەم بىلىم،
پەقەت ساڭرو كىشى تاپالماس ئىلىم.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سەزگۈنى بىلىش ئامىلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشى ئوتتۇرا ئەسىر ئىلاھىيەتچىلىرىنىڭ «سەزگۇ — ئاداشماقنىڭ ئىشىكى»، «پىكىر — گۇماننىڭ بوسۇغىسى» دەيدىغان نادانلىق ئەقىدىلىرىگە زىت قويۇلغان. ئۇنىڭ «بىلىم ۋە ئەقىل ھەققىدىكى ماتېرىيالىستىك قارىشى يەنە شۇ نەرسىدە روشەن ئەكس ئېتىدۇكى، ئۇ سەزگۇ بىلىم ۋە ئەقىل ۋاپىغا يەتكەن، تەپەككۇرى شەكىللەنگەن كىشىنىڭ باش مېڭە پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق بىلىم ۋە ئەقىل ساھەسىدىكى دىنىي - خۇراپىي تەلىماتقا قارشى زەربە بېرىدۇ، بۇ قاراشنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى دەلمۇ دەل پاش قىلىدۇ»[1] . ئۇ، داستاننىڭ 1836 - بېيىتىدا مۇنداق جاكارلايدۇ:

ئۇقۇش ئورنى ئۇستۈن مەگدە تۇرۇر
ئاغىر نەڭ ئۇچۇن ئورنى باشتا ئەرۇر
[ئەقىل ئورنى ئۇستۈن مېڭىدە تۇرۇر،
قىممەتلىكىدىن ئورنى باشتا بولۇر.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بېيىتلىرىدىن باشقا يەنە 3478 -، 3479 -، 3480 -، 3481 - بېيىتلىرىدا كۆڭۈل (ئاڭ) ھەققىدە توختالغان.

## 5. «قۇتادغۇ بىلىك»تە تىل ۋە تەپەككۇر مەسىلىلىرى

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىر ئالاھىدە پەلسەپىۋى قىممىتى شۇكى، ئۇ تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغان، تىلنى قەلبنىڭ،

---

[1] قەييۇم كەرىموۋ: «ئىلىك بەدىئىي داستان»، 99 - بەت.

ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئىپادىسى، شاھىتى ۋە تەرجىمانى سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ تىل توغرىسىدىكى بايانلىرى پەلسەپىلىك، ئېستېتىكىلىق، لوگىكىلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ تىل ۋە تەپەككۇر، شۇنىڭدەك بىلىم، تىل ۋ گۈزەل پەزىلەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە كەڭ توختالغان. بۇ يەردە پەقەت تىلنىڭ ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنى، پىكىر ـ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى رولى ئۈستىدىلا توختىلىمىز. داستاننىڭ 162 ـ، 214 ـ، 312 ـ، 1023 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئۇقۇشقا بىلىككە بۇ تىلماچى تىل
يارۇتتاچى ئەرنى يورىق تىلنى بىل
[ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى، بىل!]
بىلىكلىگ چىقارماسا بىلكىن تىلىن
يارۇتماز ئانىڭ بىلكى ياتسا يىلىن
[گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسىمۇ يىل.]
يىپار كىزلەسە سەن يىدى بەلگۈرەر
بىلىك كىزلەسە سەن تىلىنگ ئۆلگۈلەر
[ئىپارنى يوشۇرساڭ بۇيى بىلدۈرەر،
بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ كۆرسىتەر.]
ئەت ئۆزلۈگ كىشىكە كەرەكى بۇ ئول
بىرىسى تىلىن سۆز بىرىسى كۆڭۈل
[تېنى بار كىشىگە كېرەكلىكى شول:
بىرى تىل ۋە سۆزدۇر، بىرىدۇر كۆڭۈل.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقلىي ئىقتىدار تۇغما ھاسىل نەرسە دەپ كۆرسەتكەندەك، تىل ئىقتىدارىنىمۇ تۇغما ھاسىل نەرسە دەپ

كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، پەقەت ئەقىلدە نېمىنى تەپەككۇر قىلىش، ئەقىل سارىيىغا قانداق «كىمىيالىق نەرسىلەر»نى قاچىلاش توغما بولماستىن بۇ ئېرىشىلگەن بىلىم بولغىنىغا ئوخشاش، تىلدا نېمىنى ئىپادىلەش، نېمىنى يەتكۈزۈشمۇ ئېرىشىلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل ۋە خۇنۇك، ياخشى ۋە يامان سۆز ھەققىدىكى بايانلىرىدا نەزەردە تۇتقىنى توغما ئىقتىدار بولغان تىل ئىقتىدارى بولماستىن، بەلكى شۇ ئىقتىدارنى نېمىگە، قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى ۋە ئەدەبلىك، بىلىملىك سۆزلەش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىل ئىقتىدارىنىڭ ئەقىل ئىقتىدارىدەك توغما خاسىيىتىنى پانتېئىزملىق تەرىزدە بەزىدە تەبىئىي ھاسىل، بەزىدە تەڭرى بەخش ئەتكەن دېگەن تەڭداش ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇ داستانىنىڭ 210 ـ بېيىتىدا:

ياشىل كۆكتىن ئىندى ياغىز يەركە سۆز
سۆزى بىرلە يالڭۇق ئاغىر قىلدى ئۆز
[يېشىل كۆكتىن ئىندى[①] قوڭۇر يەرگە سۆز،
كىشى تاپتى قىممەت سۆزى بىرلە ئۆز.]

دېسە، 1024 ـ، 1025 ـ، 176 ـ بېيىتلىرىدا تەپەككۇر ۋە تىلنىڭ توغرا بولۇشىنى، ھەقىقىي ئەكس ئېتىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

كۆڭۈل تىل تۈرۈتتى كۆنى سۆز ئۈچۈن
سۆزى ئەگرى بولسا كۆيەر ئول كۈچۈن
[كۆڭۈل، تىل يارالدى دۇرۇس سۆز ئۈچۈن،

① ئىندى — چۈشتى. «قۇتادغۇ بىلىك» [55] ئىزاھات.

سۆزى ئەگرى بولسا كۆيەر ئۇ كۆچۈن.]
كۆنى سۆزلەسە سۆز كۆر ئاسغى ئۆكۈش
قالى سۆزلەسە ئەگرى بارچا سۆكۈش
[دۇرۇس سۆزلەنسە سۆز كۆپتۇر پايدىسى،
سۆكۈلەر ھەممشە سۆزنىڭ ئەگرىسى.]
تىلىگ كەد كۈدەزگىل كۈدەزىلدى باش
سۆزۈڭنى قىسۇرغىل ئۈزاتىلدى ياش
[تىلىڭنى كۆزەت بەك، كۆزىتىلەر باش،
سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ئۇزۇن بولار ياش.]

## 6. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ھەقىقەت ۋە خاتالىق ھەققىدە

ھەقىقەت ۋە ساختىلىق — بىلىش نەزەرىيىسى كاتېگورىيىلىرى بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل بىلىش پەلسەپىسىدىكى تۈپلۈك مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ كەلگەن.

ھەممە مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى خەلقلەر رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە بىلىش تارىخى جەريانىدا «چىنلىق» ۋە «ساختىلىق» توغرىسىدا ئىپتىدائىي پەرقلەندۈرۈشكە ئىگە بولغانىدى. «ياخشىلىق» («ئېزگۈ»)، «يامانلىق» («ئەسىزلىك»، «ئانىغ»)، «گۈزەللىك» («كۆركلۈگ»)، «خۇنۇكلۇك» («كۆرۈكسۈزلۈگ») ئىبارىلىرى بىلەن بىللە يىراق ئۆتمۈشتىلا «چىنلىق» («كېرتۆ»، «كۆنى»)، «ساختىلىق» («يالغان») ئىبارىلىرى شەكىللەنگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت تېكىستلاردىكى «ئىكىرچگو كۆڭۈللۈك يالڭۇقلار» (دىلىغۇلدا كۆڭۈللۈك كىشىلەر)، «كۆنى بىلگە كۆنى بىلىگ» (ھەقىقىي دانا، ھەقىقىي ئالىم) ۋە

«ئىسپات» («تاناغلۇق») دېگەن ئىبارىلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدىلا «گۇمان» ۋە «ھەقىقەت»نى ئىسپات ئارقىلىق ھەل قىلىش قوللىنىلغان.

ئۇيغۇر - قارلۇق مۇتەپەككۇرى فارابى ئەنئەنىۋى مەنتىقىي قاراشلار ئاساسىدا ئارستوتېل «ئورگانون» سىستېمىسىدىكى «كاتېگورىيە»، «ئالدىنقى ئانالىتىكا»، «كېيىنكى ئانالىتىكا»، «رېتورىكا»، «تەپسىرنامە»، «ئىسپاتنامە»، «سوفىستىكا»، «پوئېتىكا» قاتارلىق سەككىز ئەسەرگە ئىزاھات بېرىش بىلەن، لوگىكا ئىلمىنى «ھەقىقەت» بىلەن «ساختىلىق»نى پەرقلەندۈرىدىغان ئىسپات ئىلمى سۈپىتىدە ئارستوتېل «مېتافىزىكا» سىستېمىسىدىن ئايرىم مۇستەقىل ئىلىم قىلىپ قايتا قۇرۇشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقەت نۇرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان كىتابى «قۇتادغۇ بىلىك»تە، ھەقىقەت، ساختىلىق، خاتالىشىش، سىناپ كۆرۈش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە مەنتىقىي خۇلاسە چىقىرىش توغرىسىدا قىممەتلىك مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارغان. ئۇ داستانىنىڭ 2687 -، 2688 -، 972 - بېيىتلىرىدا:

كۆيەر ئوت تەگ ئول بۇ كەرەكسىز سۆزۈڭ
ئاغىزدىن چىقارماغۇ كۆيگەي ئۆزۈڭ
[كۆيەر ئوتقا ئوخشاش كېرەكسىز سۆزۈڭ،
ئېغىزدىن چىقارما، كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.]
ئاقار سۇۋ تەگ ئول بۇ تىلىن ئەدگۈ سۆز
قايۇقا بۇ ئاقسا چەچەك ئۈندى تۈز
[ئاقار سۇدەك ئېرۇر چىقسا ياخشى سۆز،
ئۇ ئاقسا قايانغا چېچەك ئۈنەر يۈز.]
بىلىكلىگ سۆزى يەركە سۇۋ تەگ تۇرۇر

ئاقىتسا سۇۋۇغ يەردە نىمەت ئۈنۈر
[بىلىملىك سۆزى يەرگە سۇدەك بولۇر،
ئېقىتسا سۇنى يەردە نېمەت ئۈنۈر.]

دېسە، 1002 ـ، 1003 ـ بېيىتلىرىدا سۆزنىڭ ھەقىقەتلىكى ياكى ساختىلىقى مەملىكەتنىڭ ئاۋات ياكى خارابىلىقىغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

سۆز ئاسغى بىلە كۆر ياغىز يەردەكى
ياشىل كۆككە يوقلار بولۇر تۆردەكى
[بۇ سۆز نەپئى بىرلە قوتقۇر يەردىكى —
يېشىل كۆككە ئۆرلەپ، بولۇر تۆردىكى.]
قالى سۆزلەيۇ بىلمەسە تىل سۆزۈگ
ياشىل كۆكتە ئەرسە كۆر ئىندرۇر ئۆزۈگ
[ نېچۈك سۆز قىلىشنى گەر تىل بىلمىسە،
ئۆزىنى پەسلىتەر، ئاسماندا ئېسە.]

داستاننىڭ 991 ـ بېيىتىدا يۇقىرىقى پىكىرنى كۈچەيتىپ ئادەم بەدىنىنىڭ ماددىي ھاياتلىق تەقدىرى ئېغىز (گال) ئارقىلىق، يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق ھەل بولسا، ئادەم ھاياتىنىڭ مەنىۋى ـ ئىجتىمائىي تەقدىرى سۆزلەش ياكى سۆز ئاڭلاش ئارقىلىق ھەل بولىدىغانلىقى مۇنداق ئىخچاملانغان:

ئەت ئۆز ئۆلگى بارچا بوغۇزدىن كىرۇر
بۇ جان ئۆلگى چىن سۆز قۇلاقتىن كىرۇر
[بەدەننىڭ ئۈلۈشى ئېغىزدىن كىرۇر،
بۇ جان ئۈلۈشى چىن سۆز، قۇلاقتىن كىرۇر.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئاساسسىز، ساختا ۋە قۇرۇق

سۆزلەشنى قاتتىق سۆككەن، مۇنداق سۆزنى قاباھەت قاتارىغا قويۇپ، كىشىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تۆككۈچى، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بۇزغۇچى، ئاخىرىدا ئۆزىنى ھالاك قىلغۇچى، ھەتتا ئالەمنى مالىمان قىلغۇچى ئىبغىــــر ئاپەت سۈپىتىدە ئوبرازلىق ۋە سىمۋوللۇق ۋاســتىــــلەر بىــــلەن سۈرەتلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تولا سۆزلەشنى ئېتىقسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ چەكلەشنى تەشەببۇس قىلىپ قالماستىن، مۇھىمى خاتالىق ۋە ساختىلىققا ئېلىپ بارىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭچە، سۆز ھەقىقەت ۋە پىكىرنى روشەنلەشتۈرۈش، ياخشىلىق ۋە ئەخلاقىي گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قارىتىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە داستاندا ناھايىتى نۇرغۇن تەنبىھلىك بېيىتلار بار. بىز بۇ يەردە بۇنىڭغا پەقەت 848 ـ، 2037 ـ، 2039 ـ، 5074 ـ، 5878 ـ بېيىتلارنى مىسال كەلتۈرىمىز:

ئۆزۈم تاپلاماز نەڭ بىرى يالغان ئول
مۇنىڭدا باساسى بۇ كۈچ قىلغان ئول
[ئۆزۈم خالىماسىنىڭ بىرى يالغان ئول،
ئۇنىڭدىن كېيىنكى زۇلۇم قىلغان ئول.]
قامۇغدا ياراغسىز ئاي ئەلىگ قۇتى
بۇ بەگلەر ئۆزە قوپسا يالغان ئاتى
[ياماندىن ياماندۇر ئەي ساھىبقىران،
ئەگەر ئاتىنىپ قالسا يالغانچى خان.]
بۇ يالغان كىشىلەر ۋەفاسىز بولۇر
ۋەفاسىز كىشى خەلققا تەگسىز قىلۇر
[يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئوساللىق قىلۇر.]
ئازۇنقا ئەلىگ بولماسۇن ئول كىشى
تىلى يالغان ئەرسە قىلىنچى يۇشى
[جاھانغا ئېلىگ بولمىسۇن ئول كىشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سۆزى بولسا يالغان، غەزەپلىك ئىشى.]
بۇ يالغان كىشى بىرلە ئارتار ئازۇن
كۆنى چىن كىشى تۇت ئاي ئەلگى ئۇزۇن
[بۇ يالغانچى بىرلە بۇزۇلۇر ئاجۇن،
راستچىل، چىن كىشى تۇت، ئى قولى ئۇزۇن.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ كىشىنىڭ بىلىش ۋە ئەمەلىي پائالىيىتىدە خاتالىششى مۇمكىنلىكى ھەققىدىمۇ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ داستانىنىڭ «كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆز ئۆزرىسىنى ئېيتقانلىقى باياندا» ناملىق بابىدا، قەدىمكى ئۇيغۇرچە «يالڭۇق» (ئىنسان) دېگەن ئىبارە بىلەن «ياڭلۇق» (خاتالىق) ئىبارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، سۆز ئويۇنى شەكلىدە بۇ مۇھىم مەسىلىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇرچە بۇددا تېكىستلىرى»دە: «ياڭلۇق ساقىنچ» (خاتا ئىدىيە)، «ئىدىقۇتلۇغ تىنلىغلارقا تېرس ياڭلۇق ساقىنچ ساقىنتىم» (ئەگەر مەن قۇتى زور جانلىقلارغا ئەكسىچە خاتا ئىدىيىدە مۇئامىلە قىلسام) دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.
داستانىنىڭ 197 ـ، 198 ـ، 205 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

بۇ يالڭۇق ئاتى بولدى ياڭلۇق ئۈچۈن
بۇ ياڭلۇق ئۇرۇلدى بۇ يالڭۇق ئۈچۈن
[كىشى ئاتى يالڭۇق، يېڭىلغاق ئۈچۈن،
دېيىلدى ئۇ يالڭۇق، يېڭىلغان ئۈچۈن.]
ياڭىلماز كىشى كىم ئايۇ بەر ماڭا
ياڭىلمىش تۇمەن مىڭ ئايايىن ساڭا
[يېڭىلمەس كىشى كىم، دېگىن سەن ماڭا،
تۈمەنمىڭ يېڭىلغاننى دەيمەن ساڭا.]
سۆزۈگ سۆزلەدەچى ئازار ھەم يازار

ئۇقۇشلۇغ ئەشتسە ئوكارۇر تۇزەر
[سۆزلىگەن كىشىلەر ئازار، ئالدىرار،
ئەقىللىق ئىشىتسە، تۈزىتىپ بارار.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ خاتالىشىشنى ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قېلىشى شەكلىدە يېتەرلىك يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى يەنىلا ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم بىلەن «داۋالاش» لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 1969 -، 1970 - بېيىتلىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

ياڭىلسا بۇ بەگلەر، ئاي ئەلىگ قۇتى
ئانىڭ بەگلىكى ئىگلەر ئەتگۇ ئوتى
[گەر ئىشتا يېڭىلسا بەگلەر، ئەي خاقان،
بۇ بەگلىك كېسەلدۇر، داۋالا شۇئان.]
بۇ بەگلىك ئىگىگە ئوتى ئۇگ[1] بىلىك،
ئۇقۇش بىرلە ئەملە ئاي قىلقى سىلىگ
[داۋاسى بۇ دەردنىڭ تەپەككۇر بىلىم،
داۋالا ئەقىللە، خۇلقى مۇلايىم.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «مەغرۇرلۇق» (كۆۋەزلىك)، «ئالدىراقسانلىق» (ئېۋەكلىك)، «تەرسا - جاھىللىق» (ئارقۇق)، «ئاچكۆزلۈك» (كۆزى سوق)، «دەرغەزەپلىك» (ئوۋكە) قاتارلىق پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل ئىللەتلىرىنىڭ خاتالىققا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا سىناپ - تەجرىبە قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ پىكىر قىلىش پرىنسىپىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇ تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى، ياكى تەجرىبە

[1] ئۇگ — تەپەككۇر.

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق چۈشىنىپ بىلىشنى كۆپ قېتىم تەۋسىيە قىلغان. ئۇ داستاننىڭ 1962 ـ بېيىتىدا ئۆتۈكەن تېغى ئەتراپىدا ياشىغان دەۋردىكى تەجرىبىلىك كىشىلەر سۆزلىرىدىن مىسال كەلتۈرسە، يەنە بىر بېيىتىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەقلىيە سۆزلەردىن مىسال كەلتۈرگەن:

نەگۈ تەر ئەشتگىل ئۆتۈكەن بەگى
سىناپ سۆزلەمىش سۆزنى يەترۈپ ئۆگى
[ئىشىتكىن، ئۆتۈكەن بېگى نېمە دەر،
سۆزنى سىناپ ھەم ئويلاپ قىلغان ئەر.]
نەگۈ تەر ئەشتگىل بۇ ئەل كەندبەگى
ئۇقۇشقا بىلىگكە يېتۈرمىش ئۆگى
[نېمە دەر ئەل كەنتى بېگى ئىشىت كەل،
ئەقىلغا، بىلىككە تەپەككۇرى تەل.]

داستاننىڭ 4287 ـ بېيىتىدا كىشىنى ئۇناڭ ئىمدىيىسى، سۆزى ۋە ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆزىتىش ھەققىدە مۇنداق مۇھىم پىكىر بايان قىلغان:

كىشى ئەسلى بىلمەك تىلەسە ئاچۇق
كۆڭۈل تىل قىلىنچى بۇ ئىشكە تانۇق
[كىشى ئەسلى بىلمەك تىلىسەڭ ئوچۇق،
بۇ ئىشقا گۇۋاھدۇر كۆڭۈل، تىل، قىلىق.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ راست ـ يالغاننى ئايرىش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماي ھۆكۈم قىلماسلىق ۋە يالغان سۆزلەپ، تۆھمەت قىلغۇچىلارنى جازالاش مەسىلىسىنى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىي مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپىغا كۆتۈرۈپ، داستاننىڭ 5873 ـ، 5877 ـ، 5887 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازغان:

ساڭا كىم يوڭاسا ئەشتگىل سۆزىن
چىنىن يالغانىن كەد ئايت تۈپ تۆزىن
[ساڭا كىمكى چاقسا ئىشىتكىن سۆزىن،
سۇرۇشتۇر ئاساسىن، چىن ۋە يالغانىن.]
ئەشتكىل سۆزۈگ ئىرتە يالغان چىنىغ
چىنىغ ئۆزكە ئالغىل قىنا يالغانىغ
[ئىشىت سۆزنى، تەكشۇر راستۇ ـ يالغانىن،
يالغاننى جازالا، قوبۇل قىل چىنىن.]
قالى ئارزۇ يەر ئول تۆرۈ بەرگۈچى
كۆنى يالغانىغ ئادرا تۇتماز تۈچى
[نىچۇك تاپقاي ئارزۇ، قانۇنچى ھاكىم،
ئايرالماس بولسا راست ـ يالغاننى دائىم.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 267 ـ، 3218 ـ بېيىتلىرىدا جەزملەشتۈرۈش ياكى رەت قىلىش، ئۈچىنچى خىل مۇھاكىمىگە ئورۇن قويماسلىقتىن ئىبارەت مۇھىم لوگىكىلىق قانۇنىيەتنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

سەن ئەمدى قايۇ سەن ماڭا ئاي ئاچا
ئىكىدە بىرى بول ئۈچۈچىنچتە قاچا
[ئۆزۈڭ قايسىسى سەن ماڭا تىلىڭ ئاچ،
ئىككىدىن بىرى بول، ئۈچىنچىدىن قاچ!]
ئىكىدە نارۇ بارچا يىلقى سانى
تىلەسە مۇنى تۇت تىلەسە ئانى
[ئىككىدىن بۆلەكنى سەن يىلقى سانا،
يا ئۇ بول، يا بۇ بول، تاللاپ ئال مانا.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش ساھەسىدىكى ھەقىقەت ۋە

كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر كىتاپلىرىنىڭ ئادرېسى www.uyghurkitap.com

خاتالىق، راستچىللىق ۋە سەپسەتە ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ۋە مەنتىقە ئىلمى جەھەتتە كلاسسىك باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلىدى.

## 7. «قۇتادغۇ بىلىك»تە بىلىش بىلەن قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىش بىلەن قىلىشنىڭ، بىلىم بىلەن ئۇنىڭدىن خەلق ۋە جەمئىيەت مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى بىلىش نەزەرىيىسى يۈكسەكلىكىدە ئىزاھلىدى.

مەلۇمكى، ئەبۇ نەسىر فارابى: «مەقسىتى پەقەت گۈزەللىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولغان سەنئەت پەلسەپە دەپ ئاتىلىدۇ. گۈزەللىك ئىككى تۈرلۈك بولغانلىقتىن، يەنى ئۇ بىلىم بىلەن ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، پەلسەپە سەنئىتىمۇ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ»[①] دېگەنىدى. فارابى بىرىنچىسىگە نەزەرىيىۋى پەلسەپىنى، فىزىكىنى ۋە ماتېماتىكىنى، ئىككىنچىسىگە ئەمەلىي ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي پەنلەرنى كىرگۈزگەن. فارابى بۇ يەردە بىلىم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ئۈستىدە توختالغان.

فارابى ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى سۈپىتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم ۋە ئۇنى خەلق مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت پارلاق ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ

---

① فارابى: «ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي رىسالىلەر»، رۇسچە نەشرى، 34 - بەت.

قۇرۇق سەپسەتە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىش خاھىشى بىلەن تولغان ئوتتۇرا ئەسىر روھانىيەتچىلىكى مۇھىتىدا غايەت زور جاسارەتلىك ۋە ئالاھىدە پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە بولغان ئىلغار تەشەببۇس ھېسابلىناتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بارلىق ھەقىقىي بىلىملەرنى ئۈچ ئاساسلىق ئامىلدىن تەشكىل تاپقان بىلىش سەمەرىلىرى دەپ چۈشىنىدۇ: بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئەقلىي جەھەتتىن بىلمەك؛ ئىككىنچىسى، بۇ ئەقلىي بىلىمنى تىل بىلەن ئىپادىلىمەك؛ ئۈچىنچىسى، بىلگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە گەۋدىلەندۈرۈپ خەلققە ياخشىلىق قىلماقتىن ئىبارەت. بىلىمدىكى بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

1) «قۇتادغۇ بىلىك»تە بىلىم ئىنسانىنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى، تىرىك ئۆمۈرنىڭ كۆز نۇرى، جەمئىيەت پاراۋانلىقىنى بەرپا قىلىشنىڭ مەشئىلى، بارلىق ئىجابىي نەتىجىلەرنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. داستاننىڭ 262-، 263-، 264-، 4346-، 4347-، 208-، 5253-بېيىتلىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

بىلىكسىزكە تۆردە ئورۇن بولسا كۆر
بۇ تۆر ئەلكە ساندى ئەلىگ بولدى تۆر
[بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر.]
قالى بىلگەكە تەگسە ئەلدە ئورۇن
ئول ئەل بولدى تۆردە تاقى كەد بۇرۇن
[بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تۆر تىبخى ئەڭ بۇرۇن.]
بىلىككە تۇرۇر بۇ ئاغىرلىق قامۇغ
ئاژۇنقا كەرەك تۆر كەرەك ئەل قاپۇغ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

[بۇ ھۆرمەت پۈتۈنلەي بىلىمگە ئېرۈر،
ئۇ مەيلى ئىشىكتە يا تۆردە تۇرۇر.]
يوق ئەرسە ئاژۇندا بۇ ئالىم بۆگۈ
تىكىپ ئۆنمەگەي ئەردى يەردە يەگۈ
[يوق ئەرسە دۇنيادە ھېكىم، ئىلىملىك،
تېرىپ، ئۈنمەس ئەردى يەردە يېگۈلۈك.]
ئۇلار ئىلمى بولدى بودۇنقا يۇلا،
يارۇسا يۇلا تۈنلە ئازماز يولا
[ئۇلار ئىلمى بولدى خەلققە مەشئەل،
يول ئازماس كېچىدە يول يۈرگەندە ئەل.]
قامۇغ ئەدگۈلۈكلەر بىلىك ئاسغى ئول
بىلىك بىرلە بۇلدى مەسەل كۆككە يول
[پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.]
بىلىك بىرلە ئىشلە قامۇغ تۇرلۇگ ئىش
بىلىكدىن كەلىر ئول قامۇغ كۆركلۈگ ئىش
[بىلىم بىرلە ئىشلە پۈتۈن تۈرلۈك ئىش،
پۈتۈنلەي ئىلىمدىن كېلۇر كۆركلۈك ئىش.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ مەنپەئىتىنى نۇقتىلىق ھالدا دۆلەت باشقۇرۇش خادىملىرىنى تاللاش، جاھالەتنى يېڭىش، خەلقنى پاراۋانلىققا ئىگە قىلىش جەھەتلىرىگە قاراتقان. داستاننىڭ 217 ـ، 219 ـ، 265 ـ، 268 ـ بېيىتلىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

ئاژۇن تۇتغۇقا ئەر ئۇقۇشلۇغ كەرەك
بودۇن باسغۇقا ئۆگ كەرەك ھەم يۈرەك
[جاھان تۇتقىلى ئەر ئەقىللىق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا پىكىر ھەم يۈرەك.]
ئاژۇنقا ئاپا ئىنمىشىندە بەرۇ

ئۇقۇشلۇغ ئۇرۇ كەلدى ئەدگۇ تۆرۈ
[قاچانكىم جاھانغا چۈشۈپتۇ ئادەم،
ئاقىللار تۈزەپ كەلدى ياخشى نىزام.]
ئىكى تۇرلۇگ ئول كۆر بۇ ئەسلى كىشى
بىرى بەگ بىرى بىلگە يالڭۇق باشى
[ئىككى خىل ئىرۇر، كۆر، بۇ ئىبسىل كىشى،
بىرى بەگ، بىرى ئالىم — ئىنسانىڭ بېشى.]
قىلىچ ئالدى بىرى بودۇنۇغ تۈزەر
قەلەم ئالدى بىرى يورىق يول سۈزەر
[ئىلىپ قولغا قىلىچ، بىرى ئەل تۈزەر،
قەلەم بىرلە بىرسى، ھەق يول كۆرسىتەر.]

2) «قۇتادغۇ بىلىك»تە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلگەن بىلىمنى تىل بىلەن ئىپادىلىمەك، سۆزنىڭ ئەقىلغا، گۈزەللىككە ۋە ئەدەبكە ئۇيغۇن بولۇشى توغرىسىدا كۆپ توختالغان. داستاننىڭ 214 ـ، 181 ـ، 164 ـ، 966 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

بىلىكلىگ چىقارماسا بىلكىن تىلىن
يارۇتماز ئانىڭ بىلكى ياتسا يىلىن
[گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسمۇ يىل.]
ئىكى نەڭ بىلە ئەر قارىماز ئۆزى
بىر ئەدگۇ قىلىنچى بىر ئەدگۇ سۆزى
[ئەر ئىككى نىمەدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى ئىش، بىرى ياخشى سۆزى.]
تىل ئارسلان تۇرۇر كۆر ئىشىكتە ياتۇر
ئايا ئەۋلىگ ئەرساق باشىڭنى يەيۇر
[ئىشىكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل،
ئەي مەككار ھەزەر قىل، بېشىڭ يەيدۇ، بىل.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى  www.uyghurkitap.com

قارا باش ياغىسى قىزىل تىل تۇرۇر
نەچە باش يەدى بۇ تاقى ما يەيۇر
[قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر،
يېدى قانچە باشنى، يەنە ھەم يېيۇر.]

داستاندا سۆزلىمىگەن سۆز — تەپەككۇردىكى سۆز ئالتۇنغا، سۆزلەنگەن سۆز — ئېغىزدىكى سۆز مىسقا ئوخشىتىلغان. مۇتەپەككۇر يەنە كېرەكلىك، مەنپەئەتلىك، گۈزەل سۆزنى سۆزلەش، سۆزلىگەندىمۇ ئىخچام ۋە روشەن سۆزلەشنى تەلەپ قىلغان.

3) «قۇتادغۇ بىلىك»تە ھەقىقىي بىلىم پەقەت بىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەمەلىيەتكە مەشئەل قىلىپ جەمئىيەت ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن قوللىنىش لازىملىقى تەكىتلەنگەن. بۇ بىلىش بىلەن قىلىش، بىلىم بىلەن ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بىر بىلىش نەزەرىيىسى پرىنسىپى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا، رېئالىزملىق، ماتېرىيالىزملىق خاھىش گەۋدىلەندۈرۈلگەن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنى چەكسىز چوڭ دېڭىز سۈپىتىدە تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشنى (6608 ـ، 6609 ـ بېيىتلاردا)، شۇنىڭدەك بىلىم ھەقىقەتلىرىنى ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىق قىلىپ نەتىجە قازىنىشنى دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ 211 ـ، 212 ـ، 213 ـ، 2605 ـ، 3220 ـ بېيىتلاردا مۇنداق تەۋسىيە قىلغان:

كىشى كۆڭلى تۈپسۈز تەڭىز تەگ تۇرۇر
بىلىك يىنچۈ سانى تۈپىندە ياتۇر
[كىشى كۆڭلى تۈپسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.]

تەڭرىزدىن چىقارماسا يىنچۇ كىشى
كېرەك يىنچۇ بولسۇن كەرەك ساي تاشى
[دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.]
ياغىز يەر قاتىنداقى ئالتۇن تاش ئول
قالى چىقسا بەگلەر باشىندا تۇش ئول
[قوڭۇر يەر تېگىدە ئالتۇن ئىدى تاش،
گەر چىقسا بەگلەرگە بولۇر باشقا تاج.]
قايۇ ئىشكە بىلگە يەتۈردى بىلىك
ئانى يەتتى تۈتتى تەگۈردى ئەلىگ
[ئىشلەتسە ھەر ئىشتا بىلىمنى ئالىم،
ئېرىشكەي ئۇ ئىشقا ئۇتۇقلە دائىم.]
بىلىك بىلدىڭ ئەرسە تۇكەل ئۆگرەنىپ
ئانى ئىشلەت ئەمدى كۆر ئەمگەك ئىدىپ
[بىلىم بىلگەن ئولساڭ تولۇق ئۆگىنىپ،
ئۇنى ئىشلەت ئەمدى ئەمگەك سىڭدۈرۈپ.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپچە، پەقەت يۇقىرىدىكى ئۈچ ئامىلنى ئىزچىل بىرلەشتۈرگەندىلا ھەقىقىي بىلىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەينى زاماندىكى ھەر خىل ساختا ئىلىملەر ئۈچۈن قاتتىق زەربە ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم - پەننىڭ تەرغىباتچىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پىداكار ھامىيسى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مەرىپەتچىسى سۈپىتىدە، ئىلىم - پەننىڭ بارچە ئۇتۇقلىرىنى خەلق مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنى جاھالەت ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى گىگانت مەشئەلچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئۇ ئىلىم - پەننى، بولۇپمۇ تەبىئەت پەنلىرى بىلەن ئەخلاق ئىلمىنى دىنىي ئىستىقامەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، «بىلىمسىز ئىبادەت بىلەن ساۋاب كۈتمە» (3224 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىتى www.uyghurkitap.com

بېيىت) ، «بىلىملىكنىڭ ئۇخلىغان ۋاقتىمۇ بىلىمسىزنىڭ ئىبادەتىدىن ئەۋزەل» (5225 ـ بېيىت) ، «زاھىت بولۇپ تائەتكە بېرىلىش بالاغا يولۇققانلىق» (3229 ـ بېيىت) ، «دوزاخ ئىشىكىنى يېپىەتلەيدىغان نەرسە پەقەت بىلىم» (3223 ـ بېيىت) دېگەندەك ئۆتكۈر ۋە جەڭگىۋار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىدى. ئۇ خەلق توغرىسىدا سۆزلىگەندە 4257 ـ بېيىتتا:

سەۋىنچ بولسا كىمكە ئۆزۈڭ سەۋىنۇ بەر
ساقىنچ قادغۇ تەگسە يەمە ساقىنۇ بەر
[كىشىلەر سۆيۈنسە، سۆيۈنگىن سەن ھەم،
غەم ـ قايغۇ يەتسە گەر، يېگىل سەنمۇ غەم.]

دەپ خىتاب قىلدى. ئۇ ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتنىكى ھەممە كىشىنى مۇستەسناسىز ھالدا ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا چاقىردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىمنىڭ ھەقىقەت ياكى ساختىلىقىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئىلغار قاراشتىنمۇ ھالقىغان ھالدا، بىلىمنى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىگە بېغىشلاش توغرىسىدىكى قارىشى ۋە تەشەببۇسىنىڭ پەلسەپە تارىخىدىكى قىممىتىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلۈكىنى چۈشىنىش قىيىن بولمىسا كېرەك.

## 8. قىسقىچە يەكۈن

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەر پەلسەپىۋى پىكىرلەر مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئۇنىڭ پەلسەپىۋى تەرەققىياتى تارىخىدىكى تەسىرى ۋە قىممىتى ئۆز دەۋرىدىكى شەرق ئىلغار مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تۆھپىسى بىلەن بىللە ئىنسانىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلغار پىكىرلەر تارىخىدىن كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىم تۇپەيلىدىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار، تەجرىبە، بايقاش، ھېس - تۇيغۇ ۋە بولۇپمۇ مېڭە، تىل ۋە تەپەككۇرنىڭ بىلىشتىكى رولى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار، چىنلىق بىلەن ساختىلىق ۋە خاتالىق ھەم ئۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار، بىلىش بىلەن قىلىشنىڭ، بىلىم بىلەن بەخت - سائادەت ۋە ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت مۇھىتىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان فېئوداللىق ۋە دىنىي ئىدېئالىستىك بىلىش كۆز قاراشلىرىغا كۆپ تەرەپلىمە قارىمۇ قارشى ھالدا غايەت زور مەرىپەتپەرۋەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى كۆز قاراشلىرى «دۇنيانى بىلىش مۇمكىن ئەمەس»، «دانىشمەنلىك تۇغما بولىدۇ»، بىلىش ئوبيېكتى پەقەت «مۇتلەق ئىلاھ» ۋە ئۇنىڭ «كارامەتلىرى» دىن ئىبارەت، «بىلىملىكلەر ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك، پەقەت تەركىيدۇنياچىلىق بىلەن ئىستىقامەت قىلىشلا ياخشىلىق قىلىشتۇر»، ئىلىم ئەھلى، بولۇپمۇ تەبىئەت ئىلمى ۋە سەنئەت ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەڭرىنىڭ بىردەكلىكىگە شۇبھە قىلغۇچى ۋە خەلقنى ئاداشتۇرغۇچىلار، ئۇلار تەقىپ قىلىنىشى كېرەك دەيدىغان كۆزقاراشلاردىن ئۆزىنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسى ئامىللىرىنىڭ ئاساسىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى تۇپەيلى روشەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر ناتۇرال پانتېئىزمىنىڭ ئاساسچىسى فارابى ئۆزىنىڭ «بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۇرگۇچى يول» ناملىق رىسالىسىدە: «ياخشى ئەخلاق بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار ھەر ئىككىسى بىرلىكتە شۇ مەنىدە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھېسابلىنىدۇكى، ھەربىر نەرسىنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكى بىلەن ئۇنىڭ كامالەتكە ئېرىشكەنلىكىدە، جۈملىدىن ئۇنىڭ پائالىيىتىدە گەۋدىلىنىدۇ»[①] دېگەنىدى. ئۇ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە، ئەقىل ۋە پاراسەتتە دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئەمەلىيەت پرىنسىپىنى تەكىتلەپ: «ئەگەر كىشىلەر نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىلەن چەكلىنىپ، ئومۇم ئېتىراپ قىلغان گۈزەللىك چۈشەنچىسىنى ئۆز پائالىيىتىگە تەتبىق قىلمىسا، ئۇنىڭ ئۇ ئادىتى ئۇنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان گۈزەللىك چۈشەنچىسى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ»[②] دەپ كۆرسەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەل مانا مۇشۇ ئىنسانغا خاس بولغان بىلىش ۋە ئەمەلىيەت نۇقتىئىنەزەرىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئۇنى ئەينى زامان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىغا كۆپ تەرەپلىمە تەتبىق قىلدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇھاكىمە قىلىنغان بىلىش نەزەرىيىسى كۆزقاراشلىرىدا راتسىئونالىزم بىلەن روھانىيەتچىلىك مۇرەسسەلەشتۇرۇلگەن، پىكىر زىددىيەتلىرى ۋە ئىزچىلسىزلىقلار، ھەتتا ئىدېئالىستىك ئىللەتلەر ساقلانغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى ئەينى زامان

---

① فارابى: «ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي رىسالىلەر»، رۇسچە نەشرى، 317 ـ بەت.

② فارابى: «ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي رىسالىلەر»، رۇسچە نەشرى، 270 ـ بەت.

دىنىي تەلەپپۇز ئادىتى بويىچە سۆزنى ئۇلۇغلاش نىيىتىدە بولسىمۇ، «ياشىل كۆكتىن ئىندى ياغىز يەركە سۆز» (سۆز ئاسماندىن قارا يەرگە چۈشتى) دېگەندەك ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئىبارىلەرنى خېلى كەڭ ئىشلەتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بىلىش نەزەرىيىسى كۆز قاراشلىرى نوقۇل راتسىئونالىزم پىكىر ئېقىمى ئاساسىدا يېزىلغاچقا، تەپەككۇر ۋە ئەقلىي بىلىشنىڭ رولىغا نىسبەتەن ھېس - تۇيغۇ ۋە ھېسسىي بىلىشنىڭ رولى يېتەرلىك تەكىتلەنمىگەن. بۇ ھال ئەينى زامان ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر نامايەندىلىرى، جۈملىدىن فارابى، ئىبىن سىنا قاتارلىقلاردىمۇ سادىر بولغان ئومۇمىي يېتەرسىزلىك ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئىلغار تەبىئەت پەلسەپىسى نامايەندىلىرى پەقەت ئىنساننىڭ، پەقەت ئەقىل - پاراسەتنىڭ، پەقەت مەنتىقىلىق مۇھاكىمىنىڭ ھەقىقەتنى كەشپ قىلىش ۋە ئىسپاتلاش ئەھمىيىتىنى كۈچەپ تەكىتلىگەن بولۇپ، ھېس - تۇيغۇنىڭ بىلىش جەريانىدىكى رولىغا سەل قارىغانىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا گەرچە تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەت پرىنسىپى بەلگىلىك نۇپۇزلۇق ئامىل سۈپىتىدە تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ يەنىلا شەخسنىڭ ئىش - ھەرىكىتى دائىرىسىدە چەكلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلى، تېخى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىلىشنىڭ ئاساسى، ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ۋە ھەل قىلغۇچ ئۆلچىمى، بىلىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىردىلا «بىلىم — ئىنسان قەدرى ۋە پەزىلىتىنىڭ ئالتۇن شوتىسى» دېگەن نۇرانە كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساھەسىدىكى پىتەرسىزلىكلىرى ئەينى زامان تارىخىنىڭ ئومۇمىي چەكلىمىسى ئاستىدا يۈز بەرگەندى.

بارلىق ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت شەرقىدە ئەبۇ نەسىر فارابىدىن باشلانغان ۋە كېيىنچە غەربىي ياۋروپا مەرىپەتچىلىكىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن راتسىئونالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى تارىخىدا «قۇتادغۇ بىلىك»تە بايان قىلىنغان كلاسسىك تەپسىلاتىنىڭ سالماقلىق ئورۇن تۇتىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

## ئىزاھلار:

[1] «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ياكى «شەرق رېنېسسانسى»: غەربىي ياۋروپادا، دەسلەپ ئىتالىيىدە باشلانغان مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى قەدىمكى گرېك - رىم مەدەنىيىتى گۈللىنىشىگە نىسبەتەن «قايتا گۈللىنىش»، «قايتا ئويغىنىش» دەپ ئاتاشقانلىقى ھەممىگە مەلۇم. رۇس ئاكادېمىكى ن. پ. كونراد 1966 - يىلى يېزىلغان «غەرب ۋە شەرق» ناملىق كىتابىدا، رېنېسسانس ھادىسىسى ئىلگىرى پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ كېيىن خارابىلىشىش ئىچىدىن قايتا گۈللىنىشكە قەدەم قويغان شىمالىي ئافرىقا ۋە ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىغىمۇ مۇناسىپ دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەرچە ئەرەب مىللىتى ئەرەب خەلىپىلىكى دەۋرىدە، بولۇپمۇ خەلىپە مەئمۇندىن كېيىنكى دەۋردە تۇنجى مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، مىسىر، سۇرىيە، ئىران، مەركىزىي ئاسىيادا قايتا ئويغىنىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندى. ئاكادېمىك مۇھەممەدىنوف «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» ناملىق كىتابىدا، جۇملىدىن تاجىكىستان، ئەزەربەيجان ئالىملىرى ئۆز ئىبارىلىرىدە «شەرق

مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ئىبارىسىنى قوللاندى. ئۇلار IX — XII ئەسىرلەردىكى تۈركىي ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى، سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنى شۇ ئىبارە بىلەن ئىپادە قىلدى. مەن «شەرق» سۆزىنىڭ بەكمۇ چەكسىزلىكى، ئۇ ھەتتا قۇلدارلىق دەۋرىدىكى دەسلەپكى مەدەنىيەت ئۆركىشى بولمىغان رايونلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، شەرتلىك يوسۇندا بۇ ئىبارىنى قوللاندىم ۋە مۇھىمى ئۇنى قەدىمكى كوشان ـ كۇسەن مەدەنىيىتى رايونى بولغان شەرقىي ئىران، شىمالىي ھىندىستان، ماۋەرائۇننەھر ۋە تارىم ۋادىلىرىغا قارىتىپ ئىشلەتتىم. مەن پەقەت ئۇنى مۇشۇ دائىرىدە ئۇچ باسقۇچقا بۆلۈش پىكرىنى ئۆز قاراشلىرىم شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ ھەقتە بۇ كىتابنىڭ IX باب 1 ـ ماۋزۇسىغا قاراشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

[2] «چارۋاقا» مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV — III ئەسىرلەردە ھىندىستاندا شەكىللەنگەن ساددا ماتېرىيالىستىك تەلىمات. چارۋاقا تەلىماتىدا ئالەم ئوت، شامال، سۇ، تۇپىدىن تەشكىل تاپقان دەپ قارىلىدۇ. «چارۋاقا» — «تۆت ئىبارە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. ئەمما ئۇنىڭدا شامال ئەڭ ئاخىرقى مەنبە ھېسابلىنىپ، باشقا ئېلېمېنتلار شامالغا ئايلىنىدۇ.

[3] ئېمپېدوكل قەدىمكى گرېك ماتېرىيالىستى ۋە دوختۇرى. ئۇنىڭچە ئالەم ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ «مۇھەببەت»، «نەپرەت» تىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنىدۇ.

[4] ھېراكلىت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 540 — 480) قەدىمكى گرېك ماتېرىيالىستى. ئۇ دۇنيانى قانۇنىيەت بىلەن يېنىپ ـ ئۆچىدىغان تىرىك ۋە مەڭگۈ ئوتتىن ئىبارەت، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزاھلىغان.

[5] تېلېس (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 624 — 547) قەدىمكى گرېك ماتېرىيالىستى. ئۇ بارلىق شەيئىلەر سۇدىن پەيدا بولغان ۋە سۇغا ئايلىنىدۇ، دەپ ئىزاھلىغان.

[6] ئاناكسىمون (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 585 — 525) قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرى، ئۇ ھەممە نەرسە ھاۋادىن پەيدا بولغان ۋە ھاۋاغا ئايلىنىدۇ، دەپ قارىغان.

[7] پىفاگور (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 580 — 500) قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرى، ئۇ مىقدارنى ئالەمنىڭ ئاساسى، دەپ ئىزاھلىغان.

[8] دېموكرىت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 460 — 370) قەدىمكى دەۋردىكى ئەڭ زور گرېك ماتېرىيالىستى، ئۇ ئالەم ئۇششاق، پارچىلانماس «ئاتوم» زەررىچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان، دەپ قارىغان.

[9] ئەسلىدە ئاتەشپەرەسلىك دىنىدا، كېيىنچە مانى دىنىدا ئالەم يورۇقلۇق تەڭرىسى ئاخرۇ مازدا بىلەن قاراڭغۇلۇق دىۋىسى ئەخرەمەننىڭ زىددىيەت ۋە كۈرەشىدىن تەشكىل تاپقان. بۇ كۈرەش جەريانىدا يورۇقلۇق تەڭرىسى قاراڭغۇلۇق دىۋىسىدىن ھامان غەلىبە قىلىدۇ، دەپ قارالغان.

[10] ئانتروپومورفىزم — دىنىي ئەقىدىلەردە ئىلاھىيەت ئوبرازىنى ئادەم قىياپىتىدە تەسۋىرلەيدىغان كۆز قاراش.

[11] مەقسەتدارلىق نەزەرىيىسى (تېلېئولوگىيە) — ئەسلىدە تەڭرى ئالەمنى ئىنساننى يارىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت شەكلىدە ئىجاد قىلغان، ھەممە يارالمىشلار بىرى بىرى ئۈچۈن قۇربان بولىدۇ ۋە شەرت ھازىرلايدىغان مەقسەت سەۋەبىياتلىقىنىڭ زەنجىر ھالقىلىرىدىن ئىبارەت، دېگەن ئىدېئالىزملىق گۇمانىزملىق قاراش. ئەگەر بۇ قاراش ئىدېئالىزملىق شاكالدىن ئېرىغدىتىلىدىكەن، ئۇ ماتېرىيالىزملىق گۇمانىزمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

[12] ئوتتۇرا ھالەت نەزەرىيىسى ئارستوتېل تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ ھەر- ئىشتا بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كەتمەسلىكنى، كەسكىنلىكلەر ئۆزئارا مۇرەسسە قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. بۇ خىل كۆز قاراش جۇڭگونىڭ رايىشچىلىق (كۆڭ زىچىلىق) تەشەببۇسلىرىدىمۇ كۆرۈنگەن.

[13] مەنسۇر ھەللاجى خەلىپە مۇقتەدى (908 — 932) ۋاقتىدا، 922 - يىلى باغدادنىڭ مەركىزىي مەيدانىدا دارغا ئېسىلغان تەرەققىيپەرۋەر مۇتەپەككۇر، ئۇ ئاللامۇ ھەقىقەت، ئىنسانمۇ ھەقىقەت، «مېنىڭ جۇۋامنىڭ ئىچىدىمۇ بىر ئاللا بار» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

[14] مۇتەنەببى (915 — 965) سۇرىيىدىكى ھەمەدانى خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلە (915 — 967) سارىيىدىكى ئەڭ ئىستېبداتلىق شائىر، فارابىنىڭ دوستى ئىدى. ئەركىن پىكىرلىك شائىر مۇتەنەببى دىنىي جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

[15] سۇنياتا — بۇددىزم ماھايانا مەزھىپىدىكى ئالەم ماھىيەتتە تۇرلۇك كۆرۈنىدىغان «تۇس» شەكلىگە كىرگەن يوقلۇق، قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت، دەيدىغان بىر خىل مەزھەپ. بەزى مۇئەللىپلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئودغۇرمىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى بۇددىزملىق قاراشلارنىڭ بىر نامايەندىسى دەپ مۇھاكىمە قىلىشتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەمەس، بەلكى ئودغۇرمىش قاتارلىق تەسەۋۋۇپ ۋەكىللىرىدە بۇددىزم ۋە ئىسلام تەركىيدۇنياچىلىق قاراشلىرىنىڭ بولغانلىقى شۈبھىسىز.

[16] ئاۋگۇستىن (354 — 430) قەدىمكى زامان خىرىستىئان دىنىنىڭ ئەڭ زور ئىلاھىيەتشۇناسى،

ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئەقىلچىلىككە قارشى شەخس، خرىستىئان ئاق تېررورلۇقىنىڭ مەنىۋى پېشۋاسى، ھوقۇقنى چېركاۋغا مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغۇچى.

# V باب «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەت ۋە جەمئىيەت غايىلىرى

«مەملىكەت ئىزدىسەڭ ئادىل يولنى تۇت،
بولمىسا سەن ئۇنداق ھەۋەسنى ئۇنۇت.»
— ئابدۇراخمان جامى

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەت ۋە جەمئىيەت غايىلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى بىلەن بىلىش نەزەرىيىسى قاراشلىرى ئۇلىدا ئۆز داستانىنىڭ ئاساسلىق قاراتمىلىق تېماتىكىسىغا كەڭ سەھىپىلەر ئاجراتتى. داستانىنىڭ 12 — 38 ـ ، 47 — 66 ـ ، 71 — 72 ـ ، 75 ـ بابلىرىدىن ئىبارەت 48 بابلىق سەھىپىسى مۇتەپەككۇرنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان «شەرق ئىدىئال جەمئىيىتى» تەلىماتلىرىنى ئوبرازلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىزھار قىلىشقا قارىتىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى دۆلەت كۆز قاراشلىرىنى ۋە مۇشۇ كۆز قاراش ئاساسىدا ئەينى زامان

فېئودال خانلىق دۆلەت ماشىنىسىنى تەنقىدىي ئىسلاھ قىلىش سىياسىي پروگراممىسىنى گەۋدىلەندۈردى. مۇتەپەككۇر ئۆز داستانىنىڭ كۆپلىگەن بېيىتلىرىدا بىر تەرەپتىن زاھىت ئودغۇرمىش ۋەكىللىكىدىكى تەركىيدۇنياچىلىق - سوپىزم تەرەپدارلىرىنىڭ رېئال دۇنيادىن ۋە خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشتىن ۋاز كېچىش تەشەببۇسلىرىنى كەسكىن تەنقىدلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى زامان سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى چىرىكلىكنى، ئەمەلدارلار ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىدىكى ئەمەل - مەنسەپ ھەسەتچىلىكى، ئاچكۆزلۈك، پۇلنىڭ قۇلى، مەئىشەتنىڭ مەستانىسى، زۇلمەتنىڭ تەرغىباتچىسى بولۇشتەك چىرىك ھالەتلەرنى پاش قىلىپ، ئەدەپ - نومۇسنىڭ، مېھىر - شەپقەتنىڭ، دىيانەت - ئىشەنچنىڭ، دوستلۇق - خەيرىخاھلىقنىڭ كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنى ئوتوپىك مۇھاكىملەرگە بېغىشلىمىغان، بەلكى ئەينى زامان رېئاللىقىدىكى ئەنە شۇ خىل بۇزۇلۇشقا قارشى ھالدا ئۆز دەۋرىنىڭ بىرقاتار ماھىيەتلىك ئۆتكۈر مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىش مەقسىتىدە يازغان. ئۇ ئۆز داستانىنىڭ 147 - بېيىتىدا ئەمدى گەپنى ئىنسانىيەت تۇرمۇش پەلسەپىسى مەسىلىلىرىگە يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى مۇنداق ئىزھارلايدۇ:

باسا ئايدىم ئەمدى مۇنۇ ياللغۇقۇغ
ئاغىرلىقى بولدى بىلىك ئۆگ ئۇقۇغ
[بۇ ئىنسان باياىنى قىلاي ئەمدى مەن،
قەدىر تاپتى ئەقلى، بىلىم - ئاڭ بىلەن.]

ئۇ داستانىنىڭ 192 -، 287 - بېيىتلىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق قەيت قىلغان:

تىلەكىم سۆز ئەردى ئاي بىلگە بۆگۈ
كەدىن كەلدەچىكە ئۆزۈم سۆزلەگۈ
[تىلىكىم ئىدى، ئەي دانا، سۆزلىمەك،
كېيىنكىلەرگە بىر يادىكار قالغۇدەك.]
تىلەكىم سۆز ئەردى ئاي بىلگە بۆگۈ
ئۆقۇشۇغ بىلىكىگ ئۆزۈم سۆزلەگۈ
[تىلىكىم ئىدى سۆز ئەي ئالىم ھېكىم،
ئەقىل ۋە بىلىمدىن سۆزلەش مەقسىتىم.]

ئۇ داستانىنىڭ 6496 ـ، 6497 ـ، 6499 ـ بېيىتلىرىدا ئۆز ئەسىرىگە خاتىمە بېرىپ مۇنداق دەپ يازغان:

ئۆگۈم يەتمىشى سۆز بىتىدىم تۈكەل
ئوقىغلى ئۇقۇغلى ئۆزۈك ئۆلگى ئال
[يېتىنىشچە ئەقلىم سۆزلىدىم تۈگەل،
ئوقۇغان، چۈشەنگەن ئۆزۈڭ ئۆلگە ئال.]
قايۇ تۈرلۈگ ئەرسە يورىقىڭ يولۇڭ
ئايۇ بەردىم ئازراق بەكۈتگىل ئۆلۈڭ
[نىچۈك بولماق كېرەك ئىش ـ ھەرىكەت يولۇڭ،
ئېيتىپ بەردىم ئازراق، چىڭتقىن ئۆلۈڭ.]
قالى دۇنيا قولسا يولى ئۇش ئۇنۇ
ئاپاڭ ئۇقبى قولسا ئىزى ئۇش مۇنۇ
[تىلىسەڭ بۇ دۇنيا، يولىدۇر مۇشۇ،
دېسەڭ ئاخىرەتنى ھەم يولى مۇشۇ.]

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىدا گەرچە ئەينى زامان ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى تەسىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما مۇئەللىپ قەدىمكى ئۇيغۇر دۆلەت سەلتەنىتى قاراشلىرى بىلەن مۇنتەزىل ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا،

www.uyghurkitap.com

جۇملىدىن فارابىچە غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىنىڭ راتسىئونال ئىلھاملىرى تۈرتكىسىدە ئۆز تەشەببۇسلىرىنىڭ مودېلىنى سخېمىلاشتۇردى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دەسلەپكى گەۋدىسىنى تۈزگەن سىياسىي سەلتەنەت دەرىجىلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇلتۇراقلىشىش ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى قىممىتى جەھەتتىن بىر پارچە «ھوقۇق پەلسەپىسى»[①] سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. ئۇ نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ چوققىسى ھېسابلانغان گېگېلغا ئوخشاش ئادەم ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن قەدىر - قىممىتىنى تەپەككۇرغا — ئەقىل - پاراسەت، پىكىر ۋە بىلىمگە باغلاپ ئىزاھلىدى؛ ئۇ ئادەمنىڭ ئىرادە ئىختىيارلىقىنى ۋە ئادەمنىڭ ئۆز بەخت - سائادىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى؛ ئۇ مۇشۇ ئاساستا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە غايىۋى خاندانلىق بەرپا قىلىشنى ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ ئەمەلىي ياخشىلىق دەپ جاكارلىدى. نەتىجىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ساماۋى خاندانلىق ئەپسانىلىرىگە زىت رېئال ئىجتىمائىي خاندانلىق غايىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى. ئۇنىڭ گېگېلدىن پەرقى، ھەتتا، مەلۇم مەنىدە ئۇنىڭدىن ئىلغارلىقى شۇ ئىدىكى، گېگېل فرانسۇز بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سىياسىي تارىخ سەھنىسىدە نېمىس ئاقسۆڭەك فېئودال جەمئىيىتىنى ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى بىلەن يوپۇقداش ئارقىلىق ئۇنى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بورانلىرىدىن ساقلاپ قالماقچى بولغانىدى. ۋەھالەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەل كونىلىقنى ھىمايە قىلغۇچى گېگېلدىن پەرقلىق ھالدا، ئوتتۇرا ئەسىر سىياسىي سەھنىسىدە فېئودال

---

① گېگېلنىڭ شۇ ناملىق مەشھۇر كىتابى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ھاكىممۇتلەق خانلىق تۈزۈمىنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن تىزگىنلىمەكچى بولدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە قانۇنشۇناسلىق دەستۇرى دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئۇلى خەلق ئاممىسى، دۆلەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت - سائادىتىنى بەرپا قىلىش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت. دېگەن توپ كۆز قاراشنى چىقىش نۇقتا قىلغانىدى. مۇشۇ ئاساستا ئۇ خۇددى فارابى ئوتتۇرىغا قويغاندەك دانىشمەن ھېكىم (پەيلاسوپ) پادىشاھنىڭ — كۇنتۇغدى ئېلىكنىڭ بولۇشىنى، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى خادىملار بىلەن دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇپ، بەخت - سائادەتنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار»، «دۆلەت سىياسىتى» ناملىق ئەسەرلىرىدە گەرچە پەزىلەتلىك دۆلەتنىڭ پەيلاسوپ باشلىقى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرى توغرىسىدىكى ئىنسانپەرۋەر ۋە ئىلغار ئىدىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنى ئىنسانپەرۋەر، ئادىل ۋە كەسكىن قانۇن ئاساسىدا باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بۇ يىپيېڭى ئىلغار ئىدىيە پۈتۈنلەي يۈسۈپ خاس ھاجىپقا خاستۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ ھوقۇق پەلسەپىسى جەھەتتىكى كلاسسىك قىممىتى بىلەن يالغۇز ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ نامايەندە بولۇپ قالماستىن، پۈتكۈل سىياسىي تەلىماتلار تارىخىدىمۇ مۇنداق كۆز قاراشنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەستۇرى سۈپىتىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى لازىم. روشەنكى، ھەممە كىشىنىڭ، خان ئەۋلادى، ئەمەلدار ياكى قۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكى (818 - بېيىت)، قانۇننىڭ ئادىل (819 -، 821 - بېيىتلار)،

uyghurkitap.com www ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

دەخلىسىز (833 ـ، 834 ـ بېيىتلار)، بىردەك (824 ـ 825 ـ بېيىتلار)، نۇرانە (827 ـ بېيىت)، ئىللىق (829 ـ بېيىت) ۋە كەسكىن (811 ـ ۋە باشقا بېيىتلار) بولۇشى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار غەربىي ياۋروپادا پەقەت بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھارپىسىدا سىياسىي تەلىماتلار تارىخىغا كىرىپ كەلگەنىدى. مەلۇمكى، بۇرژۇئازىيە مەرپەتچىلىرى، جۈملىدىن شارل لۇئى مونتېسكيۇ (1689 — 1755) [1] بىلەن ۋولتېر (1694 — 1778) [2] قاتارلىقلار تەبىئەت ئىلاھچىلىقى، ئەقىل ۋە نادانلىققا قارشى مەرىپەت نۇقتىئىنەزەرى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق پەلسەپىسى تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت غايىلىرى چوڭ تېما. بىز بۇنى: دۆلەتنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى بايانلار؛ دۆلەت باشلىقى ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدىكى بايانلار؛ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي كەسىپ توغرىسىدىكى بايانلار؛ تاشقى مۇناسىۋەت ۋە ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى بايانلار بويىچە مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەتنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسىي خىزمىتى ھەققىدە

«قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەت جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ ھاكىمىيەت شەكلى تەرىزىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بايان قىلىنغان.

مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەردە دۆلەت چۈشەنچىسى قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، خەلقنى تەشكىللەپ، باشقۇرىدىغان ھەم كۆچمەن، ھەم ئولتۇراق ئاھالىنىڭ ھاكىمىيەت ئىگىلىكى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنىدى. تومسىن ۋە ستەيىنلەر ئېلان قىلغان «ئورخۇن ـ يەنسەي تېكىستلىرى» دىن

«كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دە «دۆلەت» ئىبارىسى «ئېل»، «ئېل تۆرۈ» دەپ، «تۇرپان تېكىستلىرى» ۋە «ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» دە «ئېل ئۇلۇس»، «ئېل بودۇن» دەپ ئېلىنغان. «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دا: «ئېچىم قاغان ئېلىن تۆرۈسىن ئانچا قازغانتى» (ئۇ بوۋام قاغان دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە كۈچ چىقارغان)، «ئۆتۈكەن يىش ئولۇسار بېڭگۈ ئېل تۇتا ئولۇر تاچى سېن» (ئەگەر ئۆتۈكەن دالاسىدا ماكانلاشساڭ، ئۇ يەردە مەڭگۈلۈك ھاكىمىيەت تۇتىسەن) دېيىلگەن بولسا، «تۇرپان تېكىستلىرى» دا: «قاموغ ئېل ئولۇسلار تاپىغى يوگەرۈ كېلتى» (پۈتۈن ئەل ساخا ئىشلەشكە يېپىلىپ كەلدى) دېيىلگەن.

بۇ خىل دۆلەت چۈشەنچىسى ئىزچىل تۈردە «خەلق»، «ئاھالە» نى تەشكىللەش، تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۇلارغا خوجىلىق قىلىش مەنىسىدە، باشقىچە ئېيتقاندا ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇقداشلىق قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە قەبىلە قەھرىمانلىرى خىزمىتىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان مەنبەلەردە «خەلق» ئىبارىسى «ئېل بودۇن» (پۇقرا)، «ئېل ئۇلۇس» (قەبىلە خەلقى)، «ئېل كۈن بودۇن» (ئاۋام خەلق)، «بودۇن قارا» (خەلق ئاممىسى) قاتارلىق ۋارىيانتلاردا تەكرارلانغان. «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دا: «توقۇز ئوغۇز بودۇنى كېنتو بودۇنوم ئېردى» (توققۇز ئوغۇز خەلقى مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى) دېيىلسە، «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «مېنىڭ بالىقىمدا بودۇنوغ بوقۇنوغ نېگۈلۈگ ئۇلۇرۇرسىزلەر» (مېنىڭ شەھىرىمدىكى ئاھالىنى نېمىشقا ئۆلتۈرىسىزلەر» دېيىلگەن. «ئورخۇن ـ يەنسەي مەڭگۇ تاشلىرى» دا «ئالتى باغ بودۇنغا بېگ ئېرتىم» (ئالتە قەبىلىدىن بىرلەشكەن خەلققە بەگ ئىدىم» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. مانا بۇلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ياكى كۆكتۈرك خانلىقلىرىدىن ئىلگىرىكى مەلۇم ياكى نامەلۇم، چوڭ ـ

www.uyghurkitap.com



كىچىك قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت قاراشلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە گۈللەنگەن ۋە باغداد خەلىپىلىكىگە ئوخشاش تەھدىت شەكىللەندۈرگەن فېئوداللىق ھاكىمىيەت — قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى ۋە غايىۋى ئىسلاھ قىلىنىش شەكلى بولۇشقا قارىماي، ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى دۆلەت ـ ھاكىمىيەت قاراشلىرى ئۇلىغا قۇرۇلغانىدى. سىنىپلار ۋە سىنىپىي زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ھەربىي كۈچلەر بىلەن دىندارلار ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسىنىڭ تىپىك تۈسكە كىرمىگەنلىكى، قۇرۇلتاي ۋە بەگلىك، ھەتتا ئىلىك بەگلىك تۈزۈمىنىڭ روشەنلىكى مەركىزىي ئاسىيا يايلاق ـ بوستانلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان خەلقلەر ھاكىمىيىتىنىڭ تىپىك قول ئىگىلىكىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنىڭ ئۇلى — خەلق ئاممىسى («بودۇن») بولۇپ، دۆلەتنىڭ — دۆلەت باشلىقى ۋە ھاكىمىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئەڭ تۈپكى ۋەزىپىسى — خەلقنىڭ خاتىرجەم ۋە بەختلىك تۇرمۇش تەرتىپىنى بەرپا قىلىش، دېگەن تۈپ ئىدىيىنى پۈتۈن داستاندا ئىزچىللاشتۇرغان. بۇ خۇددى ژان. ژاك روسسو (1712 — 1778) نىڭ «جەمئىيەت پۈتۈمى»[3] ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغاندەك شۇنداق بىر تەبىئىي، گارمونىك پۈتۈم ئىدىكى، بۇنداق مۇقەددەس («قۇتلۇق») پۈتۈم دۆلەت بېگى تەرىپىدىن بۇزۇلىدىكەن، دەپسەندە قىلىنىدىكەن، خەلق تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بولغان مۇقەددەس قۇتقا تايىنىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا باشقا مۇناسىپ پۈتۈم (دۆلەت)

تىكلىشى يوللۇق ئىدى. ئۇ داستانىنىڭ 3460 ـ، 3464 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازغان:

نەگۈ تەر ئەشتگىل بۇ ئەل كەند بەگى
ئاژۇن باشلاپ ئەلكە يەتلمىش ئۆگى
[نېمە دەر، ئىشىتكىن، بۇ ئەل ـ كەنت بېگى،
جاھاننى تۇتۇپ كەلگەن يېتىلمىش ئۆگى:]
تۆرۈلۈگ بۇ بەگلەر يوق ئەرسە تىرىگ
بايات بۇزغاي ئەردى يەتى قات يەرىگ
[يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھىندىستان، ئىران ۋە گرېتسىيە ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىكى پادىشاھنىڭ مۇتلەق نوپۇزى ۋە قۇدرىتى چۈشەنچىلىرىنىڭ ئەكسىچە، شىمالىي ئاسىيا يايلاق جەمئىيىتى ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ئاساسىدا «ھەقىقىي قۇدرەت قانۇندا»، «تەڭرى ئىرادىسى بىلەن خاقان بولىدۇ»، «قۇتلۇق خاقانلىقنىڭ ئىشى خەلقنى تويغۇزماق، كىيگۈزمەك، كۆپەيتمەك»، «دۆلەت قۇتى توپقا ئوخشايدۇ»، «قىرىشساڭ بېشىڭ قاتىدۇ» دېگەن تەرىزدىكى بىرقاتار قاراشلىرى بىلەن قانۇننىڭ مۇقەددەس ۋە ئۇنىڭ ئالەم قانۇنىيەتلىرىدەك دەخلىسىز، مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھىتى باياندا، خەلقنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇلۇغ خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ يۈكسەكلىكىنى تىلغا ئېلىپ، 1293 ـ بېيىتتا مۇنداق يازىدۇ:

بەدۈكلۈك تىلەسە بودۇنقا ئۇلۇغ
ئۆزۈڭكە ئاچۇق تۇت كۆنىلىك يولۇغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[تىلىسەڭ ئۇلۇغلۇق، بىل خەلق ئۇلۇغ،
ئۆزۈڭگە توغرىلىق يولىن تۇت ئۇچۇق.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇچۇن خەلق ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى مەسىلىسى ئۇنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي تەلىماتلىرىنى بايان قىلىنىشتىكى بىرىنچى ھالقا، ئاساسىي چىقىش نۇقتا ھېسابلانغان. ئۇ دۆلەت باشلىقىنىڭ ۋە پۈتۈن خادىملارنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى خەلق مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش لازىملىقىنى، قانۇن تۈزۈشتىمۇ، ئىقتىسادىي ۋە سودا ئالاقىدىمۇ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە تاشقى خىزمەتلەردىمۇ، ھەتتا دىنىي ئىستىقامەتچىلىكتىمۇ خەلق مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىشنى ئىزچىل تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئىنسانىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئىنسانىي خاراكتېرىدە ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئىنسانىي خاراكتېر خەلقنى سۆيۈشتە گەۋدىلىنىدىغانلىقىنى، خان ۋە بەگلەر خەلقنى سائادەتكە يېتەكلەيدىغان سەركە، خەلق دەردىنى داۋالايدىغان ماھارەتلىك ھېكىم بولۇشى لازىملىقىنى تولۇپ تاشقان قايناق ھېسسىيات ئىچىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە داستاننىڭ 1412 ـ، 5241 ـ، 5242 ـ، 5243 ـ، 5244 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يېزىلغان:

بودۇن قوي سانى ئول بەگى قويچىسى
باغىرساق كەرەك قويقا قوي كۈتچىسى
[خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.]
ئاي ئەلىگ ئوتاچى سانى سەن بۇ كۈن
بودۇن بارچا ئىگلىگ ساڭا مۇڭلۇغۇن
[ئېلىگ سەن تېۋىپقا ئوخشارسەن بۇ كۈن،
ساڭا موھتاج ئېرۇر ئاغرىق خەلق پۈتۈن.]
قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئەرىنچ
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنچ

[بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىناۋادۇر.]
قايۇ ئاچ قايۇسى يالىڭمىش بولۇر
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۆلىنمىش بولۇر
[بىرى ئاچ، ئۇ بىرى يالىڭاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ - غەمدە پىغانلار چېكۈر.]
سەنىڭدە تۇرۇر كۆز بۇلارنىڭ ئەمى
ئوتاغىل دارۇ بىرلە بولغىل قامى
[سېنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇنىڭ دورىسى،
داۋالا بولۇپ سەن ھېكىم - ئۈستىسى.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى قانۇن بىلەن چەكلەش، تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغان ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى تەرىپىدىكى تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ خىل پادىشاھنىڭ خەلق ئالدىدىكى قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرى ۋە مۇشۇ مەجبۇرىيەت ئاساسىدىكى ھوقۇقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئاساسىي قانۇنلۇق كلاسسىك تەشەببۇسنى تارىختا بىرىنچى قاتاردا بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەقتە داستاننىڭ 5574 — 5583 - بېيىتلىرىدا مۇنداق بايانلار بېرىلگەن:

رەئىييەت ھەقى بار سەنىڭدە كۆر ئۈچ
بۇ ھەقنى ئۆتەگىل ئۆزۈڭ قىلما كۈچ
[سېنىڭدە پۇقرانىڭ ھەققى ئىرۇر ئۈچ،
بۇ ھەقنى ئۆتەسەن، ھېچ ئىشلەتمە كۈچ:]
بىرىسى ئەلىڭدە ئارىغ تۇت كۈمۈش
ئىيارىن كۈدەزگىل ئاي بىلكى ئۆكۈش
[بىرى ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن، ئايارىن① كۆزەت.]
تاقى بىر بودۇنقا تۆرۈ بەركۈنى
كۆتۈر بىر ئىكىدىن كۈچىن كۆر ئانى
[بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىمىزگە بەر،
بىرىن - بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.]
ئۈچۈنچى ئەمىن تۇت قاموغ يوللارىغ
قاراقچىغ سەكەرچىگ ئارىتغىل ئارىغ
[ئۈچىنچى، ئەمىن قىل پۈتۈن يوللارنى،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلارنى.]
رەئىييەت ئۆزە ئول سىنىلىك ئاچ ھەقىلىك
تىلەگۈ ئولاردىن سەن ئاچ قۇلغاقىلىك
[پۇقرالار ئۆزرە بار سىڭىنلىك ئۈچ ھەققىلىك،
ئولاردىن سورا، ئاچ ئەمدى قۇلاقىلىك:]
بىرى يارلىغىقىنى ئاغىر تۇتسالار
نەگۈ ئەرسە تەركىن ئانى قىلسالار
[بىرى، يارلىقىڭنى ئەزىز تۇتسالەر،
نىمە بولسا تېزدىن ئۇنى قىلسالەر.]
ئىكىنچ تىدماسالار خەزىنە ھەقى
ئۆدىنىدە تەگۈرسە ئاي ئەلگى ئاقى
[ئىككىنچى، خەزىنە ھەققىن توسمىسا،
ئەي مەردان، ھەقنى دەل چاغدا تاپشۇرسا.]
ئۈچۈنچى ياغىقا ياغى بولسالار،
سەۋەرلىك كىم ئەرسە ئانى سەۋسەلەر
[ئۈچىنچى، يېغىغا يېغى بولسالەر،
سېنى سۆيگۈچىنى ئۇ ھەم سۆيسەلەر.]
ئۆتەمىش بولۇر سەن ئۆزۈلۈك ھەقلارىن
ئولار ما ئۆتەمىش بولۇر ئۆز ھەقىن
[ئۆتۈگەن بولۇر سەن ئۆزۈلۈك ھەقلىرىن،
ئولارمۇ ئۆتۈگەن بولۇر ئۆز ھەققىن.]

---

① مىتال پۇللار ساپلىقىنى كۆزىتىشنى نەزەردە تۇتىدۇ.

روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى ۋە خەلقنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ھاكىممۇتلەق ئورۇنغا قويمىغان. ئۇ ئاۋۋال مەجبۇرىيەت، ئاندىن ھوقۇق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىزاھلىغان. قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ ئىقتىسادىي مەسىلىنى، بولۇپمۇ خەلقنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا ئالاقىدار بولغان پۇل مۇئامىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئىناۋەتلىك تەڭشەش رولى مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. بۇ ئەينى زاماندا ئەمەلىي ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، كۈمۈش پۇللارنىڭ ساپلىقى بىرقانچە قېتىم بۇزۇلغان ۋە نەتىجىدە يۈسۈپ قادىرخان، ئىبراھىم بىننى ناسىر ئارسلانخان دەۋرىدە كۈمۈش پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغانىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» خەلقتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەتەنگە ئالىي رېئاللىقنى دۆلەت تۇتۇشنىڭ ئۇلى، مەقسىتى، تىرىكى ۋە قۇدرەت مەنبەسى قىلغان ھالدا، مۇشۇ ئوق ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي - قانۇنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى چەمبىرىكىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

## 3. «قۇتادغۇ بىلىك»تە بىلىملىك ۋە ئادىل خاقان ھەققىدە

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت - سائادىتى سەرلەۋھە قىلىنغان جەمئىيەتشۇناسلىق كۆزقاراشلىرىدا دانىشمەن ۋە ئادىل خاقان توغرىسىدىكى بايانلار مۇھىم بىر تەركىب ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، پەيلاسوپ پادىشاھتىن ئىبارەت بۇ سىياسىي كاتېگورىيىنى ھازىر يۈرۈشۈپ تۇرغان قاراش بويىچە ئەڭ دەسلەپ گرېك ئوبىيېكتىپ ئىدېئالىست پەيلاسوپى پلاتون (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 427 — 347 - يىللار) ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نامىلىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. پلاتون شەخسەن ئۆزىنى مانا شۇنداق غايىۋى پەيلاسوپ ھېسابلايتتى.

فارابى ئۆزىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» نامىلىق مەشھۇر ئەسىرىدە، دۆلەتنىڭ پەيلاسوپ رەئىسى بولۇشى، ئۇ دۆلەتنىڭ ئۇستازى ۋە رەھبىرى سۈپىتىدە خەلقنى بەخت ۋە پەزىلەتتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە يۈكسەلدۈرۈشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئورخۇن ـ يەنسەي ۋە تۇرپاندا مەڭگۈ تاشلار ھەم قەغەز كىتابلارغا يېزىلغان مەنبەلەردە بولسا، دانىشمەن ۋە ئادىل خاقان توغرىسىدىكى قاراشلارنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى سىياسىي ئىدىيىلەر تارىخىنىڭ تولىمۇ روشەن بىر ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز.

ئادەتتە دۆلەت باشلىقى ھېسابلىنىدىغان «پادىشاھ» چۈشەنچىسىنى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش خەلقلەر «ئىلىگ»، «ئىلىگ بېگ»، «ئىلىگ خان تۆرۈ»، «ئىلىگ قۇتى»، «خان»، «قاغان»، «ئىدىقۇت» قاتارلىق ئىبارىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋە پەرقلەندۈرۈپ چۈشەنگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىن «تۇرپان تېكىستلىرى» غىچە ئوخشاش ئىشلىتىلگەن بۇ ئىبارىلەر «قۇتادغۇ بىلىك» تىمۇ ئىزچىل ئىپادىلەنگەن. «ئالتۇن يارۇغ» دا ئەڭ چوڭ ئىمپېراتور «ئاژۇنچى» (جاھان تۇتقۇچى، جاھان كۈشاي) دەپ ئىشلىتىلگەن.

بىلىملىك، ئادىل پادىشاھ توغرىسىدىكى ئەقلىي ئاڭ يۇقىرىقى مەنبەلەردە تەنتەنىلىك تىلغا ئېلىنغان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى: «بىلىكسىز قاغان ئولۇرمىش ئېرىنچ» (ئۇ بىلىمسىز قاغان ئىدى)، «ئايىغ بىلىك ئانتا ئۆيۈر ئېرمىش» (ئۇ يەردە ئۇ ئىلىم ئۆگەندى)، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى: «قاغانى ئالپ ئېرمىش، ئايغۇچىسى بىلىك ئېرمىش» (خاقانى قەھرىمان، مەسلىھەتچىلىرى ئالىملار ئىدى)، «تۇرپان

تېكىستلىرى» دىكى: «ئەي مېنىڭ قىزىم، بىلگە بىلىگىن مىنتادا ئۇتتۇڭ يىگەدتىڭ» (ئەي مېنىڭ قىزىم، ئەقىل ۋە بىلىمدە سەن ئەمدى غەلىبە قازاندىڭ)، «ئالتۇن يارۇغ» دىكى: «بىلىگلىگ ئەرتەملىگ قۇتلۇر» (بىلىملىك، ئەخلاقلىق قۇتلۇق بولۇر)، خەلق تەمسىللىرىدىكى «ئولا بولسا يول ئازماس، بىلىگ بولسا سۆز يازماس» (مەشئەل بولسا يول ئازمايمىز، بىلىم بولسا سۆزدە يېڭىلمەيمىز) دېگەن سۆزلەر ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش خەلقلەردە «ئۇگە» (مەسلەن، قۇتلۇق باغا تارقان ئۇگە، ئىنال ئۇگە، ئۇگە بىلگە بېگ)، «بىلگە» (مەسىلەن، بىلگە بېگ، بىلگە قاغان، ئىنانچۇ بىلگە، ئىنانچۇ كۆل بىلگە قاغان، ئوغۇز بىلگە، تۆلەس بىلگە) ئىبارىلىرىمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك، دانا يېتەكچىگە قارىتا كەڭ قوللىنىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، بىلىملىك ۋە دانىشمەن خاقان توغرىسىدىكى قاراش، مەزمۇنەن قانداق مۇئەييەنلىككە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نوقۇل ۋە يېگانە ھالدا گرېك ھادىسىسى ئەمەس ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھالدا ئەنئەنىۋى بىلىملىك خاقان قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بارلىق خاقان ـ پادىشاھلارنى ئىككى كاتېگورىيىگە — نادان ۋە جاھىل، دانىشمەن (بىلىملىك) ۋە ئادىل دېگەن ئىككى تىپقا ئاجرىتىپ، ئۆز ئۈمىدىنى بىلىملىك، ئادىل خاقانلارغا بېغىشلىدى. ئۇ داستانىنىڭ 249 ـ، 653 ـ بېيىتلىرىدا يامان خاقاننى ئوتقا، ھەتتا 784 ـ بېيىتتىدا ئۇنى يىرتقۇچ يولۋاسقا ئوخشىتىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسىزلىك ئوت ئول ئوت كۆيۈرگەن بولۇر
يولىندا كەچىك يوق ئۆتۈلگەن بولۇر
[يامانلىق ئېرۇر ئوت، بۇ ئوت كۆيدۈرۈر،
ئۆتۈشكە يولىدا كېچىك يوق ئېرۇر.]

بۇ بەگلەر ئوت ئول ئوتقا بارما ياغۇق
قالى باردىڭ ئەرسە كۆيۈرمەك ئانۇق
[بۇ بەگلەر ئېرۇر ئوت، يېقىن بارما ئەر،
كۆيۈشۈڭ ئېنىقتۇر، بارارسەن ئەگەر.]

كۆر ئارسلانقا ئوخشار بۇ بەگلەر ئۆزى
پۇشۇرسا كەسەر باش ئاي بىلكى يارۇق
[بۇ بەگلەر خۇددى بىر ئارسلان ئۆزى،
ئەي ئالىم، غەزەپلەنسە باشنى كېسەر.]

داستاننىڭ 1780 ـ، 1781 ـ بېيىتلىرىدىن تۈزۈلگەن بىر رۇبائىيسىدا يەنە:

بىلىكسىزكە دەۋلەت كەلۇر ئەرسە قۇت
بودۇن بارچا بۇزلۇر بولۇر، ئەلكە يۇت
ئۇقۇشلۇغقا تەگسە ئادىن بەگلىكى
ئەلىن ئىنچكە تەگرۇر بۇ بىر سۆزكە پۇت
[بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.
ئەقىللىققا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھۇزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۇت.]

دەپ كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھ ـ خاقانىنىڭ يۇقىرى نەسەبتىن كېلىپ چىقىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئۇ داستاننىڭ 1938 ـ، 1949 ـ، 1950 ـ، 1959 ـ، 2437 ـ بېيىتلىرىدا فېئوداللىق قانداشلىق كۆز قاراشلىرى ئاسارىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتە قارابىنىڭ

ھەممە كىشىدە دۆلەت رەئىسى بولۇشنىڭ ئومۇمىي ئىمكانىيەتلىرى بارلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىدىن كېيىنكە داجىيدۇ. شۇنداق بولۇشقا قارىماي يەنىلا ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىمنى دۆلەت باشلىقى بولۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى ئورنىدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 301 - بېيىتىدا:

كىمىڭدە ئۇقۇش بولسا ئەسلى بولۇر
قايۇدا بىلىك بولسا بەگلىك بولۇر
[ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئېسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇر خان ئۇ، بىل.]

دېسە، داستانىنىڭ 217 -، 218 -، 4013 - بېيىتلىرىدا ئوخشاش مەزمۇندا مۇنداق يازىدۇ:

ئاژۇن تۇتغۇقا ئەر ئۇقۇشلۇغ كەرەك
بودۇن باسغۇقا ئۆگ كەرەك ھەم يۇرەك
[جاھان تۇتقىلى ئەر ئۇقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۇرەك.]

ئۇ داستانىنىڭ 1906 - بېيىتىدا:

بىلىك ئوردۇسى ئول بۇ بەگلەر ئۆزى
[بىلىم ئوردىسىدۇر بۇ خانلار ئۆزى.]

دەپ، خانلىق تەختىنى بىلىم تەختىگە، خانلىق ئوردىسىنى بىلىم ئوردىسىغا، خاننى بىلىك (بىلىملىك دانىشمەن) كە تەققاس قىلسا، 1968 - بېيىتىدا بىلىمسىزنىڭ ئۆز ئىشىغا تەپەككۇرى ۋە پاراستى يەتمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بودۇنۇغ بىلىك بىرلە باستى بەگى
بىلىك بولماسا ئىشكە ياقماز ئۆگى
[بىلىم بىرلە تۇتار ئېلىنى بېگى،
بىلىم بولمىسا، ئىشقا يەتمەس ئۆگى.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت باشلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم سىياسىي كاتېگورىيىنى خەلق مەنپەئىتىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم جەمئىيەتشۇناسلىق كاتېگورىيىسى ئاساسىدا كۆزەتكەن. ئۇ داستانىنىڭ 457 ـ، 890 ـ، 895 ـ، 3266 ـ، 5084 ـ بېيىتلىرىدا مۇشۇ ئىدىيىنى مۇنداق گەۋدىلەندۇرگەن:

نە ئەدگۈ بولۇر بەگ ئۇل ئەدگۈ كىشى
كىشىلىك بىلە ئەتسەئەل كۈن ئىشى
[نە ياخشى بولۇر بەگ ئۇ ياخشى كىشى —
كىشىلىك بىرلە قىلسا ئەلنىڭ ئىشى.]
ئەسىز باش كۆتۈسە كۆر ئەدگۈ يىتەر
بۇ ئەدگۈ ئەلىگ بولسا ئەسىز كەتەر
[يامان باش كۆتۈرسە، ياخشىلار تۇگەر،
گەر ياخشى بەگ ئولسا، يامانلار بىتەر.]
ئاپاڭ ئەدگۈ بولسا بۇ بەگلەر ئۆزۈن
بايۇر بودنى بارچا كۆر ئەتلۇر ئاژۇن
[ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزۈلەر.]
بەگى بولسا ئەدگۈ بودۇنقا پۇتۇن
ئانىڭ ئاسغى بارچا بودۇن يەر قۇتۇن
[بېگى بولسا خەلققە ياخشى ۋە ئادىل،
ئۇنىڭ نەپىدىن ئەل تاپۇر بەخت، بىل.]
بىلىكلىگ بىلىك بەردى مۇنداغ ئايۇر
بەگ ئەدگۈ كۆنى بولسا بودنى بايۇر
[بېرىپ تەلىم بىر ئالىم شۇنداق ئېيتۇر:
بېگى ياخشى، ئادىل بولسا، خەلق بېيۇر.]

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، داستاننىڭ 5166 ـ، 5200 ـ، 5201 ـ، 5203 ـ، 6106 ـ بېيىتلىرىدا خەلق ئاممىسى پرىنسىپى خانلىق سەلتەنەتنىڭ ئۈستىگە مۇنداق ئېنىق ۋە ھاياجان مىسرالار بىلەن قويۇلغان:

يۇلا تەگ كۆيەر سەن بۇ كۈن ئاي ئەلىگ
يارۇقلۇق ئادىنقا تۇرۇر ئاي سىلىگ
[چىراغدەك يانۇرسەن ئەي ئېلىگ بۇكۈن،
ئەي پاك قەلب، يورىقى بۆلەكلەر ئۈچۈن.]
بۇ كۈن ئەدگۈ بولسۇن تەسە سەن قامۇغ
ئۆزۈڭ ئەدگۈ بولغىل ئاي ئەلدە ئۇلۇغ
[بۇ كۈن ياخشى بولسۇن دېسەڭ بارچىسى،
ئۆزۈڭ ياخشى بولغىن، ئى ئەل كاتتىسى.]
قامۇغ بۇلغا تۇقنى سۇزەيىن تەسە
ئۆزۈگ سۇزگۇ بودنۇڭ سۇزۇلگەي باسا
[دېسەڭ بۇلغىنىشلارنى بولسۇن سۈزۈك،
سۈزۈل سەن، كېيىن خەلقمۇ بولغاي تۈزۈك.]
بودۇن ئارتاسا ئانى بەگلەر تۈزەر
قالى ئارتاسا بەگ ئانى كىم سۈزەر
[بۇزۇلسا خەلق، ئۇنى بۇ بەگلەر تۈزەر،
ئۇنى كىم تۈزەر بەگ بۇزۇلسا ئەگەر.]
ئاقىلىق ئول ئەرمەز ئۇلەسە كۈمۈش
ئاقى جانى خەلققا قىلۇر ئول يۇلۇش
[سېخىيلىق ئەمەستۇر تاراتماق كۈمۈش،
سېخىيلىق — خەلققە جانىڭدا بولۇش.]

ئاپتور بىلىملىك خاقاننى خەلققە يورۇق بېرىدىغان، ئۆز ھاياتىنى مۇشۇ جانىبىدالىقتا ئاخىرلاشتۇرىدىغان پاك شام سۈپىتىدە بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۈمىدلىرىنى فارابىدەك

uyghurkitap.com www. ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىتاب يۈزىدە ئىزھار قىلىش بىلەن چەكلەنمەي، بەلكى قاراخانىيلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر خاقانى ئەبۇئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان بۇغرا قاراخان (ئارسلانخان) غا بېغىشلىغان. شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى توغرۇل قاراخان مەھمۇد ىىنى يۈسۈپ ياكى ئۇنىڭ ئوغلى توغرۇل تېكىن ئۆمەر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ تۇرغاندىمۇ ئۆز پەزىلەتلىرىنى نامايان قىلغان ئەبۇئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان بۇغراخان خانلىق سەلتەنىتىگە يېڭى كۆتۈرۈلگەندە شۇنىڭغا ئاتىغاندى. بىز مۇئەللىپنىڭ تارىختا ئۆتكەن قەدىمكى تۇران شاھى ئالىپ ئەرتوڭا (ئەفراسىياپ) نى ئەقىل ۋە بىلىم، قانۇن ۋە قىلىچ سىمۋولى، شۇنىڭدەك پاراۋانلىق ۋە پەزىلەت ھامىيسى سۈپىتىدە تىلغا ئالغانلىقىدىنمۇ، جۈملىدىن داستانىنىڭ «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانىدا» ناملىق خاس بابى بىلەن كۈنتۇغدى مەجازى تەسۋىرىگە ئائىت كۆپلىگەن بابلاردىنمۇ بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئاغرىنىپ شىكايەت قىلغان ئىجتىمائىي رىددىيەت ۋە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكلەرنى تۈزەشكە ئىجازەت كۈتۈپ تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئۈمىدىدىكىدەك ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى — ئەبۇئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايماننىڭ تابغاچ خانلار خانى — ئارسلانخانلىق تەختىگە چىققانلىقىنى بىر پۈتۈن ھايات باھارىغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىدى. پۈتۈن قىزغىنلىقى ۋە لىرىك ئۈمىدۋارلىقى بىلەن ئۆز داستانىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇغراخان ئوبرازىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن باھارىيات نەزمىسىنى يېزىپ چىقتى. باھارىيات نەزمىسىدە بۇغراخان پۈتۈن كائىناتنىڭ مەركىزى، ئۈمىدى، نىجاتچىسى سۈپىتىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋە ئەگرى نوپۇزى شۇنىڭغا تاناسىپ ھالدا تۆۋەنلەشتۈرۈلگەنىدى. بۇ نەزمىدە

مۇنداق بىر ئەزىمەت دۇنياغا كەلمىگۈچە پۈتۈن ئالەمنىڭ تۇمەن يىل «تۇل ئايال» دەك يۈلەنچىسىز قالغانلىقى، ئەمدى تولۇق كىيىمنى يېشىپ تاشلاپ، سۆسەر كىيىم كىيىپ ياسانغانلىقى، «تۈركىي خەلقلەر» نىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بەخت ئۈچۈن كەڭ تەبىئەت ھاياجانلىنىپ، بۇلبۇللار «سۇلايمان قەسىدىسى» (ئەبرى سۆرىسى) ئوقۇغانلىقى، مىڭلىغان كىشىلەر قاتارىدا ئۆزىنىڭمۇ بۇ «دۇنيا جامالى، ئۇلۇغلۇق گۈزەللىكى، دۆلەت نۇرى، ۋاپاسىز بەختنى يۈگەنلەپ تۇتقۇچى» خەلق تاجىغا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى سوۋغا قىلغانلىقى يۇقىرى ماھارەت بىلەن سۈرەتلىنىدۇ. داستاننىڭ 84 ـ، 85 ـ بېيىتلىرىدا ئالەم تىلىدىن مۇنداق خىتابەت بېرىلگەن:

تۇمەن يىلدا بەرۇ تۇل ئەردىم تۇلاس
بۇ تۇل تونى سۇچلۇپ ئۆرۈلۈك كەدتىم ئاس
[تۇمەن يىل تۇل ئەردىم، سولغۇن يۈز سىيىم،
سېلىپ تۇل كىيىم، كىيدىم ئاق ئاس① كىيىم.]
بەزەندىم بەگىم بولدى خاقان ئۇلۇغ
ئۆتۈندۈم مۇنۇ قولسا جانىم يۇلۇغ
[ئۇلۇغ خان بېگىمدۇر، ياساندىم شۇڭا،
قوبۇل قىلسا، جانىم پىدادۇر ئاڭا.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇغراخاننى دانىشمەن پادىشاھ كۆنتۇغدى ئېلىگ ئۇلگىسىدە ئالغا پېتەكلەشكە، ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىجراچىسى ۋە گەۋدىلەندۈرگۈچىسى قىلىشقا ئىنتىلگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق غايىۋى دۆلەت باشلىقلىقىغا ئەڭ ئاساسلىق ئىككى سۈپەت شەرتى قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، يۇقىرىدا ئىزھار

① ئاس — سۆسەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

قىلىنغاندەك يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە يۈكسەك بىلىم ـ پەزىلەت ئىگىسى بولۇش بولسا، ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ ئادالەتلىك قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرىدىغان، خالىلىقنى توغرا سىياسەت بىلەن بېزەندۈرىدىغان، شۇ ئارقىلىق تەپەككۇر پەلسەپىسىنى ئەمەلىيەت پەلسەپىسىگە، سىياسەت پەلسەپىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشى خاقان مەسىلىسىگە يالغۇز ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۇران شاھى ئەفراسىياپنى كۆرسىتىپ قالماي، يەنە ئىرانلىقلارنىڭ نۇشىرۋان ئادىلىنى ئەنە شۇنداق ياخشى خاقان سىمۋولى قىلدى. شۇ ئارقىلىق بىرىنچىدىن ياخشى ـ يامانلىق مىزانى ئىسلامىيەت بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۇتەپەككۇرانە ئىدىيىسىنى، ئىككىنچىدىن مۇنداق مىزان يەنە تۇران ـ ئىران دېگەندەك مىللەت بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۇئەللىپ قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى. بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسلام فىقھىچىلىرىدىن ھەم «شاھنامە»دە مىللىي ھېسسىياتنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىدىن كۆرۈنەرلىك ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ زاھھاك سىمۋولىدا زالىم، ئۇرۇشخۇمار، دەرغەزەپ، ئۆز بېشىمچى، چىرىگەن، مەغرۇر پادىشاھلارنى قاتتىق سۆكىدۇ، تارىختىكى، ھەتتا رىۋايەتتىكى ئىجابىي ـ سەلبىي پادىشاھلار ئارقىلىق رېئال ۋە كەلگۈسىدىكى دۆلەت باشلىقلىرىنى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادالەت يولىغا دەۋەت قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەزەلدىنلا تارىخنى قەھرىمان يارىتىدۇ، دەپ قارىمىغان. ئەمما ئۇ مۇنداق قەھرىمانلارنىڭ ئاقىلانە، خەلقپەرۋەر يول بىلەنلا تىللاردا داستان بولىدىغانلىقىنى، ئەكس ھالدا نەپرەت ئۆلگىسى بولۇپ

قالىدىغانلىقىنى ئىزچىل تەكىتلىگەن. بۇ ئىدىيە تۇرپاندا تېپىلغان تېكىستلاردا مۇنداق قەيت قىلىنغانىدى: «ئول يېمە ئېلىگ بېگ يارلىقانچۇنچى كۆڭۈللۈگ توقۇلۇغ ئېرىب» (ئۇ ئېلىگ بېگ ئاق كۆڭۈل، ئادىل، ھەققانىي ئىدى)، «سىز تۆرۈ سۆزۈن ئۇدسۇزكە كېنتۇ توزوكۈز يازىنسارسىز ئۇترۇ قامۇغ ئېلگىز بولغانقاي» (ئەگەر سىز قارشىلىشىپ قانۇننى دەپسەندە قىلسىڭىز، پۈتۈن ئېلىڭىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋالىسىز).

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەت خادىملىرى ھەققىدە

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، ئەينى زامان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ۋە كەسپىي سالاھىيەتلىرى كەڭ ئىزاھلانغان. بىز بۇ بايانلاردىن قاراخانىيلار دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ مەركىزىي ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت سىستېمىلىرى، خان جەمەتى نەسەب، دەرىجە سىستېمىسى، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىق سىستېمىسى، ئوردا مۇلازىمەت خادىملىرى سىستېمىسى، قانۇن ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى باشقۇرغۇچى ھەر دەرىجىلىك خىزمەتچىلەر ھەققىدە مەلۇم ئۇچۇرغا ئىگە بولالايمىز. ئورخۇن - يەنسەي تاشپۈتۈكلىرى، تۇرپان تېكىستلىرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، بۇ جەھەتتە بىر قەدەر روشەن تونۇشقا ئىگە بولالايمىز.

داستاندا خان («ئېلىگ») ۋە خان جەمەتى نەسەب تۈركۈمىدىكى تېگىن بەگ، قونچۇ (خانزادە)، چاغرى بەگ (چاغرى تېكىن)، قاتۇن (خانقىز)، ئىنال (شاھ نەسەبىدىكى ئايال تەرەپ بالىلىرى) قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغاندىن تاشقىرى، ئاپتور خەلقتىن چىقىپ ئەمەلدار بولغان «تابۇغچى»

(خىزمەتچى)لار تەبىقىسى ئىچىدە ۋەزىر («بۇيرۇق»، «يۇغرۇش»)، سەركەردە - ساڭۇن («سۇ باشى»)، باش ۋالىي («يانجۇ»)، باش تەپتىش، خاس ھاجىپ («ئۇلۇغ خاس ھاجىپ»، «خاس ھاجىپ»)، ۋاكالەتچى بەگ («ئىنانچ بەگ»، «تۇكسىن» (خاندىن كېيىنكى 4 - دەرىجە مەمۇرىي ئەمەلدار)، خىزمەت كۆرسەتكەن بەگ («چاۋلى بەگ»)، ئەقىلچى بەگ («ئۆگە»)، باش كاتىپ ۋە كاتىپ («ئىلىمغا»، «بىتىكچى»)، مالىيە ۋەزىرى («ئاغىچى بەگ»)، ئەلچى («يالاۋاچ»)، ئوردا مۇھاپىزەت بېگى («ئىشىكئاغا»)، باش مېھمان كۈتكۈچى بەگ («باش ساقى») قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ نام - ئاتىلىشى، خىزمەت ۋەزىپىسى، جۈملىدىن ئوردا مەمۇرىيىتىگە ئالاقىدار قائىدە - يوسۇنلار ھەققىدە مەخسۇس توختالغان.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، يۇقىرىقى نەسەب ۋە مەنسەپ ناملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەنئەنىۋى بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. مۇللىبىرىنىڭ 1910 - يىلى ئېلان قىلغان «تۇرپان بۇددا تېكىستلىرى»دا مۇنداق يېزىلغان: «ئېلىگلەر بېگلەر بۇيرۇقلار بۇترۇكلار قۇنچۇي قاتۇنلار تېگىنلار ئىناللار ئۇلۇغ باي باياغۇتلار كېنتوكېنتو ئېركلەرىن تۇركلەرىن ئىدالاپ تويىن دىندار بولۇپ ئارخانت قۇتىن بولتىلار» (خانلار، بەگلەر، ۋەزىرلەر، مەمۇرلار، خانزادىلەر، خانىشلار، تېگىنلەر، ئىناللار، ئۇلۇغ باي دۆلەتمەنلەر ئۆز - ئۆزىدىن ئەمەل - مەنسەپلىرىنى تاشلاپ، بۇددا راھىبى بولۇپ ئارخاتلىق قۇتىغا مۇيەسسەر بولۇشتى). بۇنىڭدىن باشقا «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»، «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى»، «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى»دا «يانجۇ»، «تۇتۇقۇغ يانجۇ»، «قۇتلۇغ باغا تۇرقان بۇيرۇغى»، «ئىنال قاغان» دېگەن سۆزلەر، «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى»دا: «تۈرگەش قاغاندا ماقاراچ تامغاچى ئوغۇز بىلگە تامغاچى كېلتى» (تۈركەش

خانلىقىدىن ماقاراچ تامغاچى بىلەن ئوغۇز بىلگە تامغاچى كېلىشتى) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» مۇئەللىپى ئەنئەنىۋى قاراشلار ئاساسىدا قارابىنىڭ مۇتەپەككۇر دۆلەت رەئىسىدە بولۇشى لازىم بولغان شەرتلەر بىلەن دۆلەت ئەمەلدارلىرىدا بولۇشى لازىم بولغان شەرتلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت خادىملىرى دۆلەت باشلىقىنىڭ تاللاپ بېكىتىشى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى لازىم، دەپ قارىغان. ئۇ دۆلەت باشلىقىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئادەم تاللاش ۋە دۆلەت خادىملىرىنى ئىشقا سېلىش ماھارىتىنى قوشۇپ تىلغا ئالغان. ئۇ دۆلەت باشلىقى يېنىدا ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىدىغان يارامىلىق كىشىلەر بولمىسا، ئىش يۈرۈشمەيدۇ، ھەتتا كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەتراپىنى چىلبۆرىلەر قاپلاپ كېتىدۇ، ياخشى بەگ ـ ئەمەلدارلار ئىشقا قويۇلمىسا، قارا نىيەت، سۇيىقەستچى يامان كىشىلەر ھوقۇق تۇتسا دۆلەت خارابلىشىدۇ، خەلق جاپا چېكىدۇ، دەپ كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 2968 ـ بېيىتىدا:

تاپۇغچى بىلە بەگلەر ئەلگى ئۇزار
تاپۇغچى بىلە ئەركلىگ ئەل كەند تۈزەر
[خادىملار بىلەن بەگ قولى ئۇزىرار،
خادىملار بىلەن بەگ ئەل ـ يۇرتنى تۈزەر.]

دەپ، ھەر خىل ئوردا ـ خانلىق ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى تىلغا ئالسا، داستانىنىڭ 5305 ـ بېيىتىدا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

كىشى سۆقىڭا بەرمە ئەلدە ئەلىگ
سەزىك تۇتما بۇزغاي ئەتىلمىش ئەلىگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

[كۆزى ئاچقا بەرمە ئورۇن، ئىقتىدار،
ئۇ شەكسىز، تۈزەلگەن ئىلىكنى بۇزار.]

دەپ، قارا نىيەت، مەنسەپ ھېرىسلىرىنى ھاكىمىيەت ئورنىغا يېقىن يولاتماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەمەلدار ـ بەگلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بىلىملىك، پەزىلەتلىك، سېخىي ـ مەردان، ياخشى مىجەزلىك، ئادىل، ئۆزىنى تۇتقان، نەپسىنى يىغقان، خەلق سۆيەر، ئىشچان ۋە ھوشيار بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەقىلسىز، نادان، قوپال، ئاچكۆز، زوراۋان ۋە غەپلەتپەرەس كىشىلەرنى ھاكىمىيەت ئىشىكىگە يولاتماسلىقنى تەكىتلىگەندە، بولۇپمۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم شەرتلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭچە، بۇ شەرتلەر بولمىغان نادان ساختا خۇشامەتتىن باشقا گۈزەل سۈپەت ۋە گۈزەل پەزىلەتنىڭ بولۇشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ داستانىنىڭ 1951 ـ، 1952 ـ، 1953 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئۇقۇشلۇغ كەرەك ھەم بىلىكلىگ كەرەك
ئاقىلىق كەرەك ھەم سىلىگلىك كەرەك
[ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سېخىيلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك.]
بىلىك بىرلە بەگلەر بودۇن باشلادى
ئۇقۇش بىرلە ئەل ـ كۈن ئىشىن ئىشلەدى
[بىلىم بىرلە بەگلەر ئېلىن باشلىدى،
ئەقىل بىرلە خەلقىنىڭ ئىشىن ئىشلىدى.]
بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىغ تۇرۇر
بىلىك لامى كەتسە بەگ ئاتى قالۇر

[بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر①. ]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئەمەلدار ـ بەگلەرنىڭ ئىمىنى قىلىشى، ئىمىنى قىلماسلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. ئۇ ھاراق ـ شارابقا بېرىلىش، غەزىپىنى باسالماسلىق، يالغان پىتنە ـ بوھتانغا ئىشىنىش، پارىخورلۇق، سۈيىقەستلىك بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆكىدۇ. بۇ ئەينى زامان مەمۇرىي ئاپپاراتىدا ساقلانغان ئىللەتلەرنىڭ ئىمىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە بولغان مۆلچەرلىگۈسىز تارىخىي زىيانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ دۆلەت باشلىقى ۋە بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئىنسابلىق بولۇشىنى، نومۇس ۋە قانائەت كۆز قارىشىنى تىكلىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ بۇنى خەلق نەزەرىدىن ئايرىلىپ، خەلق غەزىپىنىڭ ئۆركەشلىك دولقۇنى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى ئېھتىمالى بىلەن تىلغا ئېلىپ قالماستىن، يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاقىي ئۆلچەم نۇقتىسىدىن، كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ياكى ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي باھاسى نۇقتىسىدىن تىلغا ئالغان. ئۇ ئالەمنىڭ ئۆزلۈكسىز ھەرىكىتى، بەخت ۋە بەختسىزلىك، مۇشەققەتنىڭمۇ، ھالاۋەتنىڭمۇ بىقارارلىقى، بەختكە ۋە دۆلەتكە ئېرىشكەندە پەقەت ياخشى ئىش قىلىشى، زادى يامانلىققا يولىماسلىقى، بەخت ۋە دۆلەتتىن ئىبارەت خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى قولدىن بېرىپ قويماي، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى يۈكسەلدۈرۈش لازىملىقى مەسىلىسىنى خان ۋە ئەمەلدار ـ بەگلەرگە قارىتىلغان ئاساسلىق تەربىيە سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويىدۇ.

ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىش، خاس

① سۆز «بىلىك» ۋە «بگ» ئىبارىلىرىنى پەرقلەندۈرگۈچى «ل» ھەرپى ئۈستىدە بارىدۇ.

ھاجىپلىق مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلىپ قىزغىن پائالىيەت كۆرسىتىشتىكى مەقسىتىدىمۇ دەل مانا مۇشۇ كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشى، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي كۆز قارىشىنى تەشۋىق قىلىش، جارى قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ داستانىنىڭ 2000 ـ، 2002 ـ بېيىتلىرىدا زۇلۇم، پارىخورلۇق ۋە خىيانەتكە سەۋەب بولغان ئاچكۆزلۈكنىڭ دۇنيادىكى ھەممە تىۋىپ ـ ھۆكۈمالار داۋالىيالمايدىغان، ئۇنى پەقەت لەھەت توپىسىلا داۋالىيالايدىغان قورقۇنچلۇق كېسەل ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

كۆزى توق كەرەك ھەم ئۇۋۇتلۇغ تۇزۇن
ئاچۇق ھەم يارۇق بولسا قىلقىن سۆزۈن
[مۇلايىم، ئۇياتلىق، كۆزى توق كېرەك،
قىلىق، سۆزدە يورۇق ـ ئوچۇقلۇق كېرەك.]
بۇ سۇقلۇق ئىگ ئول بىر ئوتى يوق ئەمى
ئانى ئەملەيۇمەز بۇ دۇنيا قامى
[بۇ ئاچكۆزلۈك ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا،
جاھاندا ھېكىم چارە تاپالماس بۇڭا.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت خادىملىرى پەزىلەتلىرى ۋە شەرتلىرى توغرىسىدىكى بۇ تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرى گەرچە خەلقنىڭ سايلام يولى بىلەن تاللىنىشى مەسىلىسى ئورنىغا (بۇ خىل قاراشنى ئۇ چاغدا تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى) پادىشاھنىڭ شەرتلىك تاللىشى ئارقىلىق ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە بۇ خىل شەرتلەر تەكىتلەنگەن. تارىخىي تەجرىبىلەر داۋاملىق ئىسپاتلىمىدىكى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ پەزىلەت ۋە شەرتلىرى، ئۇلارنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇش دۆلەت سىياسىتى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك غايەت زور ئەمەلىي مەسىلە سۈپىتىدە ھېلىمۇ تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە.

## 5. «قۇتادغۇ بىلىك»تە خەلقلەر دوستلۇقى ۋە خارجى ئىشلار ھەققىدە

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا خەلقلەر دوستلۇقى ۋە خارجى ئىشلار (دىپلوماتىيە) ئۈستىدە بەزى مۇلاھىزىلەر ئىلىپ بارغان.

ئىبۇ ئۆز داستانىدا كۈنتۇغدى ئىلىگ ئاغزىدىن «خۇشاللىق — دۆرۈسلۈقتا» (1288 - بېيىت)، «بالا - قازا كۆپەيگەندە ياخشىلىق قىل» (1367 - بېيىت)، «بۇ دۇنيا ئۇچۇن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما» (1375 - بېيىت)، «نە ئىشقا كىرەرسەن چىقىشنى ئويلان، چىقىشنى ئويلىماسلىق كەلتۈرەر زىيان» (1316 - بېيىت)، «گويا بىر تۇزلۇق سۇ دۇنيا مېلى، كىشى قانماس ئىچىپ نەم بولماس تىلى» (1408 - بېيىت)، «ھارامغا قوشۇلما ۋە كۆرسەتمە كۈچ، خۇسۇمەت قىلىپ تۆكمە قان، ئالما ئۆچ» (1433 - بېيىت)، «كۈچ ئىشلەتمە»، «غاپىل بولما» (1451 -، 1452 - بېيىتلار)، «كىشىنى مالىنى ئالما ھەم تۆكمە قان، بۇ ئىككى گۇناھتىن ئىگراپ چىقار جان» (1395 - بېيىت) قاتارلىق نۇرغۇن مۇھاكىمىلىك پىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ.

ئىچكى نىزا، تاشقى ئاداۋەت، ساختا شۆھرەت ۋە مىللىي - دىنىي قىساسكار ئۇرۇش - ماجىرالىرى بىلەن تالان - تاراج مەقسەت قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش تۇتەكلىرى ئۆزۈلمىگەن ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلقلەر دوستلۇقى ۋە باراۋەرلىكى ئىدىيىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدى.

ئۇ ئۆز داستانىدا يىپەك يولى بويىلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن خەلقئارا سودا، قاتناش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەرقايسى ئەللەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچى («يالاۋاچ») ۋە ئۇنىڭ لاياقەتلىك شەرتلىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئالدىنقى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نۇقتىلىق توختالدى.

روشەنكى، «يالاۋاچ» ئىبارىسى ئەڭ دەسلەپ «ئالتۇن كۆل مەڭگۈ تېشى» دا: «تۈپۈت قانغا يالاباچ باردىم» (تىبەت خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ باردىم) دېگەن تەرىزدە، كېيىن يارغولدىن تېپىلغان 225 بەتلىك پال كىتابىدا: «تەڭرى يالاۋاچى» (تەڭرى ئەلچىسى) دېگەن تەرىزدە ئۇچرىغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇنجى بولۇپ، دۆلەت ئەلچىسى مەسىلىسىنى دۆلەت تەلىماتى يۈكسەكلىكىدە تىلغا ئېلىپ بايان قىلدى.

ئۇنىڭچە، ئەلچى مۇھىم ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىقى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىككى جەھەتتىن تىلغا ئېلىنغان:

بىرىنچىدىن، ئەلچى دۆلەت تەسىرى ۋە دۆلەت بېگى ئابرويىنىڭ گەۋدىلەندۈرگۈچىسى.

يالاۋاچ ئەتىك بولسا بىلگە ئۇدۇغ
بەگ ئاسغى بولۇر ئاندا تۈتنۇر بودۇغ
[چېچەن بولسا ئەلچى ئالىم ۋە ھوشيار،
بولۇر بەگكە نەپ، ئۇندا قارشى ئېلىنار.]
يالاۋاچ ياۋۇز بولسا قمۇچاق قوۋى
سەزىكسىز تۇكەر ئاندا بەگلەر سۆۋى
[گەر ئەلچى بولسا بوش، تۇراقسىز، يامان،
تۈكەر بەگ ئابرويىن ئاندا بىگۇمان①.]

ئىككىنچىدىن، ئەلچى خەلقلەر دوستلۇقى، ئالاقىسىنىڭ تۈزگۈچىسى.

يالاۋاچتىن ئەتلۈر تەلىم تۈرلۈگ ئىش
يالاۋاچتىن ئۆترۈكەلۈر كۆركلۈگ② ئىش

① «قۇتادغۇ بىلىك»، 2638 ـ، 2639 ـ بېيىتلار.
② كۆركلۈگ — گۈزەللىك، كۆركەملىكنى كۆرسىتىدۇ. 2599 ـ بېيىت.

[بۇ ئەلچى بىلەن كۆپ ئىشلار قىلىنۇر،
كۆپ گۈزەل ئىشلار ھەم ئەلچىدىن كېلۇر.]
ئەلىگ① سۇنسا ئەردەم بىلە ئەر تەگىپ
ئۇلۇغ تاغ باشىن يەركە ئىلدرۇر ئەگىپ
[ئەگەر خان پەزىلەت بىلەن قول سۇنار،
ئۇلۇغ تاغ ئېگىپ باشىن يەرگە قويار.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خاقان تەرىپىدىن تاللىنىدىغان ئەلچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقىل ـ پاراسەت، غەيرەت ـ جاسارەت، تىل ۋە ناتىقلىق ماھارىتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى، نەپسى ۋە خاھىشىنى چەكلىيەلىشى، تۈرلۈك بىلىملەر، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇملىدىن شېئىرىيەت، ھەتتا شاھمات ئويناش ۋە ئوقيا ئېتىش، چەۋگەن توپ ئويناش جەھەتتە ئۈستۈن بولۇشى، قەددى ـ قامىتى كۆرۈمسىز بولماسلىقى قاتارلىق شەرتلەر توغرىسىدا كەڭ توختىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، تەمەخور، ھاراقخۇمار ئادەملەر بۇ پەۋقۇلئاددە خىزمەتكە زادى يارىمايدۇ، ئۇلار سىرلارنى ئاشكارىلاپ، ساتقۇنلۇق ۋە پەسكەشلىك قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىملىك ۋە سۆز تاكتىكىسىغا ماھىر بولۇش توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغان. ئۇ داستانىنىڭ 2600 ـ، 2601 ـ، 2629 ـ، 2631 ـ، 2636 ـ، 2642 ـ، 2648 ـ، 2660 ـ، 2661 ـ، 2662 ـ، 2665 ـ، 2666 ـ بېيىتلىرىدا ئەلچىلىك مەنىلىك، سىلىق، شېرىن سۆز بىلەن بولىدىغان ھەم دوستانە، ھەم جەڭگىۋار پائالىيەت ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبلىك ئەلچى سۆزنى ئاڭلاش، چۈشىنىش، ئەستە ساقلاش، سىر قىلىپ ساقلاشتىن، سۆزلەش، ھازىر جاۋاب بولۇش، ھەرخىل تىلدا سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش، ئاڭلاش جەھەتتە ماھىر ھەم چاققان بولۇشنى تەلەپ

① ئەلىگ — خاننى كۆرسىتىدۇ. 2647 ـ بېيىت.

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ داستاننىڭ 2666 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازىدۇ:

يالاۋاچ ئىشى كۆر نەچە سۆز بولۇر
سۆزى ياخشى بولسا تىلەكىن بولۇر
[بۇ ئەلچى ئىشىنىڭ كۆپى سۆز بولۇر،
سۆزى ياخشى بولسا تىلەكىن تاپۇر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەلچىلىككە خانلىق نەسەبىگە يىراقلىقى ياكى خان جەمەتىدىنلىكىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى لاياقەتلىك ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ بەلگىلەش لازىم، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ داستاننىڭ 2667 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازىدۇ:

بۇ ياڭلىغ كىشى بۇلسا ئەلىگ قۇتى
ئاڭار بەرسە بولغاي يالاۋاچ ئاتى
[مۇشۇنداق كىشىلەر ئىلىگنىڭ بەختى،
ئاڭا بەرسە بولۇر ئەلچى خىزمىتى.]

«قۇتادغۇ بىلىك»تە دوستلۇق ۋە تاشقى سىياسىي مۇناسىۋەتلەر جەھەتتە ساختىپەزلىك، ھىيلىگەرلىك ۋە يوشۇرۇن پىتنە ـ ئىغۋا، سۇيىقەست ئىشلىتىش يوللىرى سۆزلەنمىگەن، ئەكسىچە، ھەقىقىي خەلقئارالىق ئىناقلىق ۋە زىددىيەتلەرنى ئاقىلانە، ئوچۇق ـ يورۇق مۇرەسسە بىلەن ھەل قىلىش يۆنىلىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مانا بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا شۆھرەت ۋە نۇر بېغىشلىغان.

## 6 . «قۇتادغۇ بىلىك»تە ھەربىي ئىشلار ھەققىدە

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئەينى زامان شارائىتىغا يارىشا بىرقەدەر كەڭ سەھىپە بىلەن ھەربىي قۇرۇلۇش ۋە ئۇرۇش

تاكتىكىسى مەسىلىلىرى سۆزلەنگەن. بۇ مۇھىمى ھەربىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى، ھەربىي سەركەردىنىڭ لاياقەتلىك شەرتلىرى، قوشۇندىكى سىياسىي خىزمەت، ئەسكىرىي جاسارەت، قوشۇننى خىل ۋە ئىخچام قىلىش، ھەربىي ھازىرلىق، بارگاھ تاللاش، رازۋېتكا، ھەربىي ھىيلە، بۆكتۈرمە، سەپ تۈزۈش، ھۇجۇم، قانلىق جەڭ، ئۆلۈم ئالدىدىكى پىداكارلىق، تېز جەڭ، قوغلاپ زەربە بېرىش، چېكىنىش، سۈلھى، ئۆلگەن ۋە زەخىملەنگەن ئەسكەرلەر مەسىلىسى، ھەربىي تەمىنات ۋە مۇكاپات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەسىلىلەر مۇئەللىپ تەرىپىدىن ھەربىي ئالىم سۈپىتىدە ئىزاھلانغان ۋە شائىرانە جانلىق ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ نوقۇل ھەربىيچىلىك، كۈچ كۆرسىتىش قاراشلىرىغا زىت ھالدا، ئىنچىل تۈردە مەملىكەتنى ئادىل سىياسەت بىلەن باشقۇرۇشنى، «قەلەم» نى «ئەلەم» نىڭ ئالدىغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ داستانىنىڭ 2015 ـ، 2426 ـ، 2427 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئىكى نەڭ تۇرۇر ئەلكە باغى بەكى
بىرى ساقلىق ئول بىر تۆرۈ ئەل كۆكى
[ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچ ئۆزى:
ھوشيارلىق ۋە قانۇن — ئەلنىڭ يىلتىزى.]
قىلىچ بىرلە ئالسا بولۇر تەرك ئەلىگ
قەلەم بولماغىنچا باسۇماز ئەلىگ
[بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.]
قىلىچ بىرلە ئالسا قايۇ ئەل كۈچۈن
ئانى سۈرسە بولماز ئۆكۈش يىل ئۈچۈن

[ يۇرت ئالماق مۇمكىندۇر قىلىچ ـ كۈچ بىلەن،
سوراپ بولماس ئۇنى كۆپ يىل ئۈچ بىلەن.]

يەنە شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىزچىل تۈردە ھەربىي خىزمەتنى خەلق ئىگىلىكىگە، يەنى دۆلەتنىڭ كۈچىيىپ، خەلقنىڭ پاراۋان بولۇشى ئاساسىغا قۇرۇپ ئىزاھلىغان. ئۇ داستانىنىڭ 2057 ـ، 2058 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق تەۋسىيە قىلغان:

بۇ ئەل تۇتقۇقا كۆپ ئەر ئات سۇ كەرەك
ئەر ئات تۇتغۇقا نەڭ تاۋار تۇ كەرەك
[تۇتۇشقا ئەل لەشكەر، ئات ھەم ئەر كېرەك،
ئەر، ئات تۇتقىلى تولاماللار كېرەك.]
بۇ نەڭ ئالغۇ قا بىر كەرەك باي بودۇن
بودۇن بايلىقىغا تۆرۈ تۈز قودۇن
[بۇ مال يىغقىلى بىر باي خەلق كېرەك،
بېيىسۇن ئەل دېسەڭ تۈز قانۇن كېرەك.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھەربىي ئىلىم توغرىسىدىكى تەلىماتى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك كۆچمەن جەڭگىۋار ھاياتى، ھەربىي سەپەرۋەرلىك تەجرىبىلىرى، بالبال ۋە مەڭگۈ تاشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن جەڭ قەھرىمانلىرىنىڭ ئۇرۇش يەكۈنلىرى، ئەينى زاماندىكى قاراخانىيلار ۋە باشقا ئەللەرنىڭ قوراللىنىش ۋە جەڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا يۈرۈشۈپ تۇرغان تاكتىكىلىق نەتىجىلىرى ھەم بۇغراخانلارنىڭ ئۇرۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا ئىخچاملانغان.

گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك» سەھىپىلىرىدە ئەينى زامان

خاقانىيە قورالىق كۈچلىرى، جەڭ ئەسلىھەلىرى، ھەربىي دەرىجە سىستېمىسى، ھەربىي مەمۇرىي ۋە ھەربىي مالىيە ئاپپاراتلار توغرىسىدا بەزىبىر ئۇچۇرلار بېرىلگەن بولسىمۇ، مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنى بۇ نۇقتىغا ئەمەس، بەلكى ھەممە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ھەربىي ئىلىم — ھەربىي ئىشلار پەلسەپىسىگە، باشقىچە ئېيتقاندا «ھەربىي دىئالېكتىكا»غا قاراتقانىدى. گەرچە ھازىرقى ھەربىي خىزمەت ۋە جەڭ تاكتىكىلىرى غايەت زور ئۆزگىرىشكە يولۇققان بولسىمۇ، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى تۇپلۇك، ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك قاراشلىرى ئۆز قىممىتىنى ھېلىمۇ يوقاتقىنى يوق.

ئۇ داستانىنىڭ 3039 ـ، 3045 ـ، 3043 ـ، 3005 ـ، 3006 ـ بېيىتلىرىدا ھەربىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى مۇنداق شەرھىلەيدۇ:

ئادىن ئىكى نەڭ ئول بۇ ئەل تۇترۇقى
بىرىسى ساۋ ئالتۇن قىلىچ بىر تاقى
[ئىككى نەرسە دۆلەت تۇتۇش يولىدۇر،
بىرىدۇر ساپ ئالتۇن، بىرى تىغ ئېرۇر.]
قىلىچ قايدا ئەرسە كۈمۈش ئاندا ئول
كۈمۈش قايدا ئەرسە قىلىچ تۇتتى يول
[قىلىچ نەدە بولسا كۈمۈش شۇندا ئول،
كۈمۈش نەدە بولسا قىلىچ تۇتتى يول.]
بۇ ئىكى بىلە ئەتكۈ ئۇشبۇ ئەلىگ
بۇ ئىكى بىلە ئەر بەدۇر ئاي ئەلىگ
[بۇ ئىككى بىلەن ئەل تۈزىلۇر ھامان،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر چوڭىيۇر، ئەي خان.]
ئەرئات بولدى بەگلەر قاناتى يۈگى
قاناتسىز قۇش ئۇچماز ئاي بەگلەر بەگى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىز ئادرېسى

[قوشۇندۇر بۇ بەگلەر قانات ـ قۇيرۇقى،
قاناتسىز قۇش ئۇچماس، ئەي بەگلەر بېگى.]
ئەرئات بىرلە بەگلەر كۈچىن بەلگۈرەر
ئەرئات بىرلە بەگلەر تۈگۈنلەر يۆرەر
[قوشۇن بىرلە بەگلەر كۈچى بىلىنەر،
قوشۇن بىرلە بەگلەر تۈگۈنلەر يېشەر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇننىڭ مۇھىملىقىنى دۆلەتنىڭ نېگىزلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە روشەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي سەركەردىلەر («سۇ باشى») دىن ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن غەيرەت ـ جاسارەتنى بىرلەشتۈرۈشنى، ئالدى بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇپ سىياسەت بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىلىشنى، ئاندىن غەيرەت ـ جاسارەتلىك بولۇپ چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغان سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلغان.

ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەركى، مۇئەللىپ ھەربىي قوماندانىنىڭ جەڭگىۋار ئوبرازىنى سىمۋوللۇق ۋاستىلەر بىلەن ھەر خىل ھايۋانلاردىكى خاس ئەۋزەللىكلەرگە ئوخشىتىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاق تۇرمۇشى دەۋرىدىكى فولكلور تەسۋىرى تىمساللىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ ھەربىي سەركەردە سېغىزخاندەك سەگەك، ھۇقۇشتەك ئويغاق، قوزغۇندەك يىراقنى كۆرەر، قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك دەھشەتلىك، بۇغرا تۆگىدەك قىساسكار، قوتازدەك ئۆچ ئالغۇچى، توڭگۇزدەك تەرسا، قاپلاندەك بىلىكى كۈچلۈك، ئارسلاندەك غەيرەتلىك بولۇشى لازىم، دەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇندىكى سىياسىي خىزمەت توغرىسىدا داستاننىڭ 2300 ـ، 2301 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

سىياسەت يورىتغۇ كەرەك سۇ باشى
سىياسەتقا ئاشلىغ بولۇر سۇ ئىشى
[سىياسەت يورۇتسۇن قوشۇننىڭ بېشى،
سىياسەتكە باغلىق قوشۇننىڭ ئىشى.]
سىياسەت يورىتسا سۇ باشلىغ بولۇر
سۇسى باشلىغ ئەرسە ئەر ئاشلىغ بولۇر
[سىياسەتلە قالماس قوشۇن باشچىسىز،
باش ئولسا، ئۇيۇشقاي قوشۇن شۇبھىسىز.]

داستاننىڭ 2332 ـ، 2339 ـ، 2340 ـ بېيىتلىرىدا قوشۇننى خىل ۋە ئىخچام قىلىش يولىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

ئۆكۈش ئەر كەرەكسىز ئەر ئۆدرۈم كەرەك
ئەر ئۆدرۈم بولۇنسا تولۇم تۇم كەرەك
[كۆپ ئەسكەر كېرەكسىز، ئەسكەر خىل كېرەك،
ئەسكەرگە خىللانغان خىل قورال كېرەك.]
ئۆكۈش سۇتىلەمە ئەر ئۆدرۈم تىلە
ئەر ئۆدرۈم تىلە ھەم تولۇم تۇم بىلە
[قوشۇننى كۆپەيتمەي، قىل ئەرلەرنى خىل،
يىگىتلەر بىلەن تەڭ قورال سەرە قىل.]
ئەتىكلىگ ئاز ئەدگۇ ئۆكۈشتە كۆرۈ
تەلىم تۇشتى ئارتاق ئۆكۈش سۇ بىلە
[كۆپىدىن ئېزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يېتىلگەن سانى كۆپ قوشۇن كۆپ قېتىم.]

داستاننىڭ 2345 ـ، 2347 ـ، 2349 ـ بېيىتلىرى يەر تاللاش، قارارگاھ («ئوتاغ») بېكىتىش ۋە ئۇنى ھوشيارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشقا قارىتىلغان بولسا، داستاننىڭ 2327 ـ، 2355 ـ، 2356 ـ، 2357 ـ بېيىتلىرىدا ھەربىي ھىيلە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىلانىنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ھىيلىسى بىلەن دۈشمەننى يېڭىش سۆزلەنگەن. داستاننىڭ 2342 ـ، 2343 ـ، 2350 ـ، 2351 ـ بېيىتلىرىدا چارلىغۇچى (رازۋېتكا — «يەزەك ـ تۇتغاق») قىسىملار خىزمىتى، ئۇلارنىڭ دۈشمەندىن ئەسىر ئېلىش («تۇتغۇن»، «تىل ئالماق»، «ئەر تۇتماق») ئارقىلىق دۈشمەن سىرىنى ئىگىلىشى، ئۆزى «تىل» بەرمەسلىكتە ھوشيار بولۇشى سۆزلەنسە، داستاننىڭ 2370 ـ بېيىتىدا بىر قىسىم قوشۇننى بۆكتۈرمە («پۇسوغ») قىلىپ، بىر قىسىم پىيادە ئاتقۇچىلار («ياداغ ئوقچى») نى دۈشمەن ئالدىغا ئەۋەتىش توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ.

داستاندا ھۇجۇمغا ھازىرلىنىش، قوشۇننى تېز قوزغىتىش، سەپ تۈزۈش، ھۇجۇمنى يىراقتىن ئوق ياغدۇرۇشتىن باشلاپ، يېقىنلاشقاندا قىلىچ، نەيزە ۋە پالتا بىلەن جەڭ قىلىش، تېز ئۇرۇشۇپ ـ تېز ئۇنۇم ھاسىل قىلىش ھەققىدە ھەربىي دىئالېكتىكىغا ئۇيغۇن بىر قاتار كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قىممەتلىكى شۇكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ دۈشمەننى ھەرقاچان ئاجىز سانىماسلىق، ئۇ تاياق تۇتسا، ئۇنىڭدىن تۆمۈر قالقان بىلەن مۇداپىئە كۆرۈشكە ھازىرلىنىشنى مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ داستانىنىڭ 4263 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازغان:

سىناما ياغىغ سەن بەدۈك بىل ئۇلۇغ
تاياقلىق ياغىقا تەمۈر قالقان ئەت

[كەمسىتمە دۈشمەننى، زور ۋە بۈيۈك بىل،
تاياق تۇتسا، تۆمۈر بىرلە قالقان قىل.]

ئۇ داستاندا ئەسكىرىي جاسارەت، قانلىق جەڭدىكى ئۆلۈمدىن قورقماس پىداكارلىقنى تولىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ

تەكىتلىگەن. داستاننىڭ 2378 ـ، 2391 ـ بېيىتلىرىدا:

تىرەن ئارقا بەرمە ياغىقا بولۇپ
ياغىغ سانىچ يوق ئەرسە ئۇرۇش يات ئۆلۇپ
[چىدا، ياۋغا ئارقاڭنى بەرمە تۇتۇپ،
يوقات ياۋ، ياكى يات ئۇرۇشۇپ ئۆلۈپ.]
مۇڭۇقسا ياغى يۈز ئۆلۈمكە ئۇرۇر
ئۆلۈمكە يۈز ئۇرسا كىم ئۇترۇ تۇرۇر
[ياۋ ئۇلسا ئۈمىدسىز ئۆلۈمگە يۈرۈر،
ئۆلۈمدىن قورقمىغانغا كىم تەڭ كېلۇر.]

دېسە، 2380 ـ بېيىتىدا قەھرىمان ئۇچۇن جەڭ بەئەينى بىر توي مەرىكىسى ھېسابلىنىشى كېرەك، دەپ مۇنداق يازىدۇ:

كەلىن قىز سەۋىنچى كۈدەن تۇنلەرى
كۈر ئالپ ئەر كۈۋەنچى چەرىك كۈنلەرى
[كېلىن ـ قىز سۆيۈنچى نىكاھ ـ توي تۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.]

داستاننىڭ 2388 ـ، 2389 ـ، 2390 ـ، 2395 ـ بېيىتلىرىدا چېكىنگەن دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش، يېتەرلىك ئەسىر ئېلىش، قوغلاپ زەربە بېرىشتە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىستىھكامى ۋە ياردەمچى («يارى باسۇت») كۈچلىرىدىن تولىمۇ يىراقلاپ دۈشمەننىڭ توزىقىغا چۈشۈپ قالماسلىق، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىشتە قوشۇننى چېچىۋەتمەسلىك ھەققىدە توختالغان. داستاننىڭ 2359 ـ، 2360 ـ، 2361 ـ بېيىتلىرىدا كۈچلۈك دۈشمەنگە دۈچ كەلگەندە ياكى سۇلھى («ياراشقۇ») قىلىش، ياكى دەرھال جەڭگە كىرمەي چېكىنىش ۋە ياكى ھىيلە ئىشلىتىپ كېچىدە ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۆزلىگەن. ئۇ 2361 ـ بېيىتىدا مۇنداق دەيدۇ:

قاتىغلان ئۇساندۇر ئۇسا باس كەچە
كەچە ئاز ئۆكۈشۈگ نە بىلگەي ئاچا
[تىرىش، غەيلەتتە قوي، كېچە قىل ھۇجۇم،
كېچىدە كۆپ ـ ئازلىق بىلىنمەس چوقۇم.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا جەڭدە ئۆلگەن، مېيىپ ۋە يارىدار بولغان ئەسكەرلەر مەسىلىسى بىلەن ھەربىي تەمىنات ۋە مۇكاپات مەسىلىسى ئۈستىدە كۆرۈنەرلىك توختالغان. ئۇ يارىدار ـ مېيىپلارنى داۋالىتىش، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇش، ئۆلگەنلەرنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرۈپ، ئائىلە تەۋەلىرىگە ھەققىنى بېرىش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە دەل ۋاقتىدا مۇكاپات («تاڭۇق») بېرىشنى قوشۇن تۈتۈش، ئەسكەردە پىداكارانە روھ تىكلەشنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە ئاساسىي كاپالىتى سۈپىتىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، «شېرىن سۆز، كۈلەر يۈز، مال ـ مۇكاپات بېرىش» تىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەرسە جەڭچىلەرنىڭ رازىمەنلىكىنى ۋە خەلقنىڭ قوشۇنغا ئىختىيارلىقىنى قوزغايدىغان ئۈچ مۇھىم خىزمەت ئامىلى ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە «ئىم» (پارول)، «ياتغاق» (قاراۋۇل)، «يورتۇغ» («يۈرچۇق») يول باشلاپ ماڭغۇچى مۇھاپىزەت ئەترىتى)، «ياداق» (پىيادە قىسىم)، «ھايىل» (ئاتلىق قىسىم)، «ئاي بېتىگى» (ئايلىق يوقلىما)، «تۇغچى» (بايراقچى ۋە ناغرا ـ سۇنايچى ئەترەت)، «كىشچى» (مەرگەن)، «ئوقچى» (ئوقياچى قوشۇن)، «يارىق» (ساۋۇت) قاتارلىق ئەينى زامان ھەربىي خىزمىتىگە ئائىت كۆپلىگەن ئاتالغۇلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئەمدىغۇت

دەۋرىگە ئائىت تېكىستلەردىمۇ ئوخشاش مەنىدە تىلغا ئېلىنغان.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىش زۆرۈركى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ زوراۋانلىق مەقسىتىدىكى ئۇرۇشقا قارشى تىنچلىق ۋە دوستانە ئىتتىپاقلىق تەشەببۇسلىرىنىڭ تەرغىباتچىسى بولغان.

## 7. قىسقىچە يەكۈن

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت قاراشلىرى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي - سىياسىي قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىدىكى ئىلغار ئەنئەنىۋى قاراشلار، ئەينى زامان ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت قاراشلىرىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى — خەلق ئاممىسى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىششىنى بەلگىلەيدىغان پىشاڭ ھەم دۆلەت باشلىقىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە باھا بېرىدىغان مىزان دېگەن راتسىئونالىزم ۋە گۇمانىزملىق قاراشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلقنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى ئاقىل، ئادىل پادىشاھ باشقۇرغان دۆلەت مېخانىزمى دەپ قارىدى. ئۇنىڭچە، ھەممە ئادەم، بولۇپمۇ خان ۋە ئەمەلدارلار ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت قورالىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن خەلققە بەخت يارىتىپ بېرىشى ئۈچۈن بېرىلگەن «قۇت» ، «سەلتەنەت» ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ ئۆزىنى بۇلغىۋالماسلىقنى ئاگاھ بولۇشى لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى خەلق مەنپەئىتى، خەلق قۇتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاساسىغا قۇرۇشتىن باشقا چىقىش يول يوق، دەپ قارىدى. شۇڭا ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا ئىزچىل يوسۇندا بۇ «قۇت» قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق دۆلەت باشلىقىنى مەرىپەتلەندۇرۇپ كەلدى. ئۇ ماختىغاندا ياكى سۆككەندە مۇشۇ تۈپكى ھالقىنى چىڭ تۇتتى، ئۇنى گەۋدىلەندۈردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دىپلوماتىيە، خەلقلەر دوستلۇقى ۋە «قەلەم»، «ئەلەم» مەسىلىلىرىگىمۇ ئالەم تەرتىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئاقىلانىلىقتا ئىپادىلەنگەن چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك پرىنسىپلىرىنى، ئادىللىق ۋە خەلقلەر ھەمجەھەتلىكى پرىنسىپلىرىنى يېتەكچى قىلدى. ئۇنىڭچە «قەلەم»، «تىل» ئارقىلىقلا ئاقىلانىلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش مۇمكىن ئىدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خان ۋە ئوردا مەمۇرلىرىنى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن يەنىلا «يۇقىرى نەسەبتىن چىققان» بولۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ مۇنداق يۇقىرى تەبىقىدىن چىققان كىشىلەرنى «ئېسىل زات»، مۇنداق بولمىغانلىرىنى قوپال ۋە تۆۋەن «قارا بودۇن» دەپ ئاتىغان. ئۇ دىنىي ۋە يېڭى پلاتونىزملىق ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ سىنىپىي بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە قانداقتۇر «تەڭرى ئادەم بالىلىرىنى ياراتقاندا، ئۇلۇغ كىشىلەرنىمۇ، ئاددىي خەلقنىمۇ ياراتقان»، «ئۇنىڭ بايلىرى ۋە كەمبەغەللىرى بار، ئەقىللىق ۋە دۆتلىرىمۇ بار»، «ئۇلارنى باشقۇرغۇچى پادىشاھ تۇغۇلۇشىدىنلا ئۇلاردىن پەرقلىق» دەيدىغان فېئودال قانداشلىق كۆز قارىشىغا يول قويۇپ، سىنىپىي پەرقلەرنى مەڭگۈلۈك ھادىسە سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ راتسىئونالىزملىق ۋە گۇمانىزملىق كۆز قاراشلىرى مۇھىمى فېئوداللىق شەھەر سودا ـ تىجارەتچىلەر تەبىقىسىنىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سىياسىي جەھەتتە كونا كۆچمەنچى قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن كونا زېمىندار ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق كۆزقاراشلىرىغا قارشى شەھەر سودا ـ تىجارەتچىلەر تەبىقىسىنىڭ دېموكراتىك تەلەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، گەرچە خانلىق سەلتەنىتىدىن باشقا مەمۇرلارغا قابىلىيەتلىكلەرنى قويۇش ۋە خانلىق نەسەبىدىكى مەمۇرلارمۇ ئەقىللىق ـ بىلىملىك، ئادالەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە قابىل بولۇشى لازىملىقىنى تەكىتلىسىمۇ، ئۇ تېخى جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي تۈزۈلمىسىنى، دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئادالەت، ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنىڭ سىنىپىي خاراكتېر ئالغانلىقىنى، دېپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلارنىڭ سىنىپىي تۈسىنى چۈشەنمەيتتى. بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا خاس يېتەرسىزلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# VI باب «قۇتادغۇ بىلىك»تە قانۇنشۇناسلىق مەسىلىلىرى

«ئەسلىدىن ئادىلدۇر گۇمبەزى ساما،
ھەرنە قىلغىنىڭنى قايتۇرار ساڭا.»
— خۇسراۋ دېھلىۋى

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك»تە قانۇنشۇناسلىق مەسىلىلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى

بىباھا تەپەككۇر خەزىنىسى — «قۇتادغۇ بىلىك» جاۋاھىراتلىرى ئىچىدە مۇتەپەككۇر مۇئەللىپىنىڭ قانۇنشۇناسلىق قاراشلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يەنە بىر يايلىق ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ قانۇنشۇناسلىق مەسىلىلىرىنىڭ ئەسەردىكى تېماتىك ئورنىنىڭ كاتتىلىقى، ھەجمىنىڭ زورلىقى، پىكىر كۆچىنىڭ ئورگىنالللىقىغا قاراپ «قۇتادغۇ بىلىك»نى قانۇن پەلسەپىسى دەستۇرى، سىياسىي سەلتەنەت قوللانمىسى دېگەنلىرى ئاساسسىز ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يالغۇز ئۆزىنىڭ «خاس ھاجىپ»، «ئۇلۇغ خاس ھاجىپ»لىق ۋەزىپىسى تۈپەيلى دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان خانىنىڭ بىۋاستە تەپتىش ۋەكىلى خىزمىتى ئۇقتىسىدىن[1]

---

[1] داستانىنىڭ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ لاياقىتى توغرىسىدىكى 31 - بابىغا قارالسۇن.

ئەمەس، بەلكى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن، دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش توغرىسىدىكى سىستېمىلىق جەمئىيەت پەلسەپىسى قاراشلىرى نۇقتىسىدىنمۇ قانۇنشۇناسلىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر قانۇن ئىدىيىلىرى تارىخىدىكى ئالەمشۇمۇل كاتتا دەستۇرلارنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇ دۆلەت بىلەن خەلق مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشتا، خەلق ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ھەل قىلىشتا، ئەقىل - بىلىم بىلەن ئىجتىمائىي بەختنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشتا قانۇننى ئاساسلىق ئوتتۇرغۇچى، تەڭشىگۈچى ۋاستە قىلىپ كۆرسەتتى. ئادالەتلىك قانۇن بولمىغاندا دۆلەتنىڭ كۈچىيىپ، خەلقنىڭ پاراۋانلىققا ئىگە بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى قەيت قىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەتلىك قانۇننى جەمئىيەت زىددىيەتلىرىنى گارمۇنىيىلەشتۈرىدىغان ئەمەلىي ئەقىل، ئەمەلىي بىلىم، ئەمەلىي خىزمەت دەپ قارىدى. ئۇ ئەينى زامان ھاكىممۇتلەقلىقى ئادەتلىرىگە كەسكىن قارشى چىقىپ، ئادالەتلىك قانۇننى پادىشاھ ئىرادىسىدىن ئايرىپ، خەلق مەنپەئىتى ئاساسىغا قويىدى. ئۇ ئەينى زامان دىنىي ئەسەبىيلىكى ئادەتلىرىگە كەسكىن قارشى چىقىپ، ئادالەتلىك قانۇننى سەئىدلەر ۋە دىندارلار ئىرادىسىدىن ئايرىپ، خەلق مەنپەئىتى ئاساسىغا قويىدى. ئۇ قانۇن نوپۇزىنى خان نوپۇزىنىڭ ئۈستىگە، قانۇن مەنپەئىتىنى ئىستىقامەت ساۋابى («تاپۇغ») مەنپەئىتى ئۈستىگە قويىدى. بىر قاتار ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك قانۇنشۇناسلىق تەلىمات ئۇنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىلىرى راتسىئونالىزم ۋە گۇمانىزملىق «قانۇنشۇناسلىق پەلسەپىسى» خاراكتېرىدە بولۇپ، ھالقىلىق، پروگراممىلىق قىممەتكە ئىگە

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇ بىرقاتار دۆلەت قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، خەلق ئىشلىرى قانۇنى، مالىيە ـ ئىقتىساد قانۇنى، ئائىلە ـ نىكاھ قانۇنى، ھەرخىل كەسىپ ـ ساھەلەرگە خاس سىياسەت ۋە قانۇن تەلەپلىرىگە ئائىت نۇرغۇن مۇھاكىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىلىرىدە، ئەينى زامان ئىسلام قانۇنچىلىقى (ئىلمۇل فىقھە) ياكى ھىندىستان، ئىران، گرېك قانۇنشۇناسلىق قاراشلىرىغا قارىغاندا ئۆزگىچىلىكلىرى روشەن بولغان ئەنئەنىۋى يايلاق دېموكراتىيىسى ۋە «كۆنى» (ئادالەت)، «تۆرۈ» (قانۇن)، «ئەركىنمەك» (ھۆرلۈك)، «تۈزۈن» (ياخشىلىق) ئالامەتلىرى گەۋدىلىك كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەلۇمكى، ئادالەتلىك قانۇن تەڭرىنىڭ قانۇنىيىتى، ئىرادىسى سۈپىتىدە «تۆرۈ قۇتى» شەكلىدە ئاسماننى زېمىنغا، زېمىننى ئاسمانغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈۋرۈك، دېگەن قاراش ئەنئەنىۋى تۈس ئالغانىدى. «قۇت تەڭرىدىن» كېلىدۇ، «ئىدىقۇت تەڭرىگە» جاۋابكار دېگەن قاراشلار دىنىي راھىبلار، ھەربىي سەركەردىلەر، سىياسىي ھاكىملارغا چەكسىز ھوقۇق بەرمەيتتى. ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنىڭ فېئوداللىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىكى ھاكىممۇتلەقلىقتىن ئەۋزەللىكىنى سېزىپ قالدى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇردى.

«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «بېگلارى يېمە بودۇنى يېمە تۈز ئېرمىش» (بەگلىرى بىلەن خەلقى سادىق ئىدى) دېيىلسە، «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «ئېل باشلاغۇ تۆرۈسىن ئۆتۈنۈرسىزلار ئەيتۇ» (ئەل باشقۇرۇشقا قانۇن ـ نىزام تۈزمەك لازىم)، «ئېسىز قىلماغۇ ھەم تۆرۈ ئۇرماغۇ» (يامانلىق قىلما ھەم قانۇننى بۇزما)، «ئول يېمە ئېلىگ بېگ يارلىقانچۇچى كۆڭۈللۈگ توقۇلۇغ ئېرىب» (ئۇ ئېلىگ بەك ئاق كۆڭۈل ۋە ئادالەتچى ئىدى) دېيىلگەن. «ئالتۇن يارۇغ» دا سىڭقۇ سەلى

تۇتۇق مۇنداق يازغانىدى: «بودۇن قارا باي مېڭلىگ كۆنى تۆرۇچە ئېۋرىلتەچى بولغاي» (كەڭ خەلق باي ۋە بەختلىكتۇر، چۈنكى ئۇنىڭغا ئادالەتلىك قانۇن يەتكۈزدى).

روشەنكى، قانۇنشۇناسلىق تەلىماتلار تارىخى ھىندىستاننىڭ «مانۇ قانۇنى» [4]، ئىراننىڭ «خامۇراپى قانۇنى» [5]، گرېكلارنىڭ «سولۇن قانۇنى» [6] دىن باشقا، جۇڭگو ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى يايلاق - بوستانلىق جەمئىيىتىنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئاڭ تارىخىنىمۇ تەتقىق قىلىشى لازىم. «قۇتادغۇ بىلىك» بۇ جەھەتتىكى مۇھىم بىر مەنبە، ئەلۋەتتە.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەنئەنىۋى ئادالەتلىك قانۇن قاراشلىرىنى «ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى» قاتارلىق بىر قاتار ئاجايىپ نۇرانە ۋە ئۆز زامانىسىدىن ھالقىغان مۇنەۋۋەر قاراشلار بىلەن يورۇتۇپ بەردى.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش ھەققىدە

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش① خانلىق سەلتەنىتىنى قانۇن رىياسەتچىلىكى ئاساسىدا گەۋدىلەندۈرۈش ئىدىيىسى سىياسىي تەلىماتلار تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا «تۆرۈ» (قانۇن) ئىبارىسىنى 140 نەچچە قېتىم تىلغا ئالغان، قانۇن بولغاندا ھەممە ئىشنىڭ يولى ئېچىلىدۇ، «تۆرۈ بولسا قۇت بولار» دېگەندەك ئەنئەنىۋى قاراشلارنى يېڭى ئېگىزلىككە كۆتۈرگەن. قانۇن

---

① «ئالتۇن يارۇغ»دا: قانۇن بىلەن باشقۇرۇش «تۆرۈن تۇتمىش»، باشقۇرۇشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن «تۇتقۇلۇق تۆرۈسۇن» دېيىلگەن.

كاتېگورىيىسىنى «ئادالەت» (كۆنى) ۋە «ياخشىلىق» (ئېزگۈ، تۆزۈن)، قۇت كاتېگورىيىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. بىز يۇسۇپ خاس ھاجىپتا رايىشچىلارنىڭ «مېھرىبانلىق» ئىدىيىسى بىلەن قانۇنچىلارنىڭ «قانۇندا باشقۇرۇش» ئىدىيىسىنىڭ زىددىيەتتە ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈنلۈكتە تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

مۇتەپەككۇر ئۆزىنىڭ بۇ بۈيۈك داستانىدا ئادالەتلىك قانۇن كاتېگورىيىسىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ غولى ھېسابلانغان تەڭرى كاتېگورىيىسى بىلەن بىردەك، ھەتتا ئەسلى قىممەتتە ئۇنىڭدىنمۇ نوپۇزلۇق ئورۇنغا قويۇپ، ئادالەتلىك قانۇنىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆككە كۆتۈردى. ئۇ داستانىنىڭ 3463 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازىدۇ:

بۇ كۆك تىرگۈكى ئول كۆنىلىك تۆرۈ
تۆرۈ ئارتاسا كۆك تۇرۇماز ئۇرۇ
[ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 3465 ـ، 3466 ـ بېيىتلىرىدا ئادالەتلىك قانۇننى گەۋدىلەندۈرگۈچى دۆلەت باشلىقىنى تەڭرى نوپۇزىغا يېقىنلاشتۇرۇپ بېشارەتلىك ئىبارىلەر بىلەن مۇنداق يازىدۇ:

كۆنى بەگ يۈزى كۆرسە قۇتلۇغ بولۇر
مۇيانقا تەگىر ھەم يازۇقى يولۇر
[ئادىل بەگ يۈزىن كۆرسە، قۇتلۇق بولۇر،
ساۋابىن تاپۇر ھەم گۇناھ يۇقىلۇر.]
بىلىرسەن بۇ كۈن مەن كىشى بولدۇقۇم
سەبەب ئەلىگ ئەردى يۆلەكىم تۇقۇم

[ئادەم بولغىنىمغا، بىلسەڭ، بۇ زامان—
سەۋەبچى، يۆلەكچى ماڭا بولدى خان.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇننىڭ مىسلىسىز ئەھمىيىتىنى ئۇلۇغلىغاندىن كېيىن، پەقەت دانىشمەن ھۆكۈمرانلارلا ئادالەتلىك قانۇن تۈزۈپ، جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 252 ـ، 1456 ـ، 1461 ـ، 2171 ـ بېيىتلىرىدا پەقەت ئەقىل ۋە بىلىمگە ئىگە بولغان يۇقىرى سەۋىيىلىك دۆلەت باشلىقىلا ئادالەتلىك ۋە خەلققە مەنپەئەتلىك قانۇن تۈزەلەيدىغانلىقىنى مۇنداق بەدىئىي مىسرالار بىلەن بايان قىلىدۇ:

بىلىك كىمدە ئەرسە ئاژۇن بەگلەرى
تۆرۈ ئەدگۇ ئۇرمىش كىشى يەگلەرى
[جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن،
ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ، ئۆرلىگەن.]
ئەسىز ئۆگدىن ئۇرما تۆرۈ ئەدگۇ ئۇر
كۈنۈڭ① ئەدگۇ بولغاي قۇتۇڭ باغاقۇر
[ياماننى تۈزمە قانۇننى، بەك ياخشى تۈز،
ئادىل، ياخشى بولسا، بەختىڭمۇ ئۈز.]
كىم ئەرسە ئۇرۇپ قودسا ئەدگۇ تۆرۈ
ئانىن تىكتى ئاتىن ئاداقىن ئۆرۈ
[كىم ئۇ ياخشى قانۇننى بەرپا قىلار،
ئۇنىڭ شۆھرىتى تا ئەبەتكە ياشار.]
قامۇغ ئەردەمى بولسا ئەردە ئۆرۈ
بودۇنقا بەرۇر بولسا ئەدگۇ تۆرۈ
[پۈتۈن پەزىلەت بولسا ئەردە ئۈستۈن،
بېرەلىسۇن ئەلگە ئۇ ياخشى قانۇن.]

① كۈنۈ — ئادىل، چىن مەنىسىدە.

داستانىنىڭ 2130 ـ، 2131 ـ بېيىتلىرىدىن تۈزۈلگەن رۇبائىيدا ئادالەتلىك قانۇن ئاساسىدىكى سىياسەتلەرگە مۇنداق باھا بېرىلىدۇ:

بۇ بەگلەر قاپۇغىن سىياسەت بەزەر
سىياسەت بىلە بەگ ئەلىنى تۈزەر
ئەسىزكە سىياسەت يورىتغۇ كەرەك
بودۇن بولغانۇقىن سىياسەت سۈزەر
[بۇ بەگلەر ئىشىكىن سىياسەت بېزەر،
سىياسەت بىرلە بەگ ئېلىنى تۈزەر.
يامانغا سىياسەت يۈرۈتمەك كېرەك،
بولغانسا خەلق گەر، سىياسەت سۈزەر.]

روشەنكى، مۇتەپەككۇر سىياسەتنى بىر خىل جەڭگىۋار ۋاستە سۈپىتىدە تەرىپلىگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدىكى ئاساسلىق مەسىلە سۈپىتىدە تەكىتلەپ، ئۇنى ئېغىز ياكى شەكىلدە كۆرسىتىدىغان «ئويۇن»غا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا قەتئىي قارشى ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 2132 ـ، 2133 ـ، 2135 ـ بېيىتلىرىدا قانۇن بىلەن مالىيە ـ ئىقتىسادنى دۆلەتنىڭ ئىككى مۇھىم نېگىزى سۈپىتىدە مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

بۇ ئەل تۇترۇقى ھەم تۈپى بەكلىكى
ئىكى نەڭ تۈرۈر ئەسلى يىلدىز كۆكى
[بۇ دۆلەت تىرىكى — ئۇلى، بەكلىكى،
بۇ ئىككى نەرسىدۇر يىلتىزى — كۆكى:]
بىرىسى بودۇنقا تۆرۈ ئول ئۇلۇش
بىرىسى ئەر ئاتقا ئۇلەسە كۈمۈش

[بىرى، خەلققە بەرمەك قانۇندىن ئۈلۈش،
بىرى، خىزمەت ئەتكەنگە بەرمەك كۈمۈش.]
بۇ ئىككى قۇتۇ بولسا بەگدىن سەۋىنچ
ئەلى قاپغى ئەتلۈر بولۇر بەگ ئاۋىنچ
[شۇ ئىككىسى بەگدىن خۇش ئولغان زامان،
ئەل رەتكە چۈشۈپ، بەگ ئاۋۇنۇر شۇئان.]

«قۇتادغۇ بىلىك» تە قانۇن بىلەن باشقۇرۇش نوقۇل ھەربىي ھاكىممۇتلەقلىققە زىت ھالدا، «قەلەم» ۋە «ئەلەم» دىن ئىبارەت دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئىككى ئاساسىي ھالقىسىنىڭ بىرى، ھەتتا ئاساسلىقى سۈپىتىدە كۆچەيتىلىپ ئىزاھلانغان. داستاننىڭ 2711 ـ، 2426 ـ، 2715 ـ، 2716 ـ، 2419 ـ بېيىتلىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق يېزىلغان:

قىلىچ بىرلە تۇتلۇر قالى تۇتسا ئەل
قەلەم بىرلە باسلۇر قالى باسسا ئەل
[ئەل ـ يۇرتنى تۇتماقلىق قىلىچلە بولۇر،
ئۇ ئەلدە ھۆكۈملەر قەلەملە يۈرۈر.]
قىلىچ بىرلە ئالسا بولۇر تەرك ئەلىگ
قەلەم بولماغىنچا باسۇماز ئەلىگ
[بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.]
قىلىچ قان تامۇزسا بەگى ئەل ئالىر
قەلەمدە قارا تامسا ئالتۇن كەلىر
[قىلىچ قان تېمىتسا، بېگى ئەل ئالار،
قەلەمدىن سىياھ تامسا، ئالتۇن يىغار.]
بۇ ئىكى تورۇر بۇ ئاژۇن تۇترۇقى
ئوزا كەچمىش ئىش ھەم كەلىر ئۇترۇقى
[جاھان تۈۋرۈكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى كەلگۈسى.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئەل باغى ئۆركى بۇ ئىكى تۇزەر
بۇ ئىكى بىرتىكسە ئانى كىم ئۇزەر
[بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىپىن تۈزەر،
بىرىكسە بۇ ئىككى ئۇنى كىم ئۈزەر.]

شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق مەنپەئەتى ۋە ئەقىل - بىلىم شەرتى ئاستىدا ئادالەتلىك قانۇن بىلەن خانلىق تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرگەن ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ، باشقىچە ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى[7] ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كۆرۈنەرلىك تەشەببۇسچىسى بولغانىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە مۇتەپەككۇردىكى ئادالەتلىك قانۇن ئارقىلىق خانلىق ھوقۇقىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت دېموكراتىك خاھىشىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى. ئۇ داستانىنىڭ 821 -، 2127 -، 2128 - بېيىتلىرىدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

كۈنىلىك ئۆزە بولدى بەگلىك ئۇلى
بۇ بەگلىك كۆكى ئول كۈنىلىك يولى
[ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.]
بۇ ھىممەت بىلە ھەم سىياسەت كەرەك
سىياسەتقا بەگلىك رىياسەت كەرەك
[بۇ ھىممەت بىلەن ھەم سىياسەت كېرەك،
سىياسەتكە بەگلىك رىياسەت كېرەك.]
سىياسەت بىلە بەگ تۈزەر ئەل تۆرۈ
قارا قىلقى ئەتلۈر سىياسەت كۆرۈ
[تۈزەر ئەل قانۇنىن سىياسەتلەر خان،
ئاۋام خۇلقىنى ھەم ئەتلەر شۇ تامان.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەل ئىچىگە پەقەت ئادالەتلىك قانۇن

يۇرگۈزۈش، تاشقى دۈشمەنلەرگە قورال ئىشلىتىش، خەلق ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئاۋۋال سىياسىي ۋاسىتىلەر بىلەن ھەل قىلىش، پەقەت بۇنىڭدىن ئۈنۈم ھاسىل بولۇش مۇمكىنلىكى قالمىغان شەرت ئاستىدىلا قورالغا تايىنىش، ئەمما شۇنداقتىمۇ قورالنى پەقەت يامانلارغىلا قارىتىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇ سىرتقا بىغەملىك ۋە خەلق ئىشلىرىغا ۋەھىمىلىك، تەھلىكىلىك مۇئامىلىدە بولۇشنى دۆلەت مۇنقەرزلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبى سۈپىتىدە قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەقەت خەلقنى نەزەردە تۇتقان قانۇنلا ئادالەتلىك قانۇن بولىدۇ؛ ئادالەتسىز، ساختا «قانۇن» دۆلەت گۈللىنىشىنىڭ كاپالىتى بولالمايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، قانۇن خەلقنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزۈلۈشى لازىم، دەپ قارىغان. ئۇ قانۇننىڭ ئادالەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئۇنىڭ خەلققە ئېزگۈ بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ۋە خەلققە بەخت يارىتىشىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ ھەقتە داستاننىڭ 5197 ـ، 5302 ـ، 5765 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

باغىرساق بولۇن بارچا بودنۇڭ ئۆزە
تۆرۈ قىل ئۇلۇغقا كىچىگكە تۈزە
[پۈتۈن خەلق ئۈچۈن سەن بولۇپ مېھرىبان،
كىچىك ـ چوڭغا ئادىل ھۆكۈم قىل ھەر ئان.]
چىغاي تۇل يەتىمىگ باقاتۇر كۆرۈ
بۇلارىغ كۈدەزسە بولۇر چىن تۆرۈ
[پېقىر، تۇل، يېتىمنى قورۇغدا ئامان،
شۇ چاغدا بولۇر چىن قانۇن نامايان.]
ئاژۇن بولدى ئەرسە تۆرۈ ئۆڭدىسى
كىشىكە كىشىلىك بولۇر بەلگۈسى
[جاھاندا تۈزمەكلىك قانۇن ۋە نىزام،
كىشىگە كىشىلىك قىلىشتۇر تامام.]

www.uyghurkitap.com



يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئادالەتلىك قانۇننىڭ خەلق مەنپەئىتىنى قوغدىشى ئۇنىڭ زۇلۇمغا قارشى پائال كۈرەش قىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى: «زۇلۇم ئىشىكتىن كىرسە قانۇن تۈڭلۈكتىن چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن خەلق ماقالىغا ئوخشىتىپ تۇرۇپ، بۇ ئىككى كاتېگورىيىنى «ئوت» بىلەن «سۇ» دەك قارىمۇ قارشى دەپ قارىدى. ئۇ داستاننىڭ 2032 ـ بېيىتىدا:

كۆيەر ئوت تۇرۇر كۈچ ياغۇسا كۆيەر
تۆرۈ سۇۋ تۇرۇر ئاقسا نىمەت ئۈنەر
[زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.]

دېسە، 2030 ـ، 2031 ـ بېيىتلىرىدا زۇلۇم سالغاننىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈردى:

بۇ كۈچكەي كىشى كەندۇ بەگلىك يەمەز
بۇ كۈچكەي كۈچىنى بودۇن كۆترۈمەز
[سورەلمەس زالىم بەگ بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتۈرمەيدۇ خەلق ئۇنىڭ زۇلمىنى.]
نەگۈ تەر ئەشىتگىل بىلىكلىگ سۆزۈن
يەيۈمەدى كۈچكەي ئەلىن كەچ ئۈزۈن
[نېمە دەيدۇ ئاڭلا بىلىملىك سۆزىن:
بولالمايدۇ زالىم ھۆكۈمران ئۇزۇن.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەتلىك قانۇن يۈرگۈزۈشتە ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى، ياخشىغا مۇكاپات، يامانغا جازا قانۇن بويىچە ئادىل ۋە كەسكىن بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇ داستاننىڭ 5288 ـ، 5289 ـ بېيىتلىرىدىن بىر رۇبائىي تۈزۈپ، دۆلەت باشلىقى ۋە دۆلەت خادىملىرى

ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىشى، خەلقنىڭ رايىغا بېقىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا كۆتۈلمىگەن دەرىجىدىكى غايەت زور ئىلغار ئىدىيە، شۇنىڭدەك جەسۇر تەشەببۇس ئىدى. ئۇ مۇنداق يازغان:

ئايا بەگ قاتىغلان بۇ تاقىت تەگى
تۆرۈ قىل بودۇنقا تەگۈرگىل ئوگى
قالى تۇشسا تەقسىر يانا ئۇزرى قول
تىلىن كۈندە تەۋبە قىلىنغىل ياگى
[ئايا بەگ، تىرىشقىن كۈچۈڭ يەتكۈچە،
قانۇننى خەلققە يەتكۈز ئوڭچە،
قۇسۇرۇڭ كۆرۈلسە، تەكشۈر، ئۆزرە ئېيت،
تىلىڭ بىلەن تەۋبە قىل كۈندۈز - كېچە.]

## 3. «قۇتادغۇبىلىك»تە ھەممە كىشىنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى بايان

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى ئىدىيىسى تەنتەنىلىك جۈملىلەر ۋە ئوبرازلىق مىسرالار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ھوقۇق پەلسەپىسى تارىخىدا قىممەتلىك تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئىدىيىسىنى خاقان كۈنتۇغدىنىڭ ئۆز سۆپەتلىرىنى ۋەزىر ئايتولدىغا تونۇشتۇرۇشى شەكلىدە بايان قىلىدۇ. داستاندا ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى ۋەزىر ئايتولدى پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، خاقاننىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ جىددىي قىياپەتتە بىر - بىرى بىلەن چېتىلمىغان ئۈچ پۇتلۇق كۇرسىدا (ئورۇندۇقتا) ئولتۇرغانلىقىنى، خاقان قولىغا يالىڭاچ قىلىچ تۇتۇپ، ئۇنى ئوڭغا - سولغا يالتىرىتىپ تۇرغانلىقىنى، خاقاننىڭ بىر تەرىپىدە

ھەسەل، بىر تەرىپىدە زەھەر سىلىنغان قاچىلار قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ۋەزىر ئايتولدى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ بۇنىڭ مەنىسىنى كۈنتۇغدى ئېلىگدىن سورايدۇ. بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش شەكلىدە مۇتەپەككۇر ئۆزىنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ، ھەتتا خانزادىنىڭمۇ باراۋەرلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ھوقۇقشۇناسلىق ئىدىيىسى بىلەن، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئۇنىڭ ئادىل ۋە كەسكىن بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئىزاھلايدۇ. داستاننىڭ 824 - بېيىتىدىن تاكى 835 - بېيىتىغىچە ۋەزىر ئايتولدىنىڭ خاقان نىمە ئۈچۈن ئۆزىگە كۈنتۇغدى دېگەن ئىسىم قويغانلىقى ھەققىدىكى سوئالىغا بەرگەن جاۋابى ئارقىلىق، كۈنتۇغدىنىڭ ئادالەتلىك قانۇننىڭ سىماسى سۈپىتىدە «بىرىنچىدىن، قۇياشنىڭ يورۇقى ھەممىشە بىردەك بولغىنىدەك ئادالەتتە ئىزچىللىقى» ، «ئىككىنچىدىن، قۇياشنىڭ ھەممە يەرگە تەڭ يورۇق چاچقىنىدەك خەلققە ئادالەت نۇرىنى ئوخشاش چاچىدىغانلىقى» ، «ئۈچىنچىدىن، قۇياش ئىللىقى زېمىننى گۈللەندۈرگىنىدەك، ئادالەتتە ھەممىگە تەڭ مەنپەئەت بېرىدىغانلىقى» ، «تۆتىنچىدىن، قوزغالماس يۇلتۇزلاردەك ئادالەتنىڭ ئىزچىل، باراۋەر ۋە ئىللىقلىقى جەھەتتە بەرقارارلىقى» نى تونۇشتۇرىدۇ. داستاننىڭ 816 -، 809 -، 817 -، 818 -، 828 - بېيىتلىرىدا مۇنداق روشەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن:

بۇ قاشىم تۈگۈكى بۇ كۆركسۈزلۈكۈم
كۈچەمچى كەلىركە بۇ يۈزسۈزلۈكۈم
[بۇ قاشىم تۈرۈكى، بۇ كۆركسىزلىكىم،
زۇلۇم قىلغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىكىم.]
كۆنىلىك ئۆزەلە كەسەر مەن ئىشىگ
ئادىرماز مەن بەگسىگ يا قولسىغ كىشىگ

[قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ياقۇل دەپ ھېچ كىشىن.]
كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىن يا ياغۇق
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىكلى قونۇق
[كېرەك ئوغلۇم ئۆلسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.]
تۆرۈدە ئىكىگۈ ماڭا بىر سانى
كەسەردە ئادىن بولماغاي ئول مەنى
[ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.]
مەنىڭ مە تۆرۈم بۇ يوقالماز ئۆزۈن
قامۇغ خەلققا بىر تەگ نە قىلىقىم سۆزۈم
[مېنىڭمۇ ھۆكمىم شۇ، يوقالماس ئۆزۈم[①]،
پۈتۈن خەلققە بىردەك قىلىقىم سۆزۈم.]

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھوقۇقشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىنىڭ يەنە بىرى، ئادالەتلىك قانۇننىڭ مۇستەقىللىقى، ئىنئام بىلەن جازانىڭ ئېنىقلىقى، قانۇنىي تەدبىرلەرنىڭ كەسكىنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ قانۇن نوپۇزىنىڭ ئۆلى، ھاياتىي كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ خاتىرجەم گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قانۇن ھۆكۈمرانلىقتىن ئۈستۈن، ھۆكۈمرانلىق ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر» دەپ كۆرسەتمەكتە. داستاننىڭ 800 ـ، 801 ـ، 802 ـ، 805 ـ، 806 ـ بېيىتلىرىدا ئادالەتلىك قانۇن ۋە ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىززەت ـ نوپۇزى ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

---

① ماھىيىتىم ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

مۇنۇ مەن مە كۆرگىل كۆنىلىك تۆرۈ
تۆرۈ قىلىنقلارى بۇ باقا تۇر كۆرۈ
[ئادالەت ۋە قانۇن ئۆزۈم مەن، قارا،
قانۇننىڭ ۋەسپىنى بۇلاردىن سورا:]
بۇ كۇرسى ئۆزەلە ئۆز ئولدۇردۇقى
ئاداقى ئۇچ ئول كۆر ئاي كۆڭلۈم توقى
[مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كورسقا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياغ.]
قاموغ ئۇچ ئاداقلىغ ئەمىتمەز بولۇر
ئۇچەگۇ تۇرۇر تۇز قامىتماز بولۇر
[پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى تۈز ۋە قايماس بولۇر.]
قايۇ نەڭ تۇز ئەرسە قاموغى ئۇز ئول
قاموغ ئۇز كۆرۈ بارسا قىلقى تۇز ئول
[نېمىكى تۈز بولسا، پۈتۈن ئۈز بولۇر،
نېمىكى ئۈز بولسا، دېمەك تۈز بولۇر.]
قايۇ نەڭ ئەمىتسە كۆر ئەگرى بولۇر
قاموغ ئەگىرلەر ئەسىز ئۇرغى بولۇر
[نېمىكى ئېگىلسە، ئۇ ئەگرى بولۇر،
پۈتۈن ئەگرى ـ يامانلىق ئۇرۇقى بولۇر.]

داستاننىڭ 811 ـ بېيىتىدا:

پىچەك تەگ بىچار مەن كەسەر مەن ئىشىگ
ئۇزاتماز مەن دەۋى قىلىغلى كىشىگ
[پىچاقتەك كېسەرمەن، پىچىپ ئىشنى،
ساقلاتماي دەۋاغا كەلگەن كىشىنى.]

دەپ، ئادالەتلىك قانۇننى يۇرگۈزۈشتىكى ئۈزۈل ـ كېسىللىكنى تىلغا ئالسا، داستاننىڭ 812 ـ، 813 ـ، 814 ـ، 815 ـ بېيىتلىرىدا، خاقان كۈنتۇغدىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھەسەل بىلەن

زەھەر سېلىنغان قىلچىلار تەمسىلىدە ياخشىلىقتا مۇكاپات، يامانلىقتا جازا قوللىنىشنى ئوچۇق تەۋسىيە قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي پىكىرلەرگە بېغىشلانغان كەڭ سەھىپىسىدە، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بىر خىل قاباھەت ۋە جىنايەت شەكلىدە ئەيىبلەنگەن. بىز داستاننىڭ 2032 ـ، 3107 ـ بېيىتلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زۇلۇمنى ئوتتەك بالايىئاپەت سۈپىتىدە، قانۇننى ئۇنىڭغا سۇدەك ھايات كۆكەرتكۈچى كۈچ سۈپىتىدە خاراكتېرلىگەنلىكىنى كۆرسەك، 2030 ـ، 2031 ـ، 2034 ـ بېيىتلاردىن مۇتەپەككۇرنىڭ زۇلۇم جاھاننى ۋەيران قىلىدۇ، خەلق زۇلۇمنى كۆتۈرمەيدۇ، پەقەت قانۇن ئارقىلىقلا جاھان تۈزىلىدۇ، دېگەن ئاقىلانە كۆز قارىشىنى كۆرىمىز[①] . ئۇ داستاننىڭ 2034 ـ بېيىتىدا قانۇن بىلەن ئەلمۇ، جاھانمۇ ئۆز يولىغا چۈشۈپ تۈزىلىدۇ، زۇلۇم بىلەن ئەل بۇزۇلىدۇ، جاھانمۇ بۇزۇلىدۇ، دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

ئەل ئارتار تۆرۈ بىرلە ئەتلۈر ئاژۇن
ئەل ئەكسۇر بۇ كۈچ بىرلە بۇزلۇر ئاژۇن
[ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.]

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، بومباچى قاتارلىق قىسمەن ئالىملار كۇنتۇغدىنىڭ قىلىچ تۇتۇپ ئۈچ پۇتلۇق كۇرستا ئولتۇرغانلىقىنى گرېك ئەپسانىلىرىدىكى دىكا بىلەن تەيمىس قاتارلىق ئىلاھىي ئوبرازلار تەسۋىرىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىلىرى گرېك تەسىرىنىڭ مەھسۇلى، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى[②] . دىكا بىلەن تەيمىس قانۇن

① ئالدىنقى ماۋزۇدىكى مىسال ئېلىنغان بېيىتلارغا قارالسۇن.
② «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە» ، 158 ـ بەت.

ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەرلىكى ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى، بۇ خىل شەكىلدىن مەزمۇن ئىزدەشنىڭ ئاساسسىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. قەدىمكى گرېكلاردا مەيلى ئادەت قانۇنى، مەيلى رەسمىي قانۇن، مەيلى قانۇن ھەققىدىكى غايىۋى تەشەببۇسلاردا بولسۇن، قانۇن پەقەت ئەركىن كىشىلەرگە ھەم پەقەت گرېك مىللىتى ۋەتەنداشلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، سىنىپىي ھەم مىللىي چەك روشەن ئىدى. گرېك ئەپسانىلىرىمۇ گرېك تۈپرىقىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، تولىمۇ ھاكىمموتلەق، دەرىجىلىك، قىساسكار ئىلاھىي ئوبرازلار بىلەن تولغانىدى. بۇ مەدەنىيەت تارىخىغا تولىمۇ ئايدىڭ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكى ئىدىيىسى ئۇنىڭ ھوقۇقشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدىكى غايەت زور تۆھپىسىدۇر. ۋەھالەنكى، 1776 ـ يىلى تۈزۈلگەن ئامېرىكا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» [8] بىلەن 1789 ـ يىلىدىكى فرانسۇز بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» [9] دا غەربتە تۇنجى تۇركۈمدە «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. XVIII ئەسىر غەرب قانۇن دەستۇرلىرىدا يەنىلا بىر دۆلەتتە شۇ دۆلەتتىكى پۇقرالار ياكى شۇ دۆلەتتىكى ئاساسىي مىللەتلا قوغدىنىش ۋە جازالىنىش بويىچە قانۇن ئالدىدا باراۋەر، بولۇپ، باشقا دۆلەت ۋە مىللەت كىشىلىرى بۇ ھوقۇقتىن مۇستەسنا ئىدى.

بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟

بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غەرب قانۇنشۇناسلىرىدىن يەتتە ئەسىر ئىلگىرى تۇنجى بولۇپ بۇ كلاسسىك قاراش ۋە تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خان جەمەتى بىلەن قۇللارمۇ قانۇن ئالدىدا ھوقۇقتا باراۋەر، دېگەن كلاسسىك قاراش ۋە

تەشەببۇسىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىللەت ۋە تېررىتورىيە بىلەن چېگرىلانماي، ئۆز يۇرت ياكى چەت ئەللىك مۇساپىر دەپ ئايرىماي قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۈچ قاتلام چۈشەنچىنى نوقۇل يەتتە يۈز يىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ھاكىممۇتلەقلىقى، شەپقەتسىز زۇلۇم ۋە ئىجتىمائىي پاجىئە ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن شارائىتتا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قىممەتكە ئىگە ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېخى سىنىپىي زۇلۇم، ئىجتىمائىي زوراۋانلىقنى پۈتۈن سىنىپىي جەمئىيەتنى يوقىتىپ، سىنىپسىز ۋە مەرىپەتلىك (سىۋىلىزاتسىيىلىك) جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىلەن يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تىلغا ئالغان زۇلۇم پەقەت چەكتىن ئاشقان زوراۋانلىق ۋە ئادالەتسىزلىك ھادىسىلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، پۈتۈن فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش دېگەن چۈشەنچىدىن تولىمۇ يىراق ئىدى.

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ھەممە كىشىنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكى قارىشىنىڭ تارىخىي قىممىتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەممە كىشىنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكى ئىدىيىسىنى غەرب بۇرژۇئازىيە دېموكراتلىرىدىن يەتتە ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇپ قالدى.

شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ بىر

پارلاق قانۇنشۇسلىق ئىدىيىسىنى مۇتلەق مەنىدە ئەمەس، بەلكى نىسپىي ۋە تارىخىي مەنىدە غەرب بۇرژۇئازىيە دېموكراتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىدىيىسى ۋە دەسلەپكى تۇركۇمدىكى بۇرژۇئازىيە ئاساسىي قانۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەممە كىشىنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكى ئىدىيىسى ئۆزىگە خاس تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى مۇنداق ئىخچاملاش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئىدىيىسىنى خۇددى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىدەك فېئودالىزمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بوھرانى ۋە كاپىتالىزمغا ھامىلدارلىقى مۇھىتىدا، مەيدانغا كېلىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ قالغان كاپىتالىزمنىڭ ھوقۇقشۇناسلىق ئىدېئولوگىيىسى ياكى يېڭى بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇن ئۇستقۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا ئاتقىنى يوق، بەلكى ئۇ فېئودالىزمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە، «ئەرەب مەدەنىيەت ئويغىنىشى» نامىدىكى شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرى يېتەرلىك ئۇچراشقان زاماندا، فارابى باشچىلىقىدىكى گۇمانىستىك ـ راتسىئونالىستىك تەپەككۇر جاۋاھىراتلىرى مۇجەسسەملەشكەندىن كېيىنكى چاغدا، قاراخانىيلار ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا يۈزلەنگەن، فېئوداللىق ھاكىمىيەت قانۇن بولغىنىشىدىن، ئەخلاق بۇزۇلۇشىدىن ھالاك بولۇش ياكى قانۇن ـ ئەخلاق ئىسلاھاتى ئارقىلىق يەنە داۋاملىشىشى مۇمكىن بولۇپ تۇرغان مۇھىتتا، ئۆزىنىڭ فېئودالىق تارىخىي ئورنىدا چەكلىمىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار بولغان غايىۋى جەمئىيەت مودېلىنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئۇ بىر تەرەپتىن رېئاللىققا يۈزلىنىپ تەركىيدۇنياچىلىقنى ئەيىبلىدى، رېئال دۇنيانى تۈزەشكە ئىنتىلدى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىنقىلاب ئارقىلىق

فېئودالىزمنى غولىتىپ تاشلاشنى ئەمەس، بەلكى ئېزگۈ، ئادالەت ۋە قانۇن بىلەن قاباھەت، زوراۋانلىق ۋە بۇلغىنىشلارنى تازىلاشنى تەكىتلىدى. دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلام ئېلىپ بېرىش ۋە قانۇن تۈزۈشنى ئەمەس، بەلكى پادىشاھنىڭ قەلبى، ئىرادىسىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە تايىنىشنى؛ يىغىن - پارلامېنتقا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى بىلىم - ھېكمەتكە تايىنىپ دۇنيانى تۈزەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ بارلىق مۇتەپەككۇرلاردەك بىلىم ۋە ئەقىلگە تايىنىپ كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار نەزەر تاشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى «بىلگۈ ئېلىگ» (دانىشمەن خان)، «ئېلىگ تۆرۈ» (دانا قانۇن)، «كۆنى تۆرۈ» (ئادىل قانۇن) ئىدىيىلىرى بىلەن پلاتون — فارابىلارنىڭ «پەيلاسوپ پادىشاھ» تەلىماتلىرىغا، جۈملىدىن سۇلايمان، ئەفراسىياپ، نۇشىرۋانلارنىڭ ئوبرازىغا يىغىنچاقلاشقان غايىۋى خاقان تەپەككۇرىغا يۆلەندى، ئۇنى يۇقىرى نەزەرىيىۋى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ، سىستېمىلىق ۋە كلاسسىك پىكىر شەكلىگە سالدى.

ئىككىنچىدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئىدىيىنى يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالەم ۋە ئىنسانىيەت گارمونىيىسىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت تىپى[10] ئىزىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇ مەدەنىيەت تىپىغا خاس ھوقۇقشۇناسلىق نەمۇنىسىنى تىكلىدى.

مەلۇمكى، يىراق شەرقتە، جۈملىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىنسان بىلەن پادىشاھنىڭ مۇناسىۋىتى، پۇقرانىڭ ئەمەلدارغا، ئەمەلدارنىڭ پادىشاھ، ئالەمنىڭ پادىشاھ (ئىمپېراتور) قا قاراشلىقى كىشىلىك پەلسەپىسى قىلىنغانىدى. سوغا - سالام، باج - سېلىق، ھاشار - سەيسە پۇقرادىن ئەمەلدارغا قاراپ يۆزلىنەتتى. بۇ قاراش سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «ئاسمان تەكتى ئاۋامنىڭ» دېگەن يېڭى شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ئىلھام

بولدى. جۇڭگو تارىخىدا كۆپ قېتىم قانۇن ئىسلاھاتى تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، قەدىمدىن داۋام قىلغان، مەدەنىيەت تىپى خاراكتېرى يارقىن بولغان ئەنئەنىۋى كىشىلىك ۋە ھوقۇق قارىشىغا زىت ھالدىكى بۇ «ئاسمان تەكتى ئاۋامىنىڭ» دېگەن قاراشنى ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويالمىغانىدى.

غەربىي ياۋروپا كىشىلىك قارىشىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت تىپى، ئىنسان بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىنى ئۆلچەم قىلاتتى. «تەبىئەتكە تەقلىد قىلىش» يالغۇز سەنئەتتىلا ئەمەس، ھەممە كىشىلىك قاراشلىرى ساھەسىگە تەئەللۇق بولغان. ياۋروپا بۇرژۇئازىيە مەرىپەتچىلىرى ۋە ماتېرىيالىستلىرى مۇشۇ مەدەنىيەت تىپى ئاساسىدا «ئىنساننىڭ تەبىئىي (تۇغما) ھوقۇقى» پرىنسىپىنى مەركەز قىلىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن غەربىي ئاسىيا خەلقى ئىنسان بىلەن مۇقەددەس كۈچنىڭ — ئىلاھنىڭ مۇناسىۋىتىنى كىشىلىك قاراشلىرىنىڭ مەركىزى قىلغان ئۈچىنچى خىل مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە ئىدى. بۇ زېمىننى ئاسمانغا، ئاسماننى زېمىنغا، ئىنساننى تەڭرىگە، تەڭرىنى ئىنسانغا تۇتاشتۇرىدىغان مۇقەددەس «قۇت»نى ئاساس قىلاتتى. ئۇيغۇرلار مەيلى كۆكتەڭرى، مىترا (مەرگەن تەڭرى)، شامان، ئاتەشپەرەس، بۇددا، مانى ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان چاغلاردا بولسۇن، «قۇت» ئىبارىسىنى ئەڭ ئالىي پرىنسىپ، ئالەم - ئىنسان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقەددەس نىزامى قىلىپ كەلدى. «جۇنامە. كۆكتۈرك تەزكىرىسى»دە قەيت قىلىنغان يېڭى خاقاننى توققۇز كىشى كۆتۈرۈپ قوياشنى توققۇز ئايلاندۇرۇپ، قوياشقا توققۇز سالام قىلدۇرىدىغان، تەختكە چىقىپ ئولتۇرغاندا بويىنىنى تانىدا باغلاپ، قۇت ھۆرمىتى خەلققە نېمە قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى سۆزلىتىشى، «ئورخۇن مەڭگۈ

تاشلىرى»، «تۆرپان تېكىستلىرى»، «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ھازىرغىچە «قۇت» ئىبارىسىنى ئۇلۇغ بىلىشى، پادىشاھلارنىڭ خەير - ئېھسان بېرىشى، چوڭلارنىڭ كىچىكلەردىن دەسلەپ قىلىپ سالام بېرىشنى تەلەپ قىلىشى، مانا مۇشۇ مەدەنىيەت تىپىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت (جۇملىدىن بەخت) نىڭ بىقارارلىقى، قانۇننىڭ پادىشاھتىن ئۇستۇنلۇكى، ئادالەتنى نېگىز قىلىپ، قانۇن بىلەن سىياسەت يۈرگۈزۈش قاراشلىرىمۇ ئەنە شۇ «قۇت» مىزان قىلىنغان مەدەنىيەت تىپىنىڭ راۋاجى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى قارىشى ئۇنىڭ نوقۇل قانۇن («تۆرۈ»، «تۆرۈ - توقا») بىلەن ئەل باشقۇرۇش ئىدىيىسىنىڭلا مەھسۇلى بولماي، بەلكى مۇقەددەس «قۇت» — تەڭرى — تەبىئەت — ئىنسانىيەت گارمونىيىسى پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچىدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنئەنىۋى «قۇت» پرىنسىپىغا يېڭى تارىخىي قاتلام بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى «قۇت» ئوبيېكتى بىلەن «بىلىك» سۇبيېكتىنى بىرلەشتۈرگەنلىكتۇر. مۇتەپەككۇر «ئادالەت» («كۆنى») كاتېگورىيىسىنى مانا مۇشۇنداق بىرلەشكەنلىكنىڭ كونكرېت مەھسۇلى دەپ قارىدى.

دەرۋەقە، «بىلىم» («بىلىك») بىلەن «ئادالەت» ئىبارىسى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدا قەدىمدىنلا مەۋجۇت ئىدى. «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دىكى: «بىرىكى بودۇنۇغ ئوت سۇب قىلمادىم» (پۈتۈن خەلقىمنى ئوت بىلەن سۇدەك قىلىپ قويمىدىم) دېگەن سۆز بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەندىك كىشى تەتىلسۇن،
ئەلگە تۆرۈ يەتىلسۇن،
توقلى بۆرى قاتىلسۇن،
قازغۇ يەمە ساۋىلسۇن.
[ھاماقەت سەگەك بولسۇن،
ئەلگە قانۇن ئورناتسۇن،
قوزا ـ بۆرە قوشۇلسۇن،
ھەممە غەمدىن قۇتۇلسۇن.]

دېگەن قەدىمكى تۈركىي قوشىقى ئۇنىڭ دەلىلى ئىدى. بىز مۇللىبر ئىلان قىلغان ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇغ»، XII — XIV ئەسىرگە تەئەللۇق ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلەر، «ئاتاۋاكا دىۋە ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىق «تۇرپان تېكىستلىرى» ھۆججەتلىرىدە «كۆنى بىلگە بىلىك» (ھەققىي ئادىل دانالىق بىلىمى)، «ئىل ياڭىنچا تۈشى بىلە كۆنى بىرۇر مىن» (ئەلگە ئۆز ئۇلۇشىگە لايىق ئادالەت بېرىمەن)، «ئازداقسىز، ياڭلۇقسىز كۆنى كېرتۈ يورۇقىڭىز ئول» (بىغۇبار، خاتاسىز ھەقىقىي ئادىل نۇرىڭىز)، «تۈرقارۇ كۆنى كېرتۈ يورغىن يورسا ئول تېمەن كىشكا سانۇر» (ئۇ ھەقىقىي ئادالەت نۇرىنى تۈمەن كىشىگە يايۇر) دېگەن ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا «كۆنى سۆز» (ھەق سۆز) دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن باشقا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» دىكى «دۆلەتنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن تۈزەپ» (ئۇيغۇرچىسى ئۇچۇپ كەتكەن، خەنزۇچىسى 《以明智治国》 دەپ يېزىلغان) دېگەن سۆز بىلەن «ئالتۇن يارۇغ» دىكى: «بىلىكلىگ ئەرتەملىك قۇتلۇنۇر» (بىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق قۇتلۇق بولۇر) دېگەن سۆزدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم — ئادالەت — قانۇن — دۆلەتنى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بويىچە بىرلەشتۈردى ۋە يېڭى تارىخىي فورماتسىيىگە ئىگە قىلدى. ئۇ ئىنسانىنىڭ مۇقەددەس

«قۇت»قا بولغان مۇناسىۋىتىنى پانتېئىزملىق ئاساستا ئالەم، ئىلاھىيەت، ئىنسانىيەتنىڭ گارمونىك بىردەكلىكى ئاساسىدا چۈشەندى ۋە ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى «كىشىلىك دېمەك كىشىلىككە كىشىلىكچە مۇناسىۋەت قىلىش» دەپ ئىزاھلىدى. ئۇ ئۇلۇغۋار ئىنسانپەرۋەر سۆيىتىدە كىشىلىك ھوقۇقىنى ئىزچىل قوغدىدى ۋە كىشىلىككە مۇناسىپ مۇناسىۋەتلەر توردىكى غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ھەتتا زوراۋانلىققا قارشى كۆرەشنى خەلقنىڭ قۇتلۇق پائالىيىتى ۋە قۇت تىكلەش ھوقۇقى، دەپ قارىدى. بۇ خەلقنىڭ «تۆرۈ قۇتى»، «كۆنى تۆرۈ» يولىدىكى «ئەركىنلىك ئىزدىمەك) ھەرىكىتى «ئەركىسىنمەك» (ئەركىنلىك ئىزدىمەك) ھەرىكىتى ھېسابلىناتتى.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھوقۇقشۇناسلىق ئىدىيىلىرىنىڭ يىلتىزى، مەدەنىيەت تېپى، خاس مەزمۇنى ۋە تارىخىي قىممىتىگە ياندىشىشىمىزدا، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھالقىلىق، ماھىيەتلىك نۇقتىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. ئالىمنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى قارىشىنىڭ تارىخىي قىممىتى ئۇنىڭ ئادەت قانۇنى، يازما (ھۆججەتلىك) قانۇن ياكى بۇ پىكىرنى غەرب بۇرژۇئازىيە قانۇنشۇناسلىرىدىن قانچىلىك ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

## 5. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەينى زامان ئىجتىمائىي تەبىقىلىرى تەپسىلاتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەينى زامان ئىجتىمائىي تەبىقىلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇر ۋە قاراشلىرى تەتقىقاتى قىزىقارلىق، مۇھىم بىر تېما.

بەزى مۇتەخەسسىسلەر، مەسىلەن، تۈركىيە ئالىمى كاپسوغلو: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە مېتافىزىكا ۋە سىنىپلارغا ئايرىشنى ئۇچراتمايمىز»، «يۈسۈپنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنى ‹ئومۇمىي چۈشەنچە› دەپ قاراش تېخىمۇ توغرا»① دېسە، بەزى مۇتەخەسسىسلەر، مەسىلەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئالىمى، دوكتور، پروفېسسور ئەزىز نارىنبايوف: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلىرى بىلەن قاتلاملىرىنىڭ، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكلىرى ياتقانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، تەپسىلىي سىنىپلارغا بۆلۈپ تەبىقىلەشتۈرۈپ چىققان»② دەپ يازدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەتقىقاتچىلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسەب جەھەتتىكى پەرقلەر مەڭگۈلۈك دېگەن قاراشلىرى بىلەن باي ــ كەمبەغەل پەرقىنى تۈگىتىپ «قوي بىلەن بۆرە بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان»، «گۈزەل جاھان» قۇرۇش تەشەببۇسلىرىنى ئۆزئارا زىددىيەتلىك، دەپ چۈشەنمەكتە. مانا بۇلارمۇ ئالىمنىڭ ئىجتىمائىي تەبىقىلەر قاراشلىرى تەتقىقاتىغا زوق قوشىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئېيتىش مۇمكىنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ فېئوداللىق سىنىپىي جەمئىيەتتە ياشىغان ۋە ئۆز قاراشلىرىدا ئەينى زامان سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى پاجىئەلەر ئۈستىدە مۇھاكىمىلىك ئۇچۇر ئىپادىلىگەن. بۇ ھېچقانداق «مېتافىزىكا» لىق ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي رېئاللىق.

ئېيتىش مۇمكىنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەسەب پەرقلىرىنى ئۇزاق ساقلىنىدىغان، كېلىپ چىقىش ۋە داۋاملىشىش

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 151 ــ ۋە 133 ــ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 214 ــ بەت.

سەۋەبىياتلىرىغا ئىگە پەرق، دەپ قارىغان. بۇ پەرقنى پۈتكۈل كىشىلىك تارىخىدا ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ سىنىپىي پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ قانۇن ۋە ئىگىلىكنى ئىسلاھ قىلىش پروگراممىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولاتتى. ئوخشاشلا ئۇ بۇ پەرقلەرنى تۈگىتىش مۇمكىن دەپ ئۈمىدلەنمىسە، ئۆزىنىڭ قانۇن ۋە ئىگىلىك ئىسلاھاتى تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولاتتى. مەسىلە شۇ يەردىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ سىنىپلارنى بىز چۈشىنىۋاتقان دەرىجىدە چۈشەنمىدى، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە يىلتىزلىرىنى يېتەرلىك بىلمىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان رەڭگارەڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى، كۆلكە ۋە نالە سادالىرىنى كەسىپ (پائالىيەت) پەرقى ۋە قاتلام (مۈلكىي ئىگىلىك) پەرقى بويىچە تۈرگە ئايرىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭچە، كەسىپتە قاتلام مەۋجۇت ئىدى! كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈپ، قاتلاملارنى تەڭشەش، بىپىتىشتا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي تەبىقىلەرنى ئۇلارنىڭ ماددىي بايلىققا بولغان ئىگىدارچىلىق دەرىجىسىگە قاراپ ئۈچ دەرىجىگە — بايلار تەبىقىسى، ئوتتۇرا ھاللىقلار تەبىقىسى ۋە كەمبەغەللەر («چىغايلار») تەبىقىسىگە ئاجراتقان. ئۇ ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالى ئوخشىمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سىياسەت ۋە باج - سېلىقتا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، كەمبەغەل ئاھالىنى چامىسى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلىماسلىق لازىم، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەينى زاماندىكى، ھاللىقلارنى يۈلەپ نامراتلارنى باسىدىغان، پۈتۈن دۆلەت خىراجىتىنى نامرات ئاھالە بېشىغا چاپىدىغان ھەققانىيەتسىزلىككە قارشى خەلق مەنپەئىتىنىڭ ھەقىقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھامىيلىقى ئىدى.

ئۇ داستانىنىڭ 5561 ـ، 5562 ـ، 5563 ـ، 5564 ـ، 5565 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق مۇھاكىمە بايان قىلىدۇ:

بۇلاردا بىرىسى بۇ بايلار تۇرۇر
بودۇن كۈچلۈكى بۇ ئاي قىلقى ئۇنۇر
[بۇ ئۈچىنىڭ بىرىكىم ئۇ بايلار ئېرۇر،
خەلقنىڭ كۈچلۈكى شۇلار، ئەي جەسۇر.]
بۇلاردا باساسى كۆر ئورتۇ كىشى
بۇ ئورتۇ قىلۇماز بۇ بايلار ئىشى
[كېلىدۇ ئۇلاردىن سوڭ ئورتا كىشى،
بۇلار قىلالمايدۇ ئۇ بايلار ئىشى.]
چىغايلار تۇرۇر كۆر بۇلاردا باسا
بۇلارىغ كۈدەزگۈ قامۇغدىن ئوزا
[كېلۇر ئۇندىن كېيىن خەلق يوقسۇللىرى،
كۆزەتكىن ئۇلارنى سەن ئەڭ ئىلگىرى.]
يۇدۇرمەگۈ بايلار يۈكىن ئورتۇقا
بۇ ئورتۇ بۇزۇلغا تۈكەل ئارتاغا
[يۈدكۈزمە بۇ بايلار يۈكىن ئورتىغا،
چۈشەر بۇلار بۇزۇلۇپ خاراب ھالىغا.]
چىغايقا يۇدۇرمەگۈ ئورتۇ يۈكى
چىغاي ئۆلگە ئاچىن ئۇزۇلگە كۆكى
[يوقسۇلغا يۈدكۈزمە ئورتىلار يۈكىن،
ئۆلەر ئاچتىن، بۇ ھال قىرىپ يىلتىزىن.]

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئەينى زاماندىكى ھەر خىل مەمۇرىي، مەنىۋى ۋە ئىقتىسادىي كەسپىي گۇرۇھلار، تەبىقە ۋە تائىپىلەر، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، رولى، ئۇلارنىڭ ھايات شارائىتلىرى ۋە تۇرمۇش شەكلى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى

ئالاھىدىلىكلىرى، ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلارغا قوللىنىشى لازىم بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتى، بۇ خىل ھەر خىل گۇرۇھلار ئارىسىدا بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ھەمجەھەتلىك، گارمونىيە ھاسىل قىلىشنىڭ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلق ھاياتىنى پاراۋانلاشتۇرۇشتىكى غايەت زور ئەھمىيىتى قاتارلىقلار ھەققىدە كەڭ توختىلىلغان ۋە تارىخىي مەلۇمات بېرىلگەن.

داستاندا بۇلار قاتارىدا ھۆكۈمران تەبىقىلەر، مەنسەپ ئەھلى، ساراي خىزمەتچىلىرى («قاپۇغداقى ئەرەت»)، دىنىي ئاقسۆڭەكلەر («سەئىد»)، ئالىم، مۇتەپەككۇرلار («ئالىم»، «ئىلىگ»)، تېبابەتچىلەر («ئوتاچى»، «ئەمچى»)، مۇنەججىملەر («يىلدۇزچى»)، چۈش تەبىرچىلىرى («تۈش يۇرغۇۋچى»)، شائىرلار، دېھقانلار («تارغچى»)، سودىگەرلەر («ساتىغچى»)، چارۋىچىلار («ئىگدىشچى»)، تۆمۈرچى («تەمۈرچى»)، ياغاچچى («قىرمىچى»)، موزدۇز («ئەتۈكچى»)، ئوقچى قاتارلىق ھۈنەر - كاسىپلار («ئۇز»)، يوقسۇللار («چىغاي») تىلغا ئېلىنغان. ئۇلارنى ئاقىلانە چۈشىنىپ، ئۇلارغا توغرا سىياسەت قوللىنىپ، دۆلەتنى تىنچ گۈللىتىش يوللىرى تەۋسىيە قىلىنغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان شارائىتىغا كۆرە، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن سودا - تىجارەت ۋە ئىچكى - تاشقى قاتناش ئالاقىلىرىنى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي ساھەلىرى ھېسابلىدى.

ئۇ دېھقانلار توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇلارنى «كېرەكلىك ۋە سۆيۈملۈك كىشىلەر»، «ئۇلارنىڭ قولى ئوچۇق، كۆڭلى كەڭ»، «ئۇلاردىن بارلىق تىرىكلىك مەنپەئەتدار»، «ھەممىگە ئۇلاردىن يېمەك - ئىچمەك لەززىتى تېگىدۇ»، «تىرىكلىكنى

خالىغان بارلىق ئوزۇقلانغۇچىلار ئۇلارغا موھتاج»، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇلارغا ياخشى سۆزلە، ئوچۇق چىراي بول» دەپ كۆرسىتىدۇ، شەھەر مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن دېھقانلارغا نەزەر ئاغدۇرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئولتۇراقلىشىش، يەر - مۈلۈك سودىسى، سۇغىرىش مەسىلىلىرى، يېمەك ۋە كىيىنىش بىلەن تەلىم مەسىلىلىرىنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىنى ئۇل قىلغانلىقى، قەدىمكى ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ھاياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ چارۋىچىلار توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇلار «مەنپەئەتلىك كىشىلەر»، «ھالال كىشىلەر»، ئۇلار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، مىنىدىغان ئات، جەڭ ئايغىرى، يۈك توشۇيدىغان ئات، قىمىز، سۈت، يۇڭ، ياغ، قېتىق («يوغرۇت»)، قۇرۇت، تۆشەك، كىگىز قاتارلىقلار بىلەن جەمئىيەتنى تەمىنلەيدۇ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىل، ئۇلارغا تېخىمۇ كەڭ قوللۇق بولغىن، ئۇلاردىن قانۇن ياكى قائىدە تەلەپ قىلىپ ئولتۇرما، دەپ كۆرسىتىدۇ.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاھالىنىڭ كۆچمەنى — چارۋىچى تەركىبىنى ئۇنىڭ ئولتۇراقلاشقان دېھقان تەركىبىدىن كۆرە مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان، دەپ قارىغان. بۇ ئۇنىڭ مىللىي مەسىلىگە ئائىت كۆز قارىشى بولماستىن، بەلكى ئەينى زاماندىكى رېئال ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان تونۇشى ئىدى.

مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ئىگىلىكى ۋە پۇتكۇل تارىخىدا ئولتۇراقلاشقان دېھقانچى ئاھالە بىلەن كۆچمەن چارۋىچى ئاھالە ئاساسلىق تارىخىي پېرسوناژلار سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ

باراتتى. ئۇلار ھەم پەرقلىق، ھەم ئورتاقلىققا ئىگە خەلق ئىگىلىكى تورىنى ھاسىل قىلغان. قەدىمكى ئاتەشپەرەسلىك دەستۇرى «ئاۋستا» دا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر قاراڭغۇ (جاھالەت) پادىشاھلىقى سۈپىتىدە، ئولتۇراقلاشقان دېھقانچى قەبىلىلەر يورۇقلۇق پادىشاھلىقى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، ئولتۇراقلىشىپ ھەم دېھقانچىلىق، ھەم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش تەشەببۇس قىلىنغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت فېئودالىزمنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا قەدەم قويغان خاندانلىقنىڭ يەنىلا ئولتۇراقلاشقان دېھقان - چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىشى لازىملىقىنى، شۇنىڭدەك كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە نىسبەتەن مۇۋاپىق سىياسەت قوللىنىشى لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلغانىدى. كارل ماركس ئولتۇراقلاشقان ئاھالە بىلەن كۆچمەنچى ئاھالە مۇناسىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ سۇغىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەتتا بارلىق شەرق ئەللىرى قەبىلىلىرى ھاياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئاچقۇچ، دەپ كۆرسەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ چىگىل قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ھەققىدە توختالغاندا، «ئۇلارغا ياخشى سۆز قىل، ئەمما دوست تۇتما، ئۇلار پەسكەش، قوپال ۋە پاراسەتسىزدۇر»① دەپ تىلغا ئالغانلىقى، ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى بىلەن ئالاقىدار بولسا كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قول ھۈنەرۋەنلىكى ۋە سودا - تىجارەت ئۈستىدە توختالغاندا، سودا - تىجارەت

---

① «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 1956 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، I توم، 283 - بەت.

ھېرىسمەنلىكى (重商主义)[11] ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ماختاشلىرى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىققا نىسبەتەن قىزغىن ئىدى.

ئۇ قول ھۈنەرۋەنلىكىنى ئالەمنى زىننەتلەش سەنئىتى سۈپىتىدە:

بۇ دۇنيا ئەتىگى بولاردىن تۇرۇر
ئازۇندا تاڭ ئىشلار بولاردىن تۇرۇر
[بۇ دۇنيا زىننىتى بولاردىن تۇرۇر،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بولاردىن كېلۇر.]

دەپ تەرىپلىسە، سودا ـ تىجارەتنى:

ئۇلاردا بولۇر بۇ ئازۇن ئارزۇسى
بودۇن كۆركى، ئۆدرۈم تالۇ ئەدگۈسى
[ئۇلاردا بولۇر بۇ جاھان ئارزۇسى،
خەلق كۆركى، سەر خىل جىمى ياخشىسى.]

دەپ تەرىپلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سودىگەرلەرنىڭ ئۆز پايدىسىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي خاراكتېرىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئوبيېكتىپ رولى جەھەتتىن ئۇلارنى دۇنيادىكى ئاجايىپ نەرسىلەرنى قەدىرلىگۈچى، كۆپ كۆرۈپ، كۆپ بىلگەن ۋە بىلىملىك كىشىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كەڭ نەزەر ۋە ئاقىلانىلىققا ئىگە كىشىلەر دەپ ئالاھىدە تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ «قىتتان كارۋانلىرى ئۈزۈلۈپ قالسا، مىڭ تۈمەن خىل تاۋار ـ دۇردۇن قەيەردىن كېلەتتى» ، «سودىگەرلەر جاھان كېزىپ يۈرمىسە، كىممۇ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى تىزالايتتى» ، «قىسقىسى، ئۇلارسىز قارا قىشتا

قانداق كىيىنگەن بولاتتۇق» ، «ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار نام توشۇغۇچىلار، شۆھرەت يايغۇچىلار» ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇلارغا ئىشىكىڭنى ئوچۇق تۇت، ھەققىنى بەر، ئىززەت كۆرسەت» دەيدۇ. سودا يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە قاراقچىلارنى تازىلاشنى دۆلەت باشلىقىنىڭ مەجبۇرىيىتى سۈپىتىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. دەر ھەقىقەت، 1097 ـ يىلى تاڭغۇتلار ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولىدىغان سودا يولىنى توسۇپ قويغاندا قاراخانىيلار قوشۇن ئەۋەتىپ، يولنى راۋانلاشتۇرغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شەھەر ھاياتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ گەۋدىلەندۈرۈشى، ئۇنىڭ مەرىپەتچىلىك ۋە سودا ـ تىجارەت ھېرىسمەنلىكى كۆز قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، تولىمۇ ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن يايلاق مەدەنىيىتى شەھەر مەدەنىيىتىگە ئۆتكەندىن كېيىنكى تىپىك فېئوداللىق يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىدىكى نامايەندىسى بولۇپ مەيدانغا كەلدى، بولۇپمۇ شەھەرلەرنى ھالقا قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلەر زەنجىرى مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تەپەككۇر كىرىستالى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

## 6. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىقتىسادىي تۇرمۇش مەسىلىلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ۋە خەلق ھاياتىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيىتىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان ۋە يېتەرلىك تەكىتلىگەن. ئۇ خەلق ئىگىلىكى ئىقتىسادىي ـ مالىيە مەسىلىسىنىڭ يالغۇز دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرۇشتا، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشتا، دۆلەتنى كۈچەيتىپ، خەلقنى بېيىتىشتا غايەت زور ئەھمىيىتى بارلىقىنى تەكىتلەپ قالماستىن، يەنە ھەربىي ئىشلاردىكى ئەھمىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەكىتلىگەن. ئۇ ھەتتا تەركىيدۇنيالىق تەرەپدارى زاھىت ئودغۇرمىشنىمۇ ماددىي ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلغان ھالدا ياخشىلىق، خەير - ساخاۋەت بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ماددىي بويۇملارنى بۇزۇپ - چېچىشنى ئاپەتلىك بىشارەت سۈپىتىدە قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇ داستاننىڭ 3039 -، 3042 -، 3044 - بېيىتلىرىدا مۇنداق يازغان:

ئادىن ئىكى نەڭ ئول بۇ ئەل تۇترۇقى
بىرىسى ساۋ ئالتۇن قىلىچ بىر تاقى
[ئىككى نەرسە دۆلەت تۇتۇش يولىدۇر،
بىرىدۇر ساپ ئالتۇن، بىرى تىغ ئېرۇر.]
ساۋ ئالتۇن بىلە بەرتسە بەگلەر ئەلىگ
قىلىچسىز تىلى بىرلە ئەۋرەر ئەلىگ
[ساپ ئالتۇن بىلەن بەگ سۇنسا قولىنى،
قىلىچسىز، سۆزىلە سورار ئېلىنى.]
ساۋ ئالتۇن يازار ئول تۈگۈلمىش كىشىگ
ساۋ ئالتۇن ئەتەر ئول بۇزۇلمىش ئىشىگ
[تۈرۈلگەن قاپاقنى ساپ ئالتۇن ئاچار،
ئەگەر ئىش بۇزۇلسا ساپ ئالتۇن تۈزەر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاننىڭ 2057 -، 2058 -، 3030 -، 3031 - بېيىتلىرىدا، توپلانغان مەبلەغنىڭ دۆلەت قوشۇنلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، 3075 -، 3076 - بېيىتلاردىن تەشكىل تاپقان رۇبائىيسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىدا مۇنداق مېتافورا ئىشلىتىدۇ:

ئاژۇن فەيلەسوفى نەڭى بولماسا
نەچە تىلدام ئەرسە كىشەدى تىلىگ
[جاھان پەيلاسوپى بولمىسا مېلى،
نېچە بولسا سۆزمەن، كېكەچتۇر تىلى.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مالىيە مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا كىرىم ـ چىقىمنىڭ ھالال ۋە ئۆزئارا مۇناسىپ بولۇشىنى، دۆلەت مالىيەسى ئۈستىدە سېخىيلىق قىلماسلىق، ئىسراپچىلىق قىلماسلىقنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ داستانىنىڭ 4538 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازغان:

كىرىشكە ياراشى چىقىش قىل ياقىن
چىقىش بولسا تەركىن كىرىشكە باقىن
[كىرىمگە يارىشا چىقىم ئەيلىگىل،
چىقىم بولسا، دەرھال كىرىم يولىن قىل.]

ئۇ داستانىنىڭ 2800 ـ بېيىتىدا مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان:

ئاقىلىق ئەدى كەد ئانى قودماغۇ
كىشى نەڭى بىرلە ئاقى بولماغۇ
[ سېخىيلىق بەك ياخشى، تاشلىماس كېرەك،
لېكىن خەلق مېلى بىرلە قىلماس كېرەك.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 2801 — 2806 ـ بېيىتلىرىدا بازار مۇقىملىقى، سودا ھالاللىقىنى تەكىتلىسە، 5573 ـ بېيىتىدا پۇلنىڭ ساپلىقى، پۇل مۇئامىلىسىدىكى ئىناۋەتنى تەكىتلىگەن. ئۇ داستانىنىڭ 2037 ـ، 2812 ـ بېيىتلىرىدا، دۆلەت بېگىنىڭ خەلق ئالدىدا ئىناۋەتسىز «يالغانچى خان» بولۇپ قېلىشىدىنمۇ ئېغىر بوھراننىڭ يوقلۇقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ 5575 ـ بېيىتتا مۇنداق يازغان:

بىرىسى ئەلىگدە ئارىغ تۇت كۈمۈش
ئىيارىن كۆدەزگىل ئاي بىلگى ئۆكۈش
[بىرى ئۆز ئېلىگدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي بىلىمى كۆپ ئەر، ساپلىقىن كۆزەت.]

www.uyghurkitap.com

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 2839 ـ، 2841 ـ، 2842 ـ، 2971 ـ بېيىتلىرىدا ئەمگەكنى ئۆمۈر گۈلى سىياقىدا ماختاپ، ئەگەر ئېچىنىش توغرا كەلسە ئۆتكەن ئۆمۈرگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمگەكسىز ئۆتكىنىگە ئېچىنىش لازىملىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ 3551 ـ بېيىتىدا ئەمگەك بىلەن بەختنى سەۋەب ـ نەتىجە ئورنىغا قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇتەپەككۇر «ئەمگىكىگە قاراپ ھەق بېرىش» پرىنسىپىنى شەرھىلەپ، داستانىنىڭ 2974 ـ، 2982 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق جاكارلايدۇ:

تۇسۇلار تەڭىنچە ئاچىنغۇ كەرەك
تاپىنمىش تەڭى ھەق تەگۈرگۈ كەرەك
[كىرىمگە باراۋەر قول ئاچماق كېرەك،
بېجىرگەن ئىشقا تەڭ ھەق بەرمەك كېرەك.]
تاپۇغقا كۈرۈ بەرگۈ ئەدگۈ ئاچىغ
يالىڭنى پۇتۇرگۇ تودۇرغۇ ئاچىغ
[شۇڭا، ئىشقا كۆرە ھەققىن بەرگۈلۈك،
يېلىڭغا كىيىم، ئاچنى تويغۇزغۇلۇق.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بۇ نۇقتىنى گۇمانىزم ۋە راتسىئونالىزم روھىدا ھەل قىلغان. ئۇ داستانىنىڭ 2985 ـ، 2986 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

كىشى ئەمگەك ئىدسا كىشى يۇرنىڭا
يانۇتى كىشىلىك قىلۇر ئورنىڭا
[كىشىگە قىلسا گەر، ئەجرىنى كىسى،
جاۋابەن كىشىلىك قىلماقتۇر ئىشى.]
كىشى ئەمگەكى بىلمەگۈچى كىشى
كىشى تەپ ئاتاماغۇ يىلقى تۇشى
[كىشى ئەمگىكىن بىلمىگۈچى كىشى،
دېيىلمەس كىشى، ئۇ يىلقا ئوخشىشى.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مالىيە ـ بوغالتىرىيە تۈزۈمى توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر قالدۇرغان. ئۇ داستانىنىڭ خەزىنىدار توغرىسىدىكى پۈتۈن 35 ـ بابىدا بۇ ھەقتە توختالغان. ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى:

— خەزىنىچىنىڭ كۆڭلى توق، خىيانەتتىن يىراق بولۇشى؛

— ھاراق ـ شارابتىن ۋە بىخۇدلۇقتىن، ئۇنتۇغاقلىقتىن يىراق بولۇشى؛

— بېخىللىق بىلەن لايىقىدا يوللۇق چىقىم قىلىشنى بىرلەشتۈرەلىشى؛

— ھېسابقا ماھىر ھەم ئىنچىكە بولۇشى؛

— ھېساب دەپتىرىگە يېزىش ۋە ئۇنى يەنە ھېسابات قىلىپ تۇرۇشى؛

— مالىيە ئەھۋالىنى بازار ۋە ئىگىلىك ئۇچۇرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىش ئېلىپ بارالىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان خەلق ئىگىلىكى ۋە مالىيە ـ ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدىكى قاراشلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ھېلىمۇ ئۆز دەۋرىمىز ئالاھىدىلىكلىرىگە بېقىندۇرغان ھالدا ئىجادىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە موھتاج. ئۇنىڭ «ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش» توغرىسىدىكى تەۋسىيىلىرى مۇتەپەككۇرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرتارىخىدىكى يەنە بىر ئۇلۇغۋار تەپەككۇر جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 7. «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەتنى كۈچەيتىپ، خەلقنى پاراۋان قىلىش تەشەببۇسلىرى

«قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت كۆپ قىرلىق گۆھەر تاش يەنە بىر قاراشتا دۆلەتنى كۈچەيتىپ، خەلقنى پاراۋان قىلىش توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات پروگراممىسىغا ئوخشايدۇ.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ سىنىپ ـ تەبىقىلەرنى ئۆزگەرمەس، قاتمال نەرسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى نىسپىي مەنىدە، ئۆزگىرىدىغان، ئورۇن ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە سۈپىتىدە ئىزاھلىغان، ئۇ ئالدى بىلەن زالىملارنى چەكلەش ۋە نامراتلارنى يۆلەش تەشەببۇسىنى كۆچەپ تەرغىب قىلغان.

ئۇ داستانىنىڭ 5241 — 5244 ـ بېيىتلىرىدا پادىشاھنى تېۋىپقا ئوخشىتىپ، خەلق ھالىتىدىكى ئېزىلىش، يوقسۇزلۇق، ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئىللەتلىرىنى پادىشاھنىڭ داۋالىشى لازىملىقىنى، بولمىسا، دۆلەتكە پالاكەت يېتىدىغانلىقىنى جىددىي تىلغا ئالغان. ئۇ مۇنداق يازغان:

ئاي ئەلىگ ئوتاچى سانى سەن بۇ كۈن
بودۇن بارچا ئىگلىگ ساڭا مۇڭلۇغۇن
[ئېلىگ سەن تېۋىپقا ئوخشايسەن بۇ كۈن
ساڭا موھتاج ئېرۇر ئاغرىق — خەلق پۈتۈن.]
قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئەرىنچ
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنچ
[بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.]
قايۇ ئاچ قايۇسى يالىنمىش بولۇر
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۇلىنمىش بولۇر
[بىرى ئاچ، ئۇ بىرسى يالىڭاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ ـ غەمدە پىغانلار چېكۇر.]
سەنىڭدە تۇرۇر كۆر بۇلارنىڭ ئەمى
ئوتاغىل دارۇ بىرلە بولغىل قامى
[سېنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇنىڭ دورىسى،
داۋالا بولۇپ سەن ھېكىم ـ ئۇستىسى.]

ئۇنىڭچە، كەمبەغەللەرنى ئاۋايلاش، ئۇلارنى تەدرىجىي ئوتتۇرا ھاللىققا يەتكۈزۈش، ئوتتۇرا ھاللارنى ئاۋايلاش، ئۇلارنى تەدرىجىي باياشاتلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، كەڭ پۇقرا («قارا

بودۇن» ) لارنى بايلىقتىن ئىبارەت قۇدرەت ۋە مەلىكىگە ئېرىشتۈرۈش قاتارلىقلار ھەرقايسى تەبىقىلەرگە قارىتىلغان سىياسەتنىڭ نىشانى قىلىنىشى لازىم ئىدى. ئۇ داستاننىڭ 5566 -، 5567 - بېيتلىرىدا كەمبەغەللەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، كەمبەغەللەرنى ۋە ئوتتۇرا ھال تەبىقىنى بېيىتىش تەشەببۇسىنى مۇنداق تىلغا ئالدى:

چىغايىغ كۈدەزىلسە ئورتۇ بولۇر
بۇ ئورتۇ بىرەر تىنسا بايلىق بۇلۇر
[كۆزەتسەڭ يوقسۇلنى ئۇ ئورتا بولۇر،
بىر ئاز تىنسا ئورتا، ئۇ بايلىق تاپۇر.]
چىغاي ئورتۇ بولسا بۇ ئورتۇ بايۇر
بايۇسا بۇ ئورتۇ ئەلىگ باي بولۇر
[يوقسۇل ئورتا بولسا، بولۇر ئورتا باي،
ئورتىلار بېيىسا بۇ ئەل بېيىغاي.]

سىنىپىي زۇلۇم، تەبىقىچىلىك تۈزۈمى، ئاقسۆڭەكلىك كىبىر، دىنىي ھىيلە ۋە ھەر خىل چىرىكلىك يەر - زېمىننى نالىگە سېلىۋاتقان فېئوداللىق جەمئىيەتتە خەلقنى قاششاقلىق - گادايلىقتىن قۇتقۇزۇپ، ئومۇميۈزلۈك بېيىش يولىغا باشلاش تەشەببۇسى مۇتەپەككۇرنىڭ يەنە بىر ئاجايىپ چاقناق تەپەككۇر دۇردانىسىدۇر. بۇنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىدا «چاققاق چىۋىن»، «قاۋىغاق ئىت» لار ھۆكۈمىدا ئەمەلگە ئاشماسلىقىنى نەزەردە تۇتقاندىمۇ، بۇ تەپەككۇر دۇردانىسى ئۆزىنىڭ ئىلغار ۋە ئىجادىيلىقى بىلەن بىزنى پەخىرلەندۈرىدۇ.

## 8. قىسقىچە يەكۈن

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ۋە قانۇنشۇناسلىق، جەمئىيەت ۋە خەلق ئىگىلىكى توغرىسىدىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

پەلسەپىۋى تەشەببۇسلىرىدا ئەڭ كەم دېگەندىمۇ بەش نۇقتىلىق ئالىي ھىممەت ۋە ئاجايىپ غەيرەتلىك يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار:

— ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمى، جاھالىتى، ھاكىممۇتلەقلىقىنى پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئىنسانپەرۋەرلىك، راتسىئونالىزملىق پىكىر ئۇچقۇنىنى كەڭ يېيىپ، ئەقىل ۋە ئىنسابنى ئويغىتىش؛

— خەلق بىلەن پادىشاھ ئالدىدا مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپە دائىرىسىنى بەلگىلەپ، خەلق ۋە قانۇن نوپۇزىنى پادىشاھ ۋە دىن نوپۇزىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي قانۇنلۇق چەكلىمە بىلەن ھاكىممۇتلەقلىقنى چەكلەيدىغان «كونستىتۇتسىيىلىك مونارخىيە» تۈزۈمىنى دەۋەت قىلىش؛

— ھەممە كىشىنىڭ سىنىپ ۋە مىللەتتىن ھالقىغان ھالدىكى قانۇن ئالدىدا مۇتلەق باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىش؛

— ئەمگەكنى قەدىرلەپ، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛

— كەمبەغەللەرنى يۆلەپ، دۆلەتنى كۈچەيتىپ، خەلقنى ئورتاق بېيىتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەرىنىڭ XI ئەسىردىكى مۇھىتىمدا مەشھۇر «شەرق غايىۋى دۆلەت» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنىڭ قۇتتىن تارتىپ كونترول سىستېمىسىغىچە پۈتۈن مودېلىنى سىزدى. ئەگەر گرېك تەپەككۇرى تەسىرىدىكى فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» (مەدىنە تىل فازىلە) ئىدىيىسىنى ھېسابلىمىغاندا، شەرقتە، ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مۇنداق پادىشاھ ھوقۇقىنى خەلق ۋە قانۇن ئاستىغا قويىدىغان غايىۋى دۆلەت ۋە كامالەتلىك جەمئىيەت مودېلى مەيدانغا كەلمىگەنىدى. بۇ ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت تېپىدىكى سىياسىي - ھوقۇقىي غايىلەرنى گەۋدىلەندۇردى. غەرب پلاتوننىڭ قولدارلىققا ئاساسلانغان غايىۋى دۆلەت قارىشىدىن تاكى توماس مورغىچە

مىڭلارچە يىللار بۇ خىل پىكىر شەكلىدىن خالىي بولۇپ كەلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى قىسمەنلىك جەھەتتىن مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇغرا قاراخان تەرىپىدىن مۇتەپەككۇر خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي يۈكسىلىشلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. بىراق، ئومۇمىيلىق جەھەتتىن بۇ كۆزقاراشلار تېخى رېئالىستىك ئەمەس، بەلكى خىيالىي (ئوتوپىك) كۆزقاراش ئىدى. بىز «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئەھمەد بىننى ھەسەن ئارسلانخان (ھارۇن بۇغراخان Ⅲ)، ئىبراھىم بىننى ئەھمەد زامانىدا ھېچقانداق ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىك فېئوداللىق شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويغان خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنغۇچى ئادالەتلىك پادىشاھ ۋە پاك ئەمەلدارلار كۆز قارىشى ئۆزىنىڭ خىيالىي خاراكتېرى تۈپەيلى مۇتەپەككۇرغا ئېغىر ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتلىرىنى بېغىشلىدى. ئۇ ئۆز داستانىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قوشۇمچە سۈپىتىدە يازغان «يۈسۈپنىڭ ياشلىقىنى ئېچىنىپ قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى بايانىدا»، «زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى بايانىدا» دېگەن بابلىرىدا، مانا مۇشۇ ئۈمىدسىزلىك قەسىدە شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق ئۈمىدسىزلىككە مۇپتىلا بولۇشى ئەينى زامان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسى تەرىپىدىن تارىخىي يوسۇندا بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار، خىيالىي غايىلىرىنىڭ تارىخىي تراگېدىيىسى ئىدى. بۇ ھال ئاپتورنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان يەنە بىر قىممەتلىك ئامىل.

www.uyghurkitap.com



بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ بۇ تارىخىي تراگېدىيىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا فارابىنىڭمۇ، ئەلشىر نەۋائىنىڭمۇ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر خىيالىي - غايىۋى ئىنتىلىش ئەزىمەتلىرىنىڭمۇ شۇنداق تارىخىي تراگېدىيىسى نامايان بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىۋاسىتە داۋامى ھېسابلانغان ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدا شائىر خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك زامانىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئادالەت، ئىنساپ ۋە ساداقەتنىڭ قالمىغانلىقىنى شىكايەت قىلىدۇ. بۇ ھال يۈسۈپ خاس ھاجىپ سىياسىي - ئىجتىمائىي كۆزقاراشلىرىنىڭ ئابستراكت، خىيالىي خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت مۇھىتىدىكى تارىخىي پاجىئەسىنى تەستىقلايدۇ.

ئىزاھلار:

[1] مونتېسكيۇ — فرانسۇز مەرىپەتچىسى، بۇرژۇئازىيە جەمئىيەتشۇناسى. ئۇ تەبىئەت قانۇنلىرىدەك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانۇنى بولىدۇ. مۇشۇ قانۇنلار بويىچە جەمئىيەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. باراۋەرلىك — ئىنساننىڭ تەبىئىي ھوقۇقى، جەمئىيەتنى تۈزەشتىكى ئاساسىي كاتېگورىيە، دەپ قارىغانىدى. ئۇ ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمنى غايىۋى ھاكىمىيەت شەكلى، دەپ ھېسابلىغان.

[2] ۋولتېر — فرانسۇز مەرىپەتچىسى، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى تەرەپدارى، فرانسۇز بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيىۋى پېشۋالىرىدىن بىرى، ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى، ھەتتا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ تەرەپدارى.

[3] ژان. ژاك روسسو فرانسۇز مەرىپەتچى پەيلاسوپى — پېداگوگى. شۆھرەت سانائەتچىسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھېسسىي بىلىشنى ئەقلىي بىلىشتىن، ئېتىقادنى ئەقىلدىن ئۈستۈن بىلگەن. خەلق ھوقۇقىنى قوغداپ، خەلقنىڭ كىشىلىك

ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغاندا ھاكىممۇتلەقلىقا قارشى كۈرەش ھوقۇقىنى قوغداپ چىققان. خانلىق بىلەن خەلق ئارىسىدا «ئەھدە» بولۇش لازىملىقىنى تەلەپ قىلغان.

[4] «مانۇ قانۇنى» — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە مانۇنى كىشىلەر ئارىسىدىكى باراۋەرسىز تەبىقىلەرنى قانۇنلاشتۇرۇپ تۈزگەن قەدىمكى ھىندىستان قانۇنى.

[5] «خامۇراپى قانۇنى» — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1792 ـ يىلىدىن 1750 ـ يىلىغىچە ياشىغان بابىل پادىشاھى خامۇراپىنىڭ قۇلدارلارنىڭ مەركەزلەشكەن ھەربىي ھاكىممۇتلەق ھوقۇقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئېلان قىلغان قانۇنى.

[6] «سولۇن قانۇنى» — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 638 — 559 ـ يىللىرى ياشىغان ئافىنا شاھى سولۇننىڭ 594 ـ يىلى تۈزگەن دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى قەرزلەرنى بىكار قىلغان، كىرىمگە قاراپ سېلىق بەلگىلىگەن، ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىگەن، ئافىنانىڭ تاشقى سودىسىغا ئىلھام بەرگەن قانۇنى. سولۇن سىياسىي ئىسلاھاتچى ۋە شائىر بولغان.

[7] «ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم» (كونستىتۇتسىيىلىك مونارخىيە) — فېئودالىزمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بىلەن كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا (بەزى دۆلەتلەردە شەكلەن كېيىنكى باسقۇچلاردا) ساقلانغان دۆلەت شەكلى. ئۇ پادىشاھلىق بىلەن ئاساسىي قانۇنلۇقنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، رېسپوبلىكا (جۇمھۇرىيەت) بولمىغان پادىشاھلىق شەرتى ئاستىدىكى ئاساسىي قانۇنچىلىقنى كۆرسىتىدۇ.

[8] «ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» — 1775 — 1783 ـ يىللىرى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئەنگلىيىنىڭ 13 مۇستەملىكىسى تۈزۈمىگە قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلەر ئاساسىدا مۇستەقىللىقا ئېرىشىپ بۇ خىتابنامىنى ئېلان قىلغان.

[9] «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» — موندېرسون، روسسۇ ئىدىيىسى تەسىرىدە 1789 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

غەلىبە قىلغان فرانسۇز بۈيۈك ئىنقىلابى «كىشىلىك هوقۇقى ۋە گراژدانلىق هوقۇقى خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلدى. 17 ماددىلىق بۇ تارىخىي هۆججەت زۇلۇمغا قارشى، ئىنساننىڭ تەبىئىي باراۋەرلىك هوقۇقىنى ياقلاپ چىقتى.

[10] «مەدەنىيەت تىپى» ئىبارىسى بۇ كىتابتا «مەدەنىيەت چەمبىرى» (مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مەدەنىيەت چەمبىرى، بۇ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى ياكى ئورتاقلىقىغا ئاساسلانغان رايون خاراكتېرلىك ياكى دىنىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت چەمبىرى) مەنىسىدىن باشقا يەرلىك ياكى دۇنياغا يۈزلەنگەن مەدەنىيەت تىپى مەنىسىدە، ئۇنىڭدىن باشقا ئالەم ۋە ئىنسانىيەت قاراشلىرى بويىچە تەشكىللەنگەن بىر سىستېمىلىق ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت تىپى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. ھەرقانداق مەدەنىيەت تىپى تۈپكى ئالەم ۋە كىشىلىك قارىشىنى ئوق قىلىپ، ئائىلە ـ نىكاھ، سەنئەت، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي ـ هوقۇقىي قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ ئەنئەنىۋىلىككە، ئىزچىللىققا، قوغدىنىشقا ۋە رىقابەتلىشىشكە قادىر بولىدۇ. ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقاندا توقۇنۇشىدۇ ۋە مەدەنىيەت تىپى ئۆزىكى (يادروسى) لايىق تاپقان تەسىرنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىدۇ. ئارىلاشما ھالەت ئۆزۈن سوزۇلماي ياكى قېقىپ چىقىرىش، ياكى ئۆزلەشتۈرۈش (ئاسسىمىلياتسىيە) بىلەن ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقنى بېيىتىدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ.

[11] «سودا ـ تىجارەت ھېرىسمەنلىكى» — سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىدە سودا ـ تىجارەتنى دېھقانچىلىقتىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان، سودا ـ تىجارەت ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، هۈنەرۋەنلىكنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، دەيدىغان قاراش.

# VII باب «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەخلاقشۇناسلىق مەسىلىلىرى

«بەش كۈنلۈك گۈل گويا ئۆمۈر چاغىمىز،
كۆڭۈل ۋە ئەدەپتۇر كۆركەم باغىمىز.»
— ھافىز شىرازى

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەخلاقشۇناسلىق مەسىلىلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى

كارل ماركس مۇنداق دەيدۇ: «ئەخلاقنىڭ ئاساسلىنىدىغىنى ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بولۇپ، دىنىنىڭ ئاساسلىنىدىغىنى ئىنسانىيەت روھىنىڭ غەيرىي قانۇنىدۇر.[1]»

«قۇتادغۇ بىلىك»نى دېداكتىك ئەسەر دېگۈچىلەر گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بويىچە كەڭ تېماتىك مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلىيەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق جەھەتتىكى مۇھىم تېماتىك مەزمۇنىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىنساندىكى ئەخلاقىي ئاڭ قۇرۇلمىسى

[1] «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 1956 ـ يىل نەشرى، I توم، 15 ـ بەت.

مەسىلىلىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى جەھەتتىكى پانتېئىزملىق نۇقتىئىنەزەرى، نادانلىققا قارشى راتسىئونالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قاراتقان ئىنسانپەرۋەر كىشىلىك قارىشى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت قاراشلىرى ۋە غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىغا خىزمەت قىلاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق قاراشلىرى ئەينى زاماندا كۈچەپ تەشۋىق قىلىنغان دىنىي ئەخلاق ۋە ئەخلاقىي خاراكتېرنىڭ تۇغمىلىقى توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەردىن كەسكىن پەرقلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئەينى زاماندا ئىلغار ئەخلاقىي پىكىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن ئېتىكىلىق تەلىماتلاردىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنەتتى.

ئېيتىش مۇمكىنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋىغىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ۋە ھەر خىل دىنىي ئەخلاقلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىل نەمۇنىلىرى بىلەن، ئەينى زامان شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىدا سىنكرېتىك شەكىل ھاسىل قىلغان ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئۆلگىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئەخلاقىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەخلاق قەدىمكى ئاسىيا يايلاق ۋە شەھەر ـ قەلئە بوستان جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم تۇرمۇش مىزانى ئىدى. كىشىلەر ياخشى ـ يامان دېگەن جامائەت پىكرىنى ئاللىقاچان شەكىللەندۈرگەن. ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ياكى زىيانلىقلىقىغا قاراپ ياخشى ـ يامان دېيىلەتتى. ھەر خىل ئەرۋاھلار، مۇئەككەللەرمۇ كىشىلەرگە غەمخور ياكى بالايى ـ قازا كەلتۈرگۈچى ياخشى ـ يامان كاتېگورىيىلەرگە ئايرىلغان. شامان

باخشىلىرىنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى ياخشى ـ يامان دېيىلىدىغان مۇشۇ چۈشەنچىنى دەۋر قىلىپ ئېلىپ يېرىلاتتى. ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىر خىل ئاڭغا، كىشىلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ئېڭىغا، ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭىغا ئايلانغانىدى.

«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «ياغۇق ئېرسەر ئېدگۈ ئاغى بېرۈر» (ياخشىلىق يېقىن تۇرغۇچىنى ئەزىز قىلار) دېيىلسە، گابائىن خانىم ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» دە: «ئېدگۈلۈگ يول» (ياخشىلىق يولى)، «ئېدگۈ ئۆگلى ساقىنچ» (ھەم ياخشى، ھەم دانا پىكىرلەر)، «ئوقشاتغۇلۇقسىز ئېدگۈلۈگ ئومۇغلار» (تەڭداشسىز خەيرىيەتلىك ئۈمىدلەر) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. «تۇزۇك» ئىبارىسى «ئالتۇن يارۇغ» دا ياخشى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. گابائىن خانىم يارغولدىن تاپقان تېكىستلەردە: «ئېدرەملىگ كىشىلەرنىگ ئاياغىل» (پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ھامىيلىق قىلغىن) دېيىلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەخلاقشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەلقىن قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خۇددى فارابىدەك ئەخلاق يېڭى ئەۋلادنى، يېڭى مۇناسىۋەتنى، يېڭى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ مەنىۋى شەرتى ھېسابلىنىدۇ، دەپ بىلەتتى. شۇنىڭدەك، ئەخلاق ئىنسانىي مەلىكە — ئەقىل، بىلىمنىڭ ئەمەلىي گەۋدىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى، دەپ قارايتتى.

[يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئەخلاق مەسىلىلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەتكە قارىتىپ تىلغا ئالدى، ئۇنى ئەخلاقشۇناسلىق پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن ئىزاھلىدى. بۇ ئۇنى پادىشاھقا، شاھزادىگە ياكى ئۆز ۋارىسلىرىغا ئەخلاق ھەققىدە دېداكتىك نەسىھەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەسەرلەردىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان توپ ئالاھىدىلىك ئىدى.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيىلىرى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەخلاق مەسىلىسىنى پەندى ـ نەسىھەت نۇقتىسىدىن ۋەزخانلىق قىلغۇچى ئاپتورلاردىن پەرقلىق ھالدا، ئەخلاق پەلسەپىسىنىڭ تۈپ كاتېگورىيىسى ياخشىلىق («ئەدگۈلۈگ»، «ئەزگۈلۈك») ۋە يامانلىق («ئەسىزلىك») نىڭ نېمىلىكى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۇغما ياكى ئېرىشىلگەنلىكى، كىشىنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى، ياخشىلىقنى ئەمەلدە كۆرسىتىش — پائالىيەتتىكى ياخشىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىزاھلىدى.

★

ياخشىلىق ياكى يامانلىق دېگەن نېمە، ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن ئىبارەت ئەخلاق ئىلمىنىڭ ئاساسىي كاتېگورىيىسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى قانداق ئىزاھلاش لازىم؟ بۇ مەسىلە بويىچە پەلسەپە تارىخىدا ھەر خىل كۆز قاراشلار مەيدانغا چىققانىدى.

مەلۇمكى، گرېك ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستى پلاتون (كېيىنچە نېمىس پەيلاسوپى گېگېل) مۇتلەق «ئىدېئال چۈشەنچە» نى بەخت بېغىشلىغۇچى ياخشىلىق دەپ ئىزاھلىسا، ئارستوتېل پلاتونغا زىت ھالدا، ياخشىلىقنى پەقەت ئوتتۇرا قاتلام تەبىقىلەردە بولۇشى مۇمكىن بولغان گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت دەپ ئىزاھلىدى. ئاۋگۇستىن، توماس ئاكۋىنا [1] قاتارلىق خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىرى، ئىسلام كالامىزمچىلىرى ۋە ھەرخىل تەركىدۇنياچىلىق مۇخلىسلىرى تەڭرىنى، تەڭرىگە سېغىنىشنى، رېئال دۇنيا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئازابلىق

ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى «ياخشىلىق» دەپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلىم - سەنئەت، جامائەت مەنپەئىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن شۇغۇللىنىشنى «يامانلىق» دەپ ئېلان قىلىشتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاق ئىلمى تارىخىدا بىرىنچى قاتاردا تۇرۇپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنى باقىي ئالەم ئەپسانىلىرىدىن پانى — رېئال ئالەمگە يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى جەمئىيەتكە مەنپەئەت بېرىش ياكى زىيان سېلىش، خەلققە مەنپەئەتلىك ئىش قىلىش ياكى زىيانلىق ئىش قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى كۆز قاراش بىلەن خاراكتېرلىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم - پەننى، تۆۋەن قاتلام ئاھالىگە خەيرخاھلىق قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بۇ كاتېگورىيىلەرنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق سۆزلەشتەك بىمەنىلىكتىن ساقلاپ قالدى.

ئۇ داستاننىڭ 3270 ـ، 3271 ـ بېيىتلىرىدا ياخشىلىققا تەبىر بېرىپ مۇنداق يازىدۇ:

تۆزۈ يالڭۇق ئوغلى سەۋەر ئەدگۈنى
بۇ ئەدگۈ قايۇ ئول ئۆگەيىن ئانى
[پۈتۈن ئادەم ئوغلى سۆيەر ياخشىنى،
بۇ ياخشى نېمە ئۇ، مەن ماختاي ئۇنى.]
بۇ ئەدگۈ ئول ئول قىلسا خەلققا ئاسىغ
بۇ ئاسىغى بىلە بۇلسا بودنى تاتىغ
[خەلققە بېرىش نەپئى - ياخشىلىق ئېرۇر،
بۇ نەپئى بىلە خەلقى تاپقاي ھۇزۇر.]

داستاننىڭ 3933 ـ، 3935 ـ بېيىتلىرىدا بۇ پىكىر مۇنداق تەكرارلىنىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

باغىرساق ئول ئەرمەز ئۆزىن بەكلەسە
باغىرساق ئول ئول كۆر كىشىگ ئەدلەسە
[كۆيۈمچان ئەمەس ئۇ ئۆزىنى دېگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپئىن ئىزدىگەن.]
كىشى ئەدگۇ تەرلەر بۇ ئەدگۇ كىم ئول
بۇ ئەدگۇ كىشى مۇڭدا ئەركە ئەم ئول
[كىشى ياخشىسى دەر، كىمدۇر ئۇ ياخشى،
كىشى دەردىگە داۋا بولسا، شۇ ياخشى.]

داستاننىڭ 3245 ـ، 3248 ـ بېيىتلىرىدا مۇئەللىپ يەنە مۇنداق جاكارلايدۇ:

كىشى ئەدگۇسى بۇ ئۆز ئاسغىن قودۇپ
كىشى ئاسغى قولسا كۆر ئەمگەك يۇدۇپ
[ كىشى ياخشىسى ئۇ ئۆز نەپئىن قويۇر،
بۆلەكلەر نەپئىچۈن مۇشەققەت يۇدۇر.]
كىشىكە تۇسۇلۇر كىشى ئەدگۇسى
بۇ ئەدگۇ كىشى ئول بودۇن تودغۇسى
[ كىشى ياخشىسى ئەلگە پايدا بېرۇر،
بۇ ياڭلىغ كىشىلەر خەلققە زۆرۈر.]

«قۇتادغۇ بىلىك» داستاننىڭ 1982 ـ، 4465 ـ، 4467 ـ بېيىتلىرىدا، ياخشىلىق كىشى ھاياتىدىكى كۆندىلىك ۋە ئۆمۈرلۈك زۆرۈرىيەت بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتەك مۇھىم ئورۇنغا، ھەتتا بۇ ھاياتنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئۆمۈر كۆرۈشتىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈپ مۇنداق تەكىتلەنگەن:

نە ئەدگۇ تۇرۇر بۇ قىلىنچ ئەدگۇسى
قىلىنچ ئەدگۇ ئەركە يەگۇ كەدگۇسى

[بۇ ياخشى قىلىق ئۇ ئەجەب ياخشىدۇر،
كىشىگە يېمەك ھەم كىيىمدەك زۆرۈر.]

تىرىكلىك تىلەمە ئات ئەدگۈ تىلە
ئات ئەدگۈ كەرەك بۇ تىرىكلىك بىلە

[تىرىكلىك تىلەمە، ياخشى نام تىلە،
بولۇر ياخشى نام بۇ تىرىكلىك بىلە.]

كىمنىڭ ئاتى ئەسىز بولۇپ ئارتاسا
ئاڭار يەگرەكى ئول تىرىگ تۇرماسا

[يامانلىق بىلە كىم ئىتىن داغلىسا،
ئۇڭا ياخشىراقتۇر تىرىك تۇرمىسا.]

★

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغما ھاسىل نەرسىمۇ ياكى كىشىنىڭ ھايات يولىدا ئۆز ئىرادە مەيلىگە (ئەركىنلىكىگە) ئاساسەن ئېرىشىلىدىغان نەرسىمۇ، دېگەن مەسىلىنى ئىزاھلىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلىدە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە بىلىش نەزەرىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىردىنلا ئەخلاق ۋە ماتارىپتىن ئىبارەت بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىگە نىسبەتەن ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئىجتىمائىيەتشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى.

مەلۇمكى، ئادەم تۇغۇلۇشتىن ياخشى ياكى يامان ئەخلاقىي پەزىلەتكە باقىمەندە بولامدۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە مەيلى غەرب ياكى شەرقتە بولسۇن قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر داۋامىدا ئەخلاق پەلسەپىسى بويىچە ئۈزلۈكسىز مۇھاكىمە قىلىنىپ كەلگەن بىر تېما ئىدى.

جوڭگودا كۆڭ زى رايىشچىلار ئېقىمىدىكى مۇتەپەككۇرلار،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇپمۇ مېڭ زى[2] ئادەمنىڭ ياخشى خاراكتېرلىك بولۇشى تۇغما بولۇپ، يامانلىق مەيلىگە بېرىلىشتىن كېلىپ چىققان، دېسە، شۈن زى[3] ۋە خەن فېي[4] باشچىلىقىدىكى مۇتەپەككۇرلار ئادەمنىڭ يامان خاراكتېرلىك بولۇشى تۇغما بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت، دەپ قارايتتى.

قەدىمكى گرېتسىيىدە پلاتون ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى — يېڭى پلاتونىزمچىلار[5] ئەخلاق مەسىلىسىنى تۇغما، ئىلاھىي نەرسە سۈپىتىدە ئىزاھلاشتى. گەرچە ئارستوتېل ئەخلاقنى بىر خىل مۇمكىنلىك، ئۇنى ئىنساننىڭ ئۆز پائالىيىتى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ، دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە ئەخلاق سىنىپىي دەرىجىگە باغلىق، مۇنداق سىنىپىي دەرىجە مەڭگۈلۈك بولىدۇ، پەقەت ئوتتۇرا قاتلام ئاھالىدىلا ئەخلاق ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ئىپادىلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىدى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بولسا ئەخلاق دىنىي - ئىلاھىيەتلىك تەرىزدە ئىزاھلانغاچقا، تولىمۇ سىرلىقلىشىپ كەتتى.

ئەخلاقنىڭ تۇغما ئەمەسلىكى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان سۈپەتلىرىمۇ تۇغما ئەمەسلىكى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپىۋى سىستېمىنىڭ ئاساسچىسى ئەبۇ نەسىر فارابى تەرىپىدىن روشەن ھەل قىلىنغانىدى. فارابى ئەخلاقنىڭ ئەمەلىي - ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى ئېنىق مۇقىملاشتۇرۇپ، دىنىي - خۇراپىي ئەخلاقىي كۆز قاراشلار بىلەن ئىلمىي ئەخلاقىي كۆز قاراشلارنىڭ چېگراسىنى ئاجراتتى. شۇنىڭدەك، ئەخلاقنىڭ بىلىم ۋە ئەركىن تاللاش، ئادەتلىنىش، مەشىق قىلىش ئاساسىدا ياخشى ياكى يامان سۈپەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. فارابىچە، كىشى ئۆز ھاياتىدا ئېرىشكەن ئەخلاقىي سۈپەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ قادىر ئىدى. فارابى مۇنداق دەپ يازغان: «بىزچە، خۇش تەرتىپ ۋە تەرتىپسىزلىككە ئوخشىغان بارلىق ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئېرىشىلگەن بولىدۇ... كىشىنىڭ ئەخلاقىي

سوپەتلەرگە ئېرىشىشى پاكى بىر خىل ئەخلاقتىن باشقا بىر خىل ئەخلاققا ئۆتۈشى. . . ئادەتلىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ئادەتلىنىش ۋە پىكىر قىلىش تەسىرىدە، ھەرقانداق بىر پائالىيەتنىڭ ئۆز ۋۇنغىچە تەكرارلىنىشى بىلەن باغلىق ھالدا يۈز بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گۈزەل ئەخلاقمۇ ئادەتلىنىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ»[1] ، «ئادەمگە تەبىئەتتىن باشتىلا ئارتۇقلۇق ياكى كەملىك تەقسىم قىلىنمىغان. ئۇنىڭغا تۇغما مىرزىلىق ياكى پاپكارلىق بېكىتىلمىگەن»[2] . فارابىنىڭ بۇخىل كۆز قارىشى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى، ئالدى بىلەن ئىبنى سىنا ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ئىبنى سىنا «ئالىم»، «سالىم (ساغلام)»، «سالىھ (پەزىلەتلىك)» چۈشەنچىلىرىنى «جاھىل (نادان)»، «خەستە (كېسەل)»، «بۇزۇق» چۈشەنچىلىرىگە زىت قويۇپ، تەلىم ئارقىلىق جاھىل ئالىمغا، داۋالاش ئارقىلىق خەستە ساغلامغا، تەربىيە شارائىتىدىن بۇزۇق سالىھگە ئايلىنىشى مۇمكىن، دەپ قارىغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاق مەسىلىسىدە مىڭ زىننىڭ «ئىنساننىڭ تۇغما ئەزگۈلىكى» كۆز قارىشىدىنمۇ، شۈن زىننىڭ «ئىنساننىڭ تۇغما ئەسىزلىكى» كۆز قارىشىدىنمۇ، پلاتوننىڭ ياخشى - يامان پەزىلەتلەر تۇغما بولىدۇ، دېگەن كۆز قارىشىدىنمۇ، فارابىنىڭ ياخشى - يامان پەزىلەتلەر ئېرىشىلگەن بولىدۇ، دېگەن كۆز قارىشىدىنمۇ پەرقلىق بولغان ئىككى مۇمكىنلىك كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇ داستاننىڭ «كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ناملىق 17 - بابىدا، خېلى

---

[1] فارابى: «ئىجتىمائىي ئەخلاقىي رىسالىلەر»، رۇسچە نەشرى، 12 - بەت.
[2] يۇقىرىقى كىتاب، 180 - بەت.

www.uyghurkitap.com

كەلگۈسىدە ھەرقانداق «ياخشىلىقمۇ تۇغما ۋە ئىرىشىلگەن ئىككى خىل بولىدۇ، يامانلىقمۇ تۇغما ۋە ئىرىشىلگەن ئىككى خىل بولىدۇ» دېيىشتىن ئۆزىگە خاس كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ داستاننىڭ 873 ـ، 874 ـ، 875 ـ، 876 ـ، 877 ـ بېيىتلىرىدا كۆتۈرگەن ئىلىم تىلىدىن «تۇغۇلۇشتىن ياخشى بولۇش ۋە تەربىيىلىنىپ ياخشى بولۇش»، «تۇغۇلۇشتىن يامان بولۇش ۋە تەربىيىلىنىپ يامان بولۇش» ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر ئەدگۇ بولۇر كۆر ئاتادىن تۇغۇپ
يورىر ئول كۆنى چىن كۆر ئەدگۇ بولۇپ
[بىرىدۇر ئاتادىن ياخشى تۇغۇلۇپ،
يۈرەر ئۇ دۇرۇس ۋە ياخشى بولۇپ.]
تاقى بىرى ئەدگۇ كۆر ئۆتگۈنچ بولۇر
ئەسىزكە قاتىلسا ئول ئەسىز قىلۇر
[بىرى دورىماق بىرلە ياخشى بولۇر
يامانغا قوشۇلسا، يامانلىق قىلۇر.]
ئىكى تورلۇگ ئول كۆر بۇ ئەسىز يەمە
ئىكىگۈنى بىر تەپ ئەسىزكە ساما
[يامانمۇ ئىككى خىل بولۇر دائىما،
ئىككى خىل يامانىنى بىردەك سانىما.]
توغا ئەسىز ئول كۆر مۇنىڭدا بىرى
بۇ ئەر ئۆلمەگىنچە ئارىماز كىرى
[يامان بوپ تۇغۇلۇر ئۇنىڭدىن بىرى،
بۇ ئەر ئۆلمىگۈنچە ئىرىمەس كىرى.]
تاقى بىرى ئۆتگۈنچ بولۇر بۇ ئەسىز
ئەشى ئەدگۇ بولسا تۇزەر بۇ ما ئىز
[يەنە بىرسى دوراپ يامانلىق قىلۇر،
ئەشى ياخشى بولسا، ئۇ ياخشى بولۇر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭغا «تۈركىي ماقال» سۈپىتىدە ھازىرمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە قوللىنىلىدىغان «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ.

بىراق يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قانداق ياخشى ياكى يامان سۈپەتلەرنىڭ تۇغما ياكى ئېرىشىلگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇنىڭدا تۇغما ياخشى - يامان سۈپەتلەر دەپ كىشىلەردىكى پسىخولوگىيىلىك مىجەز - خاراكتېرنى، ئېرىشىلگەن ياخشى - يامان سۈپەتلەر دەپ، كىشىلەردىكى ئەخلاقىي ئالامەتلەرنى نەزەردە تۇتقانمۇ - يوق، بۇ داستان سەھىپىلىرىدە روشەنلەشتۈرۈلمىگەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى ياخشى - يامانلىقىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا دۆلەت بېگى، مۇھىت، ئائىلە ۋە تەربىيىنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى داستانىنىڭ 871 -، 884 -، 885 -، 893 -، 887 - بېيىتلىرىدا ئالاھىدە تەكىتلىگەن:

بۇ ئەدگۇ كىشىلەر بولۇرمۇ ئەسىز
ئەسىز مە ئۇرۇرمۇ كۆر ئەدگۈكە ئىز
[بۇ ياخشى كىشىلەر بولۇرمۇ يامان،
يامانلار بولۇرمۇ ياخشى بىر زامان.]
قالى ئەدگۈكە بولسا ئەسىز ئەشى
ئەسىز بولدى قىلقى ئۇل ئەسىز تۇشى
[ئەگەر ياخشىغا بولسا ھەمراھ يامان،
يامان بولغاي قىلقى يامانلار سىمان.]
ئەسىزمە قاتىلسا كۆر ئەدگۇ بىلە
قامۇغ ئەدگۈلۈككە بۇ بولدى يولا
[يامانمۇ قوشۇلسا ياخشىغا بىراق،
پۈتۈن ياخشىلىققا تاپار ئۇ چىراغ.]
نە ئەدگۇ تۆرۈ ئۇردى بەگلەر بەگى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



ئەسىزكە بۇ قىن بەرگە زىندان يەگى
[نە ياخشى نىزام قويىدى بەگلەر بېگى،
يامانغا جازا بەردى زىندان تېگى.]
بەگى ئەدگۇ بولسا بودۇن بارچا تۈز
بولۇر قىلقى ئەدگۈ يورىقلارى ئۈز
[بېگى ياخشى بولسا، پۈتۈن خەلقى تۈز —
بولۇر ھەم قىلىقى، يۈرۈشلىرى ئۈز.]

★

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېرىشلىگەن ئەخلاق ـ پەزىلەت مەسىلىسىدە، شەخسنىڭ ياخشى ـ يامان يولغا مېڭىشى تەقدىر تەرىپىدىن بېكىتىلمەستىن، ئۆزىنىڭ ئىرادە ئىختىيارلىقى بويىچە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاكتىۋال تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ داستانىنىڭ 238 ـ، 239 ـ، 244 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق جاكارلايدۇ:

ئىكى تۇرلىگ ئات ئول بۇ تىلدە يورىر
بىر ئەدگۇ بىر ئەسىز ئازۇندا قالىر
[كىشىدە ئىككى ئات، بۇ تىلدا يۈرۈر.
بىر ياخشى، بىر يامان جاھاندا قالۇر.]
ئەسىزكە سۆكۈش ئەدگۇ ئۆگدى بولۇر
ئۆزۈڭكە باقا كۆر قايۇسىن قولۇر
[يامان سۆكۈلۈر، ياخشىسى ماختىلۇر،
قاراپ كۆر ئۆزۈڭگە قايسىسى ياقۇر.]
قايۇسىن تىلەسە ئۇدۇركىل بىرىن
ئەسىز ئەدگۇ بولسا ئۆكۈنمە يارىن
[قايۇسىن تىلەسەڭ، بىرىن تاللىغىن،
يامان ـ ياخشىلىقا ئۆكۈنمە كېيىن.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدا ئۆز ئىرادە ئىختىيارلىقىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەسىرىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى تەرغىب قىلىشقا، ئىجتىمائىي ئەخلاق، دۆلەت خادىملىرى ئەخلاقى، ئائىلىۋى ئەخلاق ۋە مائارىپ مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا يول ئاچتى.

★

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا ياخشىلىقنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ خەلق قانچە جاپا ـ مۇشەققەتتە تۇرغان چاغدا ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ياخشىلىق قىلىش («ئەزگۈلۈك قىلۇ»)، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ قولى قانچە ئۇزۇن (قۇدرەتلىك) بولغاندا خەلققە مۇتلەق (پۈتۈنلەي) ياخشىلىق قىلىش لازىم، دەپ قارايدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 227 ـ، 230 ـ، 1367 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

قالى ئەدگۇ بولماق تىلەسە ئۆزۈڭ
يورى ئەدگۈلۈك قىل كەسىلدى سۆزۈڭ
[ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈرى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.]
قالى بولسا ئەلگىڭ بودۇنقا ئۇزۇن
قامۇغ ئەدگۈلۈك قىل قىلىنچىن سۆزۈن
[ئەگەر بولسا، خەلق ئۆزرە قولۇڭ ئۇزۇن،
ئەمەل ـ سۆزدە قىل ياخشىلىقنى پۈتۈن.]
بەلا كۈچ يەرىندە سەن ئەدگۇ قىلىن
بودۇنۇغ سەۋىندۇرگىل ئەلگىن تىلىن
[بالا ـ زورلۇق ۋاقتىدا قىل ياخشىلىق،
تىلىڭ ھەم قولۇڭدىن سۆيۈنسۇن خەلق.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياخشىلىقنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدە يامانلىق قىلماسلىقنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 1296 ـ، 1297 ـ، 1315 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

قامۇغ ئەدگۈلۈك قىل ئەسىزدىن يىرا
قامۇغ ئەدگۈ كەلگەي سەن ئۇلدۇر تۇرا
[ياماندىن يىراق بول، قىل ياخشىلىق كۆپ،
كېلەر ياخشىلىقلار، يا ئولتۇر، يا قوپ.]
ئەسىز ئىشكە ياقما ساڭا قىلغا قور
ئەسىزلىك يىلان ئول سەنى تىككە كۆر
[يامانغا يېقىنلاشما قىلغاي زىيان،
يامانلىق چاقار ئۇ بولۇپ بىر يىلان.]
كىشى ياسى قولما ئۆزۈڭ قىلما ياس
نەچە ئەدگۈلۈك قىل ھەۋا ئارزۇ باس
[كىشىگە ھەم ئۆزگە قىلما سەن زىيان،
ھەۋەسنى قويۇپ، قىل ياخشىلىق ھامان.]

داستاندا شەرەپ ۋە نومۇس تۇيغۇسى ئارقىلىق توسۇش ۋە ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا كۆپلىگەن ئېتىكىلىق مىسرالار ئۇچرايدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياخشىلىقنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى (349 ـ بېيىت)، يامانلىقنىڭ تېخىمۇ چوڭ يامانلىقنا ئۇچراپ پۇشايمانغا قالىدىغانلىقى (928 ـ، 6263 ـ بېيىتلار)، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش (2985 ـ بېيىت)، ھەتتا 10 ھەسسە كۆپرەك ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش (5766 ـ بېيىت) زۆرۈرلۈكى، يامانلىققا ئىمكانقەدەر ياخشىلىق قىلىش (929 ـ بېيىت)، جاپاغا مەردانىلىق بىلەن يەنە ۋاپا قىلىش

(3432 ـ بېيىت) لازىملىقى، بۇ دۇنيا تېرىلغۇ ئېتىزىدەك بولۇپ، نېمە تېرىسا شۇ چىقىدىغانلىقى (1393 ـ، 1394 ـ بېيىتلار)، ھەممىگە ياخشىلىق قىلىشتىن چوقۇم ياخشىلىق ياندىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەكلىكى (4256 ـ بېيىت) ھەققىدە روشەن تەۋسىيىلەرنى تىلغا ئالغان. مۇئەللىپ بۇ مەسىلىلەرنى ئۆلگەندىن كېيىنكى باقىي ئالەم نۇقتىسىدىن ئەمەس، رېئال ئىجتىمائىي ھاياتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ سەۋەبىياتلىق باغلىنىشى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن.

## 3. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىق ئىدىيىسى

ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىق ئىدىيە ئۇچقۇنلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ تەپەككۇر خەزىنىسىگە يېتۈك قىممەت، مۇئەللىپكە سەممىي ھۆرمەت بېغىشلاپ تۇرغان ئاساسىي پىكىر جۇلاسىدىن ئىبارەتلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمىسا كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسانپەرۋەرلىكنى «كىشىگە كىشىلىك قىلىش» دەپ، مېھرىبانلىقنى «باغىرساقلىق» دەپ تىلغا ئېلىپ، ئۆز داستانىنىڭ يۈكسەك ئالىي ۋە تۈيغۇلىرىنى گەۋدىلەندۈردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 1636 ـ بېيىتىدا:

كىشىلىك تەدۇكۇم بولۇر ئەدگۈلۈك
بۇ ئەدگۈ بولۇر ئول يەگۈ كەدگۈلۈك
[كىشىلىك دېگىنىم ئېرۈر ئەزگۈلۈك،
بولۇر ئەزگۈلۈك ئۇ، يېمەك ـ كەيگۈلۈك.]

دەپ تىلغا ئېلىپ، ئۇنى خۇددى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتەك دائىملىق ئېھتىياج ئورنىغا قويىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 414 ـ، 865 ـ، 866 ـ، 1546 ـ، 1636 ـ،

2896 ـ، 2985 ـ، 3269 ـ، 3408 ـ، 3427 ـ، 3505 ـ، 3931 ـ، 3932 ـ، 3933 ـ، 3935 ـ، 4257 ـ، 4554 ـ، 4729 ـ، 4733 ـ، 4734 ـ، 4735 ـ، 5302 ـ، 5353 ـ، 5787 ـ، 5788 ـ، 5789 ـ، 5790 ـ، 5791 ـ، 5810 ـ، 5892 ـ، 5893 ـ، 6098 ـ، 6103 ـ، 6106 ـ بېيىتلىرىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھرىبانلىق ۋە ئالىيجاناب ھېسداشلىق تۇيغۇلىرى توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشى قەدرىنى ئۇنىڭ كىشىلىككە ھىممەت، مۇرۇۋۋىتىدىن ئۆلچەش كېرەك»، «ئادەم ئاز ئەمەس، ئادەمگەرچىلىك ئاز»، «بەختلىك تۇرمۇش ئادەمگەرچىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ پاكلىقتۇر»، «مېھرىبانلىق ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ بېشى ھېسابلىنىدۇ»، «ئىنساننىڭ ئۆزى يامان ئەمەس، ئىنسانپەرۋەر بولمىغانلىقى يامان»، «ئەرلىك ئۆزى يامان ئەمەس، دۇرۇس بولمىغانلىقى يامان»، «ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئەقىللىق ۋە بىلىملىك كىشى بىلىدۇ»، «ئىنسانپەرۋەرلىك ئىنسانغا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئىنسانغا خىزمەت قىلماقتۇر»، «بولمىسا مۇنداق كىشى ئۆلۈككە ئوخشايدۇ»، «كىشىلەر ئارىسىدا ياشا، ئەمما ئەيىبنى ئۆزۈڭدىن ئىزدە»، «ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ئىنسانپەرۋەر بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ باشقىلارغا مېھرىبان ئەمەس»، «كىشىلەردە دەرد ـ مۇڭ بولىدىكەن، ئۇنىڭغا داۋا بولغىن»، «كىشىلەر سۆيۈنسە سەنمۇ سۆيۈن، غەم ـ قايغۇ يېسە، سەنمۇ غەم يە»، «ئەڭ دەسلەپ پېقىر، تۇل، يېتىمنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدا»، «ئۆز مەنپەئەتىڭنى خەلق مەنپەئەتى ئىچىگە ئېتىۋەت»، «ھېرىس قىلما، ئۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاچكۆزلىرى»، «ھەقىقىي ئادەمنىڭ بەلگىسى ئىنسانغا ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىشتا»، «ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ بەلگىسى ئىككى، بىرى، كىشىنىڭ ھالال ھەققىنى بېرىش، بىرى، مېھرىبان بولۇش»،

www.uyghurkitap.com

«كۆمۈش تارقىتىپ سېخىي بولمەن دېمە، خەلققە جان پىدا قىلىشتا سېخىي بول» ، «يۈكۈڭنى خەلققە يۈكلىمە» ، «خەلقنى سۆيۈندۈر» !

بۇ يالقۇنلۇق جۈملىلەرنىڭ جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدا جاكارلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا ھاياجانلىنىمىز! بۇ مەرىپەتلىك ئىبارىلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ھازىرغا قارىتىپ يېزىلغاندەك يېقىنلىق ھېس قىلىمىز! ئۇ ئەينى زاماندىلا فېيېرباخ «كەلگۈسى پەلسەپىنىڭ قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئالغان مۇھىم قائىدىنى تەشەببۇس قىلدى. فېيېرباخ: «پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ ئاخىرقى پرىنسىپى: ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدۇر» دېگەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىق ئىدىيىلىرى شەرق خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل ئەدەپ ـ پەزىلەت قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مۇتەپەككۇرلىرىدىن كۇڭ زى ئەڭ دەسلەپ مېھرىبانلىق (仁) ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ «مېھرىبانلىق»نى ئۆزىنىڭ ئېتىكىلىق سىياسىي قاراشلىرىنىڭ يادروسى قىلغان. كۇڭ زىنىڭ قارىشىچە، «مېھرىبانلىق» ھەممىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولۇپ، ئومۇمەن ئىنسانغا تەئەللۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسى «مېھرىبانلىق بويىچە ھەل قىلىنىشى» لازىم ئىدى (以仁办理). ئۇنىڭ «مېھرىبان قەلب گۈزەل قەلبتۇر» (里仁为美) ، «ئۆزى مېھرىبان بولسا مېھرىبانلىققا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ» (仁者利仁) ، «پايدىنى كۆرگەندە مەجبۇرىيەتنى ئويلاش كېرەك» (见利思义) ، «ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەپكە قايتىپ، مېھرىبان ئادەم بولماق كېرەك» (克己复礼立仁) دېگەن قاراشلىرى ھېلىمۇ مەنىۋى پۇچەكلىككە تولغان غەرب ئەللىرىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئالىملار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەرىپىدىن ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىنماقتا. ئۇلار كۆك زىنى جۇڭگو خەلقىنىڭلا ئەمەس، ھەرقايىسى ئەللەر خەلقىنىڭمۇ قەدىمكى مەنىۋى مەدەنىيەت (سۇئۇلىزاتسىيە) پېشۋاسى دەپ قارىماقتا.

دەرھەقىقەت، بۇنداق ئىدىيە ئۇچقۇنلىرى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا، تۇرپان تېكىستلىرىدە ئۆزگە خاس يەرلىك ئىبارىلەر بىلەن جۇلالانغان بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇنىڭ ئىپتىخارلىق قامۇسى سۈپىتىدە نامايان بولدى.

تۈركىيە ئالىملىرىدىن س. م. ئارسال، كاپسوغلولار بۇ جەھەتتە «ھەقىقىي باغلىنىش»، «بىر تەڭداشلىق» بارلىقىنى تىلغا ئالغان[1]. ئۇلار يەنە ياخشىلىق بىلەن شادلىقنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى ئىبىن سىنا قاراشلىرى بىلەن كۆك زىنىڭ ئەدەپ ۋە كۆڭۈل ئېچىش (礼乐) قاراشلىرى ئۆزئارا ئوخشىشىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

دەرۋەقە، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى ھەر مىللەت، ھەرقايىسى رايونلاردا بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان گۈزەل ئىدىيىلەرنى پەيدا قىلىشى ھېچقانداق سىر ئەمەس. بۇنىڭ بەزىلىرى تەسىرلىنىش بىلەن، بەزىلىرى بىۋاسىتە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن، بەزىلىرى ھەر ئىككىسى بىلەن بىللە روياپقا چىقىدۇ. بىزنىڭ ئىنسانپەرۋەر ھېسلىرىمىز ئۇنى سۈرۈشتۈرۈشتىن كۆرە، ئۇنى مەدھىيىلەشكە مەركەزلەشكىنى تۈزۈك. روشەنكى، قەدىمكى كۆك زى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېلىمىز مەدەنىيەت تارىخىدىكى خاس جۇلالىق يۇلتۇزلار جۈملىسىدىندۇر.

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە»، 157 ـ، 158 ـ بەتلەر.

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەخلاق تىپلىرى بايانى

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا «ياخشىلىق» بىلەن «يامانلىق» نىڭ ئەينى زامان كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت كونكرېت تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىلىرى كەڭ تەھلىل قىلىنغان. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمەلىي ئەخلاق مۇھاكىمىسى ئىدى. مۇتەپەككۇر بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ يىلتىزى ساپ نىيەتلىك، سەمىمىيلىك، مەردلىك ۋە مېھرىبانلىق قاتارلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ئېڭى، دەپ كۆرسەتسە، بارلىق قەبىھ قىلمىشلارنىڭ مەنبەسى ئاچكۆزلۈك، ھېرىس ـ ھەسەت قاتارلىق شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك ئىدىيىسى، دەپ كۆرسىتىپ، ئاددىي خەلقتىن تاكى دۆلەت باشلىقىغىچە ھەممىنىڭ تەلەپچان ۋە نومۇسچان بولۇشى لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلغان.

ئۇ داستانىنىڭ 2066 ـ، 3346 ـ، 4563 ـ، 3247 ـ بېيىتلىرىدا خالىس ساپ نىيەتلىك بىلەن شەخسىيەتچىلىكنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يازغان:

ئاغىر يۈك كىشىكە قىلىنچ ئارقۇقى
قىلىنچ ئارقۇق ئەرسە بۇلۇن ئات ئۇقى
[ئېغىر يۈك كىشىگە ئۆزەمچىل قىلىق،
ئۆزەمچىل قىلىقتا ئۇق ئات، قارشى چىق.]
ھەۋاقا باسقما ئۇقۇش بىرلە كەس
ئەت ئۆز باش كۆتۈرسە بىلىك بىرلە باس
[ھاۋاغا بېرىلمە، ئەقىل بىرلە كەس،
تېنىڭ باش كۆتۈرسە، بىلىم بىرلە باس.]
بۇ ئەت ئۆزكە بەرمە تىلەك ئارزۇسىن
تىلەك بۇلسا يەيۈر ئىدىسى باشىن

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

[بۇ نەپسىمنىڭ بەرمە تىلەك ئارزۇسىن،
تىلەك تاپسا يەيدۇ ئىگەسى بېشىن.]
تىرىگ يالڭۇق ئوغلى تۇسۇلغان كەرەك
تۇسۇلماز كىشى توغسا ئۆلگەن كەرەك
[تىرىك ئادەم ئوغلى نەپ بەرمەك كېرەك،
ئەگەر پايدىسىز بولسا، ئۆلمەك كېرەك.]

داستاننىڭ 5387 ـ، 2003 ـ، 2620 ـ بېيـ ـرىدا شەخسىيەتچىلىكنىڭ تېخمۇ قەبىھلەشكەن، ئۇنى ئۆزىنى ئوتتالماس قىلىپ قويىدىغان شەكلى ئاچكۆزلۈك ـ ھېرىس ھەققىدە مۇنداق توختىلىدۇ:

چىغاي تەپ ئايۇرلار قايۇ ئول چىغاي
كۆزى سۇق چىغاي ئول نەچە ئەرسە باي
[«گاداي» دېر، ئۇ كىمدۇر ئاتالمىش گاداي،
كۆزى ئاچ گاداي شۇ ھەرقانچىدۇر باي.]
قامۇغ ئاچ يەسە ئىچسە ئاخىر تودۇر
كۆزى ئاچ كىشى ئۆلسە ئاچلىق قودۇر
[پۈتۈن ئاچ ئىچسە ـ يېسە ئاخىر تويار،
كۆزى ئاچ بۇ ئاچلىقنى ئۆلسە قويار.]
قايۇ بەگ سۇق ئەرسە چىغاي ئول چىغاي
قايۇ قۇل كۆزى توق بەگ ئول كۆڭلى باي
[قايۇ خان ھېرىستۇر، گادايدىن گاداي،
قايۇ قۇل كۆزى توق، ئۇ خان — كۆڭلى باي.]

ئاچكۆزلۈكنىڭ راۋاجى كۆرەلمەسلىككە — ھەسەتخورلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. داستاننىڭ ھەسەتخورلۇق، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئوردا ئەھلى ئارىسىدا كەڭ قانات يايغان، ساتقۇنلۇق ۋە قانلىق نىزالارغا سەۋەب بولىدىغان دەھشەتلىك ھەسەتخورلۇق

ئىپادىلىرى توغرىسىدىكى مىسرالىرى تېخىمۇ ئىبرەتلىك. داستاننىڭ 4253 ـ بېيىتىدا ھەسەتخورلۇق كېسىلىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىشى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەنگەن:

تەپىزلىك ئىگ ئول بىر ئوتاتغۇ ئۇزۇن
يەمىشى ئانى يەر سىزار بۇ ئۆزۈن
[ھەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، تۈگەر ئۇ ئاداق.]

پىتنە ـ پاسات، ئىغۋا ـ بوھتان، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ساتقۇنلۇقنىڭ ھەسەتخورلۇق يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆچكەن ئوتنى ياندۇرۇپ (4412 ـ بېيىت) خارلىق پەيدا قىلىدىغانلىقى (4414 ـ بېيىت) يۈسۈپ خاس ھاجىپقا روشەن ئىدى. ئۇ داستاننىڭ 4272 ـ، 4212 ـ، 4411 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

بىرىسى ئۇزۇنچى يوئاغ قىلغۇچى
بىرى ئىكى يۈزلۈگ كىشى ئۇمدۇچى
[بىرىدۇر چېقىمچى، پىتنە ـ پاساتچى،
بىرى، ئىككى يۈزلۈك، ئۆز مەنپەئەتچى.]
ئۇزۇنچى كىشىكە قاتىلما يىرا
ئۇزۇنچى تىلىندە كۆيەر ئوت كۆرە
[قوشۇلما پىتنىخورغا، بارما يېقىن،
ئۇنىڭكىم، تىلىدىن چىقار ئوت ـ چېقىن.]
فەسادئول بۇزۇغلى تۈپۈگ يىلدىزىغ
فەسادئول بۇزۇغلى بۇ ئەدگۈ ئىزىغ
[تۈپىنى ـ يىلتىزىنى پاساتلىق قىرار،
بۇ ياخشى ئىزىنى پاساتلىق بۇزار.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاقىي پەزىلىتى ناچار كىشىلەرنى دۆلەت خىزمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى، ئۇلارنى تەنقىدلەپ داۋالىنىشقا تەۋسىيە قىلىشنى تىلغا ئېلىپ قالماي، يەنە يامانلارنى جازالاشنى، ھەتتا «بېشىنى ئېلىش» جازاسىنى بېرىشنى تەكىتلىگەن.

ئۇ داستانىنىڭ 5279 ــ بېيىتىدە:

ئاي ئەلىگ قىلىنچ بەرگە سەندە تۇرۇر
بۇ بەرگە قىيىنلار ئەسىزكە ئەرۇر
[قىلىنچ ھەم تاياق، ئى ئېلىگ سەندىدۇر،
بۇ قامچا، جازالار يامانلارغىدۇر.]

دېسە، داستانىنىڭ 4213 ــ بېيىتىدا پىتنىخورغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى، بولمىسا پىتنىدىن چېقىن چىقىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ:

ئوزۇندىن قوپار ئول ئاژۇن بولغاقى
ئوزۇنچى باشىن كەس ئاي ئەرسىگ ئاقى
[جاھان پىتنىسىنى تېرار پىتنىچى،
ئۇنىڭ سەن بېشىن كەس، ئايا مەرد، سېخىي.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يامان ئاتاق ــ پىكىر ۋە ناچار ئەخلاقنى خەلق بەختسىزلىكىنىڭ، ھەتتا شۇ كىشىنىڭ تەقدىرىدىكى بەختسىزلىكنىڭ ئۆزى يۈدۈپ يۈرگەن سەۋەبلىرىدىن بىرى دەپ قاراپ، ئۇنى تۈزەشنى جەمئىيەتنى تۈزەش جۈملىسىگە كىرگۈزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سېخىيلىق ۋە بېخىللىق، كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق قاتارلىق پەزىلەتلەر ئۈستىدىمۇ توختالغان.

داستاننىڭ 950 ـ، 3036 ـ بېيىتلىرىدا سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ھەققىدە:

ئۆزۈڭگە ئەسىركەر سارىڭ ئۆز نەڭىن
كىشىگە قاچان بەرگە ئايغىل تەڭىن
[بېخىل ئۆز مېلىدىن ئۆزى قىزغىنار،
قاچان كىشى ھەققىنى بېرىشكە ئۇنار؟!]
ئىكى نەڭ قارىشتى ياقىشماز قاچار
سارانقا ياغۇماز ئاقىغ بەرك قۇچار
[ئىككى نەرسە زىت، بىرى ـ بىرىدىن قاچار،
بېخىلغا ياقماس ئەر، سېخىينى قۇچار.]

دېسە، داستاننىڭ 1706 ـ، 2120 ـ بېيىتلىرىدا كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئۇلۇغسىغ كۆۋەز كۆر كىشى ئول تۆرى
كۆنىگە قودى ئول كۆۋەزلىك قۆرى
[يوغانچى، تەكەببۇر تېتىقسىز بولۇر،
ئۇنى كىبىرى كۈنمۇ كۈن پەس قىلۇر.]
كۆۋەزلىك ئاسىغسىز كۆڭۈل تومىلتۇر
كۆڭۈل قودقى بولسا كىشىگ يوقلاتۇر
[كىبىرلىك بى پايدا، كۆڭۈل توڭلىتۇر،
كىشىنى كىچىك دىللىق ئۇستۇنلىتۇر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئار ـ نومۇس، ۋىجدان كاتېگورىيىسىنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىنى ياخشىلىق ياكى يامانلىقنىڭ يۈزلىنىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل ۋە ئەخلاق نازارەتچىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. داستاننىڭ 2006 ـ، 2008 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىمنىڭدە ئۆزۆت بولسا قىلىقى سىلىگ
قامۇغ تەگسىز ئىشكە تەگۈرمەز ئەلىگ
[ئۇيات كىمدە بولسا، سىلىق خۇيلۇق ئول،
ناچار ئىشقا ھەرگىز ئۇ سۇنمايدۇ قول.]
قامۇغ تەگسىز ئىشتىن يىغىغلى ئۆزۆت
قامۇغ ئەدگۈ ئىشكە ئۇلاغلى ئۆزۆت
[ئۇيات — بارچە يامان ئىشتىن توسقۇچى،
پۈتۈن ياخشى ئىشقا ئۇلاشتۇرغۇچى.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دوستلۇق، چوڭلار ۋە كىچىكلەرگە ھۆرمەت ـ ئىززەت، مېھمانغا قىزغىن مېھماندوستلۇق قىلىشنى، سۆزدە ئەدەپلىك بولۇشنى، چوڭلار ۋە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلاپ ئاز سۆزلەشنى تەشەببۇس قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە، ئۇچراشقاندا سالاملىشىش ئەدەپنىڭ بېشى بولۇپ، مۇنداق سالام كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا سالام بېرىشىدىن ئەمەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە سالام بېرىشىدىن باشلىنىشى لازىم. ئۇنىڭ قارىشىچە، چوڭلار، مەرتىۋىلىكلەر باشلاپ سالام قىلسا، تۆۋەندىكىلەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ، ئەدەپمۇ ئومۇملىشىدۇ؛ ئەكسىچە ھالدا، كىچىكلەر ھەيۋەتلىك ۋە قۇدرەتلىك بولغان چوڭلار، مەرتىۋىلىكلەرگە نىسبەتەن ئەندىشىدىن خالىي بولالمايدۇ، ئەدەپمۇ ئۆزىنىڭ پاك ۋە سەمىمىيلىك قىممىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئۇ داستانىنىڭ 5060 ـ، 5062 ـ بېيىتلىرىدا بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى مۇنداق يەكۈنلەيدۇ:

ئۇلۇغلار كەرەك كىم كىچىگكە سەلام
ئاشۇندۇرسا ئۆترۇ بولۇر ئىش تەمام

[كىچىككە ئۇلۇغدىن كېرەكتۇر سالام،
شۇ بىرلە جىمى ئىش بولۇرلەر تامام.]
كىچىگ بولسا ئەمىن ئۇلۇغ شەررىندىن
سەلامەت بولۇنسا ئۇيۇپ خەيرىندىن
[كىچىك بولسۇن ئەمىن ئۇلۇغ شەررىدىن①
سالامەتلىك تېپىپ ئۇنىڭ خەيرىدىن.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ يېقى كۆز قارىشى، ئەينى زاماندىكى كىچىكلەر چوڭلارغا، تۆۋەن دەرىجىلىكلەر يۇقىرى دەرىجىلىكلەرگە ئالدىن ھۆرمەت سالامى بېرىدىغان ئادەتكە زىت بولۇپ، ئادەت كۆچىنى يۆتكەش ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ساقلانغان خۇشامەتكويلۇق ھاۋاسىنى پەسەيتىپ، كەمتەرلىك ۋە ئالىيجانابلىقنى جارى قىلدۇرۇشتا غايەت مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. فېئوداللىق دەرىجىچىلىك تۈزۈمى مۇتەپەككۇرنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمىدى.

## 5. «قۇتادغۇ بىلىك»تە سۆز ئەدەپى ھەققىدىكى بايان

«قۇتادغۇ بىلىك»تە سۆز («تىل»، «سۆز») توغرىلىق يېزىلغان نۇرغۇن مىسرالار بار. ئۇلار ئاساسەن «تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى باياىندا»، «ئايتولدىنىڭ ئېلىگكە تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە سۆزنىڭ پايدىلىرىنى ئېيتقانلىقى باياندا» دېگەن 7 ـ ۋە 19 ـ بابلىرىغا مەركەزلەشكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلنى تەپەككۇر — ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ تەرجىمانى («تىلماچ») (162 ـ بېيىت)، «ئەگەر

① «ئۇلۇغ شەررىدىن» — چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە غەزەپ قىلىشى مەنىسىدە.

تىل بىلەن سۆزلىمىسە ئالىمنىڭ بىلىمى زاھىر بولماس» (214 ـ بېيىت)، «ئۆلگەنلەردىن بىلىم مىراسىمۇ سۆز ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە قالىدۇ» (270 ـ بېيىت)، «سۆز كىشىلىك گۈزەللىكى»، «ئەمما سۆزنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ خىل» (272 ـ بېيىت)، «ئەقىل گۈزەللىكى تىل بىلەن تەپەككۇر قىلىش، تىلنىڭ گۈزەللىكىنى سۆزدە گەۋدىلەندۈرۈش» (273 ـ، 274 ـ بېيىت) دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، تىلنىڭ ياخشىلىق ۋە مەنپەئەتىنى ماختايدۇ. ئۇ «سۆز بىلەن كىشى ئۆسۈپ پادىشاھ بولالايدۇ» (173 ـ بېيىت)، «سۆز بولۇپ كۆز بولمىغاندا بۇ سۆز كۆزلۈك رولىنى ئۆتەيدۇ» (178 ـ بېيىت)، «ياخشى سۆزلۈك كىشى ئۆلسىمۇ ئۆلمىگەندەك بولىدۇ، چۈنكى سۆزى ئۆلمەيدۇ» (180 ـ بېيىت) دەپ يازىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «پەقەت سۆزلىمەسلىكنى ئەقىل خالىمايدۇ» (185 ـ بېيىت)، «بىلىپ سۆزلەش لازىم، ئۇ بىلىم ھېسابلىنىدۇ» (170 ـ بېيىت)، «تولا سۆزدە مەنپەئەت يوق» (171 ـ بېيىت)، «ئاز سۆز بىلەن تۈگۈننى يەشكەن ياخشى» (172 ـ بېيىت)، «خاتا سۆز ئۇيات بولىدۇ» (193 ـ بېيىت)، «پاساھەتلىك سۆز قىل»، «تىل دەرۋازىدىكى يولۋاس، دىققەت قىلمىساڭ بېشىڭنى يەيدۇ» (164 ـ بېيىت)، «خۇلق ۋە سۆزۈڭ ياخشى بولسا ئۆلمەيسەن» (183 ـ بېيىت)، «سۆزۈڭنى كۆزەتمىسەڭ بېشىڭ كېتىدۇ. تىلىڭنى كۆزەتمىسەڭ چىشىڭ سۇنىدۇ» (167 ـ بېيىت)، «تىلىڭنى كۆزەتسەڭ بېشىڭنى ئامان قىلىسەن، سۆزۈڭنى قىسقا قىلساڭ ئۆمرۈڭ ئۇزىرىدۇ» (176 ـ بېيىت)، «قارا بېشىڭنىڭ دۈشمىنى قىزىل تىلىڭ، بۇ قىزىل تىل نۇرغۇن باش يېگەنىدى، يەنە يەيدۇ» (996 ـ بېيىت)، «تىلىڭ ھەر كۈنى بېشىڭنى يۈنۈپ تۇرىدۇ» (997 ـ بېيىت)، «سورالمىغان سۆزنى دېمە» (978 ـ بېيىت)، «سوئال ئەركەك، جاۋاب چىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككى ئوغۇل

تۇغۇلىدۇ» (979 ـ، 980 ـ بېيىتلار)، «گال بىلەن تىل قاتتىق تىزگىنلىنىشى كېرەك» (993 ـ بېيىت)، «كۆڭۈل بىلەن تىل توغرا سۆز ئۈچۈن يارالغان» (1024 ـ بېيىت)، «سۆزنى ئاڭلا، راست ـ يالغاننى تەكشۈر، يالغان سۆزلىگەننى جازالا» (5878 ـ بېيىت)، «چېقىمچىلىق ۋە ئۇششاق سۆز بىلەن شۇغۇللانما» (4301 ـ بېيىت)، «چوڭلار سۆزىنى رەت قىلما، يىرىك سۆزلىمە» (4303 ـ بېيىت)، «ئاقىل ئاز سۆزلەيدۇ تولا سۆزلىدىم دەپ ئۆكۈنىدۇ» (4335 ـ بېيىت)، «يىرىك سۆزلىمە، ئۆزۈڭنى قاتتىق تۇت، يىرىك سۆز كىشىلەر دىلىنى سوۋۇتۇپ قويىدۇ» (5221 ـ بېيىت)، «غەزەپلەنمە، غەزەپ كەلگەندە گاچا بولۇۋال» (5216 ـ بېيىت)، «كىچىك پېئىل، شېرىن سۆز بولۇشنى بەختىڭگە بەدەل قىل» (5251 ـ بېيىت)، «ئىشەنگەنگە سۆزلە، ئىشەنگەننىڭ سۆزىنى دىلىڭدا تۇت» (5621 ـ بېيىت)، «كىشىگە كىشىنى كىشى كۆرۈپ جاۋاب قايتۇر» (5833 ـ بېيىت)، «سۆز، گال، كۆز، شەھۋەت ئوتى ئاپەت كەلتۈرىدۇ» (6352 ـ بېيىت) دەپ تەلىم بېرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە تىلغا ئېلىنغان سۆز ئەدەپى توغرىسىدىكى بايانلار ئومۇمەن سۆزنىڭ راستچىللىقى، مەنىدارلىقى، ئەدەپلىك بولۇشى، گۈزەللىكى بىلەن يالغان سۆز، بۇزۇق سۆز (مەسىلەن، پىتنە ـ پاسات سۆزلىرى)، مەنىسىز، قۇرۇق ياكى ئۇششاق سۆز، قوپال سۆز، ئەدەپسىز سۆز ئۈستىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئىنسان ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە دائىمىي ۋە بىۋاستە ئالاقىدار ئىدى.

فېيېرباخ: «تىل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنىڭ مىزانى[1]»، «ھەقىقەتنىڭ ھاياتىي كۈچى (ئۆلمەس دەرىخى) تىلدىن ئىبارەت»[2] دېگەنىدى. يۇسۇپ

---

① فېيېرباخ: «پەلسەپىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنىڭ ۋاقىتلىق پروگراممىسى».
② «خرىستىئان دىنىنىڭ ماھىيىتى»، «فېيېرباخ پەلسەپە ئەسەرلىرى»، I توم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاس ھاجىپنىڭ سۆز ئەدەپى ھەققىدىكى تەلىمى ھېلىمۇ ئۆز ئۆزىنى بىلىش، ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتىكى نۇرانە تەپەككۇر ئەينىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 6. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئائىلە - نىكاھ ۋە تۇرمۇش ئەخلاقى بايانى

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئائىلە - نىكاھ مەسىلىسى مۇھىم ئىجتىمائىيەتشۇناسلىق، ئەخلاق ئىلمى ۋە مائارىپ كاتېگورىيىسى سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇلغان. داستاننىڭ بەزى بابلىرىدىكى بايانلار بىلەن ئۇنىڭ «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانىدا»، «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش بايانىدا» دېگەن 62 -، 63 - بابلىرى ۋە زىياپەتكە بېرىش، زىياپەتكە چاقىرىش توغرىسىدىكى 65 -، 66 - بابلىرىدا، ئائىلە - نىكاھ ۋە جامائەتچىلىك ئەخلاقى قائىدىلىرىنىڭ ئەينى زامان تەلەپلىرى سۆزلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلە ئاساسى بولغان نىكاھ مەسىلىسىدە كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولۇۋاتقان ئىككى خىل ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىگە خاس تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئۇنىڭ بىرى، ئىلگىرىكى قانداشلىق - ئۇرۇقداشلىق نىكاھ ۋە نىكاھنىڭ مىراس قىلىنىشى مەسىلىسى؛ ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئىسلام تەقۋادارلىرى دەۋەت قىلىنىۋاتقان يۇقىرى نەسەب، تەقۋادار سۈپەت، باي ۋە گۈزەل خوتۇن ئېلىش تەشەببۇسى ئىدى[1].

مەلۇمكى، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىي ئىقتىسادىي

---

[1] «سەھىھۇل بۇخارى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 247 - بەت.

ئىگىلىك قىلىنغان ئىلگىرىكى زامانلاردا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ قانداشلىق ـ ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى نىكاھ ۋە ئائىلە تۈزۈمى ساقلانغانىدى. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، قانداشلىق ـ ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى ئائىلە تۈزۈمى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ھۆجەيرىسى سۈپىتىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى مۇستەھكەملەشكە خىزمەت قىلغانىدى. مۇنداق ئائىلە تۈزۈمىنىڭ ئىختىيارىي قوشۇلۇش ئاساسىدىكى ئائىلە تۈزۈمىگە ئالمىشىشى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئۈستۈنلۈك ئالغان ئىگىلىكتىن ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىكى ئۈستۈنلۈك ئالغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمگە ئۆتۈش ئارقىلىق يۈز بەرگەن مۇھىم ئۆزگىرىش ھېسابلىناتتى. «قۇتادغۇ بىلىك»تە قانداق نىكاھلىنىش ۋە قانداق ئائىلە قۇرۇش مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، تولاراقى ئىلگىرىكى زامان ۋە قىسمەن ئەينى زاماندىكى كۆچمەنچى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئادەت كۈچلىرى ۋە پىتنىلىرىگە قارشى، ئەركىن تاللاش ئاساسىدىكى يېڭىچە نىكاھ ۋە بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق ئاساسىدىكى يېڭىچە ئائىلىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى ھۆججەت سۈپىتىدە ئالاھىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلە مەسىلىسىنى تەربىيە مەسىلىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، رەپىقە («ئەۋ»، «ئېب»، «كىشى») تاللاشنى نىكاھلىنىشنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئەخلاق ۋە پەزىلەتنى رەپىقە تاللاش شەرتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بۇ ھەقتىكى تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇ ئاساستا ئۆي ـ جاي ئورنىنى تاللاش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، مېھمان چاقىرىش ياكى مېھمانغا بېرىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالدى. بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نىكاھلىنىش شەرتلىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە، بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى. ئەينى زامان مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ بىر ئەر كۆپ ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن ئولتۇراقلىشىشتىن ئىلگىرىكى قېرىنداشلار ئارىسىدا ئېرى ئۆلگەن خوتۇننىڭ مىراس قىلىنىشى مۇئەللىپ نەزەرىدە يامان ئىللەت ھېسابلىناتتى.

«سۆجى مەڭگۈ تېشى» غا قارىغاندا، مۇنداق يېڭىچە نىكاھ تۈزۈمى قاراخانىيلاردىن ئىلگىرىلا باشلانغانلىقى ئېھتىمال. بۇ مەڭگۈ تاشتا: «ئېبلادىم ئوغلۇمىن قىزىمىن قالىڭسىز» (ئوغلۇمنى ئۆيلىدىم، قىزىمنى ياتلىق قىلدىم سالغۇلۇق ئالماي) دېيىلگەن بولسا، تۇرپاندىن تېپىلغان قانۇن ۋەسىقىلىرىدىمۇ بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق ئائىلە تۈزۈمىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى «بۇ ئىككۈ ئېر ئېبچى بولمىشلار» (بۇ ئىككىسى ئەر ـ خوتۇن بولۇشتى) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامانىدىكى سەئىد ۋە يالغان سەئىد ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش يولىدىكى يۇقىرىغا يامىشىپ، يۇقىرى نەسەبلىك خوتۇن سايىسىدە ياشاش تەشەببۇسلىرىغا زىت كېلىدىغان بىرقەدەر ئىلغار نىكاھ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ نىكاھلىنىش ۋە ئائىلە قۇرۇش مەسىلىسىنىڭ ئەينى زامان شارائىتىدىكى بارلىق مۇرەككەپلىكلىرىگە يېقىنلاشقاندا، مۇمكىنقەدەر ئائىلە پاجىئەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ يەنىلا ئەرلىك ئىمتىيازلىقىدىن ئىبارەت فېئودال كۆز قاراشنىڭ قاتتىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام تەقۋادارلىرى دەۋەت قىلىۋاتقان نەسەب ۋە بايلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ئۆيلىنىش

شەرتلىرىگە زىت ھالدا، نىكاھلىنىشتا ئالدىراپ كەتمەسلىكنى، ئۆيلەنمەكچى بولغان رەپىقىسىنى ئېھتىيات بىلەن ئىنچىكە ئويلىنىپ ياخشى تاللاشنى تەۋسىيە قىلغان، بۇنىڭدا قىزنىڭ نىكاھلانمىغان قىز بولۇشى، ئەردىن ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئورۇن جەھەتتە تۆۋەنرەك بولۇشى، ئەرنى خالاپ ياخشى كۆرىدىغان بولۇشى ۋە ئەخلاقىي گۈزەللىككە ئىگە بولغان بولۇشىدىن ئىبارەت تۆت ئالدىنقى شەرت تەكىتلەنگەن.

داستاننىڭ 4478 ـ بېيىتىدا قىزنىڭ ناتوغرا غەرەز، ئالدىنىش ياكى مەجبۇرلىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىختىيارىي ھەم سەمىمىي مۇھەببەت ئاساسىدا نىكاھقا رازى بولۇشى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

سەنى سەۋگە سەندىن ئادىن بىلمەگەي
ياراغسىز يا تەگسىز قىلىق كەلمەگەي
[سېنىلا سۆيۈپ، باشقىنى بىلمىگەي،
يارامسىز، قىلىقسىز ئىشلار قىلمىغاي.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ نىكاھلىنىشتا تۆت تۈرلۈك ئايالنىڭ ئۈچرىشى مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئەينى زامان شارائىتى بويىچە بىر ـ بىرلەپ تەھلىل قىلدى.

ئۇ تىلغا ئالغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئاياللار باي ئائىلە قىزلىرى بولۇپ، داستاننىڭ 4487 ـ، 4491 ـ، 4492 ـ بېيىتلىرىدا، باي ئائىلە قىزلىرىغا يېقىنلىشىش نىكاھلانغۇچى ئەرگە نىسبەتەن ئىقتىسادىي ئامەت بولماستىن، بەلكى كۆپ ھاللاردا پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ـ نەسەب جەھەتتىكى زور پەرقلەر پەيدا قىلغان زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ياكى ئائىلىنى بۇزۇش، ياكى باي ئائىلىگە بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق، دەيدۇ. يۈسۈپ خاس

ھاجىپ بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى بەختسىزلىك ھېسابلاپ، بۇنداق نىكاھنى رەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى تۆۋەن تەبىقە يىگىتلىرىگە، كەڭ جامائەتكە كۆيۈنۈش بولۇپ، مۇئەييەن خەلقپەرۋەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئۇ تۆۋەن تەبىقە قىزلىرىغا ۋە ئەخلاقلىق قىزلارغا ئۆيلىنىپ، ھاياتنى خۇشاللىق ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا داستاننىڭ 4479 ـ، 4481 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئۆزۈڭدە قودى ئال كىسى ئالسا سەن
بەدۈك تۆپكە ياقما بۇلۇن بولغا سەن
[خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزۈڭدىن تۆۋەن،
ئىسلىما ئىگىزگە ئەسىر بولۇرسەن.]
كىسى ئالسا ئۆزدە قودى ئال كۆنى
سەۋىنچىن كەچۈرگەي سەن ئۆدلەك كۆنى
[خوتۇن ئالساڭ ئالغىن، تۆۋەن، توغرىنى،
سۆيۈنۈچ بىرلە ئۆتكەي ھاياتىڭ كۈنى.]

ئۇ داستاننىڭ 4487 ـ، 4493 ـ، 4494 ـ بېيىتلىرىدا چىراي گۈزەللىكىگىلا ئىگە قىزلارنى ئىككىنچى تۈركۈم قىز ـ ئاياللار سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، نوقۇل ھۆسن ـ جامالىغا مەپتۇن بولۇپ نىكاھلىنىشنى ئاقىلانىلىق ھېسابلانمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ھۆسن گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، نوقۇل بۇ شەرت بويىچە ئۆيلىنىپ، «قىزىل يۈزنى زەپىران قىلمۇۋېلىش» تىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئۇ داستاننىڭ 4484 ـ بېيىتىدا مۇنداق دەيدۇ:

يۈزى كۆركى قولما قىلىنچ ئەدگۈ قول
قىلىنچ ئەدگۈ بولسا تۈكەل بولغا ئول

[ گۈزەل خۇيىنى ئىستە، ئاختۇرما جامال،
خۇيى ياخشى بولسا، تاپار ئۇ كامال.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆسنى گۈزەل قىزغا ئۆيلىنىپ پاجىئەگە يولۇقماسلىق توغرىسىدا توختالغاندا، ئەينى زامان جاھالىتىنى پاش قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق مۇھىتىدا ھوقۇق ۋە مۈلۈك ئىگىلىرى بولغان ئىمتىيازلىق كۈچلەر گۈزەل ئاياللارنى تارتىۋالىدىغان، ئۇلارنىڭ مەھبۇبلىرىنى پاجىئەگە گىرىپتار قىلىدىغان ئەھۋال دائىم ئۇچرايتتى. كۆپلىگەن تراگېدىيىلىك داستانلار بۇ ئىجتىمائىي پاجىئەنىڭ شېئىرىي ئىپادىسى سۈپىتىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

ئۇ داستاننىڭ 4488 ـ، 4495 ـ، 4496 ـ بېيىتلىرىدا يۇقىرى نەسەبتىن چىققان ئېسىلزادە قىز ـ ئاياللارنى ئۈچىنچى خىلدىكى قىز ـ ئاياللار سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشنى ئىززەت ـ مەرتىۋىنىڭ كۆتۈرۈلۈش يولى ئەمەس، بەلكى قۇللۇقنىڭ باشلىنىشى دەپ ھېسابلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 4489 ـ، 4497 ـ، 4500 ـ، 4502 ـ بېيىتلىرىدا تۆتىنچى خىلدىكى قىز ـ ئاياللار سۈپىتىدە پەزىلەتلىك ۋە بىلىملىك قىزلارنى تىلغا ئالىدۇ. مۇئەللىپ ئۆز مۇلاھىزىلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ: ئەگەر مۇنداق قىزغا نىكاھلىق بولساڭ، ئۇ چاغدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت خىلدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنى تاپقاندەك بولىسەن. كېچىككتۈرمەي ئۇنداق قىز بىلەن نىكاھلانغىن، دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. ئۇنىڭچە، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولغان بۇنداق رەپىقە ھەم ئېسىللىك، ھەم بايلىق، ھەم گۈزەللىكنىڭ مۇجەسسەم ئۈلگىسى ھېسابلىنار ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە يۇقىرىقى ئىككى خاھىشتىن باشقا، ئۈچىنچى خىل خاھىش — نىكاھلىنىشنى رەت قىلىدىغان

تەركىدۇنياچىلىق پىكىر ئېقىمىغا رەددىيە بېرىلىدۇ. مۇئەللىپ داستانىنىڭ 42 ـ بابىدا زاھىت ئودغۇرمىش نامىدىن (3574 ـ، 3581 ـ، 3584 ـ بېيىتلار) تىلغا ئېلىنغان «خوتۇن لەززىتى»، «خوتۇن بىلەن سۆھبەت تاتىغى»، «پەرزەنت كۆرۈش» نى جاپالىق، ئاچچىق، دۈشمەن تېپىشلىش، شەيتانغا يول ئېچىش دەيدىغان قاراشلارنى رەت قىلىپ، كىشىلىك جەمئىيەتتە كىشىلىك يولى بىلەن ياشاشنىڭ يوللۇق ۋە مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئاياللارغا توغرا مۇناسىۋەتتە بولۇش، شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك، ئۆزىنىڭ مۇنداق خاھىشلىرىنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن چەكلەشنى دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ «ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانىدا»، «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى بايانىدا» قاتارلىق بابلىرىدا، مۇنداق خاھىش كىشىگە خارلىق، موھتاجلىق، ھەتتا قۇللۇق كىشەنلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ تەكرار ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ ئەزىمەت ـ قەھرىمانلارنىڭ دۈشمەننىڭ «گۈلچېھرىلەر ھىيلىسى» تۇزىقىغا چۈشۈپ، يامان غەرەزلىك ئاياللار قولىدا ھالاك بولغانلىق پاجىئەلىرىنىمۇ ئىبرەت سۈپىتىدە تىلغا ئالغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئائىلىلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق ۋە مېھماندوستلۇق ھەققىدىمۇ مەخسۇس توختالغان. ئۇ قوشنىدارچىلىقنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشنى، ئۆي ـ روزىغارنى ئاۋات بازار، خەتەرلىك دەريا ۋە قۇدرەتلىك بەگلەر تۇرغان جايغا يېقىن تۇتماسلىقنى، پىتنىخور، ئىككى يۈزلىمىچى، چېقىمچى، قىزىلكۆز، ھاراقكەشلەردىن دوست تۇتماسلىقنى، ئائىلىنى ھالال كىرىم بىلەن ئىدىتلىق باشقۇرۇشنى، ئۆچ ساقلاش، چېقىمچىلىق، مەنىسىز ئۇششاق سۆزلەشنى ئادەت قىلماسلىقنى، زىياپەتنىڭ ھەممىسىگە ئەمەس،

كىشىگە مەنۋى ياردەم بېرىدىغان ھەم زۆرۈرىيلىرىگە بېرىپ، يوسۇنلۇق مېھمان بولۇشنى، مېھمان چاقىرىشقا تۇتۇنسا ياخشى كۇتۇشكە تولۇق تەييارلىنىشنى تەپسىلىي تىلغا ئېلىپ، مول فولكلور مەنزىرىسىنى سىزىپ كۆرسەتكەن. ئۇ داستانىنىڭ 2553 ـ بېيىتىدا داستىخان يېيىشنى بەگلەرنىڭ تۇغ چىقىرىشىغا ئوخشىتىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدىكى مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. دەۋر ئۆزگەرگىنى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تەلەپلىرىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق مېغىزى ھېلىمۇ ئېتىنىك ۋە ئېتىكىلىق قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

## 7. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەينى زامان ئەخلاقىي بۇلغىنىشىنىڭ بايانى

«قۇتادغۇ بىلىك» «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى باياىندا» دېگەن بابى بىلەن زوق ـ شوخ بىلەن باشلانغان بولسا، ئەكسىچە «زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا» يېزىلغان ئەلەملىك قەسىدىلەر بىلەن خاتىمىگە يۈزلەنگەن. بۇ تاسادىپىيلىقمۇ؟

روشەنكى، مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە ھەرخىل سەلبىي ئەخلاق ئۇلگىلىرىنى ئېتىكىلىق ئوبيېكت سۈپىتىدە كۆپ قېتىم خاراكتېرلەپ بەرگەن ۋە سۆككەنىدى. ئەمما، ئۇ چاغدا بۇ ئوبيېكتلار پەقەت ئېتىكىلىق ئوبيېكت سۈپىتىدىلا تىلغا ئېلىنغانىدى. ئاپتور بۇنىڭدىن پەرقلىق ھالدا بۇ خىل سەلبىي ئوبيېكتلارنىڭ ئۇنىڭ ئۆز سۇبيېكتىنى «چىۋىندەك شوراپ»، «چاياندەك چاققان»لىقىنى ئاشۇ قەسىدىلىرىدە تىلغا ئالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يېقىن دوستلىرىنىڭ «يەك» (جىن ـ شەيتان) بولۇپ چىققانلىقىنى، ئۆزى جاھىل

(«ئوتۇن») لار ئارىسىدا قالغانلىقىنى، ياكى ئۆزى ئېلىشىپ قالغانمۇ، ياكى كىشىلەر راستىتىنلا بۇزۇلغانمۇ، ھەر ھالدا جاھانغا جاپا تولۇپ، ۋاپا بوھرانغا ئۇچرىغانلىقىنى زارلاپ تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ھەتتا، ياۋا كېيىكلەر بىلەن ئۇلپەت بولۇپ، ئوت ـ چۆپ يەپ، يامغۇر سۈيى ئىچىپ، قۇمنى تۆشەك، تاغارنى كىيىم قىلىپ چۆل ـ باياۋانلارغا چىقىپ كەتكۈسى كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ زاھىتلىق تەركىيدۇنيالىقى ئەمەس، بەلكى بىزارلىق سەرگەردانلىقى ئىدى، ئەلۋەتتە.

مۇتەپەككۇر غەزەپ ئۇچقۇنلىرى بىلەن قايغۇ كۆز ياشلىرى ئارىسىدا ئۇلۇغ بىر ھەقىقەتنى تىلغا ئالدى. ئۇ بولسىمۇ 6575 ـ بېيىتتىكى ئىنساننىڭ فېئودالىزمدىكى يەنە بىر قېتىملىق ياتلىشىشى، ئۆز ماھىيەتلىرىنى يوقىتىپ قويۇشى ئىدى. شائىر مۇنداق دەيدۇ:

كىشى ئاتى قالدى، يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك، كەيىندىن باراي مەن.

فارابىنىڭ ھەسەتخورلىرى بولغاندەك، ئىبىن سىنانىڭمۇ ھەسەتخور رەقىبلىرى بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «چايان» ۋە «چىۋىن»لەر ھەققىدە يازغاندەك نەۋائىمۇ «ئىتلار» ھەققىدە يازغان. ئەمما پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەلىشىر نەۋائىلا ئىنسان ماھىيەتلىرىنىڭ يوقىلىشى مەسىلىسىنى تىلغا ئالغانىدى. نەۋائى: «مەن سېنى قانداق تاپۇرمەن مەن ئۆزۈمنى تاپمىسام» دەپ يازدى. كارل ماركس بۇنى «ئىنساننىڭ ياتلىشىشى» دەپ بىر جۈملە سۆزگە ئىخچاملىغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئارزۇ تاپتىم كىشى تاپمىدىم» (6567 ـ بېيىت) دېگەندە، ئۆز ئىدىيىلىرىنىڭ ئوتوپىيىلىكىنى ھېس قىلدى. دەرھەقىقەت، شۇ زاماندا پۈتكۈل قاراخانىيلار

خانلىقى پەيدا بولۇش، مۇستەھكەملىنىش، راۋاجلىنىش، گۈللىنىش، چۈشكۈنلىشىش، ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنىڭ گۈللىنىشتىن چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەنگەن باسقۇچىنى باشلاۋاتقانىدى. بۇ رىم ئىمپېرىيىسى سىياقىدىكى ھەممە پادىشاھلىقلار باشتىن كەچۈرگەن «ئۆرلەش - چۈشۈش» ھادىسىسىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئىدى، خالاس.

ئالىمنىڭ پەرىشتىدەك ياخشىلار كەتتى، يامانلار قالدى، قانۇن - نىزاملار بىكار قىلىندى، دېگەنلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ ھامىيسى بۇغراخان ۋاپات بولغان ياكى ھامىيلىقىنى داۋاملاشتۇرمىغان، قانۇن - نىزاملار بۇزۇلغان ياكى بىكار قىلىنغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت توقۇپ چىقىشقا ئاساس يوق. بىراق ھەر ھالدا «قۇياش» سېلىككەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان ئەخلاقىي بۇلغىنىشلىرىدىن قاتتىق زارلانغان ۋە بىزگە گۈللىنىشتىن كېيىنكى چۈشكۈنلىشىشنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولىدىغان سەلبىي تەسىرى، ئىنساننىڭ مەنىۋى ماھىيەتلىرىنىڭ ياتلاشقانلىقى، شۇنىڭدەك ئىلغار ئوتوپىك پىكىرلەرنىڭ داۋاملىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر ۋە ئۇچۇرلار قالدۇرۇپ ئۆتتى.

## 8. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭى مەسىلىسى

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئودغۇرمىش ئوبرازىنىڭ مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى پەسلىدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئودغۇرمىشنىڭ بەخت سىمۇولى ئايتولدى بىلەن ئەقىل -

بىلىم سىماسى ئۆگدۈلمىشنىڭ تۇغقىنى سۈپىتىدە بۇ كاتېگورىيىلىك پېرسوناژلارغا تۇتاشقان سىمۋول ئىكەنلىكىنى مۇئەللىپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس جېكىلەپ ئۆتكەن. ئودغۇرمىش ئۆزى بىلىملىك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئومۇمەن پاكلىقنىڭ گەۋدىلەندۈرگۈچىسى، خۇسۇسەن «قانائەت ۋە ئاقىۋەت» نىڭ گەۋدىلەندۈرگۈچىسى[6].

ئودغۇرمىش ئەخلاقىي بۆلگىنىشلار باش كۆتۈرگەن رېئال دۇنيادىن خۇددى بۇددىزم ئىختىراچىسى ساكيامۇنىدەك سەلبىي، پەسسىمىزملىق يەكۈن چىقىرىدۇ. يەنى رېئاللىقتىكى ئاۋامغا قارىتا «قانائەت» دەۋەت قىلىش؛ ئۆزىگە نىسبەتەن تەركىيدۇنيا تەرىقەتچىلىكى يولىنى تۇتۇش.

ئودغۇرمىشنىڭ رېئاللىقتىكى بۆلگىنىشلارنى ئەيىبلىگىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق، تەنقىدىي رېئالىستىك پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىشى، رېئال ۋە جانلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن يۈز ئۆرۈشى ئەقىلغا ئۇيغۇن بولمىغان، غەيرىي رېئالىستىك، پاسسىپ پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ.

ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىش ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەر ئاساسلىقى ھەقىقىي پاكلىق بىلەن ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ئاساسىي ۋاستىسىنىڭ پۈتۈنلەي قېرىپ، خىزمەت ئىقتىدارىدىن قېلىشتىن ئىلگىرى جەمئىيەتتە تۇرۇپ، خەلق ۋە جەمئىيەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىلىم ـ پەن ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بولۇشى، قېرىلىق مەزگىلى يېتىپ، خىزمەت ئىقتىدارى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىبادەت قىلىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇشمۇ بولىدىغانلىقىغا مەركەزلەشكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ئىبادەتنىڭ ماھىيىتى بولغان ياخشىلىق، خەيرلىكنى خەلق ئىشلىرىغا قارىتىش لازىملىقىنى، بۇنىڭغا زار ـ زار موھتاج

بولۇۋاتقان ئوبيېكت تەگرى بولماستىن، بەلكى خەلق ئىگەنلىكىنى تولىمۇ روشەن تىلغا ئالغان.

ئودغۇرمىش ئاۋامغا قارىتا دەۋەت قىلغان «قانائەت»، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى پاكلىق ۋە ئادىللىقنىڭ مۇھىم ئىپادىسى ۋە شەرتى بولۇپ، بۇ قىممەتلىك جاۋاھىر ھازىرغىچە ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تەركىدۇنياچى زاھىتنىڭ يىرتىق خالتىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنمىدى. ھەتتا بىر مەھەل «شاكىلىنى ئىرغىتىپ» تاشلاش قاتارىدا ئىرغىتىپ تاشلاندى.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، يېقىنقى بىرقانچە ئەسىرلىك پەلسەپە تارىخىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەخەسسىسلەر «مەقسەتدارلىق (تېلېئولوگىيە)» نەزەرىيىسىنى تەڭرىنىڭ ئالەم يارىتىشتىكى مەقسەتدارلىقىنى نەزەردە تۇتقان دەپ قاراپ، ئۇنى ئىنكار قىلىۋەتكەندەكلا، «قانائەت»، «شۈكرى ـ ئىنساب»، كۆڭ زىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئۆزىنى يېڭىش»، «ئۆزىنى تۇتۇش» تەلىماتلىرىنىمۇ پائالىيەتسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك تەرغىباتى دەپلا، قارىقويۇق ئوت قايناملىرىغا ئىرغىتىپ تاشلاشتى. ئەسىرلەر ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت ئىككى نەرسىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى — ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىنى مەقسەت قىلىش لازىملىقىنى، ئىنسان پۈتۈن پائالىيەتلەر ئارقىلىق قۇربان قىلىنىدىغان ۋاستە بولماي، ئېرىشىلىدىغان ھەقىقىي مەقسەت ئىگەنلىكىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېھتىياجىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك زۆرۈرلۈكىنى، مۇنداق تورمۇز، كونترول، گارمۇنىيىلەشتۈرگۈچى ئاڭ بولمىسا ئىنسانىيەت بالايىئاپەت گىردابىغا قاراپ چوڭقۇرلاپ بارىدىغانلىقىنى — ھېس قىلماقتا. زامانىمىز مۇتەپەككۇرلىرى پەلسەپە ئەخلەتلىكىگە تاشلىنىپ كەتكەن بۇ ئىككى جاۋاھىرنى قايتا ئىزدىمەكتە.

فارابى گرېك پەلسەپىسى تەسىرىدە بىلىم بىلەن بەختنى بىرلەشتۈرۈپ پازىل (سىۋىلىزاتسىيىلىك) جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنى ئادالەتلىك قانۇن ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش («قانائەت») بىلەن تولۇقلاپ، ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدا سىۋىلىزاتسىيىلىك جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ شەرتلىرىنى تۆتكە كۆپەيتتى. بۇ ئەبەدىيلىك قىممەتكە ئىگە مۇھىم سىۋىلىزاتسىيىلىك چۈشەنچە ۋە كاتېگورىيە بولۇپ ھېسابلىنىشى لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» سەھىپىلىرىدە قانائەت ھەققىدىكى مۇھىم بېيىتلاردا مۇنداق دېيىلگەن:

يانا ئايدى بىلگە بۈگۈ سۆزلەدى
ئۆزىن تۇتنۇماز ئەر باشىن يەر تەدى
[ئالىم ھەم ھېكىملەر يەنە سۆزلىدى،
ئۆزىن تۇتمىغان ئەر بېشىن يەر دېدى.] (2518 ـ بېيىت)

سۆز ئاسغى ئۇل ئول كۆر ئەشتمىش سۆزۈگ
ئالىپ ئىشكە تۇتسا كۆنىتسە ئۆزۈگ
[بۇ سۆز پايدىسى شۇ ئىشىتكىنىنى —
تۇتۇپ چىڭ، ئەيلىسە دۇرۇس ئۆزىنى.] (5434 ـ بېيىت)

قاتىغلان ئۇقۇش بىرلە باسغىل ھەۋا
ھەۋاقا باسىقسا بولۇر ئەر ياۋا
[تىرىش، ئەقلىڭ بىلەن يېڭىلسۇن ھاۋا،
ھەۋەستىن يېڭىلسە، بولۇر ئەر ياۋا.] (5403 ـ بېيىت)

ئاي ئەلىگ بۇ نەفسىڭ ياغىلا قاتىغ
تىلەكىنى بەرمە يەتۈرمە تاتىغ
[ئېلىگ، قاتتىق ئۇرۇش ئۆز نەپسىڭ بىلەن،
تىلىگىنى بەرمە، زوقلاندۇرما سەن.] (5318 ـ بېيىت)

قامۇغدا ئەسىزرەك ياغى بۇ تۇرۇر

مۇڭار ئەدگۈ قىلسا بۇ ئەسىز قىلىۇر
[ھەممىدىن يامانراق يېغى شۇ ئېرۇر،
قىلساڭ گەر ياخشىلىق، يامانلىق كېلۇر.] (5319 ـ بېيىت)

كۆزى سۇقىقا تۇتمەز بۇ دۇنيا پۇتۇن
بارى تاپ تەگۈچى تىرىلدى قۇتۇن
[كۆزى ئاچقا يەتمەس پۇتۇن بۇ جاھان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان.] (5389 ـ بېيىت)

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنى تۇتۇش، قانائەت قىلىش توغرىسىدا سۆزلىگەندە، مۇنداق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىجابىي جەھەتتىن ئىزاھلاشتىن تاشقىرى، يەنە تۆۋەندىكى يامان ئاقىۋەتلەرنى تىلغا ئالىدۇ:

بىرىنچىدىن، قانائەتسىزلىكنىڭ چېكى يوق، مىڭ يىل ياشىغاندىمۇ تىلەككە قانمايدۇ، ۋەھالەنكى، ئەمەلدە بۇ ئورۇندالماس خام خىيال بولۇپ، ئۆمۈر ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

تىلەكىن تىلەگلى تۆكەلىن تىلەر
تىلەكىن تۆكەتسە تۆكەرچىن تەمام
[تىلەر ھەر تىلەكنى، كىشى ئارزۇلاپ،
تىلەككە يەتكۈچە بولۇر ئۇ خاراپ.] (5432 ـ بېيىت)
ئانى قودماسا سەن سەنى قودغا ئۇق
ئاڭار تودماسا سەن ساڭا تودغا ئۇق
[ئۇنى قويمىساڭ سەن، سېنى ئۇ قويۇر،
ئۇڭا تويمىساڭ سەن، ئۇ سەندىن تويۇر.] (4738 ـ بېيىت)

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىدىن، دۇنيا قانۇنىيىتى شۇكى، ياخشىلىق قىلساڭ ياخشىلىققا مۇيەسسەر بولىسەن، ئۆزۈڭنى تۇتماي قانائەتسىزلىك قىلساڭ يامان ئاقىۋەتكە قالىسەن، دېگەن قاراش.

بۇ دۇنيا ئىچى بىر تارىغلاغ تۇرۇر
نەگۇ ئەكسە مۇندا يارىن ئول ئۈنۇر
[بۇ دۇنيا ئىچى بىر تېرىلغۇ ئېرۇر،
نېمە ئەكسە تاڭنا شۇ نەرسە ئۈنۇر.] (4733 ـ بېيىت)

بۇ قاراش داستاننىڭ 4734 ـ، 4735 ـ بېيىتلىرىدىمۇ ئىزچىللاشقان.

ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنى چەكلىمىگەن يامان ئاتاققا قالىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ نامىنى يامانلىق بىلەن قوشۇپ تىلغا ئالىدۇ. مۇنداق بېيىتلار نۇرغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر مىسالى مۇنداق:

كىشى ئەدگۇ ئاتىن كۆز ئالقىش بۇلۇر
ئاتىقمىش ئەسىز ئۆلسە قارغىش بۇلۇر
[كىشى ياخشى ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر،
يامان ئاتلىق ئۆلسا، ئۇ قارغىش ئالۇر.] (246 ـ بېيىت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، شەخسىي نەپسانىيەت، ئۆلۈم، ياخشىلىق قالدۇرۇش ئېھتىمالىنىڭ يوقلۇقى، مەغرۇرلۇق، دەرغەزەپلىك، تەرسالىق، چىرىكلىك، غەپلەتتە خىيالغا بېرىلىش، يەڭگىلتەكلىك قاتارلىقلارنى ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېھتىياجى يېڭىشى لازىم بولغان سەلبىي ئىدىيىۋى ـ كەيپىياتلار قاتارىغا كىرگۈزگەن، ئۇلارغا قارىتا ئەڭ كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

## 9. قىسقىچە يەكۈن

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق كۆز قاراشلىرى ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ تارىخىي ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىدى. ئۇ بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر فېئودال زىيالىيلار تەبىقىسى بىلەن، كەڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قول سانائىتى بازىرىدا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە قاتناپ تۇرغان يىپەك يولى سودا ـ تىجارەتچىلەر تەبىقىسىنىڭ نىسبەتەن ئىلغار ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق ۋە ئائىلە ـ نىكاھ قاراشلىرى ئۇنىڭ دۆلەت ۋە قانۇنشۇناسلىق تەلىماتى بىلەن قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن سىياسىي ـ قانۇن پەلسەپىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق قاراشلىرى ئوتتۇرا ئەسىر تەقدىرچىلىكى تەرغىباتىغا زىت ھالدا، كىشىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى مەسىلىسىنى كىشىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش مەسىلىسىگە، سۇبيېكتىپ خاھىشى ۋە تىرىشچانلىقى مەسىلىسىگە كۆتۈرۈپ ئىزاھلىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئالاھىدە پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە بولدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال مۇتەپەككۇرىنىڭ ئائىلە ۋە ئەخلاق كۆز قاراشلىرى ئېغىر نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىق ـ يامانلىقتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەر بىلەن كىشىنىڭ پسىخىك مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ياخشى ـ يامان ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۇغما بولىدۇ، دەيدىغان

خاتا كۆز قاراشتا بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ نىكاھ ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە ئوتتۇرا ئەسىر يۇقىرى قاتلام تەبىقىلىرىگە ئادەت بولۇپ كەتكەن ئاياللارنى ئەرلەردىن تۆۋەن كۆرۈش كۆز قارىشىنى تەرغىب قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەرلىك بولۇپ نىكاھتىن ئايرىلغان، قىزلىق ئىپپىتىنى ساقلىيالمىغان ئايال بىلەن نىكاھلاشماسلىقنى تەلەپ قىلسا (4477 ـ بېيىت)، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەردىن نەسەب ۋە ئىقتىسادىي روزىغار تەرەپتە تۆۋەن بولغان قىزغا ئۆيلىنىپ، ئەرلىك ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىش (4491 ـ، 4496 ـ بېيىتلار)نى تەلەپ قىلدى.

ئەپسۇسلىنىشقا تېگىشلىكى يەنە شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئايالنى ئەزىز تۇت» (4519 ـ بېيىت) دېگەن ئىجابىي قارىشىغا خىلاپ ھالدا، يەنە پۈتكۈل ئايال جىنسىغا كەمسىتىش، ھەتتا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلارنى «كۆزەتمىسە بۇزۇلىدىغان گۆش» (4519 ـ بېيىت)، «كۆڭلى ئاغىدىغان ۋاپاسىز» (4521 ـ بېيىت)، «قىزىل يۈز جەسۇر باتۇرلارنى ۋەيران قىلغان ئىزىتقۇ» (4523 ـ، 4524 ـ، 4525 ـ بېيىتلار) دېگەندەك ئىلمىگە زىت، ھەتتا ئىنتايىن زەرەرلىك كۆز قاراشتىن ۋاز كېچەلمىدى. ئۇ مۇشۇنداق تېپىك فېئوداللىق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا ئاياللارنى ئۆيدە مەستۇرە ھالەتتە تۇتۇش (4513 ـ بېيىت)، سىرتقا چىقىرىپ ناتونۇش ئورۇنلار ۋە مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بارماسلىق (1304 ـ، 4818 ـ بېيىتلار)، ئۆيگە يات ئەركەكلەرنى يولاتماسلىق (1303 ـ، 4514 ـ بېيىتلار) توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى.

تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 1303 ـ، 1304 ـ، 4510 ـ، 4511 ـ، 4512 ـ بېيىتلىرىدىن قىزنىڭ پەرزەنت سۈپىتىدە تۇغۇلماسلىقى، تۇغۇلغان ئىكەن ئۇنىڭ گورنى سېرىق توپىنىڭ تېگىدە بولۇشى، قىزنى ۋاقتىدا ياتلىق قىلىپ ئۆيدە ئۇزاق تۇتۇپ تۇرماسلىق توغرىسىدىكى ناتوغرا پىكىرلەرنى كۆرىمىز. بۇ خىل چىرىك فېئوداللىق كۆز قاراش مەيلى نۇقتىئىنەزەر ياكى ئاپتورنىڭ شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرى تەسىرىدە ئاچچىق غەزەپ ئىچىدە شەكىللەنگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (بۇ بىر ئېھتىماللىق)، يالغۇز ئەينى زامان شارائىتىدا ئاياللار پاجىئەسىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە مۇتەپەككۇرىمىزنىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى زىددىيەتچان قاراڭغۇ بۇلۇڭنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بەردى. تارىختىكى كۆپلىگەن تراگېدىيىلىك داستانلارنىڭ ئايال قەھرىمانلىرى، جۈملىدىن زىبۇنىسا، نادىرە، ئۇۋەيسى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجتىمائىي پاجىئەلىرى ئەينى زامان شارائىتلىرى بىلەن بىللە، يەنە مۇنداق ناتوغرا كۆز قاراشلار تۈپەيلى نىجادىيەتسىز قالغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭى قاراشلىرى قانائەت ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىدىن تاشقىرى، يەنە «ئىككى دۇنيا»، «دوزاخ ـ جەننەت»، «قىيامەت سورىقى» قاتارلىق روھانىيەتچىل ئاڭنى ئۆزىگە تىرەك قىلغان.

بىز ئاردا ئۆتكەن توققۇز ئەسىرلىك غايەت زور ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئۆزگىرىش ئاساسىدىلا يۇقىرىقى نۇقسانلارنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈۋاتىمىز. ئارىدا ئۆتكەن توققۇز ئەسىرلىك تارىخ مۇتەپەككۇرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىلغار قاراشلىرىنى تەنتەنە قىلدى ۋە ئۇ ئەبەدىي تەنتەنە قىلغۇسى.

# VIII باب «قۇتادغۇ بىلىك»تە پەن ۋە مائارىپ مەسىلىلىرى

«ئالىم، مۇئەللىمسىز قالسا گەر زامان،
نادانلىق ئىسىدىن قارايغاي جاھان.»
— ئابدۇراخمان جامى

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك»تە پەن ۋە مائارىپ مەسىلىلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قامۇس خاراكتېرلىك ھېكمەت داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» تە، مەدرىس پەلسەپىسى[7] تەرەپدارلىرىدىن پەرقلىق ھالدا بىلىش ئىقتىدارى، بىلىش جەريانلىرى قاتارلىق ئابستراكت كاتېگورىيىلەردىن ھالقىپ چىقىپ، بارلىق بىلىش پائالىيىتى ۋە جەريانلىرىنىڭ، بارلىق ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇتۇقى ۋە جەۋھىرى بولغان ئىلىم - پەن مەسىلىلىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلاردا ئىلىم ۋە تەربىيە قەدىمكى زامانلاردىلا مەمئىيەتنىڭ ئېتىبارلىق ئىشى سانىلاتتى. «ئۆگ» ئىبارىسىنى تۈپ سۆز قىلىپ تۈرلەندۈرۈلگەن «ئۆگرەن» (ئۆگەن)، «ئۆگرەت» (ئۆگەت)، «ئۆگ تۇت» (ئەستە تۇت، زېھنىڭگە

ئال)، «ئۆگۈت» (نەسىھەت) دېگەن سۆزلەر قەدىمكى مەڭگۈ تاشلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مانىزىم دەۋرى يازما مەنبەلىرىدە كەڭ ساقلانغان. يېتىم بالىنى «ئۆگسۈز» دەپ ئىپادىلىگەنلىكىمۇ «تەربىيەتچىسى يوق» دېگەن مەنىدىن كەلگەن. «ئالتۇن يارۇغ» دا: «بىلگە بىلىگدە ئۆگرەتىنمەكتە» (ئالىم ئىلىم بەرمەكتە) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە يەن ۋە مائارىپتا ئالدىنقى ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىدە ئۆز ئىلمى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئۇستاز — ئاقارى ۋە ئالىم - بىلگەلەر ئەينى زامان ئۇيغۇر يەن ۋە مائارىپىنىڭ تارىخىي ئۇتۇقلىرىنى گەۋدىلەندۇرگەنىدى. فارابى ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركىي ئالىملار خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدە شەكىللەنگەن «بەيتۇلھېكمە» ئاكادېمىيىسىنىڭ چىرىغىنى نۇرلاندۇرغان بولسا، ئەنزاڭ، ئىل تېمۇر ۋەكىللىكىدىكى يەنە بىر تۈركىي ئالىملار خەنلىن ئاكادېمىيىسىگە شۆھرەت بېغىشلىغانىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىلىم - پەننى ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ ئۇلى، ئىجتىمائىي بەخت - سائادەتنىڭ كۈچلۈك تىرىكى، ئىنسانىي مەدەنىيەتنىڭ نۇرانە چىرىغى، دۆلەتنى كۈچەيتىپ، خەلقنى بېيىتىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى سۈپىتىدە يۈكسەك مەدھىيىلىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھەربىر تېماتىك ماۋزۇسى مۇشۇ يادرولۇق ئىدىيىدىن ئايرىلىپ بايان قىلىنغان ئەمەس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىنگلىز پەيلاسوپى فرانسىس بېكون (1561 — 1626) [8] دىن بەش ئەسىر ئىلگىرىلا بىلىمنىڭ قىممەت، چىراغ، كۈچ ۋە ھەقىقىي قورال ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ «بىلىم بىلەن ئىنسان قەدرىنى تاپىدۇ» (147 - بېيىت)، «بىلىم بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ» (155 -

بېيىت) ، «بىلىم يېڭىلمەس كۈچ» (2447 ـ بېيىت) ، «قولىنىمۇ ئۇلۇغ قىلالايدىغان» (152 ـ بېيىت) ، «كۆككىمۇ يول ئاچالايدىغان» (208 ـ بېيىت) ، «تۇگۇنلەرنى يېشەلەيدىغان» (3168 ـ بېيىت) ، «ھەممىگە قادىر» (302 ـ بېيىت) كۈچ، شەخسىي ئۈچۈنمۇ، دۆلەت ئۈچۈنمۇ، ئىززەت ئۈچۈنمۇ، سائادەت ئۈچۈنمۇ بىلىم كېرەك، دېگەن ئىدىيىنى كەڭ تەۋسىيە قىلدى. ئۇنىڭچە، ئىلىم ئادەمنىمۇ، جەمئىيەتنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ، كامالەتكە ئىگە قىلىدۇ، «بىلىم ئۆزى بىر ئىبادەت» (3222 ـ بېيىت) ، «بىلىم ھەتتا دوزاخ ئىشىكىنى پېچەتلىيەلەيدۇ» (3223 ـ بېيىت) ، «بىلىمسىز قىلىنغان ئىبادەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ» (3224 ـ بېيىت) ، «بىلىمسىزنىڭ ئىبادىتىدىن بىلىملىكنىڭ ئۇيقۇسى ئەلا» (3225 ـ بېيىت) ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپقىچە بىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەممە جەھەتتىن ھېچكىم مۇنداق شەرھىلىيەلمىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم ـ پەن تۇغما ئىقتىدار بولماستىن تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىدى ۋە ئۆزىنىڭ مائارىپ ئىدىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭچە، ئەقىل كىشىنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرگەندەك، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئەھۋالى، ئىلىم قۇرۇلمىسى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم ئەھلىنى قوللاش، ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىش توغرىسىدا دۆلەت باشلىقىغا مۇھىم تەكلىپلەر بېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇلۇغۋار راتسىئونالىست، مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى توغرىسىدىكى بىباھا ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنساننى بىلىم بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنى بەرپا قىلىشنى يەنىلا بىلىم بىلەن بايان قىلغان. بىلىم

مەسىلىسى مۇستەسنا قىلىنغان ھالەتتە «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىلىم ـ پەن ۋە ئىلىم ئەھلى ھەققىدە

ئاپتور «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىلىم ـ پەننى ئومۇمىيۈزلۈك مەدھىيىلەشتىن تاشقىرى، ھەرقايسى پەنلەر توغرىسىدا روشەن توختالغان ياكى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئالىمنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ مولللۇقى، ئىلمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن تاشقىرى، بۇ ئۇنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى پەنلەرنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش بىلەن بولغان بىۋاسىتە، ئىچكى باغلىنىشى ھەققىدىكى دىئالېكتىكىلىق ۋە تارىخىي قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى ئالىمنىڭ ھەرقايسى پەنلەر ھەققىدىكى بايان ۋە ئۇچۇرلىرى ئەينى زامان ئىلىم ـ پەنلىرى تۈر ۋە ساھەلىرىنىڭ خېلىلا ئىنچىكىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەخلىسىز ـ مۇقەددەس دەپ قارالغان بىردىنبىرلىك دەۋاسىنى كۆچەيتىۋاتقان ئىسلام ئەقىدىچىلىرىگە خىلاپ ھالدا ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، لوگىكا، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، پسىخولوگىيە، تارىخ، شېئىرىيەت، تىلشۇناسلىق، چەت ئەل تىلى، قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئەخلاقشۇناسلىق (ئېتىكا)، ھەربىي ئىلىم، تەنھەرىكەت، فولكلور قاتارلىق كونكرېت پەنلەرنىڭ نوپۇزىنى تىكلەيدۇ، پەن ئالىملىرىغا ھامىيلىق قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئەينى زامان ھۆكۈمرانى بۇغراخان ئەبۇئەل ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخان ئۈچۈن

تەكلىپ ۋە تەۋسىيە قىلىنغان ھەرقايسى پەن ساھەلىرىدىكى بىلىملىك ئالىملار ۋە شائىر ـ ئەدىبلەرگە قارىتىلىدىغان سىياسەت ۋە مۇئامىلىدە ئەۋزەللىكنىڭ تەشەببۇس قىلىنىشى، مۇتەپەككۇرنىڭ ئەينى زامان مۇھىتىدا نەقەدەر ئىلىمپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 4341 ـ، 4342 ـ، 4343 ـ، 4350 ـ، 4351 ـ، 4353 ـ بېيىتلىرىدا ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

تاقى بىر قۇتۇ بىلگە ئالىملەر ئول
ئولار ئىلمى خەلققا يارۇتتاچى يول
[يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ئالىملار ئېرۇر،
ئۇلار ئىلمى خەلقنىڭ يولىن يورۇتۇر.]
ئولارنى قاتىغ سەۋ ئاغىرلا سۆزىن
بىلىكلەرىن ئۆگرەن ئۆكۈش يا ئازىن
[قاتتىق سۆي ئۇلارنى، قەدىرلە سۆزىن،
تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.]
بۇلار ئول يارار يا يارامازلارىغ
سەچىپ ئادرا تۇتغان كۆنى يول ئارىغ
[يارامىلىق ـ يارامسىزنى قىلىپ پەرق ئۇلار،
تۇتار پاك ـ پاكىزە يولىنىلا شۇلار.]
تىلىن ئەرمە سەرمە تۇز ئەتمەك يەتۇر
ئاغىر تۇت ئولارىغ ئاغىرلا كۆتۇر
[قوپال سۆزلىمە، ئاش ـ تۇزۇڭنى يېدۇر،
ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئەزىزلەپ كۆتۈر.]
ئەشىت ئىلمى ئىشلەت تىلىن سوڭدااما
يا قىلقىن قىلىنچىن ياۋۇز تەپ تەمە
[ئىشىت گەپ ـ سۆزىنى، ئىشلەت ئىلمىنى،
يامانلاپ يۇرمە سەن خوي ـ پەيلىنى.]
بۇلار ئول سۇزۇك قويقا ئەركەچ سانى
قويۇغ باشلاسا سۇرسە يولچا كۆنى

[ئۇلار قوي پادىسى ئىچرە سەركىدۇر،
ئۇ باشلاپ ماڭسا قوي تۈز يولغا يۈرۈر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالىملارنىڭ خۇلق - مىجەز جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىگە، خۇسۇسىي نۇقسانلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ئۇلارنى ئەيىبلەش پايدىسىز، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ خەلققە مەنپەئەتلىك ئىلمىي ئىشلىرىنىڭ قىممىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئىلىم - پەن ھامىيسى بولۇشتەك نۇرانە ئوبرازىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشىدۇ.

ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغۋار مەرىپەتچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر تەرەپتىن ئىلىم ئىگىلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنى ئەتىۋارلاش توغرىسىدىكى تۈنجى ئىسلاھات تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدىكى خارلىق، موھتاجلىق ۋە پاجىئەلىك ھاياتىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر رۇبائىيسىدا ئەرزىمەس بايلارنىڭ قولى ھەممىگە يېتىدىغانلىقى، ئالەمشۇمۇل پەيلاسوپلارنىڭ موھتاجلىق ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى مۇنداق ئىچچام جۈملىلەر بىلەن سۈرەتلەيدۇ:

كىمۇڭ بولسا دەۋلەت ئۇزادى ئەلىگ
قامۇغ تەتۈرۈسى ئۇلۇڭ سۆزى ئۆگ، بىلىگ
ئازۇن فەيلاسوفى نەڭى بولماسا،
نىچە تىلدام ئەرسەكىشالدى تىلىگ
[ئەگەر كىم باي ئەرسە تىلىدۇر ئۇزۇن،
ھەممە تەتۈرى ئۇلۇڭ، يۈرگۈزەر سۆزىن.
جاھان پەيلاسوپى مالى بولمىسا،
قانداق دانا بولسۇن چەكلىگەي ئۆزىن.]

بىز داستاننىڭ «كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھىتى» نامىدىكى خاتىمە خاراكتېرلىك قەسىدىسىدىن ئەينى زاماندا «بىلىملىكلەر كىشەنلىك، نادانلار ئازاد»، «بىلىملىك غەمكىن، نادانلار شادىمان» ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي مەنزىرە ۋە ھەققانىي شىكايەتنى روشەن ھېس قىلالايمىز.

## 3. «قۇتادغۇ بىلىك»تە گۈزەللىك ۋە شېئىرىيەت ھەققىدە

گۈزەللىك — «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھەقىقىي سىماسىدىن ئىبارەت بولسا، شېئىرىيەت ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىدىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش ھاجەتكى، «قۇتادغۇ بىلىك» كلاسسىك قامۇسىي ئەسەر سۈپىتىدە روشەن ۋە خاس بەدىئىي قۇرۇلما شەكلىدە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ پەلسەپۋى دىداكتىك تۈسى، شېئىرىي ۋە دراماتىك تۈزۈلمىسى بىلەن ئۇنىڭ تىل، پېرسوناژ، ئوبراز، تەسۋىر، ئوخشىتىش ۋە بايان قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئېستېتىكىلىق پرىنسىپ ۋە ماھارەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇ ھال «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ غايەت زور پەلسەپۋى مەزمۇنلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق شەكلىنىڭ بىرلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئەسەر يەنە گۈزەللىك ۋە ئەدەبىياتقا ئائىت قىممەتلىك قاراشلارنى تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى گۈزەللىك («كۆرگ»، «كۆرگلۈك»)، نەپىس («تالۇ»، «ئۆدرۈلمىش»)، زوق، لەززەت («تاتىغ») قاتارلىق ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنى قەدىمكى زاماندىلا ئۆز تۇرمۇشىدا قوللىنىشقا

باشلىغان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ئۆز زامانىسىدىلا گۈزەللىك توغرىسىدا توختالغان. «ئىرق بىتىك» تە: «نى كۆرگىلۈك ئۈل» (ئۇ نېمانچە چىرايلىق)، «ئۇيغۇرچە مانى تېكىستلىرى» دە: «ئۆدرۈلمىشلەرگ قۇۋراتتى» (نەپسلىرى تاللاندى)، «ئالتۇن يارۇغ» دا: «ئۆترۈ ئېلىگلەرىن ئۆرۈ كۆتۈرۈپ ئۇلىيۇ سىغتايۇ ئىنچاتىپ تاغشۇردىلار» (ئاندىن كېيىن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۇقىرى ئاۋازدا مۆڭگۈلىنىپ شېئىر ئوقۇدى)، «تاتىغلىق شلوق تاغشۇت» (خۇش ئاۋاز شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۇيغۇر ئېستېتىك ئېڭى ۋە شېئىرىيىتىگە ئائىت مۇھىم تارىخىي مەنبەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىنساننىڭ تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان كۆپ قىرلىق ئېستېتىك مۇناسىۋىتى، كىشىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك ۋە بىلىم ئىقتىدارىغا بولغان يۈكسەك باھا، ئىنسان قەلبىنىڭ گۈزەللىك ئىپادىلىرى، بەدەن گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى تەسىرى، گۈزەللىك بىلەن بەخت، گۈزەللىك بىلەن يېتىلىك توغرىسىدا قىممەتلىك تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، شېئىرىي سەنئەت ۋە شائىر توغرىسىدىكى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمى ئورخۇن — سېلىنگا ۋادىسىدا ياشىغان دەۋرلەردىكى تەبىئىي مۇھىت شارائىتىغا ماسلاشقان تەبىئەت گۈزەللىكى قاراشلىرىدىن پەرقلىنىدىغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئىي مۇھىتى شارائىتىغا ماسلاشقان تەبىئەت گۈزەللىكى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكى قاراشلىرىدىكى ئىلگىرىلەشنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئورخۇن دەۋرىدىكى «تېلى قوشىقى» دا تەبىئەت تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن:

www.uyghurkitap.com

تۆرىدۇ تېلى دىيارى،
تەسكەي تېغى ئاستىدا.
ئاسمىنى گۈمبەزگە ئوخشايدۇ يانا،
كەڭ دالانىڭ ئۈستىگە قاپقاق گويا،
بىپايان كۆپكۆك ساما،
چېكى يوق يايلاق دالا.
سوقسا شامال كۆرۈنەر قوي ـ كالىلار چۆپ قويىندا.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تەبىئەت تەسۋىرى ھەققىدىكى بېيىتلار كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا «چۆپ ئارىسىدىكى قوي ـ كالا» ئورنىغا «قوڭۇر زېمىنىنىڭ كافۇردەك ئاق قاردىن ئايرىلىپ ئىپاردەك قارايغانلىقى»، «دۇنيانىڭ گۈزەل ياسىناق بولغانلىقى»، «قوڭۇر يەرنىڭ يېشىل تاۋار ـ دۇردۇن كىيىپ، خۇددى قىتان كارۋىنى تابغاچ رەختىنى يايغاندەك بولغانلىقى» ئالماشقان.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى گەرچە چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ھەققىدە روشەن ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمىگەن بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە بەزى مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان. داستاننىڭ 2072 ـ، 2756 ـ، 2757 ـ، 5007 ـ، 5922 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

كۆلەر يۈز سۈچىگ سۆز سىلىگ ئۆز كەرەك
قىلىنچى بۈلارقا تۈكەل تۈز كەرەك
[كۆلەر يۈز، چۈچۈك سۆز، خۇلقى ئۆز كېرەك،
قىلىقى بۇلارغا ئۇيغۇن، تۈز كېرەك.]
كۆنىلىك مۇن ئول بارچا ئەدگۈ ئاسىغ
بۇ ئاسىغ بىلە بولدى مەڭگۈ تاتىغ
[دۇرۇسلۇق — دەسمايە، نەپئى ياخشىلىق،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭلە تېپىلغاي مەڭگۈ تاتلىقلىق.]
كۆڭلى بولسا يالغۇز كۆڭلى ئەدگۈ ئول
كۆڭلى ئەدگۈ بولسا قۇتى مەڭۇ ئول
[دۇرۇس بولسا ئىنسان كۆڭلى ئەزگۈدۇر،
كۆڭلى ياخشى بولسا، قۇتى مەڭگۈدۇر.]
سەۋىندى كۆر ئۆگدۈلمىش ئايدى جەۋاب
ئەدى كۆركلۈگ ئول بۇ يەمەكەد سەۋاب
[بولۇپ خۇش بۇ ئۆگدۈلمىش، قىلدى جاۋاب،
دېدى: بەك گۈزەل بۇ، يەنە بەك ساۋاب.]
بۇ ئەدگۈ تۇرۇر كۆر كۆڭلىلىك چىنى
تىرىگلىك تۇرۇر كۆرسە ئەدگۈ ئانى
[ئېرۇر ياخشىلىق ئۇ، دۇرۇسلۇق چىنى،
تىرىكلىك دەل شۇدۇر، كۆرەرسەن ئۇنى.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ گۈزەللىكنىڭ ئاساسى ۋە شەرتى بولغان چىنلىق ۋە ياخشىلىقنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا مەنىۋى گۈزەللىك ئۈستىدە توختىلىدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىچكى گۈزەللىك ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، مەنىۋى گۈزەللىكنى — بىلىم ۋە ئەخلاقنى نەزەردە تۇتقان. ئۇنىڭچە، كىشىنىڭ ئىرادە ئىختىيارلىقى بىلەن تاللاپ يېتىشتۈرىدىغان يۈكسەك مەنىۋى ئاساس مۇنداق ئىچكى گۈزەللىكنى شەكىللەندۇرەتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلىمنى ئەخلاقنىڭ ئۇلى، مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم ئۇلۇغلىغان. ئۇنىڭچە، پەقەت نادانلىقلا جاھىللىق ۋە قاباھەتنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەلب گۈزەللىكىنى پىكىر، سۆز ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئىزچىل ئىپادىلىنىشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. كىشىنىڭ گۈزەللىكى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان (274 ـ بېيىت) بولغاچقا، پاساھەت بىلەن سۆزلەشنى (175 ـ بېيىت)، تىل بىلەن دىلنى بىرلەشتۈرۈشنى

تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 4280 ـ بېيىتىدا مۇنداق دەيدۇ:

قامۇغقا سەۋنتمەك تىلەسە ئۆزۈڭ
كۆڭۈل تىل بىرىكتۈر سۇچىگ تۈت سۆزۈڭ
[سۆيۈملۈك بولۇشنى تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل، تىل بىرىكتۈر، چۈچۈك قىل سۆزۈڭ.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تاشقى گۈزەللىكنى، ھۆسن ـ جامال گۈزەللىكىنى ئىنكار قىلىدىغان نوقۇل روھانىيەتچىلەردىن كەسكىن پەرقلىنىپ، ساھىبجامال گۈزەلنى كۆرۈشنى ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقانلىقى ئۈچۈن بىر خاسىيەتلىك بېشارەت دەپ مۇبالىغىلەشتۈرىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 2468 ـ، 2469 ـ بېيىتلىرىدىن تۈزۈلگەن رۇبائىيسىنىڭ ئاخىرىدا:

قۇپا كۆركلۈگۈگ كۆر قىلىن ئۆزكە فال
ئىشىڭ ئەدگۈ بولغاي قامۇغ سۆزنى ئۇز
[قوڭۇر چاچ گۈزەلنى، كۆر، ئەيلە بىر پال،
ئىشىڭ ياخشى بولغاي، بۆلەك سۆزنى ئۇز.]

دەپ يازىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شەكىل ۋە مەزمۇن، تاشقى ۋە ئىچكى گۈزەللىكنىڭ ئىمكانقەدەر بىردەك بولۇشىنى (2213 ـ، 2215 ـ، 2216 ـ بېيىتلار)، مەزمۇن ۋە ئىچكى گۈزەللىكنىڭ دائىم شەكىل ۋە تاشقى گۈزەللىككە نىسبەتەن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشىنى (5113 ـ بېيىت)، ئىنسانىنىڭ ئۆز تېشىنى بوياشقا ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىنى بېزەشكە ئالدىرىشى (5112 ـ بېيىت) لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

داستانىنىڭ 2213 ـ، 2216 ـ، 5113 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تور بېكىتى

كىمىڭ بولسا كۆركلۈگ يۈزى تاش ئۆزى
تاشى تەگ يەمە كۆركلۈگ ئول ئىچ يۈزى
[كىشىكى گۈزەلدۇر يۈزى ھەم ئۆزى،
تېشىدەك چىرايلىق بولۇر ئىچ يۈزى.]
تاشى كۆرسە تاپ تۇت ئىچىڭە تانۇق
تاشى تەگ ئىچى ئول ئىچى تەگ تاش ئول
[تېشىنى كۆرۈپ بىل ئىچىگە گۇۋا،
ئىچى ھەم بولۇر ئۇ تېشىغا ئوخشاش.]
قامۇغ نەڭ كۆتۈرگۈسى ئىچتىن بولۇر
ئىچى بولماسا تاش ياراماز قالۇر
[پۈتۈن نەرسە ئۈستۈنلۈكى ئىچىدە بولۇر،
ئىچى بولمىسا، تاش يارامسىز قالۇر.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گۈزەللىكنىڭ كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشنى ئاڭلىق ھالدا ئەمەس، بەلكى ئىستىخىيىلىك تەرىزدە تىلغا ئالغان. ۋەھالەنكى، بۇ خىل كۆز قاراشنى قەدىمكى گرېك ماتېرىيالىستى دېموكرىت ئىستىخىيىلىك تەرىزدە تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇ رەسمىي بىر خىل گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئېستېتىكىلىق تەلىمات سۈپىتىدە ئىنگلىز تەجرىبىچىلىرى[9] تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 2465 ـ، 2467 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

بۇ كۆركلۈگ يۈزۈگ كۆرسە يۈز سۈۋلانۇر
كۆڭۈل ئاچلۇر ئاندا بۇ جان يەملەنۇر
[گۈزەل يۈزنى كۆرگەن كىشى خۇشلىنۇر،
كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەمدە جان زوقلىنۇر.]
ئەدى ئەدگۈ نەڭ بۇ كىشى كۆركى يۈز
بۇ يۈز كۆركىڭە سۈۋ ئىچەر ئىكى كۆز

[كىشىچۈن نە ياخشى نەرسە — گۈزەل يۈز،
ئىچەر سۇ بۇ يۈز كۆركىدىن ئىككى كۆز.]

«قۇتادغۇ بىلىك»تە «تاتىغ» ئىبارىسى ئاستىدا گۈزەللىك ۋە ئېستېتىك زوق گەۋدىلەندۈرۈلگەن كۆپلىگەن بېيىتلار بار. ئۇ خۇددى لاتىنچە (Deloctare)، فرانسۇزچە (Gouter)، ئىنگلىزچە (Taste)، نېمىسچە (Dellkat) «مەززىلىك»، «كۆڭۈللۈك» ئىبارىلىرىدەك روشەن ئېستېتىك مەنىگە ئىگە بولغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە يېڭىلىق توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دىئالېكتىكىلىق قاراشلار (687 — 689 - بېيىتلار)دا «گۈزەللىك — يېڭىلىقتۇر» دېگەن ئاجايىپ پىكىر ئۇندۇرمىسى ساقلانغان. «قامۇغ ئەسكى نەڭلەر ئەرىنچىگ بولۇر» (بارلىق كونا نەرسىلەر خۇنۇك بولۇر)، «تالۇ نەڭ بولۇردا ياۋۇز نە كەرەك» (نەپىس نەرسە تۇرغاندا قوپال نە كېرەك)، «ياڭىدا بولۇر كۆرسە بارچا تاتىغ» (نەزەر سالساڭ بارچە گۈزەللىك لەززىتى يېڭى نەرسىدە بولىدۇ)! بۇ نېمىدېگەن ئاقىلانە مۇھاكىمە!

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك»تە سەنئەتنىڭ ئېتنىك شەكلى بولغان مۇزىكا - ئۇسسۇللار، مۇقام - مەشرەپلەر توغرىسىدا بايانلار ئۇچرىمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت مەنبەلەردە مول مەزمۇنلار ساقلانغاندى. ئەلىشىر نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇپ»تا «مۇغەيىنىلەر زىكرىدە» دېگەن بىر بابنى يازدى. سەنئەتنىڭ ئىككى مۇھىم ساھەسى — رەسساملىق بىلەن ئۇسسۇل ھەققىدە بۇ مۇتەپەككۇرلار ئالاھىدە توختالمىغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئىككى جايدا ئۇسسۇل — رەقىس (خۇددى «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكىدەك «بودۇك» ئىبارىسىدە) مىسال سۆزلۈكى قىلىنغان، «قۇتادغۇ بىلىك»تە مەيىنى چەكلەش ئۇستىدىكى تەشەببۇس ئارىسىدا بىر قېتىم تىلغا ئېلىنغان، مەخسۇس توختالمىغان. ئەينى زامان مۇھىتىدا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەنئەت ساھەسى يېزىلىپ يوقالغان بولماستىن، ئەسلىدە يېزىلمىغانىدى. «قابۇسنامە» دىمۇ سازەندىلا يېزىلغان، خالاس «قۇتادغۇ بىلىك» تە شائىرلار توغرىلىق مەخسۇس بىر باب بېرىلگەن.

مۇئەللىپ شائىرلارنى «سۆز تەرگۈچى» كىشىلەر، ماختاپ ياكى سۆكۈپ تۇرمۇشنى باھالىغۇچىلار دەپ كۆرسىتىدۇ.

داستاننىڭ 4393 ـ، 4395 ـ بېيىتلىرىدا شائىرلار توغرىلىق مۇنداق يېزىلغان:

قىلىچتا يىتىگرەك بۇلارنىڭ تىلى
يانا قىلدا يىنچكە بۇ خاتىر يولى
[قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەسەۋۋۇر يولى.]
تەڭىزكە كىرۈر كۆرسە كۆڭلۈن تۇكەل
گۆھەر يىنچۈ ياقۇت چىقارۇر مەسەل
[كۆرەرسەن، دېڭىزگە كىرۇر كىشىدەك،
گۆھەر، ئۈنچۈ، ياقۇت چىقارۇر، دېمەك.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانىدىكى ئېستېتىكىلىق مۇھاكىمىلەر گەرچە مەخسۇس ماۋزۇ ئاستىدا سىستېمىلاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇئەللىپنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرى ھەر ھالدا خېلى دەرىجىدە كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ 3086 ـ بېيىتتىكى:

ئاي ھىممەت ئىدىسى ئازۇن قول تالۇ
تالۇ قولداچى ئەر قۇتى توپ تولۇ
[ئەي ھىممەت ئىگىسى ئىستە ئۇز جاھان،
گۈزەللىك ئىستەۋچى قۇتاتقاي ھامان.]

دېگەن مىسرالىرى گۈزەل كەلگۈسىگە ۋە خەلق بەختىگە تەلپۈنگەن مۇتەپەككۇر قەلبىنىڭ جۇلاسىدۇر.

## 4 . «قۇتادغۇ بىلىك»تە تېبابەتچىلىك مەسىلىلىرى ھەققىدە

كلاسسىك نېمىس ماتېرىيالىستى فېيېرباخ ئۆزىنىڭ «بەخت ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە: تېبابەتچىلىك ماتېرىيالىزمنىڭ يۇرتى ۋە يىلتىزى، دېگەنىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» سەھىپىلىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئىپتىخارلىق سەھىپىسى — ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى مەسىلىلىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇلغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇزاق تارىخنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، قەدىمكى يىپەك يولى مەركىزىي تۈگۈنىگە شۆھرەت بېغىشلىغان مەدەنىيەت كرىستاللىرىدىن بىرى ئىدى. شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا رايونى تارىختا مەشھۇر سودا رايونى، ناخشا ـ ئۇسسۇل رايونى ۋە تېبابەتچىلىك رايونى ئىدى. سابىق سوۋېت مېدىتسىنا پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن پروفېسسور ب. د. پېتروف مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «مېدىتسىنا تارىخى» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، مەركىزىي ئاسىيا سكىف (سكىتاي) قەبىلىلىرى قارا دېڭىز ساھىلىغا كۆچكەندە، مەشھۇر گرېك تېبابەت ئالىمى ھېپوگرات (بەقرات) نىڭ دادىسى سكىفلار ئارىسىدا ياشىغان ۋە «تۆت تادۇ» (تۆت فىزىس) قارىشىنى قوبۇل قىلغان①. بۇ كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، پېرىكلى پادىشاھلىقى زامانىدا گرېتسىيىدە سكىف تېبابەتچىلىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان

① «مېدىتسىنا تارىخى»، 1957 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 57 ـ بەت. بۇ يەنە ژوكوف مۇھەررىرلىكىدىكى «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، II توم 2 ـ كىتاب، 96 ـ، 197 ـ بەتلىرىدىمۇ قەيت قىلىنغان.

ۋە سىقىپ چەۋەندازلىرى گىرېكلارغا ئاتلىق گۋاردىيە قورۇشقا ياردەم قىلغان. ئۇنىڭغىچە گىرېكلاردا ئاتقا مىنىلمىگەن، ئات پەقەت جەڭ ھارۋىلىرىغىلا قوشۇلغان. قەدىمكى پەنجاپتىن شىنجاڭغىچە بولغان يوللار «ئىپار يولى» دەپمۇ ئاتالغان.

ئېلىمىزنىڭ «黄帝内经素问» (خۇاڭدى پادىشاھ نامىغا يېزىلغان ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى) دېگەن كىتابتا، غەربىي دىيار تېبابەتچىلىكى ۋە زەھەرلىك دورىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. مىلادىيىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى «ئەۋلىيا دېھقان دورا گىياھلىرى» ناملىق كىتابتا غەربىي دىيار دورىلىرى ھەققىدە تەپسىلات يېزىلغان. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يېزىلغان «غەربىي دىيار ھۆكۈمالىرىنىڭ رېتسېپلىرىدىن 23 جىلد»، «غەربىي دىيارلىق مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ تۆت جىلدلىق مۇھىم رېتسېپلىرى»، «تۆت ئەتراپتىن توپلانغان 2600 جىلدلىق رېتسېپلار»، سۇن سىماۋ يازغان «بىباھا دورا رېتسېپلىرى»، «تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر تېۋىپلار تەزكىرىسى»، جىڭ چەن يازغان «غۇز دورا گىياھلىرى» قاتارلىق كىتابلاردا غەربىي دىيار تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۇتۇق ۋە سەۋىيىسى، نەزەرىيە ۋە رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت تېبابەتچىلىك مەنبەلىرىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇ گ. ر. راخماتى 1932 ـ يىلى ئېلان قىلغان تىببىي تېكىستلارنى، شۇ يىلى گ. ر. راخماتى ئېلان قىلغان 42 پارچە تۇرپان تېكىستلىرى ئىچىدىكى تېبابەتچىلىك تېكىستلىرىنى، 1952 ـ يىلى ئا. گابائىن خانىم ئېلان قىلغان 15 پارچە تۇرپان تېكىستلىرى ئىچىدىكى تېبابەتچىلىك تېكىستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىبەتچە «تۆت توملۇق تىببىي قامۇس» بىلەن سىماگۇاڭ يازغان «资治通鉴» ۋە دۇيۈنىڭ «قامۇسنامە»، تاۋ زۇڭيىنىڭ «جوگېنلۇ» قاتارلىق

ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، جان باشلى ئاتلىق ئۇيغۇر ئالىمى تىبەتتە «تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى»، «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» ناملىق تېبابەتچىلىك كىتابى يازغان، ئۇيغۇر تېۋىپى چىمەنقۇلى تاڭ گاۋزۇڭ پادشاھىنىڭ 633 ـ يىلى تۇتقان دەۋۋار (باش قېيىش) كېسىلىنى داۋالىغان، ئۇيغۇر تېۋىپلىرى مېڭىدىكى خالتىلىق قۇرتنى ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ تاشلىغان.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىدىقۇت دەۋرىدە ئاللىقاچان خەلق تېبابەتچىلىكى كاتېگورىيىسىدىن رەسمىي تېب ئىلمى سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. تېبابەتچىلىك بىلەن پەلسەپە، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىش، دورا ئىستېمال قىلىش بىلەن روھىي جەھەتتىن داۋالاش، تاشقى كېسەللىكلەر بىلەن ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ـ كۆتۈش نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە داۋالاش قائىدىسىگە ئىگە بىر ئىلمىي ـ ئەمەلىي سىستېمىغا مۇجەسسەملەشكەن. ئەينى زامان يازما مەنبەلىرى بۇ چاغدا دورا ـ دەرمەك سودىسىنىڭ ئاساسلىق سودىلار قاتارىدا تۇرغانلىقى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە خام دورىلاردىن تاشقىرى «ئىدىقۇت ھايات بەخش شەربىتى» (西州续命汤) قاتارلىق تەييار دورىلار چىقىرىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ شۆھرەتلىك ئۇتۇقلىرى فارابىنىڭ تۆت زات قارىشى ۋە تېبابەتچىلىك قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك، ئىبنى سىنانىڭ غايەت كاتتا تېبابەتچىلىك تەلىماتىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى. ئىنگلىز تارىخچىسى يوسىپ نىدمانىنىڭ «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارىخى» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، ئىبنى سىنا جۇڭگو تېبابەتچىلىكى بىلەن تونۇشقان. ئىبنى سىنا تېبابەتچىلىك تەلىماتى قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان تۆت زات، تۆت سۈپەت، تۆت خىلىت ۋە تۆت مىزاج قاراشلىرىنى ئىخچاملىغان؛ قارىمۇ قارشى زات، سۈپەت، خىلىت ۋە مىزاجلارنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇش ئارقىلىق بەدەندىكى ماددىي ھالەت تەڭپۇڭسىزلىقىنى يېڭىپ، ھاياتىي نورماللىقنى ساقلاش ھەققىدىكى مىزاج ئېكى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ كېسەل بايقاش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كېسەلنى داۋالاشقا ئائىت بەزى مەسىلىھەتلەرنى تىلغا ئالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆت زات — تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت توغرىسىدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ئاساسىدا، تۆت خىلىت ۋە تۆت مىزاج توغرىسىدىكى تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسىگە ئۆتۈشتە تۆت زاتنىڭ تۆت خۇسۇسىيىتىنى تىلغا ئالدى. بۇ ماھىيەتتە ئادەم ئورگانىزمى بىلەن تاشقى مۇھىت — ماددىي دۇنيا مۇناسىۋەتلىرى مەسىلىسى ئىدى. ئۇ داستانىنىڭ 4622 ـ، 4623 ـ، 4624 ـ، 4625 ـ، 4626 ـ، 4627 ـ، 4628 ـ، 4629 ـ بېيىتلىرىدا «قۇرۇغ» (قۇرۇق)، «ئۆل» (ھۆل)، «ئىسگ» (ئىسسىق)، «توملىغ» (سوغۇق) دېگەن ئىبارەت تۆت زات تۆت خۇسۇسىيىتىنىڭ تۆت مىزاج شەكلىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ قارىمۇ قارشى مىزاجلارنىڭ بىر تەرىپى ئېشىپ كەتسە، ئۇنى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە داۋالاش لازىملىقىنى تىلغا ئالدۇ. ئۇ داستانىنىڭ 4628 ـ، 4629 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

تادۇك تومىلغ ئەرسە ئىسگىن كۆچە
ئىسىگ ئەرسە تومىلغ يەيۇ تۇر ئىچە

[سوغۇق بولسا تەبىئەتىڭ ئىسسىقلىق كۈچەيت،
ئىسسىق بولسا، ئاڭا سوغۇقلۇق ئىشلەت.]

قالى سامدۇي ئەرسە تادۇڭ بەلگۈلۈگ
ئىسىگلى سوغىقلى ئارا بەر ئۇلۇگ
[مىزاجىڭ ئېگەركى بولۇر مۆتىدىل،
ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق ئارا چارە قىل.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تۆت زات، تۆت خۇسۇسىيەتتىن ھاسىل بولغان ئورگانىزم سۈيۈقلۇقى تۆت خىلىت (تۆت تەبىئىي) نى تۆت رەڭ بىلەن ئىزاھلاپ، داستانىنىڭ 4632 ـ، 4633 ـ بېيىتلىرىدىن تەشكىل تاپقان رۇبائىيسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئۆزۈڭ تەبىئىنى مەن ئايايىن يورا
قىزىللى سارىغلى ئۆرۈڭلى قارا
بۇلاردا بىرىسى بىرىگە ياغى
ياغۇسا ياغىقا ياغى ئادرارا
[مىجەزىڭنى ئېيتاي ئۇچۇق ساڭا، بىل،
سېرىق، ئاق، قارادۇر ۋە ياكى قىزىل.
بۇلارنىڭ بىرسى بىرىگە يېغى،
يېغىلارنى بۇ رەڭ بىلەن ئايرىغىل.]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە «سەپرا» نى سېرىق، «سەۋدا» نى قارا، «بەلغەم» نى ئاق، «قان» نى قىزىل رەڭ بىلەن سىمۋوللاشتۇرغان.

ئالىمنىڭ قارىشىچە، كىشى كۆپ زامانلار ئۆتۈپ، ھەتتا يېشى 40 تىن ئېشىپ يەنە ئۆز مىجەز تەبىئىتىنى بىلمىدىغان پاراسەتكە ئىگە بولالمىغان بولسا، ئۇنى ھايۋان، ھەتتا تۇگەل (مۇكەممەل) ھايۋان دېسە بولىدۇ، دەيدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆز بەدىنىدىكى خىلىتلار تەڭپۇڭلۇقىنى بىلمىگەندە ئۆمۈر يوللىرىنى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تەڭشىيەلىشى مۇمكىن بولمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەينى زاماندا مۇتەپەككۇرنىڭ مەسىلىنى مۇنداق كەسكىن قويغانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلاردا دائىم تەڭشىگۈچى دورا - دەرمەكلەردىن ئايرىلماسلىق ئادىتىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى، يىراق - يىراق سەھرالاردىمۇ دورىپۇرۇشلارنىڭ بولىدىغانلىقى بىر مەزگىل تېبابەتچىلىك مەدەنىيىتى ۋە مىجەز - تەبىئەتنى بايقاش ئېڭىنىڭ ئۈستۈن بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بىز «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى: «ئىسىگ تومىلىغ» (ئىسسىق، سوغۇق)، «ئىسىگ ئىگ» (ئىسسىق كېسەل)، «يۇل تومىلىغ تۇزلۇگ قۇلغاق ئارىغقا ياراشۇر» (ھۆل سوغۇقلۇق ئادەتتىكى قۇلاق ئاغرىقىغا ياقىدۇ) دېگەندەك مىجەز تەڭشەش جۈملىلىرىدىن بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئەدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مۇئەللىپى خىلىت ۋە مىجەز ھالىتىنىڭ ھەربىر ئادەمگە، ئۇنىڭ ھايات باسقۇچلىرىغا، پەسىلگە ۋە كونكرېت تۇرمۇش ئادىتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىزاھلىغان. ئۇ بۇنى چۈشىنى يېشىشىنىڭ، چۈشىنى بولسا مىجەز ھالىتىنى ئېنىقلاشنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرى، دەپ قارىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ۋۇقلىنىش گىگىيىنىسى ۋە روھىيەت گىگىيىنىسى مەسىلىلىرىنى كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئۇ داستانىنىڭ 4605 - بېيىتىدا:

قامۇغ نەڭكە ئۆڭدى تۆرۈ بار سۆزى
تۆرۈ تۈز يورىتسا يارۇر ئەر يۈزى
[ھەر نەرسىنىڭ قانۇنى - تەرتىپى بار،
يوسۇنلۇق بولسا ئەر، يورۇر يۈزى.]

دەپ يازسا، 4613 -، 4614 -، 4615 -، 4641 - بېيىتلىرىدا «كېسەل گالدىن كىرىدۇ»، «تاماقنى تولا يېسە كېسەل قىلىدۇ»

دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پاشاشىنىڭ ئىككى چارىسىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى 4642 ـ بېيىتتا مۇنداق دېيىلگەن:

ئەسەنلىك تىلەسە كۆر ئىگىسىزلىكىن
ئاز ئاتلىغ ئوتۇغ يە تىرىل ئاي ئەگىن
[تىلەسەڭ كېسەلسىز ئۆمۈر ئەي تېگىن،
ئېتي «ئاز يە!» دېگەن دورىنى يېگىن.]

ئۇنىڭ يەنە بىرى نىرۋىنى، روھىيەتنى بۇزىدىغان، دەرغەزەپ ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت پەيدا قىلىدىغان يامان سۆز ـ ھەرىكەتتىن ساقلىنىش بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ دورا ھەققىدە داستانىنىڭ 4643 ـ بېيىتىدا مۇنداق يازغان:

ئۆز ئىنچلىك تىلەسە ئەرەژى ئۇزۇن
تىل ئاتلىغ ئەتىگ يە تىرىل ئاي تۇزۇن
[تىلەسەڭ ھۇزۇردا ئۇزۇن ياشىماق،
يېگىن «تىل گۆشىنى!» ئايا قەلبى ساق.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كېسەللىكنى جىن ـ شەيتان تۈپەيلى ياكى تەقدىر ـ قىسمەت تۈپەيلى يۈز بەرگەن دەيدىغان پىرىخون ياكى روھانىيلاردىن پەرقلىق ھالدا، ئۇنى تادۇ — خىلىت تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغانلىقى ئاساسىدا ئىزاھلىدى. ئۇ تېبابەتچىلەر («ئوتاچىلار») ھەققىدە توختىلىپ، تېبابەتچىلىكنى «بىلىملەرنىڭ ئالدى»، ئۇنىڭسىز «تىرىكلىك ئىشى يۈرۈشمەيدۇ»، ئۇلار ئالدىدا بۇرچۇڭنى ئادا قىل، دەيدۇ. ئۇ يەنە، قان بېسىمى (1053 ـ بېيىت)، قان بۇزۇلۇش (1055 ـ بېيىت)،

www.uyghurkitap.com

ئاشقازان كېسەللىكى (1058 ـ بېيىت)، قەۋزىيەت (1059 ـ بېيىت)، زەھەرلىنىش (1060 ـ بېيىت) قاتارلىق كېسەللەر، مەجۇن، جۇۋارىش، كىن (كېيىك ئىپارى)، سۈرگە، تەرياك، شەلىسە، چۈرنى، مىتىرىدۇس قاتارلىق دورىلار، ھەر خىل شىپالىق گىياھ ۋە شەربەتلەر ئۈستىدە توختالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە دورا بىلەن داۋالاش (ئەملەش) نى پېرىخون، داخانلارنىڭ ھەر خىل ئىرىملىرىدىن پەرقلەندۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەپسۇنچىلىق ۋاستىلىرى — تۇمار پۈتۈش، جىن ھەيدەش قاتارلىقلارغا روھىي كېسەللىكنى داۋالاش تەدبىرى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە تېبابەتچىلىك مەسىلىلىرى مۇئەللىپنىڭ بىلىمى ۋە دۇنيا قارىشىنى يورۇتقۇچى مۇھىم دېتال بولۇپ، مەخسۇس تېبابەتچىلىك تەپسىلاتى ئەمەسلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم، ئەلۋەتتە.

## 5. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ماتېماتىكا پەنلىرى ھەققىدە

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 2221 ـ، 2633 ـ، 2782 ـ، 2783 ـ، 2784 ـ، 4278 ـ، 4379 ـ، 4380 ـ، 4384 ـ، 4382 ـ بېيىتلىرىدا ماتېماتىكا — رىيازىيەت («ساقىش»[1]) ۋە ئۇنىڭغا ئائىت

① سىڭگۇ سەلى ئىشلىگەن «ئالتۇن يارۇغ»دا: «يېر ئىتىكى بارچە ئوشالىپ قوق بولسار ئول قوقلارنىڭ ساقىشىن ساناغالى بولتۇقماز» (يەرنىڭ ھەممە تەرىپى ئۇشتۇلۇپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتسە، ئۇ پارچىلارنىڭ ھېسابىنى ساناپ بولماس) دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، ھېساب ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ «ساقىش» دەپ ئاتالغان.

قوشۇش - ئېلىش («جەمئى - تەفرىق»)، كۆپەيتىش - بۆلۈش («زەربۇ - قىسمەت»)، كەسىر («كۇسۇر»)، كۋادرات - كېمەيتىش («تەزئىف - تەنسىق»)، يىلتىز چىقىرىش («ئەددى جەزرى»)، ئالگېبرا («جەبرۇ مۇقابەل»)، گېئومېتىرىيە («ھەندەسە»)، ئۆلچەم («مىساھەت») قاتارلىق مەسىلىلەر ئومۇمىي نۇقتىدىن تىلغا ئېلىنغان.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلگەن تۆت ماتېماتىكا پەنلىرى — ئارىفمېتىكا («ھېساب»)، گېئومېتىرىيە («ھەندەسە»)، ئالگېبرا ۋە ئاسترو - ماتېماتىكىلىق ئۇچۇرلار بىزگە قاراخانىيلارنىڭ شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى مۇھىتىدا نەزەرىيىۋى پەنلەر ۋە ئۇنىڭ مىقدار ۋە شەكىل ھېساباتى لوگىكىسى بولغان ماتېماتىكا پەنلىرىدە ئاددىي ھېسابتىن تاكى ئىلمى نۇجۇمغىچە كەڭ ساھە بويلاپ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى، تۈرلۈك شەكىل - فىگۇرىلاردىكى ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەقەززاسى، خەلقئارا يىپەك يولى سودىسى، پۇل مۇئامىلىسى، ئۆسۈم ۋە سۇتخورلۇق ئېھتىياجى، تىبابەت - دورىگەرلىك، خىمىيە، ئىلمى نۇجۇم، كالېندارچىلىق قاتارلىقلار ھەممىدىن ئىلگىرى ماتېماتىكا پەنلىرىنىڭ راۋاجىنى تەقەززا قىلدى. ماتېماتىكا بىلەن لوگىكا، فىزىكا ۋە پەلسەپە پەنلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىلمىي بىلىش جەمغۇرلىنىشىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىشىنى تەمىنلەيدىغان «ئالدىنقى قوشۇن» سۈپىتىدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىكى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. تارىخ ھەممە يەردە ئىنسانلارنىڭ بۇ پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقىنى ئىلاھىيەتچىلىك پاسسىپلىقىدىن تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش پائالىيەتچىلىكىگە ئۆتكەنلىكىنىڭ تېرمومېتىرى دەپ قاراپ كەلمەكتە.

ئابباسىيە خەلىپىلىكلىرى دەۋرىدە مۇھەممەد مۇسا خارەزمى

«ھىندى رەقەملىرى ھەققىدە خارەزمى كىتابى» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ھىندى رەقەملىرىگە نۆل رەقىمىنى قوشۇپ ئەرەب دۇنياسىغا تونۇشتۇردى. ئۇ ئىككىنچى تەڭلىمىنى گېئومېتىرىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىش يوللىرىنى كۆرسەتتى. ئەبۇل كامىل ئىككىنچى تەڭلىمىدىن ئىككى يىلتىز چىقىرىشنى ھەل قىلدى. ئەبۇل ۋافا (940 — 998) يۇقىرىراق تەڭلىمىلەرنى گېئومېتىرىك ھەل قىلىش يوللىرىنى تاپتى، ئۇ $3\chi^4=a$ ۋە $\chi^4+a\chi^3=b$ تىپىدىكى تۆتىنچى تەڭلىمىنى يەشتى. ئۆمەر ھەييام ئۈچىنچى تەڭلىمىنى 13 تۈرگە ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ خېلى بىر قىسمىنى گېئومېتىرىك يول بىلەن ھەل قىلىشنى سىناقتىن ئۆتكۈزدى. IX ئەسىردىلا ئەل باتانى قۇياش ھەرىكىتىنى ئۆلچىدى ۋە ئاسترونومىيىدە شار يۈزلۈك ترىگونومېترىيىلىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشقا يول ئاچتى. پىلانېتىلار ئوربېتىسىنىڭ ئېللىپس شەكىللىك ئىكەنلىكى XI ئەسىردىلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۇ نەتىجىلەر ئەينى زامان ماتېماتىكىسىدا ئىنقىلابىي خاراكتېرلىك زور ئىلگىرىلەش پەيدا قىلغانىدى.

بۇ مەزگىلدە ئارىفمېتىكا ئومۇملىشىپ، مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنلىرىدىن بىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇ ۋەزىردىن تاكى ئاددىي خادىمغىچە بىلىشى، ئىشلىشى لازىم بولغان شەرتلەردىن بىرى ھېسابلاناتتى. داستاننىڭ 2218 ـ، 2219 ـ، 2220 ـ، 2221 ـ، 2270 ـ، 2773 ـ، 2776 ـ، 2777 ـ، 2780 ـ، 2781 ـ، 2782 ـ، 4379 ـ، 4380 ـ، 4381 ـ بېيىتلىرىدا ئارىفمېتىكا ئىلمىنىڭ ئومۇمىي زۆرۈرىيىتى، ئۇنى بىلمەي بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 4379 ـ، 4380 ـ، 4381 ـ بېيىتلىرىدا ئايان بولۇشىچە، بۇ دەۋردىكى ھېساب ئىلمى نوقۇل «تۆت ئەمەل» بىلەن چەكلەنمىگەن، بەلكى رېئال سانلىق

قىممەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىقدار لوگىكىسىنىڭ پىرسەنت چىقىرىش، كەسىر ھېسابلاش، نىسبەت ـ تاناسىپ، يىلتىز چىقىرىش ساھەلىرىگىچە كېڭەيگەن.

داستاننىڭ يۇقىرىقى بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئوقى زەرب ئۇ قىسمەت تۇكەل بىل كۈسۈر
تۇكەلكە تۇكەل ئىمتىھان ئول يەتۈر
[تولۇق بىل كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە كەسىر،
كامالغا يېتىشتە ئىمتىھاندۇر بىر.]
يا تەزئىف يا تەنسىف ئۆزۈك يەترۇ بىل
قالى بىلدىڭ ئەرسە ئەدەت جەزرى قىل
[بۇ تەزئىف يا تەنسىفنى سەن ياخشى بىل،
ئەگەر بىلسەڭ ئاندىن ساناق جەزىر قىل.]
يانا جەمئۇ تەفرىق مىساھەتقا ئۆت
يەتى قات فەلەكنى ياتۇر يامچا تۇت
[يەنە جەمئى تەفرىق، مىساھەتكە ئۆت،
يەتتە قات پەلەكنى بىر تال چۆپچە تۇت.]

بۇ مىسرالاردىن بىز «تۆت ئەمەل»دىن باشقا، كەسىر، كۋادرات (تەزئىف)، كېمەيتىش (تەنسىف)، يىلتىز چىقىرىش (جەزىر)، دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال (جەمئى تەفرىق)، مەيدان ھېسابلاش (مىساھەت) ھەققىدىكى تەلەپنىڭ بىر دەك ئۈستۈنلۈكىنى، بۇنىڭ ئۆلچەملىرى (ئىمتىھانى) دۇنياۋى بىر دەكلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

★

گېئومېترىيە شەكىل ـ ھالەتنىڭ ماتېماتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ھەل قىلىش قورالى سۈپىتىدە ئەينى زامان ماتېماتىكا پەنلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خۇددى فارابىدەك بۇ پەننى ئالاھىدە ئورۇنغا كۆتۈرگەن. داستانىنىڭ 2783 ـ، 2784 ـ، 4378 ـ بېيتلىرى بىلەن 2786 ـ، 2787 ـ بېيتلىرىدىن تۈزۈلگەن رۇبائىيسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

ئەلىگ ساقىنىشدا كەچەر ئەرسە سەن
كەرەك ھەندەسە ساقىنىشى تۇتسا سەن
[ھېسابتا تۆت ئەمەل ئۇققاچ، كېيىن سەن،
شۇغۇللانغان يەنە ئۇ ھەندەسە بىلەن.]
كۆرۈ بارسا يىنچكە ساقىش ھەندەسە
مۇنى بىرلە يەر كۆك بولۇر ئول ساسا
[بۇ ئىلمىي ھەندەسە ئىنچىكە ئىشتۇر،
يەر ـ ئاسمان ھېسابى شۇ بىلەن بولۇر.]
بىلەيىن تەسە سەن ئوقى ھەندەسە
ئاچىلغاي ساقىش قاپغى مۇندا باسا
[ئوقۇ ھەندەسەنى دېسەڭ بىلەيىن،
ئېچىلغاي ھېساب ئىشىكى شۇندىن كېيىن.]
ئەدى مە پاتىغ ھەندەسە ساقىنىشى
ئەنىن تەزگىنۇر كۆر ھەكىملەر باشى
ئەۋىن تەگ يارىر بۇ يەتى قات كۆكۈگ
ئادىرتتى سەچىم تەگ يەر ئەرسە قاشى
[بۇ ئىلمىي ھەندەسە ئېرۇر بەك چوڭقۇر،
ئۇنىڭدا ھېكىملەر بېشىمۇ قايۇر.
يارار ئۇ يەتتە قات كۆكنى داندەك،
چوڭقۇر ـ دۆڭنى ئۇششاق قىلىپ ئاجرىتۇر.]

★

ئالگېبرا[10] — ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئوغۇز ئالىمى مۇھەممەد

مۇسا خارەزمىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار كەشپىياتى ئەينى زاماندا ئەرەبچە «جەبرۇ مۇقابەل» دەپ ئاتالغان ۋە كېيىنكى زامانلاردا ياۋروپالىقلار خۇددى «ئالخىمىيە»نى «خىمىيە» دەپ تەلەپپۇز قىلغاندەك، ئەكسى ھالدا «جەبرۇ مۇقابەل»نى «ئال گەبرى»، «ئالگېبرا» دەپ تەلەپپۇز قىلىشتى. ئالگېبرا يۈسۈپ خاس ھاجىپ زامانىدا ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېترىيىدىن بۆلۈنۈپ، ماتېماتىكا ساھەسىدىكى ئايرىم پەن تارمىقى بولۇشقا قاراپ كۆرۈنەرلىك يۈزلەنگەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يېڭى پەن تارمىقىنى خالىغۇچىلارغا تېخىمۇ يۇقىرى ماتېماتىكىلىق كامالەت سۈپىتىدە تەۋسىيە قىلدى. ئۇ داستانىنىڭ 4382 ـ بېيىتىدا مۇنداق دەيدۇ:

تاقى قولسا جەبرۇ مۇقابەل ئوقى
يەمە ئوقلىدىس قاپغى يەترۇ توقى
[تىلەسەڭ يەنە سەن ئالگېبرانى ئوق،
يەنە ئېۋكىلىدنىڭ ئىشىكىنى سوق.]

★

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 2632 ـ، 4888 ـ، 4889 ـ، 6219 ـ، 6220 ـ، 6221 ـ بېيىتلىرىدا پەلەكىيات («ئىلمى نۇجۇم») مەسىلىلىرى سۆزلەنگەن. بۇ ھەقتە كىتابىمىز تېگىشلىك تەپسىلات بېرىپ ئۆتكەن.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا بىر يۇرۇش يۇلتۇز ۋە بۇرج، پەسىل ۋە كېچە ـ كۈندۈز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالماستىن، ئاسمان جىسىملىرىنىمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ماتېماتىكىلىق، بولۇپمۇ گېئومېتىرىيىلىك ھېسابلاش ئارقىلىق تونۇش ـ بىلىش ھەققىدە ئىلغار تەشەببۇستا بولغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ئاستىرولوگىيە ساختا ئىلمى تەرەپدارلىرىنىڭ يۇلتۇزغا قاراپ پال ئاچىدىغان خۇراپىي كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 1733 ـ، 1735 ـ بېيىتلىرىدا بۇ ئىلىملار خاسىيىتى توپەيلى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئۇتۇقلىرىنى مۇنداق قىزغىن تەرىپلىگەن:

قايۇ يۇگرۇ تىنماز ئاژۇن تەزگىنۇر
قايۇ جان يۇلۇغلار تەڭىزكە كىرۇر
[بىراۋلار يۇگۇرۇپ جاھان ئايلىنۇر،
بىرى جان پىدالاپ، دېڭىزگە كىرۇر.]
قايۇ ئارت ئاشار كۆر ئۆگۈزلەر كەچەر
قايۇ يەر قازار سۇۋقۇ دۇغدا ئىچەر
[بىراۋلار تاغ ئېشىپ، دەريالار كېچەر،
بىراۋ يەر قېزىپ، سۇ قۇدۇقتىن ئىچەر.]

## 6. «قۇتادغۇ بىلىك»تە تەلىم ـ تەربىيە ھەققىدە

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا تەلىم ـ تەربىيە مەسىلىلىرى نۇقتىلىق مۇھاكىمە تېمىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك سەھىپە تۇتقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بۇ مەسىلە ھەربىر شەخسنىڭ مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن، ھەربىر ئائىلىنىڭ كامالىتى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ كامالىتى ئۈچۈن ئاساسلىق ئالدىنقى شەرت ھېسابلىناتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەلىم ـ تەربىيىنى ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىسى، ئەمما تۇغما بىلىمسىز بولغان ئىنسان ئەۋلادىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق بىلىمگە ئېرىشىش

ۋاسىتىسى سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇ بىلىم تۇغما ئىرسىي مەلەكە ئەمەس، تەلىم ـ تەربىيە مەلەكىسى، ئىجتىمائىي مۇھىت مەلەكىسى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە، كامىل ۋە ساغلام ئەقىل (ئۆگ) بىلەن كامىل ۋە مەنپەئەتلىك بىلىم (بىلىك) نىڭ مۇجەسسەم بولۇشىدىن «بىلگە»، «بىلگە بىلىــــك»، «ئۆگ بىلىك»، «ئۆگە» بولۇش مۇمكىن ئىدى. بۇ ھازىرقى «تالانت» ئىبارىسىگە تولىمۇ ياندىشىپ كېتىدۇ. بۇنى ئالىمنىڭ تالانت قارىشى دەپ قوبۇل قىلىش مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەلىم ـ تەربىيىنى تۇغۇلماقتىن تاكى ھاياتنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدىغان ئۇلۇغ بىلىش پائالىيىتى دەپ قاراپ، بۇ پائالىيەتنىڭ ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مەكتەپتىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە ئورگانىك باغلانغان ئۈچ بىلىم ئوچىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئۇنىڭچە، ھەممە كىشى — تەلىم بېشىغا تولغان پەرزەنتتىن تاكى ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز، ھەتتا دۆلەت باشلىقىغىچە ياكى ئۆگىتىش، ياكى ئۆگىنىش تورىدا پائالىيەتتە بولۇشى لازىم ئىدى. ئۇ داستاننىڭ 3217 ـ، 3218 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

كىشى ئىكى تۇرلۇگ كىشى ئاتانۇر
بىرى ئۆگرەتىگلى بىرى ئۆگرەنۇر
[بۇ ئىككى خىل ئىنسان كىشى ئاتىلۇر:
بىرى ئۆرگىتۇچى، بىرى ئۆرگىنۇر.]
ئىكىدە نارۇ بارچا يىلقى سانى
تىلەسە مۇنى تۇت تىلەسە ئانى
[ئىككىدىن بۆلەكنى سەن يىلقى سانا،
يا ئۇ بول، يا بۇ بول، تاللاپ ئال مانا.]

بۇ نېمىدېگەن ئۆتكۈر خىتاب، ھە! بىز داستانىدىكى تۆت مەجازى قەھرىماننىڭ تەلىم ـ تەربىيە تورىدا تۇرغانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com

تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار تەلىم ـ تەربىيە، ئىلىم ۋە تاكامۇللىشىشنىڭ چەكسىزلىكىنىڭ غايىۋى سىمالىرى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلە تەربىيىسىنى تەلىم ـ تەربىيىنىڭ بىرىنچى ۋە مۇھىم دائىرىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ داستاننىڭ 4505 ـ بېيىتىدا ئىنىكئانىدىن باشلاپ تەربىيە بېرىش باشلىنىدىغانلىقىغا بىشارەت بېرىدۇ. داستاننىڭ 1218 ـ، 1220 ـ، 1225 ـ، 1493 ـ، 1495 ـ، 1822 ـ، 1823 ـ، 4504 ـ، 4505 ـ، 4506 ـ بېيىتلىرىدا پەرزەنتنىڭ كىچىكىدىن تەربىيىلىنىشى لازىملىقى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئاتا ـ ئانا يامان بولىدىكەن، پەرزەنتكە يامان تەسىرى يۇقىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىدۇ.

تاقى بىر سەبەب قولسا ئوغلان بىلىك
كىچىگدە تەگۈرگۇ بىلىككە ئەلىگ
[يەنە بىر شەرت: ئىلىم تىلەسە ئوغۇل،
كىچىك چاغدا قويغاي بىلىمگە كۆڭۈل.] (1822 ـ بېيىت)

كىچىگ ئەركەن ئۆگرەت ئوغۇلقا بىلىك
كىچىگدە بىلىك بىلسە كۆترۈر ئەلىگ
[ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇقلۇق بولۇر.] (1493 ـ بېيىت)

ئوغۇل قىز تۆرۈسە سەنىڭ ئاي تەكىن
ئەۋىڭدە ئىگىدگىل ئىگىدمە ئۆكىن
[تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئۆيۈڭدە ئاڭا سەن تەربىيىچى بول.] (4504 ـ بېيىت)

داستاننىڭ 1219 ـ، 1220 ـ، 1221 ـ، 1223 ـ، 1224 ـ، 1226 ـ، 1227 ـ، 1494 ـ، 4509 ـ بېيىتلىرىدا پەرزەنت

تەربىيىسىدە قاتتىق تەلەپ، مۇستەھكەم ئىنتىزام تەلەپ قىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوشاڭلىق ئەركە ـ نايناق قىلىپ قويىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ 1227 ـ بېيىتتا مۇنداق دەيدۇ:

ئوغۇلۇغ قىىسا تۇت ئاتا بولغۇچى
ساڭا كۈلمە سۈنى كەدىن كەلگۈچى
[ئوغۇلنى قىسىپ تۇت ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كۈلمىسۇنلەر كېيىن كەلگۈچى.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كەلگۈسى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشتە تەلىم ـ تەربىيىنىڭ رولىنىڭ چوڭلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە ئەمگەك ـ ھۈنەر تەربىيىسىگە دائىر پائال مەسىلىلەرگە ياندىشقان. ئۇ بۇنى ئىنسان ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، جەمئىيەتنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان. ئۇ داستانىنىڭ 1228 ـ، 1824 ـ، 1826 ـ، 4506 ـ، 4507 ـ، 4508 ـ بېيىتلىرىدا بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەت، خاراكتېر تەربىيىسى ئارقىلىق پەرزەنتلەرنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەشنى تەشەببۇس قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشلىقتىن ئىبارەت ئۆمۈرنىڭ قىسقا ھەم گۈزەل مەزگىلىنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك، ياشلىق باھارىنى ئىجتىمائىي بەخت ـ پاراۋانلىق گۈلشەنىگە ھۆسن قوشۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىش لازىملىقىنى ئۆز داستانىنىڭ باش ۋە ئاخىرقى قىسمىدا قايتا ـ قايتا تىلغا ئالىدۇ. بۇ مۇتەپەككۇرىمىزنىڭ ياش ئەۋلادلارغا قالدۇرغان سەمىمىي ۋەسىيەتنامىسى ئىدى.

مۇئەللىپ داستانىنىڭ ئاخىرىدىكى «يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ناملىق بىر بابىدا: ھاياتنىڭ ئەڭ

www.uyghurkitap.com

شېرىن مەۋسۇمى، ئۆمۈرنىڭ سۆيۈنچى بولغان گۈزەل ياشلىقنى ۋاقىت شامالللىرى ئىچىدە ئۆتكۈنچى بۇلۇتلاردەك قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى؛ ئەرغۇۋاندەك قىزىل يۈزىنىڭ زەپىران بولغانلىقىنى؛ ئىپاردەك قارا چېچى كافۇردەك ئاقارغانلىقىنى؛ چېچەكلىك باھار ـ ياز ھۆسنىنىڭ خازان بولغانلىقىنى؛ قېيىن ياغىچىدەك قەددى ـ قامىتىنىڭ يادەك ئېگىلگەنلىكىنى تىلغا ئالسا، داستانىنىڭ «كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھىتى» ناملىق بابىدا، بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، ئىلىم جاۋاھىرلىرىنى ئېلىش، بىلىم يولىدىكى مۈشكۈللۈكلەرگە بوي بەرمەسلىك توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

ئۇ داستانىنىڭ 1101 ـ، 1102 ـ بېيىتلىرىدا ياشلىق چېغىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۆمۈر جەريانىدا ئۆگىنىش، قېرىغانسېرى بىلىم بۈيۈكلۈكىگە ئېرىشىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

قايۇ باشقا كىرسە قوغو قىرتىشى
قوغو تەگ ئۆرۈك قىلغو كۆڭلىن كىشى
[ئاقارسا ئاققۇدەك كىشىنىڭ بېشى،
دىلىن ئاققۇ كەبى ئاقارتسۇن كىشى.]
كىمنىڭ ئەگرى بولسا كۆنى تال بودى
كۆنى قىلغو كۆڭلىن يەتىلدى ئۆدى
[ئېگىلسە كىشىنىڭ تۈز تالدەك بويى،
تۈزەتسۇن دىلىنى، يېتىلدى چېغى.]

## 7. قىسقىچە يەكۈن

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ رىئال دۇنيادىكى ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى توغرىسىدىكى ھەربىر مۇنەۋۋەر تەشەببۇسلىرىدا ئۇلۇغۋار ئىلىم ـ پەن ھامىيسى ۋە مائارىپچى

قىياپىتى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى يالقۇنلۇق خىتابلىرى ئەينى زامان ئىدىئولوگىيە جەڭگاھىدىكى بۇ راتسىئونالىزملىق ئەزىمەتنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، تېپىلغۇسىز ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممەت ياراتتى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ بىرقاتار مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ دىنىي ئىدىئالىستىك ۋە فېئودال يۇقىرى تەبىقىلىق بىلىش، شۇنىڭدەك سىنىپىي ۋە تارىخىي چەكلىمىلىرىنى ئىپادىلىدى. ئۇ داستاننىڭ 873 ـ، 878 ـ، 879 ـ، 881 ـ، 883 ـ بېيىتلىرىدا گەرچە كۇنتۇغدى ئېلىگ تىلىدىن سۆزلىسىمۇ يەنىلا تۇغما ياخشى ـ ياماننىقى، خۇي ـ پەيلىنىڭ «سۈت بىلەن كىرىپ، جان بىلەن چىقىدىغانلىقى»نى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي پىكىر تۈزۈلمىسىگە خىلاپلىق قىلدى.

ئۇنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى قاراشلىرى فېئوداللىق جاھالەتنىڭ پاجىئەلىك، قاراڭغۇ تەرەپلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ كېتەلمىدى، بۇ ھال ئۇنىڭ گۇمانىزملىق قاراشلىرىغا داغ كەلتۈردى.

ئۇنىڭ ماتېرىيالىستىك ئۇمۇمخەلق ماتېرىيالى غايىلىرىنى ئىپادىلەپ تۇرسىمۇ، ئۇ پەرزەنتلەرنى ئۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تەكىتلەپ، رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ تەلىم ـ تەربىيىدىكى رولىنى گەۋدىلەندۈرمىدى. ئۇنىڭ 5484 ـ، 5490 ـ بېيىتلاردا ئەقىل ـ بىلىم سىمۋولى بولغان ئۆگدۈلمىش تىلىدىن بېرىلگەن مۇسۇلمان بولمىغان قېرىنداشلىرىنى خانىۋەيران قىلىپ، بۇتلىرى ئورنىغا مەسچىت سېلىش، ئىسلام ئېچىش توغرىسىدىكى مىسرالىرى مۇئەللىپ ئىدىيىسىدىكى قاراڭغۇ تەرەپنى ئىپادىلىدى. مۇشۇ خىل قاراش «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىمۇ ئىپادىلەنگەن.

ئۇ داستاننىڭ 2223 ـ، 2224 ـ، 2225 ـ، 2226 ـ،

2692 ـ، 2693 ـ، 2694 ـ، 2695 ـ، 2696 ـ، 2697 ـ، 2698 ـ، 2699 ـ، 2700 ـ، 2701 ـ، 2702 ـ بېيىتلىرىدا يېزىق («بىتىك»، «خەت») نىڭ بىلىم ئېلىش، خاتىرىدە ساقلاش، خەۋەرلىشىش، كىتاب يېزىش، ھېسابلاش قاتارلىق پۈتكۈل مەدەنىيەت پائالىيىتىدىكى مۇھىملىقىنى، خۇش خەت بالاغىتىنىڭ ئېستېتىك ھوزۇرىنى قىزغىن تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇ 2227 ـ بېيىتتا يېزىقنى تەڭرى ئالەمنى يارىتىشتىن بۇرۇن ياراتقان دەيدىغان ئاتالمىش «لەۋھۇ ـ قەلەم» قارىشىنى تىلغا ئالدى.

دەۋر تەرەققىياتى مۇئەللىپ قاراشلىرىدىكى سەلبىي نەرسىلەرنىڭ ساقلىنىش ئاساسلىرىنى ئۆز دولقۇنلىرى بىلەن يۇيۇپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئىجابىي تۆھپىلىرى قايتىدىن جىلۋىلىنىشكە باشلىدى.

**ئىزاھلار:**

[1] توماس ئاكۋىنا (1225 — 1274) ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ ئەڭ زور ۋەكىلى. ئاكۋىنا پۈتۈن تەبىئەت ئىلمى ۋە پەلسەپىنى، لوگىكىنى بىردەك خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىكىگە خىزمەت قىلدۇرماقچى بولغانىدى.

[2] مېڭ زى (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 372 — 289) ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى رايىشچى مۇتەپەككۇر. مېڭ زى ئىنسان ھايۋاندىن پەرقلىق ھالدا تۇغۇلۇشتىنلا ئەزگۈ خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ، سۇنىڭ پەسكە ئېقىشى قانداق مۇتلەق بولسا، ئىنساننىڭ ئەزگۈلىكىمۇ شۇنداق مۇتلەق، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

[3] شۈن زى (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 298 — 238) ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى

قانۇنچىلىق ئېقىمىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى. ئۇ ئىنسان فىزىئولوگىيىلىك خاھىش تۇيغۇلىرى مەنپەئەت قوغلىشىدۇ، ئاچ بولغاندا تاماق، توڭلىغاندا ئىسسىققا مايىل بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان تۇغما ئەسىز (قەبىھ) تەبىئەتلىك، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

[4] خەن فېي (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 280 — 233) شۈن زىنىڭ شاگىرتى. ئۇ ئىنسان تۇغما ئەسىز تەبىئەتلىك بولغاچقا ئۇنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش لازىم، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

[5] يېڭى پلاتونىزم — پلوتىن (205 — 270) باشچىلىقىدىكى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك تەلىمات. ئۇ پلاتون تەلىماتىنى خرىستىئانچىلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن. بۇ تەلىمات ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

[6] ئودغۇرمىشنىڭ كاتېگورىيىلىك قىممىتىنى بەزىلەر «قانائەت»، بەزىلەر «ئاقىۋەت» دەپ مۇنازىرىلەشتى. مېنىڭچە، ئۆمۈرنىڭ چەكلىكلىكى، ئۆلۈم ۋە ياخشى - يامان نام بۇ ئۆزى «ئاقىۋەت» گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەخلاقىي تەلىم ۋاستىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە «قانائەت» («ئىنساب»، «ئۆزىنى تىزگىنلەش») بىلەن ئۆمۈرنى مەنىلىك ۋە خەلققە مەنپەئەتلىك ئۆتكۈزۈشتە ئەمەلىيلىشىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ ئىككى ئىبارە بىر - بىرىنى رەت قىلمايدۇ، بەلكى جەزملەشتۈرىدۇ.

[7] مەدرىس پەلسەپىسى ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىدىكى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ئابستراكت ۋە قۇرۇقتىن - قۇرۇق مۇھاكىمىلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مەزھەپ.

[8] فرانسىس بېكون — ئەنگلىيە ماتېرىيالىزمىنىڭ ئاتىسى دەپ شۆھرەتلەنگەن. ئۇ ئىلىمنى تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلاپ ھەقىقەتلىك قىممىتىنى بىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. «بىلىم — كۈچتۇر» دېگەن مەشھۇر ئىبارىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

[9] ئەنگلىيە يېقىنقى زامان ماتېرىيالىزمى ۋە رەسمىي

تەجرىبىگە ئاساسلانغان تەبىئەت ئىلمىنىڭ ۋەتىنى ئىدى. فرانسىس بېكون، بولۇپمۇ توماس گوببىس (1588 — 1679) ھەممىنى، ھەتتا ئېستېتىك مەسىلىلەرنىمۇ تەجرىبە نۇقتىسىدىن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

[10] ئالگېبرا — مۇسا خارەزمىنىڭ 830 ـ يىلى خەلىپە مەئمۇنغا سۇنغان «ئەلجەبر ۋە مۇقابەلا» (تەڭلىمە ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش كىتابى) ناملىق ئەسىرى. بۇ كىتابنى 1145 ـ يىلى دوبرىت چېتېررا ئىنگلىزچىغا، 1160 ـ يىلى گېرادكىرىمونسكىي لاتىنچىغا تەرجىمە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتاب نامى «ئالجەبىرا»، «ئالگېبرا» دەپ ئاتىلىشقا، خارەزمىنىڭ نامى «ئالگورىزم» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

# IX باب «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى

«كۆكسۈڭدە خەزىنە ياسىساڭ ئەگەر،
دانالار لېۋىدىن يىغارسەن گۆھەر.»
— ئابدۇراخمان جامى

## 1. «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى»دىكى يېڭى سىمفونىيە

بىز پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يېزىق بەلگە قىلىنغان مەدەنىيەت دەۋرىدىن تاكى غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىچە ئۆتكەن ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ بەش ئاساسىي تىپىنى بىسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ بەش ئاساسىي تىپ ئۆزگىچە بولغان مەھەللىۋى ۋە خەلقئارا مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى زامان ۋە ماكان خۇسۇسىيەتلىرىگە لايىق شەكىلدە مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە مىللەت، دۆلەتتىن ئىبارەت مەھەللىۋى مەدەنىيەت خاراكتېرىدىن ھالقىپ دۇنياغا يۈزلەنگەنلىكى بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇلار:

— گرېك — رىم كلاسسىك مەدەنىيەت تىپى؛

— كوشان — كۇسەن بۇددا مەدەنىيەت تىپى[1]؛
— سۇي — تاڭ سۇلالىلىرى جۇڭگو فېئودالىزىم مەدەنىيەت تىپى؛
— ئىسلامىيەت شەرقىدە شەكىللەنگەن ئەرەب مەدەنىيەت تىپى؛
— غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن باشلانغان ياۋروپا مەدەنىيەت تىپىدىن ئىبارەت.

بۇ بەش ئاساسىي مەدەنىيەت تىپى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىردەكلىك قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىنى گەۋدىلەندۈرگەن، شەرق ـ غەرب خەلقلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى ئاساسىدا سىڭىكىرىتىك تۈزۈلمە ھاسىل قىلغان.

روشەنكى، بۇلاق ۋە دەريالار بولمىغاندا دېڭىز ـ ئوكيانلار شەكىللەنمىگەندەك، قەدىمكى مىسىر، بابىلۇن، سىكتاي، كرىت ئارىلى مەدەنىيەتلىرى بولمىغان بولسا، گرېك مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدىكى رىم ئانتىك مەدەنىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولاتتى. گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، قەدىمكى ئىران ۋە ھىندىستان مەدەنىيەتلىرى تەسىرى بولمىغان بولسا، كىچىككىنە كاپلوۋاستۇ كىنەزلىكىدىن ھالقىغان ۋە شەرقنى پۈرۈم دۇنياغا كۆپ ئەسىرلىك تەسىر كۆرسەتكەن كوشان ـ كۇسەن بۇددا مەدەنىيەت تىپى شەكىللەنمىگەن بولاتتى. ئەگەر كوشان ـ كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتى، يىپەك يولى خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى، شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى سىنكرېتىك مەدەنىيەت جەمغۇرلىنىشى بولمىغان بولسا، شۆھرەتلىك سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيىتى بولمىغان بولاتتى. يۇقىرىقى مەدەنىيەتلەر، جۈملىدىن ئانتىك گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى تەسىرىدە ئەرەب مەدەنىيىتى تىپى شەكىللەندى ۋە ئۇ ئاندالۇشىيە

(مۇسۇلمان ئىسپانىيىسى) ، فلورېنسىيە قاتارلىق مەدەنىيەت ئۆتكەللىرى ئارقىلىق ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىدى.

ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى — سومېر، ئارىيان، سىمىلىيان، سكىتاي[2] لارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشلىرى تۇپەيلى ئۇلار گرېك ـ رىم مەدەنىيەت تېپىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن كوشان ـ كۇسەن بۇددىزم مەدەنىيەت تېپىگە، ئېلىمىزنىڭ سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئالەمشۇمۇل مول مەدەنىيەت تېپىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشۇش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىختىراچى ئالىملىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە باي مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرى بىلەن ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۇلىنى تۈزگەن ئەرەب مەدەنىيەت تېپىگىمۇ ئۆچمەس زور تۆھپىسىنى قوشقان.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، قەدىمكى كلاسسىك مەدەنىيەت تارىخى ۋە خەزىنىسى بولغان رايون ۋە مىللەتلەر فېئودالىزم مۇھىتىدا ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تېپلىرىنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە داخىل بولغان ياكى مۇنداق مەدەنىيەت چەمبىرىكى مەركىزى بولغان چاغلاردا يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ئۆركىشى ئومۇمەن «رېنېسسانس» (قايتا گۈللىنىش، ئويغىنىش) خاراكتېرى ئالغان بولىدۇ. سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيىتى دەۋرى قەدىمكى جۇڭگو كلاسسىك مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىر قايتا ئويغىنىش بولۇشى، ئەرەب مەدەنىيىتى دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، مىسىر ۋە كىچىك ئاسىيا رايونلىرى ئۈچۈن بىر قايتا گۈللىنىش بولۇشى، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىمۇ ئاتىمىش گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى چەمبىرىكى رايونلىرىغا بىر رېنېسسانس بولۇشى تەبىئىي ۋە ئوخشاش ئەھۋال. مەلۇم مەنىدە، ئەرەب مەدەنىيەت گۈللىنىشىدە تۈنجى قېتىم كلاسسىك مەدەنىيەتكە مۇيەسسەر بولۇۋاتقان ئەرەب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللىتى ھاكىم ئورۇندىكى سۇپىتىدە مەھكۇم ئۇستازلاردىن زور قىزىقىش بىلەن ئۆگەندى، ئۇلار ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىدە رېنېسسانسقا ئەمەس، بەلكى تۇنجى مۇيەسسەرلىك ۋە گۈللىنىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ مەھكۇم ئۇستازلىرى رېنېسسانس خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئۆركىشى شەكىللەندۈرۈپ، ئەرەب مەدەنىيىتى تىپىنىڭ گۈللىنىشىنى بېزىدى.

رېنېسسانس ھادىسىسى نوقۇل غەربىي ياۋروپاغا خاس ئايرىم ھادىسە ئەمەس، دېگەن قاراشنى ئەڭ دەسلەپ ئاكادېمىك ن.- پ. كونراد ئوتتۇرىغا ئاتقان. ئۇ ئۆزىنىڭ «غەرب ۋە شەرق» ناملىق كىتابىدا: «ئويغىنىش دەۋرى ئىتالىيە خەلقى تارىخىغىلا تەئەللۇق خۇسۇسىي ھالەت ئەمەس. بۇ ئۆزىنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا ئىگە بولغان خەلقلەر تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلىرىدىن بىرى... ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ـ غەربىي ھىندىستان تارىخىدا IX — XIII ئەسىرلەرنى، ياۋروپا تارىخىدا XV — XVI ئەسىرلەرنى شۇنداق دەۋر ھېسابلاش مۇمكىن»[1] دەپ يازغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى تېمىسىدا بىرقاتار كىتاب ۋە ماقالىلەر مەيدانغا كەلدى.

مەلۇمكى، IX — XII ئەسىرلەردىكى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەسلەپتە باغداد خەلىپىلىكىنى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلدى. خەلىپە مەنسۇر، خەلىپە ھارۇن رەشىد، خەلىپە مەئمۇن دەۋرى، بولۇپمۇ ھارۇن رەشىدتىن خەلىپە مەئمۇن ھۆكۈمرانلىقىغا تۇرغان دەۋر شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ» شەكىللەنگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

---

[1] ن. پ. كونراد: «غەرب ۋە شەرق»، موسكۋا 1966 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 507 ـ بەت.

IX — XII ئەسىرلەردىكى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنى ئومۇمەن ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا بۆلۇش مۇمكىن.

ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى باغدادنى مەركەز قىلغان هالدا خېلى ئۇزاق بىرمەزگىل داۋام قىلدى. بۇ باسقۇچنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىبىن مۇقەففا، يەهيا ئىبىن مەسئۇد، هۇنەئىن ئىبىن ئىسهاق قاتارلىق تەرجىمىشۇناسلار[3] ئەقىل ۋە بىلىم بەلۋاغلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، باغداد سىنكرىتىك مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۇل تىكلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسا خارەزمى، ئەبۇ ئابباس ئەهمەد ئەلفەرغانى[4]، جۇملىدىن ئەررازى [5] ۋە ئەل قىندى[6] قاتارلىق ئالىملار، جۇملىدىن تارىخ - جۇغراپىيە ئالىملىرى مەيدانغا چىقتى. بۇلار خەلىپە مەئمۇننىڭ مەشهۇر «بەيتۇلهېكمە» ناملىق ئاكادېمىيىسىنىڭ چىرىغىنى يورۇتۇشتى.

ئۇنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باغداد خەلىپىلىكىدىن بارغانسېرى مۇستەقىل بولۇپ بېرىۋاتقان رايونلاردا، بولار ئىچىدە ئەڭ ئالدى بىلەن بۇخارا - سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا سامانىلار خانلىقى دەۋرىدە يۈز بەردى. ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبىن سىنا، ئەبۇ رەيهان بىرۇنى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرى رۇداكى، دەقىقى ۋە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قاتارلىق ئەدىبلەر مانا مۇشۇ باسقۇچنىڭ هەرقايسى مەزگىللىرىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى. دەرهەقىقەت، بۇ باسقۇچتا بىرىنچى باسقۇچنىڭ داۋامى نىسپىي مەنىدە يەنە ئۆز نۇرىنى چېچىپ تۇرغان، فارابى قاتارلىق مۇتەپەككۇر ئالىملار باغدادتا پائالىيەت ئېلىپ باردى.

ئۇنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى باغداد خەلىپىلىكىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، سامانىلار تېررىتورىيىسىنىڭ قاراخانىيلار قولىغا ئۆتۈشى نەتىجىسىدە، ئۇلۇغ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن پۇختا تونۇشلۇقى بولغان ۋە قەدىمكى غەربىي دىيار مەدەنىيىتى

ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى رىياسەتچىلىكىدە داۋام قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بۇ ئۇچىنچى باسقۇچنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. خارەزىم ۋە غەزنە سۇلتانلىقلىرى ھوزۇرىدا ناسىر خۇسراۋ[7]، نىزامۇلمۇلك قاتارلىق ئالىملار پائالىيەت ئېلىپ باردى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى خەلىپە مۇقتەدى ئالدىدا ئىپتىخار بىلەن ئوقۇپ، «ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىل بەيگىدىكى ئىككى ئاتقا ئوخشىدى»، «تەڭرى قۇياشى تۈركلەر بۇرجىدا پارلىدى»، «تۈرك تىلىنى بىلىش ۋاجىپ ۋە زامانە زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالدى» دېگەن سۆزلىرى بۇ تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىزاھلاپ بەرگەنىدى. بۇ چاغدا مۇھەممەد مۇسا خارەزمى، ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئەلفەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئالىملىرى باغداد ۋە دەمەشىققە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، ئۇنسۇرى، مانۇچىخرى[8]، ناسىر خۇسراۋ قاتارلىق ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى مۇئەللىپلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراسان تۈركىي سۇلتانلىقلىرىدا ئىلمىي ئەمگەك قىلىشتى.

شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى بىلەن ياۋروپا رېنېسسانسى ئوخشاشلىقلار ۋە پەرقلەرگە ئىگە ئىدى. قەدىمكى گرېك ـ رىم ئانتىك مەدەنىيىتى، كۇشان ـ كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتى، سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى كلاسسىك مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى غەربىي دىيار بوستان ـ شەھەر ئەللىرى مەدەنىيىتى ئەنئەنىلىرىنى مەدەنىيەت قاتلىمى قىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىك ھەر ئىككى رېنېسسانس ھادىسىسىنىڭ تارىخىي ئوخشاشلىقى بولدى.

گۇمانىزم ۋە راتسىئونالىزم جەڭگىۋار روھى مەيلى شەرق ياكى غەرب رېنېسسانسىدا بولسۇن ھۆكۈمران فېئوداللىق تەقىپ ۋە روھانىيەتچىل ئەقىدىلەرگە زىت ھالدا دۇنيانى ئىنساننى مەركەز قىلغان ھالدا ئىزاھلاش ۋ ئىسلاھ قىلىشنىڭ غايىۋى تۇغى

ۋە روھىي تىرىكى بولدى. شەرقتە ئىبنىن مۇقەففا، يەھيا ئىبنىن مەسئۇد، غەربتە جون. سىۋىلسكىي، گېراد كرېمونسكىي قاتارلىق تەرجىمانلار[9]؛ شەرقتە «بەيتۇلھېكمە» (دانالار سارىيى)، غەربتە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىلىم مەركەزلىرى؛ شەرقتە «مىڭ بىر كېچە»، غەربتە «دېكامىرون» قاتارلىق ئىنساننى گەۋدىلەندۈرىدىغان بەدىئىي ئەسەرلەر؛ شەرقتە مەنسۇر ھەللاجى، غەربتە جوردانو برونو[10] دەك ئىلاھىيەتچىلىك قۇربانلىرى؛ شەرقتە مۇھەممەد غەززالى[11]، غەربتە توماس ئاكۋىنادەك ئىلاھىيەتچىلىك نامايەندىلىرى بىر - بىرىگە تەققاس بولۇشتى.

شەرق ۋە غەرب رېنېسسانسلىرى ئوخشاشمىغان تارىخىي مۇھىت، ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي ھامىلدارلىق ئىچىدە يۈز بەردى. ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە ئاساس سالدى، كېيىنكىسى ياۋروپا كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۆشۈكىنى راسلىدى. قول سانائىتى، دېڭىز قاتنىشى، قارا تەنلىكلەر ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە، مىللىي دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، كونستىتۇتسىيىلىك مونارخىيە، دىنىي رىفورما ۋە كاپىتالىستىك دەسلەپكى جەمغۇرلىنىش ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ رېنېسسانس ھادىسىسىنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى غەرب رېنېسسانسىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئۈچىنچى باسقۇچىنىڭ گۇمانىزملىق مەشئىلى «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز سەھىپىلىرىنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئىنساننىڭ «تەقدىر» مەھبۇسلۇقىدىن قۇتۇلۇپ ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت يارىتىشتىكى ئەركىن مەنىۋى پائالىيىتىگە بېغىشلاپ، غايەت زور تەسىر قوزغىدى. ئۇ ئەينى زامان جاھالىتىنىڭ تەكرار مۇھاسىرە ۋە ھۇجۇملىرىدا بىر مەھەل تۇنجۇقۇپ قالغان تەرەققىيپەرۋەرلىك غايىلىرىنىڭ

نوپۇزىنى تىكلىدى. مۇنداق بىر ئەسىرنىڭ تارىخىي تەقدزالىق تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەنمەسلىك ۋە بۇ ھەقتە بولمىغۇر مۇھاكىمىلەر بايان قىلىش تارىخشۇناسلار ئۈچۈن نامۇناسىپ، ئەلۋەتتە.

## 2. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ نامايەندە

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ، ئالدى بىلەن تەپەككۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق راۋاجى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. ئۇ ئورخۇن — سېلىنگا ۋادىسى بىلەن غەربىي دىياردىكى ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسىنى ئۇيۇشتۇرغان خەلقلەر مەدەنىيتى، ئىدىقۇت ۋە قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئۆزگىچە بولغان مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. ئەڭ قەدىمكى گۈزەل ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، قەھرىمانلىق داستانلىرى، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئەدەبىياتى، شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بولۇپمۇ بۇددىزم بىلەن مانىزم يازما ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئۇيغۇرلار تەپەككۇرىغا يېڭى ھۆسن قوشتى. ئومۇمىي نامى بىلەن «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئاتالغان مانىزم دۇئانامىسى، «ئىرق بىتىك»، «چىستانى ئېلىگ بەگ»، «مايىترى سىمىت»، «ئوغۇزنامە»، «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»، تىببىي تېكىستلار، قانۇن ۋەسىقىلىرى بىلەن ئاپرىنچۇر تېكىن، كۆلتارقان، قالماقەيشى، فراتياشرى، ئاسىغ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭنىڭ قايتا ئىشلىگەن ئىجادىي تەرجىمە ئەسىرى «ئالتۇن يارۇغ»، «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» كىچە مەيدانغا كەلگەن فارابى، ئىبىن سىنا ۋە ئىسمى بىزگە مەلۇم بولمىغان ئىسلامىيەت ئۇيغۇر — ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىكى باشقا

مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر «قۇتادغۇ بىلىك» تەك مۇبارەك تەپەككۇر قامۇسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مۇمكىنچىلىك ياراتتى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر جەڭگىۋار قىسمى ئورخۇن ۋادىسىدا پەقەت «مەغرۇر قەھرىمان»، «كۈچتە تاغنى يۇلۇپ ئالار، غەزەپتە بۇلۇتنى ئالدىغا سۈرەر» ( 力拔山岳，气贯风云 ) بولۇپ[1]، ئەدەپ، دىيانەت، ئىلىم ۋە مەرھەمەتچانلىقنى بىلمەيتتى، بۇنى 840 - يىللىقى كۆچۈشتىن كېيىن ئۆگەندى، دېيىلسە، تولىمۇ ناتوغرا بولغان بولاتتى. ئورخۇن ۋە غەربىي دىيار تۇرمۇشى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدا بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئۈزلۈك قاتلام ھاسىل قىلمىغان ئىككى تارىخىي قەدەمدۇر.

شۇنى ئەپسۇس بىلەن تىلغا ئېلىش لازىمكى، ئەينى زامان تارىخى توغرىسىدىكى ئاساسلىق ئەسەرلەردىن ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەبۇل پۇتوخ ئابدۇغاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» ياكى شۇ زامانغا مەنسۇپ نامەلۇم مۇئەللىپنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرىي كىتابى «تارىخى خانى» دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن. «قەشقەر تارىخى» نىڭ ئايرىم ئۈزۈندىلىرى XIV ئەسىر بېشىدا جامال قارشى تەرىپىدىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «مۇلاقەت ئەل سۇراھ» (سۇراھ قامۇسىغا قوشۇمچىلار) دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بولسا، «تارىخى خانى» نىڭ ئۇيغۇر باخشىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى توغرىسىدا شەرەپىددىن يەزدى (1454 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «زەپەرنامە» سى بىلەن ئابدۇللا بىننى مۇھەممەددىن ئەلى نەسرۇللانىڭ «زوبرەتۇل ئەسەر» ناملىق ئومۇم تارىخ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغانىدى. «قەشقەر تارىخى» بىلەن «تارىخى خانى» ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغانلىقى تۈپەيلى، «قۇتادغۇ بىلىك» كە يېقىن باشقا ئەسەرلەر ھەققىدە سۆزلەشكە ئامالىمىز يوق.

---

[1] «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، چوڭ ھەجىملىك تىلشۇناسلىق دەستۇرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» كە يېقىن ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىشى، بۇ چاغدا ئۇيغۇر يازما مەدەنىيىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا ئەقلىي ـ تەپەككۇر، شېئىرىي ئەدەبىياتنىڭ دەۋر بۆلگۈچ نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. ئۇ شەھەرلەشكەن ئۇيغۇر — ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ ھەجىملىك يۇقىرى سۈپەتلىك ئىجادىيەتلىرىنىڭ مۇمكىنلىكلەر باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان شارائىتىدا، ئەرەب ـ پارس تىلى بېسىمى ئاستىدا «كېيىكتەك» «ئۈركۈپ تۇرغان» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە شۇ ئاساستىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىرى «بەيگىدىكى ئاتتەك» ھالغا كەلتۈرۈشتە زور ئۆلگە ياراتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى تىل بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بەدىئىي شەكىلدە پايدىلىنىش ئىمكانىيەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەن چوڭ تىپتىكى تىل قامۇسى ۋە ئەدەبىيات قامۇسى بولدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى زامان ئېتنىك مۇھىتى، فولكلور ۋە ئېتنوگرافىيىسى، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي مۇھىتىنى تەتقىق قىلىشتا نوپۇزلۇق ھۆججەت بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن شېئىرىيىتى «قۇتادغۇ بىلىك» تىن باشلاپ يېڭى بىر تارىخىي ئىزغا قەدەم قويدى. ئۇيغۇر خەلقى XI ئەسىردىلا مۇنداق زور ھەجىملىك پەلسەپىۋى ۋە بەدىئىي ئەسەرگە مۇيەسسەر بولغانلىقى بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن ئىبارەت بۇ ئىككى نادىر ئەسەر بولمىغان بولسا، ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر

تارىخى تەتقىقاتى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرگەن بولاتتى.

## 3. XI ئەسىر جاھان مەدەنىيىتىدىكى نۇرانە تەۋەررۇك

«قۇتادغۇ بىلىك» XI ئەسىر شەرق ـ غەرب يازما ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە نۇرانە تەۋەررۇك ئەسەر سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ چاغدا ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە گەرچە مەشھۇر «سۇڭ نەزمىلىــــرى» دەك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار تولاراق خۇددى شائىرە لى چىڭجاۋ نەزمىلىرىدەك قايغۇ ـ ھەسرەت، ۋىسال ـ ھىجران ھەققىدىكى قىسقا لىرىكىلار ئىدى.

ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرقتە رۇداكى، فىردەۋسى قاتارلىق ئەدەبىيات كلاسسىكلىرى ئالەمدىن ئۆتكەن، پارس ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلغان شەيىخ سەئىدى (1203 — 1292)، جالالىدىن رۇمى (1207 — 1272)، ھاپىز شىرازى (1320 — 1389) قاتارلىق قەلەم ئىگىلىرى تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى. سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ۋەزىرى ۋە ئاتابېكى مەشھۇر مۇئەللىپ نىزامۇلمۇلك تېخى «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرىگە قەلەم يۈرگۈزمىگەن، ئەمىر كەيكاۋۇس «قابۇسنامە» ئەسىرىنى بېغىشلايدىغان ئوغلــى گىــــلانشاھقا تېخــى ئاتا بولمىغانىدى.

غەربىي ياۋروپا خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلــــك چىرىكاۋ قوڭغۇراقلىرى ساداسى ئىچىدە تولىمۇ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ۋە دىنىي سوت شەكىللىنىش ئالدىدىكى روھانىيەتچىلىك ئۆكتىلىرى ۋەھىمىسىدە تەمتىرەپ يۈرمەكتە ئىدى. نورماندىيىلىــــكلەر برىتانىيىگە بېسىپ كىرىپ ئەمدىلا فېئودالىزمغا قەدەم قويغان بولۇپ، «ئادەت قانۇنى» دىن باشقا قانۇنشۇناسلىق دەستۇرلىرى

www.uyghurkitap.com

بارلىققا كەلمىگەنىدى. فرانسۇزلارنىڭ «رولاند ناخشىلىرى»، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ «سىد» ، نېمىسلارنىڭ «نېپلۇنگىن»، رۇسلارنىڭ «ئېگور پولكى ھەققىدە سۆز» قاتارلىق خەلق داستانلىرى تېخى مەيدانغا چىقىشتىن يىراق ئىدى. بۇ ھال «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەينى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئالاھىدە ئورىگىناللىقىنى، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

دەرھەقىقەت، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئەينى زامان جاھان مەدەنىيىتىدىكى نۇرانە چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆزگىچىلىككە ئىگە ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن بېزەندۇرۇلگەن ھاياتىي كۈچى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان تەپەككۇر قەسرىسى بولغانلىقىدا.

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەينى زامان مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەسىرى

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەينى زاماندا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئەينى زامان مەدەنىيەت مۇنبىرىدىكى تەڭداشسىز ئۇلۇغ سۈپىتىدە، ھەرقايسى رايونلار ۋە خەلقلەر ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغانلىقىدا ئىپادىلەنگەن. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇ بىلىك» كە كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ كىرگۈزۈلگەن نەسرىي (ۋە كېيىنچە نەزمىي) مۇقەددىمىدە ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇنىڭ راۋانلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى مۇنداق:

بۇ بەك ئەزىز بىر كىتابتۇر، ئۇ، چىن ھېكىملەرنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسانغانكى، بۇ

كىتابنى ئوقۇغان ۋە بېيىتلارنى باشقىلارغا بىلدۈرگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر. چىن - ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق[12]. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى. چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئومرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويدى؛ بەزىلىرى «پەندنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئات قويدى.

بۇنىڭدىن «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كېلىپ ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي تۆت ئەتراپقا كەڭ تارقالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاجايىپ مەنىۋى گۆھەر سۈپىتىدە كۆپلىگەن خەلقلەر ئىچىدە يۇقىرى شۆھرەت قازانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

شۇ نەرسىنى ئىزاھلاش لازىمكى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ كېيىنكى كۆچۈرۈلمىسىگە قوشۇلغان مۇقەددىمىدە ئىزھار قىلىنغان ھەرخىلناملار ھەر قايسى رايون ياكى مەملىكەت خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار ئەسەرگە بېغىشلىغان شۆھرەت نامى بولۇپ، بۇ ناملار شۇ خەلقلەر نەزەرىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ئۆچۈن بېرىلگەن ھۆرمەتنى ئىپادىلەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا مەنە چىقىرىش، مەسىلەن، «شاھنامەئى تۈركىي» دېگەن نامدىن «قۇتادغۇ بىلىك» ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى تەسىرىدە يېزىلغان ياكى ئۇنىڭ ۋەقەلىكى، ئۇسلۇبىدا يېزىلغان دېگەندەك مۇھاكىمىلەرگە بېرىلىش ئورۇنسىزلىقتۇر. «قۇتادغۇ

www.uyghurkitap.com

بىلىك» داستانىنى «شاھنامە» بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ ئاتاش، ئەينى زامان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەمەرىسى ھېسابلانغان شۆھرەتلىك ئەسەر بىلەن تەڭلەشتۈرگەنلىك ئىدى، خالاس.

«شاھنامە» X ئەسىردە ئەبۇل مۇئەييەد بەلخى، ئەبۇل ئەلى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بەلخى، مەسئۇد مەرۋىزى، ئەبۇ مەنسۇر دەقىقى قاتارلىق يازغۇچىلار يېزىشقا ھەۋەس قىلغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى تەرىپىدىن يېزىپ تاماملانغان ئىران شاھلىرىنىڭ شەجەرىلىك پائالىيەت لىگىندىسى بولۇپ، ھەقىقەتەن «ئىران تارىخىنى يوقىلىشتىن قۇتقۇزغان» ئەزىمەت داستان ئىدى. ئەسەرلەرنى ئۇلۇغۋارلىقىدىن بىرىنى ئىككىنچىسى بىلەن مەدھىيىلەش تامامەن مۇمكىن.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى تاماملىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن تاماملانغان مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق تىل قامۇسىدىن بىۋاستە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى توغرىسىدا مەلۇمات ئالالمايمىز. شۇنداقتىمۇ بىز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان «ئاش تاتىغى تۇز، قۇت بىلگۈسى بىلىك» (تاماقنىڭ لەززىتى تۇزدا، بەختنىڭ بەلگىسى بىلىمدە)، «ئەردەم باشى تىل» (ئەخلاقنىڭ مۇقەددىمىسى تىل) دېگەندەك بىر قاتار بىلىم ۋە ئەخلاققا ئائىت پىكىرلەردىن، ئەفراسىياپ ۋە باھار ھەققىدىكى تەسۋىرى بايانلاردىن قامۇس خاراكتېرلىك بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتىكى بىردەكلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

نىزامۇلمۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» ئەسىرىگە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېھتىمالىنى ئىنكار قىلىش قىيىن. قاراخانىيلار بىلەن يېقىن قۇدىچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان سالجۇق سۇلتانلىقىغا بۇ ئەسەرنىڭ تېزلىكتە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. نىزامۇلمۇلك ئۆز ئەسىرىنى

«قۇتادغۇ بىلىك» تىن 4 — 5 يىل كېيىن (ھىجرىيىنىڭ 469 ـ يىلى، مىلادىيە 1077 ـ يىلى) تاماملىندى. بۇ ئەسەر ئۆز ئىسمىدا گەۋدىلەندۈرۈلگىنىدەك سىياسىي ھاكىمىيەت تېمىسىدا يېزىلدى.

كەيكاۋۇس ئىبنى شەمسۇل مەئالى قابۇس تەرپىدىن ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلىغا تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە 1082 ـ، 1083 ـ يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 475 ـ يىلى) يېزىلغان نەسرىي نەسىھەتنامە ئەسىرى «قابۇسنامە» «قۇتادغۇ بىلىك» تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. «قۇتادغۇ بىلىك» تىن 10 يىل كېيىنرەك يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى كەيكاۋۇس ئۆز ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن شەرققە سەپەر قىلىپ بۇخارا، سەمەرقەنت، خارەزمگە كەلگەن ۋە ئالىملار بىلەن سۆزلىشىپ، كىتابلار ئېلىپ كەتكەنىدى. ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ تەخمىنلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، «قابۇسنامە» نوقۇل ئۆز ئوغلىغا ھايات يوللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يېزىلغان دېداكتىك ئائىلە دەرسلىكى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەختىيار ھاياتى توغرىسىدىكى غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىدىن تولىمۇ يىراق ئەسەر بولۇپ چىقتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئاساس سېلىنغان ۋە شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەن ئىلغار پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى چىڭگىزخان زامانىدا، بولۇپمۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدىكى XIII — XIV ئەسىرگە ئائىت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى («ئۇيغۇرىزم»)[13] دەۋرى بىلەن XV — XVI ئەسىرگە ئائىت «چاغاتاي خانلىقى دۆلەت تىلى» (قىسقىچە چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى دەۋرىدە داۋاملىق كەڭ تارقىلىپ، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىدىقۇت خانلىقىدىن كەڭ ئۇرال ساھىلىغىچە، قىپچاق دالاسىدىن خوراسان بوستانلىقلىرىغىچە كۈچلۈك قىزىقىش ۋە تەسىر پەيدا قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بۇنداق كەڭ تەسىرى

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۇتكۇل سىبىر، قىپچاق دەشتىنى، خوراسان ۋە ئىران تېررىتورىيىلىرىنى موڭغۇل ئىستېلاچىلىرى ئىگىلىگەندىن كېيىنكى ئەسىرلەر ئىچىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالدىنقى ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا داۋام قىلدى.

رۇس ئالىمى، ئالتۇن ئوردا ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى سامايلوۋىچنىڭ 1912 - يىلى ئېلان قىلىنىشىچە، ئۇرال - يايىق دەرياسىنىڭ قۇيۇلىدىغان جايىغا يېقىن ئالتۇن ئوردا شەھەرلىرىدىن بولغان ساراچىق خارابىسىدىن 1909 - يىلى تېپىلغان XIII ئەسىرگە تەئەللۇق بىر كوزىغا ئەرەب ھەرپى بىلەن ئەينى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا مۇنداق بىر بېيىت يېزىلغان:

كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ يۈز كۆركى كۆز،
بۇ ئۆز كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز.
[كىشى گۈزەللىكى يۈزدە، يۈز گۈزەللىكى كۆز،
كىشى گۈزەللىكى تىلدا، تىل گۈزەللىكى سۆز.]

سامايلوۋىچنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مەزمۇندار پىكىرلەرنىڭ ئۆرنەك سۈپىتىدە ھەتتا ھۈنەرۋەنلەر مەھسۇلاتلىرىغىچە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى بولۇپ، بۇ بېيىت «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى 274 - بېيىتقا ئاساسلانغان:

ئۇقۇش كۆركى تىل ئول بۇ تىل كۆركى سۆز
كىشى كۆركى يۈز ئول بۇ يۈز كۆركى كۆز
[ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.]

روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 274 - بېيىتنىڭ ئالدىدىكى بېيىتتا ئىزاھلاپ ئۆتكىنىدەك، بۇ بېيىت ئەسلى خەلق

ئارىسىدىكى ئەقلىيە سۆزدىن ئېلىنغان ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» سەھىپىلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيىتى دەۋرىدە كەڭ تارقالغانلىقى شۈبھىسىز.

تارىخچى ئىبىن ئەرەبشاھنىڭ كۆرسىتىشىچە، چىڭگىزخان دەۋرىدە موڭغۇللار ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇيغۇر يېزىقىنى «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىقى دەپمۇ ئاتاشقان.

XIV ئەسىرگە ئائىت مۇھەممەد ھىندۇ شاھ شەمسۇلمۇنشاھنىڭ «دەستۇرۇلكىتاب فى تەئيىن ئەلمەراتىب» (دەرىجە بەلگىلەش دەستۇرى) ناملىق ئەسىرى بىلەن راشىددىن يازغان «جامىئۇتتەۋارىخ» تا بىردەك تىلغا ئېلىنىشىچە، «قۇتادغۇ بىلىك چىڭگىزخانى» ناملىق كىتاب بولغان.

رۇس ئالىمى مېلىئورانسكىينىڭ كۆرسىتىشىچە، «قۇتادغۇ بىلىك چىڭگىزخانى» ئىراندا مەيدانغا كەلگەن موڭغۇل سۇلالىسى — ئېلخانىلار دۆلىتىدىكى ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان دەستۇردىن ئىبارەت ئىدى. كۆپلىگەن ئالىملار چىڭگىزخان ياساقلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ھوقۇقشۇناسلىق تەشەببۇسلىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن، دەپ قارىماقتا.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، موڭغۇللار ئۆزىنىڭ بارغانسېرى زورىيىپ كېتىۋاتقان دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىقىنى باشقۇرۇشتا ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن پايدىلانغانلىقى روشەن. ئۇلار ئۆز ياساقلىرىنى تۈزۈشتە «قۇتادغۇ بىلىك» تىن پايدىلانغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەمما ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ دەۋردە «قۇتادغۇ بىلىك» ئاتالمىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ شاھانە ئەسىرىگە خاس نامدىن باشقا، ئومۇمەن موڭغۇل ھاكىمىيەتچىلىكىدىكى ئۇيغۇر تىلى نوپۇزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

«قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە توختىلىپ ئا. ن. كونونوف مۇنداق يازىدۇ: «ياۋروپادا تارقالغان دېداكتىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› غايىلىرىنى ئەينەك قىلغان ھالدا ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنى ئىپادىلىگەندەك قىلىدۇ. فرانسۇزلارنىڭ ‹شاھ سارىيىنىڭ ئەينىكى› ئەسىرى بار، ئىنگلىزلاردىمۇ شۇنداق نامدىكى ئەسەرلەر تارقالغان. نېمىسلاردا بولسا ‹شاھلار مىزانى› ناملىق ئەسەر بولغان. سلاۋيانلاردىمۇ ‹ياخشىلىقنامە›، رۇسلاردا بولسا ‹دانىشمەن كىتابى› قاتارلىقلار بولغان»①.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مىسىر، ئىستامبۇلدا تېپىلغان نۇسخىلىرى بۇ ئەتراپتا بۇ داستاننىڭ باشقا نۇسخىلىرى بولغانلىقى ھەققىدە كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ.

## 5. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەسىرى

«قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى 3 ـ باسقۇچىنىڭ نۇرانە مەشئىلى ئۆز نۇرىنى كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەرگىمۇ چاچتى. ئۇنىڭ ئىلھامبەخش پىكىرلىرى ۋە بەدىئىي ئۈلگىسى ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلارنىڭ قاتمۇقات پەردىلىرىدىن ئۆتۈپ تەپەككۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى ۋەكىللىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن دېداكتىك داستان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىخچام ئىپادىسى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىدىيىلىرىنىڭ غەيرىي دراملىق — دېداكتىك شەكلى دېيىش مۇمكىن. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ئۆز

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 19 ـ بەت.

ماۋزۇسىغا كۆرە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قىسىم پەلسەپىۋى ھەقىقەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۇنى ئۆز دەۋر تەقەززاسىغا تەتبىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، «ھەقىقەتلەردىن سوۋغىلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. 14 باب، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان بۇ داستان خۇددى «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئوخشاشلا «بۇغراخان تىلى» (ياكى خاقانىيە تىلى) دەپ شۆھرەت نامى بىلەن دۆلەت تىلى سۈپىتىدە ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپ قەشقەر شېۋىسىدە يېزىلغان. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئۈچ جەھەتتىن، يەنى بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىدىكى دراماتىك تۈزۈلۈشىنىڭ ئورنىغا بىۋاستە دىداكتىك نەسىھەتنامە بىلەن يېزىلغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، شېئىرىيەت شەكلىنىڭ بېيىت (مەسنەۋى) شەكلىدە ئەمەس، تۆتلىك (رۇبائىي) شەكلىدە يېزىلغانلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، ئەسەرنىڭ ئىخچام ۋە قىسقا يېزىلغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەھمەد بىنى مەھمۇد يۈكنەكى ئۆز داستانىنى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىرقانچە مۇھىم مەزمۇنلار — بىلىم ۋە ئۇنىڭ پايدىسى، تىلنى توغرا ئىشلىتىش ۋە بىرقاتار ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىگە قاراتقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر كۆز قاراشلارنى كەڭ تەشۋىق قىلغان.

بىز «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تىكى:

سۆڭەككە يىلىكتەك ئەرەنگە بىلىك،
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭەكنىڭ يىلىك.
بىلىكسىز يىلىكسىز سۆڭەك تەك ھالى،
يىلىكسىز سۆڭەككە سۇنۇلماز ئەلىگ.

[ئادەمدە بىلىم بولسا، سۆڭەكتە يىلىك،
ئادەم زىننىتى ئەقىل سۆڭەكتە يىلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

بىلمىسىز بەئەينى يېلىكسىز سۆڭەك،
يېلىكسىز سۆڭەكنى ئالمايمىز ئىلىك.]

ئىكى نەڭ بىرىكسە بىر ئەردە قالى،
بۇ كەندى ئول ئەركە مۇرۇۋۋەت يولى.
بىر ئول پاڭشار ئەرسە كىرەكسىز سۆزۈگ،
ئىكىنچ يالغان ئەرسە ئول ئەرنىڭ تىلى.
[ئىككى ئىش بىرىكسە بىر ئەردە ئەگەر،
ياخشىلىق يولىدىن قالمىغاي ئەسەر.
بىرسىدۇر كېرەكسىز سۆزنى كۆپ سۆزلەش،
بىرسى يالغان سۆزدىن قىلماسلىق ھەزەر.]

كەرەم بىر بىنا تەگ ئاڭار ھىلىم ئۇل ئول،
يا بوستان تەگ ئول ھىلىم كەرەم ئال گۇل ئول.
يىقىقلىغتا تىرەپ كەسۈكلۈگ ئۇلا
بۇ ئىتگىلىگ ئەركە ئازاد ئۆز قول ئول.
[كەرەملىك بىنادۇر، ئاق دىللىق ئۇلى،
يا بوستان ئاقدىللىق كەرەملىك گۈلى.
يىقىلغاننى يۆلە، سۇنغاننى ئۇلا،
مۇنداق ئەرگە ھۆرلۈكنىڭ تۇتۇشار قولى. ①]

قاتارلىق رۇبائىيلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭغا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قانچىلىك بىۋاستە ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تولىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمىز. ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «نەسىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ تىل توغرىسىدىكى رۇبائىيسىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەچ: «بۇ كور شائىرنىڭ قەلب

---

① «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى، 43 ـ، 58 ـ، 106 ـ بېيىتلىرى.

كۆزى روشەن بولۇپ، ساغلام كىشىلەرگە نىسبەتەنمۇ روشەن ئىدى»[1] دەپ يازغانىدى. نەۋائىينىڭ ساۋاقدىشى ۋە ھىرات سۇلتانى شائىر ھۇسەيىن بايقارا ئۆز ئوغلى بەدىئۇز زامانغا يازغان تەربىيىۋى خەت ـ چەكلىرىدىمۇ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تىن مىسرالار كەلتۈرگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىككى يېرىم ئەسىر كېيىن راۋان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان نەسرىدىن رابغۇزى بىننى بۇرھانىددىننىڭ نەزىم ـ نەسرىلىك مەشھۇر ئەسىرى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسسە) ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما مۇلاھىزىلەر بۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى روشەنلەشتۈردى. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاقىلانە سۆزلىرى ۋە پەزىلەتلىك ئىشلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆپلىگەن ئىدىيىلەر يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىدىيىلىرىگە ياندىش بولۇپ قالماي، يەنە ئۇنىڭدىكى «باھارىيات» تەسۋىرىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تىكىگە ياندىش، ھەتتا ئوخشىشىپ كەتكەن. بىز بۇ يەردە ئۆز ماۋزۇيىمىز ئېتىبارى بىلەن بۇ ئىككى باھارىيات تەسۋىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى تېكىستولوگىيىلىك سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تۈركىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئاشىق پاشاغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم[2].

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ «بۇغراخان تىلى» دەپ ئاتالغان ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچى قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن «غەربىي ۋە شەرقىي ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىپلا

---

① نەۋائى: «نەسىمۇل مۇھەببەت»، ئۆزبېكچە نەشرى، 273 ـ بەت.

② رەشىد رەھمەتى ئارات: «‹قۇتادغۇ بىلىك› كە مۇقەددىمە» گە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالماستىن (شۇنىڭدەك ئالتۇن ئوردا خان سارايلىرىدا كاتىپ بولغان، ئائىلىلىق ۋە باشقا مەنسەپلىرى بىلەن ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرلار تەسىرىدە ئۇلارنىڭ تىلىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان)، ئۇلارنىڭ ئىدارىسىدە ئىشلىتىلىدىغان تامغا، ئالاھىدە مۇكاپات ۋە يارلىقلىرىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانىدى. ئالتۇن ئوردا بۇ ھالەتنى تاكى XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ كەلگەن»[1].

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىغا كەلگەندە، بولۇپمۇ تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يوتكۇل خوراسان ۋىلايەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئېپتىخارى ھېسابلانغان «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. بىز بۈنى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شاھرۇخ زامانىدا، ھىجرىيىنىڭ 843 - يىلى (1439 - يىلى) ھىراتتا قايتا كۆچۈرۈلگەنلىكىدىن ئايدىڭلاشتۇرالايمىز[2].

«قۇتادغۇ بىلىك» مەۋلانا سىدى، ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى مەۋلانا سەئىددىن قەشقەرى، ھاپىز خارەزمى، ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئابابەكرى سەككاكى، ئەبەيدۇللا لۇتفى، شەيخزادە ئاتايى، بابۇر ئىجادىيىتىگە، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيەت غايىسىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىلىرى ھېسابلانغان نىزامى گەنجىۋى، قۇتبى، سەيفى سارايى، يەقىنى، يۈسۈپ ئەمىرى، مۇشىپىقى، زەيىندىل مۇھەممەد ۋەسفى، مۇھەممەد شەرف

---

① ۋ. ب. رادلوف: «توختامىش ۋە تۆمۈر قۇتلۇقنىڭ يارلىقلىرى»، 1888 - يىلى، رۇسچە نەشرى، III توم.

② بۇ يەردە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋېنادا ساقلانغان نۇسخىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

گۈلخانى قاتارلىق ئەدىبلەرگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم. بىز سەككاكىنىڭ ئۇلۇغبېككە ئاتىغان قەسىدىلىرىدىن بىلىم ۋە ئادالەت مەدھىيىلىرىنى ئۇچراتساق، لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى، قۇتبى، نىزامى ۋە نەۋائىنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت، بىلىم ۋە پەزىلەتنىڭ پاراسەتسىزلىك، نادانلىق ۋە زوراۋانلىق ئۈستىدىكى تارىخىي مەسخىرىسىنى كۆرىمىز. نىزامىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» سى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئىقبالنامە» قىسمى، نەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدىكى ئادالەتلىك، غايىۋى دۆلەت ۋە پادىشاھ ھەققىدىكى ئىدىيىلىرى توغرىدىن - توغرا فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى بىلەن تۇتاشقان.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، نەۋائىنىڭ مەشھۇر پەلسەپىۋى ئەسىرى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (قەلب مەھبۇبى) خۇددى ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدەك كەڭ ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە قارىتىلغانىدى. نەۋائى بۇ ئىلمىي ئەسىرىنى شېئىرىي شەكىلدە ئەمەس، بەلكى پۇبلىستىك شەكىلدە يازغان. ئۇنىڭ «ئادىل سۇلتان زىكرىدە»، «زالىم، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھلار زىكرىدە»، «دىيانەتسىز باشلىقلار (سەدرىلەر) زىكرىدە»، «پاسىق ۋە بەدمەئاش باھادىرلىغ لاف ئۇرغان نەۋكەرلەر زىكرىدە»، «قۇززات زىكرىدە»، «تېۋىپلەر زىكرىدە»، «شائىرلار زىكرىدە»، «مۇغەيىنلەر زىكرىدە»، «تىجارەت ئەھلى زىكرىدە»، «دېھقانلار زىكرىدە»، «رىيائى (جىنايى) ماشايىقلەر زىكرىدە»، «خوتۇنلار زىكرىدە»، «تەۋەززۇ ۋە ئەدەپ زىكرىدە»، «ساخاۋەت ۋە ھىممەت زىكرىدە» قاتارلىق كۆپلىگەن بابلىرىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىلغار پىكىرلەردىن ھېچ ئىككىلەنمەي نەۋائى ۋە

ئۇنىڭ دەۋرىگە خاس ئىلغار ئىدېئولوگىيىلىك كۆز قاراشلارنى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار»، «بەختكە يېتەكلىگۈچى يول» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى غ. ئاشۇروف ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى» ناملىق ماقالىسىدە: ئەلىشىر نەۋائى (XV ئەسىر) يۈسۈپ خاس ھاجىپ (XI ئەسىر)، مەھمۇد قەشقەرى (XI ئەسىر)، ئەھمەد يۈكنەكى (XII — XIII ئەسىر)، نەسىمى (1369 — 1417 ـ يىللار) قاتارلىقلارنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تۈركىي تىلى ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، دەپ يازغان.

دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، ھەرقايسى ئەللەر ئىلغار پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ئاساسىدا، «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىپادىلەنگەن كۆز قاراشلار تېخىمۇ ئابستراكت، تېخىمۇ غايىۋى شەكىلدە ھەرقايسى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار تەپەككۇر نامايەندىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بىز بۇنى سەئىدىيە دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۆلگىسى ھېسابلانغان ئايازبېك قوشچىنىڭ غەزەللىرى بىلەن «جاھاننامە» داستانىدىن، قىدىرى ۋە ئامانىنىسا (نەفىسى) ئەسەرلىرىدىن، جۈملىدىن سەئىدىيە دەۋرىدىن كېيىنكى ئەدەبىيات نامايەندىلىرى — خوجام قۇلى خىرقىتى، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، نۆبىتى، خوجاجاھان ئەرشى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى، سەبۇرى، غېرىبى، بىلال نازىمى قاتارلىق

ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

## 6. قىسقىچە يەكۈن

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە توققۇز ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ئەسنادا پۈتكۈل ئىنسانىيەت، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەر ئىدېئولوگىيىسىدە غايەت زور تارىخىي خاراكتېرلىك يۈكسىلىشلەر يۈز بەردى. ماركسىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنسانىيەت بىلىش تارىخىدىكى مىسلىسىز زور ئىنقىلاب سۈپىتىدە بارلىق تەپەككۇر ۋە ئەمەلىيەت جەريانىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت جەھەتتىكى، تەبىئەت ۋە ئۆزئۆزىگە بولغان تىزگىنلەش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنىڭ كۈنساناپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشىمۇ ماركسىزم تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

كارل ماركس «مۇقەددەس ئائىلە» ناملىق ئەسىرىدە: «تارىخ ئۆز مەقسىتىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت»، «ھېچقانچە ئەقىل سەرپ قىلمايمۇ ئادەم خاراكتېرىنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدىكى، ئادەملەردىكى ئەقىل كۈچىنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى، تەجرىبە، ئادەت، مائارىپنىڭ ھەممىگە قابىللىقى توغرىسىدىكى، تاشقى مۇھىتنىڭ ئادەمگە تەسىرى توغرىسىدىكى، سانائەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى، كۆڭۈل ئېچىشنىڭ ئەقلىغا مۇۋاپىق بولۇشى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىماتنىڭ كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم بىلەن مۇقەررەر ئالاقىسى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن»[1] دېگەنىدى.

---

[1] «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، II توم، 167 ـ بەت.

لېنىن «ماركسىزمنىڭ ئۈچ مەنبەسى ۋە ئۈچ تەركىبىي قىسمى» ناملىق ماقالىسىدە: «پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تارىخى تولىمۇ روشەن ئىپادىلىدىكى، ماركسىزمنىڭ ‹گۇرۇھۋازلىق› بىلەن ھېچقانداق ئوخشاش يېرى يوق، ئۇ ھېچقانداق دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ داغدام يولىدىن ئايرىلغان ھالدا پەيدا بولغان بىر تەرەپلىمىلىك، تار ۋە جاھىلانە تەلىمات ئەمەس. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ماركسنىڭ پۈتۈن تالانتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ھەرخىل مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ تەلىماتى شۇ خىل ئۇلۇغ پەيلاسوپلار، سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلار ۋە سوتسىيالىستلارنىڭ تەلىماتلىرىغا بىۋاستە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ماركسىزم ياكى باشقا ئىنسانپەرۋەر تەلىماتلار پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلىش تارىخىنىڭ بىردەكلىك قانۇنىيىتى، ۋارىسلىق قانۇنىيىتى ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، بارلىق ئىلغار پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي تەلىماتلارغا، بارلىق ئىنسانپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئوتوپىك كۆز قاراشلارغا ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» بارلىق مۇنەۋۋەر ئەقىل ـ ئىدراك دەستۇرلىرىدەك مەزمۇنەن دەۋرىمىزنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ خاس دەستۇر ھېسابىدا ھېلىمۇ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغۇچىغا ئۆز خەزىنىسىنى يايىدۇ.

---

① لېنىن: «ماركس ـ ئېنگېلس ۋە ماركسىزم»، 1956 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 64 ـ بەت.

# X باب «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى

«شۈكرىلىللا ھالىتىم راھىر بولۇپتۇ يارىغا،
ئەمدى ئۆزنى كۆرستەي يار ئالدىدا ئەھيارىغا.»
— سۇلتان سەئىدخان

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدىكى تېكستولوگىيىلىك ئۇتۇقلار

1721 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر پولشالىق د. گ. مېسېرشمىت (1685 — 1735) ئورخۇن بويىدىن يەرلىك كىشىلەر ياردىمىدە ئىسمى ۋە خېتى نامەلۇم مەڭگۈ تاشنى تاپتى. ئۇنى 1893 ـ يىلى دانىيىلىك ۋىلگېلىم لىئۇدۇۋىگ تومسىن ئوقۇپ يەشتى[①]. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان — دۇنخۇاڭدىن ھازىرقى كۇندە «تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن ئومۇم نامدا ئاتىلىۋاتقان بىر قاتار كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلار تېپىلدى. تاش ۋە قەغەزگە

① گەرچە «كونا تاڭنامە» 194 ـ جىلدتا «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان، 1692 ـ يىلى گوللاندىيىلىك ن. رىدزىن «شىمالىي ۋە شەرقىي تاتارىيە» ناملىق كىتابىدا، 1696 ـ يىلى روسىيىلىك سېمېن رېمېزور «سىبىرىيە خەرىتىسى» ناملىق كىتابىدا ئورخۇن ـ يەنىسەي مەڭگۇ تاشلىرىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بەرگەن بولسىمۇ، بۇ يېتەرلىك دىققەت قوزغىمىغانىدى.

يېزىلغان بۇ ئىككى تۈركۈم تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى خاسىيەتلىك ئىككى كاتتا مۆجىزە بولدى.

1796 ـ يىلى ئاۋستىرىيىلىك فون. ھاممېر پورگىشتال (1774 — 1856) ئىستانبۇلدىكى كىتابپۇرۇشلارنىڭ بىرىدىن كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھىرات نۇسخىسىنى تېپىپ ئۇنى ۋېنا مۇزېيىغا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەۋجۇتلۇق خەۋىرى تارقىلىدۇ. 1823 ـ يىلى «ئاسىيا» ژۇرنىلىدا پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېقىن شەرق تىللىرى بويىچە پروفېسسورى ئا. پ. ژائۇبېرت (1779 — 1847) تۇنجى قېتىم بۇ قولىيازما ئۈستىدە ئىشلەپ ئۇنى ئېلان قىلىدۇ. ئارقىدىن گ. فىليۇگېل، ئى. بېرېزىن، ن. ئىلمىنىسكىي قاتارلىق شەرقشۇناسلار ئا. پ. ژائۇبېرت ئېلان قىلغان بىرىنچى نۇسخىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئۆزلىرىنىڭ «تۈرك ئەدەبىيات خروستوماتىيىسى»، «تۈرك ـ تاتار تىل ئوقۇشلۇقى» قاتارلىق كىتابلىرىغا كىرگۈزۈشىدۇ.

ئىككىنچى بولۇپ مەشھۇر ۋېنگر ئالىمي ۋامبېرى (1831 — 1913) 1870 ـ يىلى بۇ ئەسەردىن 951 بېيىتنى نېمىس تىلىدا ئىشلەپ، «ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقى ‹قۇتادغۇ بىلىك›» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىدۇ. ژائۇبېرت ئامبېدى بىلەن ۋامبېرى تولۇق ۋە تېرەن بولمىسىمۇ ھەر ھالدا بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ تۇنجى تېكىستولوگىيىلىك قەدىمىنى باستى.

1914 ـ يىلى ئىستانبۇلدىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى تېپىلدى. ئەمدىلا ئىلىم دۇنياسىغا تونۇشلۇق بولۇۋاتقان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر خاسىيەتلىك بىر جۈپ مۆجىزە بولدى.

روسىيە شەرقشۇناسى ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوف (1837 — 1918) 20 يىللىق ھاياتىنى سەرپ قىلىپ 1890 — 1910 ـ يىللىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسى ئەسلىنى، مانجۇچە نۇسخىسىنى، نېمىس ۋە رۇس تىلىدىكى تەرجىمىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى. بۇ ھەربىر ئەسەرلەر ئىلمىي تېكىستولوگىيىلىك خىزمەتنى باشلىغانىدى.

ھىرات (ۋېنا) نۇسخىسى تېپىلىپ 100 يىلدىن كېيىن 1896 ـ يىلى موربېتىز قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» كۇتۇپخانىسى يەر ئاستى زالىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قاھىرە نۇسخىسىنى تاپتى. بىرىنچى نۇسخا تېپىلىپ 118 يىلدىن (ئىككىنچى نۇسخا تېپىلىپ 18 يىلدىن) كېيىن 1914 ـ يىلى زەكى ۋەلى زادە (كېيىنچە پروفېسسور فىترەت) تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئەڭ نادىر نۇسخىسى — نەمەنگان نۇسخىسى تېپىلدى.

رادلوف ۋەكىللىكىدىكى تەتقىقات «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋېنا (ھىرات) ۋە قاھىرە نۇسخىلىرىنى تېكىستولوگىيىلىك سېلىشتۇرۇش، تولۇقلاش ۋە نېمىس تىلىدىكى بىرلەشمە تولۇق تەرجىمىسىنى ئېلان قىلىش (1910 ـ يىلى) بىلەن چەكلەندى. رادلوف ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتى س. ي. مالوف «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۈچ نۇسخىسى ئۈستىدە تېكىستولوگىيىلىك ۋە ترانسكرىپسىيىلىك خىزمەتلەرنى داۋاملاشتۇردى. رادلوف ۋە مالوف ژائىۋېرت ئامبېدى، ۋامبېرىدىن كېيىن ئۈچىنچى بولۇپ تېكىستولوگىيىلىك خىزمەتكە تۇتۇندى. ئەگەر «قۇتادغۇ بىلىك» تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقاتىنىڭ كۆلىمى ۋە سۈپىتى جەھەتتىن ھېسابلىغاندا، رادلوف ۋە مالوفلار تۇنجى بولۇپ چوڭ قەدەمدە بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرغۇچىلار بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن رەشىد رەھمەتى ئارات «قۇتادغۇ بىلىك»

تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقات تارىخىنىڭ چوڭ كۆلەملىك ۋە ھەقىقىي ئۇنۇملۇك بىر باسقۇچىنى باشلىدى. ئۇ 1942 — 1943 ـ يىللىرى داستاننىڭ ئۈچ نۇسخىسىنىڭ فوتو كوپىيىلىرىنى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، 1947 ـ يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىرىنچى تومىنى، 1959 ـ يىلى ئىككىنچى تومىنى، 1979 ـ يىلى ئۈچىنچى تومىنى ئىشلەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئەمگىكى «قۇتادغۇ بىلىك» فاكسىمىلىنى تۈرغۈزۇشتا جاھان ئېتىراپ قىلغان زور ئىنچىكە ئەمگەك بولدى.

رەشىد رەھمەتى ئارات فاكسىمىلى ئۈلگىسىدە 1971 ـ يىلى نائۇماگرېبىنېۋا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قىسقا ھەجىملىك رۇسچە نۇسخىسىنى موسكۋادا ئېلان قىلدى. ئۇ 1963 ـ يىلى تاشكەنتتە ئۇنىڭ تېخىمۇ چاققان بىر شەكلىنى نەشر قىلدۇرغانىدى.

ئۆزبېك ئالىمى قەييۇم كەرىموف 1971 ـ يىلى تاشكەنتتە بۇ داستاننىڭ نەمەنگان نۇسخىسى ئاساسىدىكى ئۆزبېكچە تولۇق نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى.

1983 ـ يىلى س. ن. ئىۋانوف ئىشلىگەن داستاننىڭ تولۇق نەزمىي نۇسخىسى رۇس تىلىدا موسكۋادا، روبېرت دانكرووۋ ئىشلىگەن ئىنگلىزچە نۇسخىسى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ چىكاگو شەھىرىدە نەشردىن چىقتى.

1984 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەھمەد زىيائىنى مەركەز قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى ئىشلىگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىلىك يەشمىسى بىللە بېرىلگەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تولۇق نۇسخىسى بېيجىڭدا نەشر قىلىندى. ئارقىدىنلا 1986 ـ يىلى بۇ داستاننىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسىز نەزمىي تەرجىمە نۇسخىسىمۇ بېيجىڭدا نەشر قىلىندى. بۇ يىللار ئىچىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۈچ نۇسخىسىنىڭ فوتو كوپىيىلىرى بېيجىڭدا ئايرىم ـ

ئايرىم كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىندى.

1986 ـ يىلى داستاننىڭ ھازىرقى زامان قازاق تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى ئالما ـ ئاتا شەھىرىدە «قۇت بىلىك» ماۋزۇسىدا نەشر قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، كۆپ زامانلار كىشىلەر دىققىتىدىن غايىب بولغان بۇ قۇتلۇق داستان ھەرقايسى قىتئەلەر، دۆلەت، رايونلار كىتابخانىلىرىدىن قايتا ئورۇن ئالدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقاتى خېلىلا بىلىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى. دانىيىلىك مەشھۇر يېزىق ئالىمى ۋ. تومسىن (1842 — 1927) رادلوفنىڭ دېگەندەك ئوقۇيالمىغان ۋە ئىزاھلىيالمىغان كۆپلىگەن ئىبارە ۋە بېيىتلىرىنى تولۇقلىدى. ئا. باسقاقوف، ئا. م. شېرباك قاتارلىق تونۇلغان تىلشۇناسلار بۇ ئىشقا كۆپ كۈچ چىقاردى. ئورخۇن ـ يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى، تۇرپاندىن تېپىلغان تېكىست ۋە ۋەسىقىلەر، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلەر بىزگە يوللۇغ تېكىن، تونيۇقۇق ئاشىدى، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەكىللىكىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكا، فونېتىكا، مورفولوگىيە، گرامماتىكا، تىپولوگىيە، قىسقىسى تىلشۇناسلىقتىكى بىر گەۋدىلىك ۋە تەرەققىيات ھالقىلىرى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ بەردى. ئېيتىش مۇمكىنكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تېكىستولوگىيىسى تەتقىقاتىدا ئەسىر خاراكتېرلىك زور نەتىجە قولغا كەلدى.

يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش ھاجەتكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تېكىستلىرىدە ھازىر ئىككى جىددىي مەسىلە ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئەسلى تېكىستىنى ھەرقايسى تۈركىي تىلىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر تىلىدا نەشر قىلغاندا ئۆز تىلى ئالامەتلىرىگە بويسۇندۇرۇش ياكى تارتىش ھادىسىسى. بۇ غەيرىي ئىلمىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ كەلگۈسى بىر پۈتۈن ئىلىم دۇنياسىغا

www.uyghurkitap.com

ھازىرقىلارنى ئاتالمىش «مىللىي ھېسسىيات»تا مەسخىرە قىلغۇدەك قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇقۇشماسلىقلار پەيدا قىلىدۇ.

ئۈنىڭ ئىككىنچىسى، ھەر خىل تەرجىمە ۋە يەشمىلەردە يېتەرلىك ئەستايىدىل بولماسلىق، ھەرخىل ئۇقۇم، ئىبارىلەرنى ئەڭ ئاخىرقى خاس مەنىسى بويىچە ئىشلىمەسلىك، ھەتتا «بايات» نى «خۇدا»، «ھالاللىق» نى «سېخىيلىق»، «ئاڭ» نى «ئەقىل» دېگەندەك تەرجىمە قىلىش ھادىسىلىرى بايقالدى. بۇ خاس كەسىپلەر بويىچە ئىنچىكە كاتېگورىيىلىك تەتقىقاتتا ئاشكارىلىنىدىغان قۇسۇر بولۇپ، بۇ تەتقىقات خىزمىتىگە مۇشكۇللۇك تۇغدۇرىدۇ.

بىز ئومۇمىي مەنپەئەتلىنىشتە بۇ تەرجىمە تېكىستلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىللە، ئەمەلىي ئىلمىي تەتقىقاتتا چوقۇم ئەسلىدىكى ترانسكرىپسىيىگە ئاساسلىنىشنى، كۆپرەك «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى»دىن پايدىلىنىشنى مۇۋاپىق كۆرىمىز.

س. ن. ئىۋانوف توغرا ئېيتقان: «ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تېخى ئاساسەن تەتقىق قىلىنمىغان ‹قۇتادغۇ بىلىك› تېكىستىنى تەتقىق قىلىش لازىم»[①]. «داستاننىڭ ھازىرغىچە مەخسۇس تەتقىق قىلىنماي كەلگەن تېكىستىنى ناھايىتى ئېنىق تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك»[②]. شۇنداق، بۇ ئەسەر ئالاقىدار پەن تارماقلىرى بويىچە تەپسىلىي، كاتېگورىيىلىك تەتقىق قىلىنىشقا موھتاج.

## 2. چەت ئەللەردە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى

«قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە باھا خاراكتېرلىك تۇنجى

---

① «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 31 ـ، 42 ـ بەتلەر.

② «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە»، 31 ـ، 42 ـ بەتلەر.

خەۋەردىن باشلاپ ھازىرغىچە ئازغىنا كەم ئىككى ئەسىر ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ئەسنادا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تولۇق تىزىملىكى ئۈچۈن بىر كىتابچە كېرەك. تۆۋەندە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئالىملار تەتقىقاتى ۋە ئۇلاردىكى ئورتاق يۆنىلىش ئۈستىدە توختىلىمىز. خاتالىق ۋە ئىختىلاپلارنىڭ تولىسى بۇ خەزىنىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمەسلىك بىلەن ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىغا قارىتا تېرەن كۆرەلمەسلىكتىن يۈز بەرگەنىدى.

1870 ـ يىلى ۋامبېرى: «ئۇيغۇر يادىكارلىقى ‹ قۇتادغۇ بىلىك› » ناملىق مۇقەددىمىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1891 ـ يىلى ۋ. ۋ. رادلوف: « ‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە يۈسۈپ بالاساغۇنى» ناملىق ماقالىسىنى، 1893 ـ يىلى «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1915 ـ يىلى زەكى ۋەلىدى «پەرغانە ۋادىسىدىن تېپىلغان شەرق قولىيازمىلىرى» ناملىق ئاخبارات ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ فىترەت 1925 ـ يىلى «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» ژۇرنىلىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نەمەنگان نۇسخىسى توغرىسىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلدى ۋە 1928 ـ يىلى «ئۆزبېك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى» دا يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى؛ 1929 ـ يىلى مالوف: « ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ئۈچ قولىيازما نۇسخىسى» دېگەن ئەمگىكىنى، 1948 ـ يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» فاكسىمىلىنى ئېلان قىلدى؛ 1938 ـ يىلى ئا. ئا. ۋالىتىۋا: « ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى توغرىسىدا» ، 1943 ـ يىلى «قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى توغرىسىدا» ، 1951 ـ يىلى «يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋە ئۇنىڭ داستانى ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا» ، 1958 ـ يىلى « ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىدىكى فولكلورچىلىق» ، 1976 ـ يىلى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مىراسى» قاتارلىق ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى، ئا. ئا. ۋالىتىۋا «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىلكتىرونلۇق ئارخىپى www.uyghurkitap.com

تارىخشۇناسلىق يۆنىلىشىگە يول ئاچتى؛ 1941 ـ يىلى ك. ژوكوۋسكىي: «ئۇلۇغ سەنئەت» دېگەن ئەمگىكىنى ئېلان قىلدى؛ 1944 ـ يىلى ئى. ئە. بېرتېلىس: «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى» ناملىق ماقالىسىنى ئۆيغۇرچە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى 3 — 4 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلدى؛ 1954 ـ يىلى ئو. پىرتساك: «قاراخانىيلار ھەققىدە» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى؛ 1959 ـ يىلى «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» I تومىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى؛ ئى. ۋ. بورولمىنا 1963 ـ يىلى: «‹قۇتادغۇ بىلىك› — بەخت ئىلمى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى؛ 1970 ـ يىلى ئا. ن. كونونوف: «يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋە ئۇنىڭ داستانى ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1970 ـ يىلى ئى. ۋ. ستېبلىۋا: «‹قۇتادغۇ بىلىك› پوئېتىكىسى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1970 ـ يىلى س. گ. كىلياشتورى: «‹قۇتادغۇ بىلىك› دەۋرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1972 ـ يىلى دىلئاچار: «‹قۇتادغۇ بىلىك› ئىنچىلەمەسى» ناملىق مۇھىم كىتابىنى نەشر قىلدۇردى؛ 1972 ـ يىلى ئە. ن. نەجىپ: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ نەمەنگان ۋە قاھىرە نۇسخىلىرىدىكى سېلىشتۇرما تەھلىل» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى «لومونوسوف» نامىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتتى؛ 1979 ـ يىلى ئۇ. ماخىلوف: «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ۋە ‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى كىشى ناملىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1979 ـ يىلى ئە. ر. تېنىشېف: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1981 ـ يىلى ئۇ. كارايوف: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى ئاتالغۇ ۋە ناملار توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى، 1986 ـ يىلى «يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋە ئۇنىڭ دەۋرى»

دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ كاپسوغلو: «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1981 ـ يىلى ب. سۇلتانوف: «‹قۇتادغۇ بىلىك› ئەسىرىدىكى ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەر» ناملىق ئەسىرىنى؛ 1983 ـ يىلى س. ن. ئىۋانوف: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا» دېگەن مۇقەددىمىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1983 ـ يىلى مۇھەممەد ئاخۇنوف: «قىسقىچە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» تېمىلىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1985 ـ يىلى ئەزىز نارىنبايوف، قاسىموفلار: «بابالىرىمىزدىن قالغان مىراس ‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ يېڭى نەشرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى؛ 1985 ـ يىلى مانى ئەيجى: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ تۈركچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىغا يېزىلغان كىرىش سۆزلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بروككېلمان، ئوتتو ئالبېرت، بارتولد، كوفىرلوزادە، مۇھەممەد فۇئاد، نۇررىزا، مەسئۇدى، مۇرات ھەمرايوف، خوجا ئەھمەد سەيدۋاققاسوف، سالىخ مۇتەللىپوف، ساۋۇت موللايوف قاتارلىق كۆپلىگەن مۇئەللىپلەر قامۇسلار، دەرسلىكلەر، كىتابلارغا بۇ تېمىدا ماقالىلەر يېزىشتى ياكى بۇ تېمىدا توختالدى.

بۇ ئىلمىي ئەمگەكلەر «قۇتادغۇ بىلىك» تېكىستولوگىيىسى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ خاراكتېرى، تىلى ۋە شەكلى توغرىسىدا تونۇشنى ئالماشتۇرۇش، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى، تارىخىي مۇھىتى ۋە فولكلورچىلىق ئەنئەنىلىرىنى ئېنىقلاش، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە تارىخىي تەتقىقات مۇقەددىمىسىنى ئېچىش، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈنجى، ئەمما ئەھمىيەتلىك قەدەم بولدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ تەتقىقاتلار زامان جەھەتتە باشتا مەسىلىلەر كۆپرەك، ئاخىرىدا مەسىلىلەر بىرقەدەر روشەن بولۇپ بېرىشتەك كۆپ ئەگرى - توقايلىقتا داۋاملاشتى، ماكان جەھەتتە دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ دۇنيا قارىشى پەرقلىرى بۇ تەتقىقاتتا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قالمىدى.

چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتى بالدۇر باشلانغاچقا، ئېلىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىغا ئىلھام بولدى. شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىقلا بۇ تەتقىقات ساغلام ۋە بىرقەدەر ئەتراپلىق چوڭقۇرلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 80 - يىللاردىن كېيىنكى ئېلىمىزنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئىسپاتلىدى.

## 3. ئېلىمىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى

ھازىرغىچە رەسمىي مەتبەئەلەردە ئېلان قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئاساسلانغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى تۈنجى تەتقىقات 50 - يىللاردىكى «ئىلىم - پەننى پىلانلاشتۇرۇش» چاقىرىقى تۈرتكىسىدە باشلانغان. 1956 - يىلى «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە 3 - سانلىرىغا مەزكۇر كىتاب ئاپتورىنىڭ «XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بېسىلىپ چىقتى.

1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن باشلاپ، دەسلەپ شىنجاڭدا، كېيىنچە ئىچكى ئۆلكىلەردە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا مۇشۇ كىتاب مۇئەللىپىنىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ — فارابى ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» ناملىق ماقالىسى بېسىلىپ ئارىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى تۇتاشتۇردى.

1984 ـ يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسى بېرىلگەن تولۇق فاكسىملى نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەبرىكلەش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. 1985 ـ يىلى شەرقىي شىمالدىكى يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەنجى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىمالىي جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ سانلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكى «قۇتادغۇ بىلىك» تېمىسىدىكى بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالىلەر بىلەن قاتناشتى. 1986 ـ يىلى مۇشۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ياپونىيىدە، تەتقىقاتچىلاردىن ئابدۇرېھىم تىلەشوف ئۆتكۈر ئامېرىكىدا «قۇتادغۇ بىلىك» تېمىسىدا ئىلمىي لېكسىيىلەر ئوقۇشتى. قەشقەردە 1986 ـ يىلى ئاۋغۇستتا، 1989 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى قېتىم مەملىكەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە مەملىكەتتىكى ئاقىدار ئالىملار قاتناشتى. 1986 ـ يىلى ئاۋغۇستتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلگەن قەشقەردىكى قەبرىگاھلىقىنى قايتا ياساشقا ئۇل قويۇلدى، 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇ قەبرىگاھلىقنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايون رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئالىمنىڭ قەبرىسىگە يوپۇق ياپتى.

1986 — 1989 ـ يىللىرى ئارىسىدا ھەرقايسى ئىلمىي

ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەردىن باشقا، «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» تۆت تۈركۈم ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلدى. «قۇتادغۇ بىلىك» تېما قىلىنغان ئىلمىي تەتقىقات پىلانلىرى تۈزۈلۈپ، دەرسلىكلەرگە بۇ ھەقتە مەخسۇس بابلار ئاجرىتىلدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە فوندى تەسىس قىلىندى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى نۇقتا قىلغان ھالدا، ئومۇمىي باھا ۋە خاس تېمىلىك مۇھاكىمە يۆنىلىشىنى بويلاپ چوڭقۇرلىشىشقا كىرىشتى. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر (ئەسەرلەر) نىڭ مۇھىم ئاقىملىرى مۇنداق:

بىرىنچى، ئومۇمىي مۇھاكىمىلىك بايان بويىچە:

— «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى — ‹قۇتادغۇ بىلىك›» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە بايان»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ تەۋەلىكى ۋە تىلى توغرىسىدا»، «يۈسۈپ ۋە مەھمۇد داستانى» (ئەھمەد زىيائى)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى توغرىسىدا»، «‹قۇتادغۇ بىلىك›، تە ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى مەسىلىسى» (ئابدۇرېھىم تىلەشوف ئۆتكۈر)؛ «شەرق ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى» (شەرىپىددىن ئۆمەر)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى» (تۇرغۇن ئالماس)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تەتقىقاتىدىكى مېتودولوگىيە مەسىلىسى» (ۋاھاپ خېۋىر)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى ھايات پەلسەپىسى توغرىسىدا» (ئابدۇرېھىم سابىت)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىقى» (مەخمۇت زەيىدى).

ئىككىنچى، تارىخىي مەدەنىيەت قاتلىمى بويىچە:

— «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ۋەتەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى» (چىڭ خېڭفۇ)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» (لاڭ يىڭ)؛ «شېئىرىي دراما ‹قۇتادغۇ بىلىك› ئۇستىدىكى مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتى» (ياۋ باۋشۈەن)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى» (ئابدۇكېرىم راخمان)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ئورتاق مىراس مەسىلىسى» (ئىمىنجان ئەخمىدى)؛ «قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى ئىزلىرى» (غەيرەتجان ئوسمان)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى توغرىسىدا» (مۇھەممەد زۇنۇن سىدىق).

ئۈچىنچى، پەلسەپە تېمىسى بويىچە:

— «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ پەلسەپە قىممىتى توغرىسىدا» (ۋاھاپ خېۋىر)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ — فارابى ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ئىدىيىسى»، «ئېمپىدوكىل بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى تادۇ ئۇقۇمى توغرىسىدا» (سەمەت خېۋىر)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ئىلاھ ناملىرى» (قۇربان ۋەلى كىرورانى)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ساددا ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ئىدىيىلەر» (ھامىت سابىر)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى ساددا دىئالېكتىك ئىدىيە توغرىسىدا» (ئىسمائىل تۆمۈر).

تۆتىنچى، ئەخلاق ۋە مائارىپ تېمىسى بويىچە:

— «‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرى» (ئامانۇللا مۇساھاجى)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى» (غوپۇر ئىسمائىل، لى جيەنشىڭ)؛

«‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ مائارىپشۇناسلىق ئەھمىيىتى توغرىسىدا» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ مائارىپ ئەھمىيىتى ھەققىدە»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە بالىلار تەربىيىسى» (تۇرسۇن قۇربان)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە قەلب گۈزەللىكى ۋە تاشقى گۈزەللىك مەسىلىلىرى» (مۇھەممەد رېھىم ھاجى تۇرسۇن)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى تەلىم - تەربىيە تەلىپى توغرىسىدا» (نۇرمۇھەممەت مۆيدىن).

بەشىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت تېمىسى بويىچە:

— «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشى توغرىسىدا» (مۇھەممەت زۇنۇن)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ئەدىبىيۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى مەنتىقىي ۋە بەدىئىي پىكىرلەر» (ئابلەت ئۆمەر)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىنىڭ بەدىئىي مېتودى توغرىسىدا» (شەرىپىدىن ئۆمەر)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ئابدۇرېھىم تىلەشوف ئۆتكۈر)؛ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر شېئىرىي دراممىسى» (لاڭ يىڭ)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى توغرىسىدا» (ھىممەت مەخسۇت)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» (ئابدۇرېھىم سابىت)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى قەسىدىلەر توغرىسىدا» (مەخمۇت زەيىدى).

ئالتىنچى، دۆلەت، ئىقتىساد ۋە قانۇن تېمىسى بويىچە:

— «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى دۆلەت تەلىماتى توغرىسىدا» (مەخسۇت ئەكبەر)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى غايىۋى دۆلەت مودېلى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ قانۇن ئەھمىيىتى» (سەمەت خېۋىر)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئەھمىيىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە» (ئابلىمىت رېھىم)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق قاراشلىرى» (يۈسۈپجان ئېلى)؛ «يۈسۈپ خاس

ھاجىپ ھەربىي تەدبىرلەر توغرىسىدا» (تۇرغۇن ئالماس)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسى» (يارمۇھەممەد تاھىر)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىدىكى ئىسلاھات ئىدىيىسى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ — ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى» (مەھمۇد يۈسۈپ)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىگە دائىر مۇھاكىمە» (شېرىپ ئىمىن).

يەتتىنچى، ئىلىم - پەن تېمىسى بويىچە:

— «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — بىلىم» (ئاۋۇت توختى، باۋۇدۇن توختى)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ بىلىم قارىشى» (لىن شىڭ)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى» (ئابدۇكېرىم راخمان)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلار» (مۇھەممەد ئوسمان)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە قۇياش مەركەز قارىشى» (دۇ شىگيوەن)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى قاراخانىيلار ئاسترونومىيىسى» (ئابدۇرېھىم ھاشىم)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى ماتېماتىكىلىق بايانلار» (تۇرسۇن ئەرشىدىن)؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ پسىخولوگىيىلىك ھادىسىلەر ھەققىدە» (يارمۇھەممەت تاھىر)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك›، ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى نەزەرىيىسى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى» (ئىنايىتۇللا ھېلىم)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە تېبابەت ئىلمى مەسىلىلىرى» (روزى ھاجى).

سەككىزىنچى، خاس تېمىلار بويىچە:

— «ئودغۇرمىش توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى بەخت غايىسىنىڭ ئۈچ تۈۋرۈكى توغرىسىدا» (ئابلىمىت روزى)؛ «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت» (نۇرمۇھەممەت دۆلەتى).

ئېلىمىز «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنىڭ تارىخى قىسقا بولۇشىغا قارىماي، بارغانسېرى ئۇتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچىلار بۇ ساھەگە تۆھپە قوشۇشقا باشلىدى؛ بارغانسېرى ئومۇميۈزلۈك

تەتقىقاتتىن خاس تېما ۋە خاس ئىلمىي ساھە بويىچە تەتقىق قىلغۇچى ماقالىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى؛ بۇ تەتقىقاتقا شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتنىڭ كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىسلىرى بارغانسېرى كۆپلەپ قىزىقىشقا باشلىدى؛ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بارغانسېرى «بىلىكشۇناسلىق» ئىلمىي ساھەسىنى تەشكىل قىلىشقا باشلىدى.

## 4. «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدىكى مەسىلىلەر

«قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلام مەنبەلىك، كۆپ قىممەتلىك تەپەككۇر قەسىرىسىنى تەتقىق قىلغانچە ئۇنىڭ يېڭىدىن يېڭى ئىلھامبەخش جاۋاھىراتلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئۇنى ھەربىر ئەۋلاد تەتقىقات سەمەرىلىرى بويىچە يېڭىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتىكى تېپىك كۆرۈنۈشلۈكى بولغان بەزى مەسىلىلەرگە نەزەر ئاغدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ.

بىرىنچى، ھازىرغىچە چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى تىلشۇناسلىق، تېكىستولوگىيىلىك ياكى ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلمىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىپتىدائىي — ئېلېمېنتار باسقۇچنى چۆرىدىدى. تىل ۋە تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقاتتىن ھالقىغان ئىلمىي تەتقىقات ئىچىدىمۇ بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى، ئىلمىي، بەدىئىي ۋە تارىخىي قىممىتىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى قانداقتۇر نوقۇل «ھاكىمىيەت دەستۇرى»، «دىنىي نەسىھەتنامە»، «ئەخلاقىي دىداكتىك داستان» ۋە ياكى «‹شاھنامە› نىڭ تۈركىي ۋارىيانتى»، «ھاسىلە ئەدەبىيات»، «تېتىقسىز توقۇلما» دېيىشتى. ئۇلار «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسىنى پارس، ئەرەب ئاچقۇچلىرى بىلەن ئېچىشقا

تەمشەلدى. يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇ بىلىك» نى پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدىن، بولۇپمۇ شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن ئايرىپ ئېلىپ، نوقۇل مىللىي سەمەرە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا قىزىقىپ كەتتى.

ئىككىنچى، ئېلىمىزدە يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا ماقالىدىن ماقالە چىقىرىش، «يەشمە» نى شەرھىلەپ «يېشىپ» قويۇش، بىر ماقالىنى تەكرارلاۋېرىش ئەھۋالى ساقلانغاچقا، تەتقىقاتتا تېرەنلىك ۋە كەڭلىك جەھەتتە يېتەرلىك قانات يايالماسلىق، ئادەتتىكىدەك بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا بۇ ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى، ئەدىبىي ۋە مەنبەلىرى، خاس ئالاھىدىلىكلىرى تەتقىقاتى ھېلىمۇ ئاجىز ھالقا. «قۇتادغۇ بىلىك» نى پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخى، بىلىش تارىخىغا قويۇپ، ئىز قوغلاپ ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتەك نوپۇزلۇق، قايىل قىلغۇچ تەتقىقات تېخى ئېلىپ بېرىلمىدى.

تۆتىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەك تەخمىنەن ئون ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان كاتتا ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئېڭى كاتېگورىيە قېلىپلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش — ئالاھىدە تەتقىقات تۈرى بولۇپ، بۇ ئەسەردىكى كاتېگورىيىلەر، ئىبارىلەر، ئۇقۇملارنىڭ قىممىتىنى بايقاشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ جەھەتتە تېخى بىرەر ئۈلگە مەيدانغا كەلمىدى. مېنىڭچە، «قۇتادغۇ بىلىك» نى بۈگۈنكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات ۋە ئاڭ يېڭىلاش ئەمەلىيىتىگە قويۇپمۇ تەتقىق قىلىش مۇمكىن. بۇنداقتا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەمەلىي قىممىتى تېخىمۇ زور بولغان بولاتتى.

«قۇتادغۇ بىلىك» ھەقىقەتەن غايەت زور خەزىنە. ئۇ تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ئەگىشىپ ئۆز جاۋاھىراتلىرىنى كەڭ يايىدۇ ۋە بۇ جاۋاھىراتلار تارىخىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كۈچ قوشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورداشلىق ئادرېسى

**ئىزاھلار:**

[1] كوشان بۇددا مەدەنىيىتى كوشان خانلىقى، بولۇپمۇ كانىشكا (78 — 123) دەۋرىدە گۈللەنگەن بۇددا مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددىزم كوشان خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ خەلقئارا دىنغا، بۇددا سەنئىتى خەلقئارا تەسىرلىك سەنئەتكە ئايلانغان. باميان، قەندىھار، كۇسەن (كۇچا) بۇددا تاش كېمىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. بۇ خىل مەدەنىيەتكە كوشان — كۇسەن بۇددا سەنئىتى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

[2] سومېر، سىممېلىيان، سكىتاي، ساكلار — مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئارى ئىنسان تۇركۇمىدىكى خەلقلەر. سومېرلار مىلادىيىدىن 3 مىڭ يىل ئىلگىرى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ مۇقەددەم مېسوپوتامىيىگە يۆتكەلگەن. سىممېلىيان — سكىف (سكىتاي) قەبىلىلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VIII — VI ئەسىرلەردە شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا ئاتلىق كېزىپ يۈرگەن. ساكلار — سكىتايلارنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولۇپ، كېيىنچە تۇران ۋە تۈركىي خەلقلەرگە ئاساسىي مەنبە بولۇپ قالغان.

[3] ئىبنى مۇقەففا (724 — 750) ئىراننىڭ مەشھۇر ھىندى تىلى تەرجىمىشۇناسى، ئالىمى ۋە يازغۇچىسى، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «شاھلار كىتابى»، «ئەيىننامە» نى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان. ھۇنەئىن ئىبنى ئىسھاق (810 — 878) كۆپلىگەن گرېك ئەسەرلىرىنىڭ سۈرىيە تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشىدا غايەت زور خىزمەت كۆرسەتكەن تەرجىمىشۇناس.

[4] ئەلفەرغانى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە تونۇلغان ئەرەب دۇنياسىدىكى پەرغانىلىق ئاسترونوم، ماتېماتىك. مۇھەممەد ئىبنى قەسىر ئەلفەرغانى مەئمۇن «بەيتۇلھېكمە»

ئاكادېمىيىسىدە، كېيىنچە مىسىردا نىل دەرياسى بويىدا ئۆلچەش پائالىيەتلىرىدە بولغان. ئۇنىڭ «ساماۋى ھەرىكەت ۋە ئىلمى نۇجۇم» ناملىق كىتابى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ياۋروپاغا تارالغان.

[5] ئەررازى — ئەبۇبەكرى مۇھەممەد زاكارىيە ئەررازى (864 — 925) مەشھۇر خىمىك ۋە تېبابەتشۇناس. ئۇ «كىتابۇل ئەسرار»، «كىتابۇل تېب ئەلمەنسۇر»، «ئەلھەۋى» قاتارلىق مۇھىم كىتابلار يازغان. ئۇ مەنسۇر ئىبىن ئىسھاق زامانىدا بۇخاراغا كېلىپ قايتقان ۋە «ئەلمەنسۇر» ناملىق كىتابىنى يازغان.

[6] ئەل قىندى (800 — 879) ئەرەبلەردىن چىققان تۇنجى ئارستوتېل تەتقىقاتچىسى، كۆرۈنگەن پەيلاسوپ.

[7] ناسىر خۇسراۋ (1003 — 1093) خوراسانلىق ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، فارابى ۋە ئىبىن سىنا تەلىماتلىرىنىڭ ۋارىسى، «جەمەئۇل ھېكمەتەئىن»، «سائادەتنامە»، «رۇشنائىنامە» قاتارلىق پەلسەپىۋى داستانلارنىڭ مۇئەللىپى.

[8] ئەبۇل ھەسەن بىننى ئەھمەد ئۇنسۇرى بىلەن مانۇچېخرى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى زامانىسىدىكى ئاتاقلىق پارس شائىرلىرى.

[9] جون . سىۋىلسكى، گېراد كرېمونسكى XII ئەسىردىكى لاتىن تىلى تەرجىمانلىرى، ئۇلار فارابى، ئىبىن سىنا ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدىن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلغان.

[10] جوردانۇ برونو (1548 — 1600) مەشھۇر ئىتالىيە پەيلاسوپى، «سەۋەب، ماھىيەت ۋە بىردەكلىك» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى. ئۇ كوپېرنىك تەلىماتى بويىچە ئالەم ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىدۇ، دېگەنلىكى ئۈچۈن دىنىي سوت تەرىپىدىن رىمدا ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

[11] غەززالى (1059 — 1111) ئىسلامىيەتنىڭ ئاتاقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىنىي روھانىيەتچى مۇتەپەككۇرى، ئىلاھىيەتشۇناس. غەززالى تەبىئەت پەنلىرى، تەبىئەت پەلسەپىسى، فارابى ۋە ئىبنى سىنا تەلىماتلىرىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلدۇرگەن.

[12] «چىن ۋە ماچىن» ئىبارىسى «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن باشلاپ تۈركىي (ھەتتا پارسىي) ئەدەبىياتتا كەڭ مەجازى توپونومىيىلىك نام سۈپىتىدە قوللىنىلدى. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «چىن ۋە ماچىن ئالىم ۋە ھۆكۈمالىرى شۇنداق قارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق» دېگەن سۆزدىكى «چىن ۋە ماچىن ئالىم ۋە ھۆكۈمالىرى» دېگەن ئىبارە بىلەن «مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا» دېگەن ئىبارىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، «چىن ۋە ماچىن» ئىبارىسىنىڭ «قىدان» ئىبارىسىدىن پەرقلىق تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، «چىن ۋە ماچىن ئالىم ۋە ھۆكۈمالىرى» ھېچقاچان «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كۆرۈپ بۇ ھەقتە باھا يۈرگۈزۈۋاتقان لياۋ ياكى سۇڭ سۇلالىسى ئالىم ـ ھۆكۈمالىرى ئەمەسلىكىنى تەبىئىي ھېس قىلىمىز.

[13] ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەر ھاكىمىيەتلىرىدە ياكى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى باشقۇرغان تېررىتورىيىلەردە كەڭ قوللىنىلىشىنى تۈركولوگلار «ئۇيغۇرىزم ھادىسىسى» دەپ ئاتاشقان.

# خاتىمە

«ئېغىرلىق ۋەزنىدىن غەمسىز سەلەپ كەلسە ھېرات تاغى،
يېنىكلىك ۋەجىدىن بەربات ھامان قامغاقنىڭ ياپراغى.»
— ئەلىشىر نەۋائى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەن ۋە شۇنىڭدەك جاھان تەپەككۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان نادىر تۆھپىسى «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن تۆۋەندىكىچە ئىخچام يەكۇن چىقىرىش مۇمكىن:

«قۇتادغۇ بىلىك» ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى تەپەككۇر ۋە تىل تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بىباھا مىراس بولۇپ، ھەرگىزمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر مەھەللىك قىزىقىشى ياكى مۇئەللىپنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. مۇشۇ دەۋردە، پەقەت مۇشۇ دەۋردىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن مىللەتنىڭ ئەقلى ئۆتمۈشنى خۇلاسىلەش، قوبۇل قىلىنغان يېڭىلىقلارنى ھەزىم قىلىش، جۇغلانمىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ۋە ئەخلاق نۇقتىئىنەزەرىدىن بىرقەدەر ئاقىلانە مۇئامىلە قىلىش، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاش ۋە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت مەشئەلچىسىلىك تارىخىي رولىنى ھېس قىلىش، ئەرەب ۋە ئىران ھاكىملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ

ئۇستۇنلۇكىگە تاقابىل تۇرۇش زۆرۈرىيەتلىرىنى چۈشىنىش پەللىسىگە يەتكەندى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي تەقەززا «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك مۇئەللىپىنى ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مەيدانىغا ئېلىپ كىرگەندى. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەستۇرى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىيلارنىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخىي مەۋقەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە غايەت زور مۇمكىنلىك بېغىشلىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

«قۇتادغۇ بىلىك» نوقۇل ئەدەبىي ـ ئەخلاق توغرىسىدىكى ۋەز ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك دىداكتىك ئەسەر ئەمەس. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا دۇنياغا كەلگەن، ئەڭ ياخشى ۋە ھەممە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەدىئىي دراماتىك ۋە شېئىرىي ئىپادىلەش شەكلىدە يارىتىلغان پەلسەپىۋى قامۇس. ئۇ گەرچە بىلىم ۋە ئادالەت بىلەن دۆلەت باشقۇرۇپ، خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى سىياسىي مەقسەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان بولسىمۇ، بۇ خىل مۇھىم ئىدېئولوگىيىنى تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، بەخت ـ سائادەت كۆز قارىشى ۋە ئىلىم ـ پەن تەلىماتلىرى بىلەن ئاساسلىغان، يورۇتقان. بۇ كلاسسىك تەپەككۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورتاقلىق بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇردا ئۇستۇن مەۋقەنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تارىخىي چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلىدىن تەبىئەت پەلسەپىسى جەھەتتە ئالەمنىڭ بىرىنچى سەۋەب ھېسابلانغان تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى قەيت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ مۇھىمى يەنە ئالەمنىڭ مەنبەسى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت ۋە يىغىلىنىشتا تۇرغان تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات ئىكەنلىكىنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» تەبىئەتنىڭ گارمونىك بىر

تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان ئىنسان مەسىلىسىدە كېيىنكى ئەسىرلەردىكى ئانتروپولوگىزملىق (ئىنسان تەبىئەتلىكى) كۆز قاراشلىرىغا ياندىشقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە قىممەتلىك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىلىشتىن مەقسەت — قىلىش، ھەقىقەتنى بىلمەكتىن مەقسەت — سائادەتلىك بېغىشلىغۇچى ياخشى (گۈزەل) پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت دېگەن ئىدىيە ئەينى زاماندا تەڭداشسىز پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە بولغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە سىياسىي - ئىجتىمائىي مەسىلىلەر پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئىزاھلانغان. ئۇنىڭ دۆلەت، خەلق، دۆلەت باشلىقى (پادىشاھ، ئېلىگ) ۋە بەگ - ئەمەلدارلار توغرىسىدىكى، بولۇپمۇ ئادالەتلىك، خەلقپەرۋەر، مۇستەقىل ۋە كەسكىن قانۇن توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدىكى ئۇلۇغۋار ئىنسانپەرۋەر قانۇنشۇناس مۇتەپەككۇر سالاھىيىتىنى نامايان قىلدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەقىقەتەن «شەرق غايىۋى دۆلەت» مودېلىنى تىكلىگەن دەستۇردۇر.

ماركس بىلەن ئېنگېلس «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدا: «دەرىجە تۈزۈمى فېئودالىزملىق تۈزۈمنىڭ غايىۋى شەكلى» دېگەنىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ھۆكۈمرانلىقنى قانۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكى، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش ۋە نامرات، ئوتتۇرا ھاللىق ئاھالىنى بېيىتىش ئىدىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىي چەكلىمىلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ چىقىپ، بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياندىشىقانلىقىنى نەزەر ئېتىباردىن يىراقلاشتۇرماسلىق لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلىم ۋە ئەخلاق، دانىشمەنلىك ۋە پەزىلەتلىك تۇغما بولىدۇ دەيدىغان ئەزەلىيلىك (ئاپرىئورىزملىق) كۆز قاراشلىرىغا زىت هالدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ يېڭىلىق — گۈزەل، بىلىم — قۇدرەت دەيدىغان قاراشلىرى بىلەن قانائەت ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش تەشەببۇسلىرىمۇ ئالاهىدە ئورىگىنالللىققا ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك» مۇكەممەل ماتېرىيالىزملىق «جاهاننامە» ئەمەس. ئۇ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇهىم بىر دەستۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇئەللىپى ئاتېئىست ئەمەس. ئۇ پەقەت، بىلىش تارىخىدىكى تەرەققىيپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر بۈيۈك مۇتەپەككۇر، خالاس.

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «بىلىش لازىمكى، ھەرگىزمۇ ئىككى مىڭ يىللىق پۈتكۈل ئىدىيە مەزمۇنىنى بىر قەلەم بىلەن سىزىپ تاشلاپ، ئىشنى پۈتتى قىلىۋەتمەستىن، ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى، خاتا بولسىمۇ، ئەينى زامان تارىخىنىڭ تەرەققىيات شارائىتىدا خالىي بولغىلى بولمايدىغان ئىدېئالىستىك شەكىلدىن — بۇخىل ۋاقىتلىق شەكىلدىن قىممەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا ئېلىش كېرەك.»①

لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «قوپال، ئاددىي، مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزملىق قاراشقا ئاساسلانغاندا، پەلسەپىۋى ئىدېئالىزم جۆيلۈشتىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق قاراشقا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭ ئەكسىچە، پەلسەپىۋى ئىدېئالىزم بىلىشنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكىنى،

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، 1955 ـ يىل خەلق نەشرىياتى نەشرى، 163 ـ بەت.

تەرەپلىرىنى، قىسمىنى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ (كۆپتۈرۈپ، كېڭەيتىپ)، ئۇنى ماددىدىن، تەبىئەتتىن ئايرىپ، مۇقەددەس مۇتلەق قىلىپ قويغان»[1]، «تارىختىي تۆھپىلەرگە ھۆكۈم قىلغاندا، تارىختىكى ئەربابلارنىڭ زامانىمىز تەلەپ قىلمىغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگە نىسبەتەن يېڭى نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا ئاساسلىنىش كېرەك.»[2]

«قۇتادغۇ بىلىك» ئىلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى سەرخىل گۆھەر، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقاتار ئۆلمەس ئىدىيىلەر بۈگۈنكى كۈندە ساغلام ۋە گۈزەل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىزدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە ھەر خىل تىلدا نەشر قىلىنىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرىنى يايدى. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى چوقۇم يېڭى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا يېتەكلەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» يىپەك يولى گۈللەنگەن مەنزىرىسىنىڭ خۇشبۇي گۈلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇچۇر ئىنقىلابىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغۇسى.

1982 — 1993 ـ يىللار
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

---

① لېنىن: «پەلسەپەدىن خاتىرىلەر»، 1956 ـ يىل خەلق نەشرىياتى نەشرى، 364 ـ بەت.

② لېنىن: «ئەسەرلەر»، 1955 ـ يىل خەلق نەشرىياتى نەشرى، II توم، 150 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

### A . يېتەكچى ئەدەبىياتلار

1. ك. ماركس: «مۇقەددەس ئائىلە».
2. ك. ماركس: «پەلسەپە نامراتلىقى».
3. ك. ماركس: «نېمىس - فرانسۇز مەجمۇئەسى ھەققىدىكى خەت - چەكلەر».
4. ك. ماركس: «گېگېل ھوقۇق پەلسەپىسىگە تەنقىد».
5. ف. ئېنگېلس: «ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى».
6. ف. ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى».
7. ف. ئېنگېلس: «دېۋرىنگغا قارشى».
8. ف. ئېنگېلس: «گېرمانىيىدە دېھقانلار ئۇرۇشى».
9. ۋ. ئى. لېنىن: «ماركسىزمنىڭ ئۈچ مەنبەسى ۋە ئۈچ تەركىبىي قىسمى».
10. ۋ. ئى. لېنىن: «ئىككى ئوتوپىيە توغرىسىدا».
11. ۋ. ئى. لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى».
12. ماۋ زېدۇڭ: «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە».

### B . ئاساسىي ئەدەبىياتلار

13. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلقى ئۇيغۇرچە نەشرى.

14. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلقى خەنزۇچە نەشرى.

15. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» ، قەييۇم كەرىموف ئىشلىگەن، تاشكەنت «پەن» نەشرىياتى، 1972 ـ يىلقى ئۆزبېكچە نەشرى.

16. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» ، نائۇماگرېبنېۋا تەرجىمە قىلغان. موسكۋا بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى، 1971 ـ يىلقى رۇسچە نەشرى.

17. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» ، رەشىد رەھمەتى ئارات ئىشلىگەن. 1 ـ مېتىن، ئىستانبۇل. 1947 ـ يىل، 2 ـ تەرجىمە، ئەنقەرە، 1959 ـ يىل.

18. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

19. مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، تاشكەنت، 1960 ـ، 1961 ـ، 1963 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.

20. ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.

21. فارابى: «ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي رىسالىلەر» ، ئالما ـ ئاتا، 1975 ـ يىل، رۇسچە، قازاقچە نەشرى.

22. ئىبنى سىنا: «ئەلقانۇن فىت تېب» ، 1954 ـ يىل، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى.

23. ئىبنى سىنا: «تېببىي داستان» ، ئۆزبېكچە نەشرى.

24. «تۇرپان تېكىستلىرى» ، قەدىمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى نەشرى، 1 ـ، 2 ـ كىتاب.

25. «ئورخۇن ئابىدىلىرى» ، غ. ئابدۇراخمانوف، ئا. رۇستەموف: «قەدىمكى تۈركىي تىل» ، 1982 ـ يىل تاشكەنت نەشرى، «تېكىستلەر» قىسمى.
26. «ئورخۇن ـ يەنسەي تېكىستلىرى» ، 1982 ـ يىل فرۇنزا «ئىلىم» نەشرىياتى نەشر قىلغان.
27. رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.
28. شەرەپىددىن ئەلى يەزدى: «رەپەرنامە» ، ئا. ئورۇنبايوف تەييارلىغان، 1972 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.
29. فىردەۋسى: «شاھنامە» ، تاشكەنت، ئۈچ توملۇق نۇسخا، 1975 ـ يىلقى ئۆزبېكچە نەشرى.
30. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» .
31. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» .
32. «كىتاب مۇئەسسەسەسىنىڭ ئەسلى پۈتۈكلىرى» .
33. دۆلەتشاھ سەمەرقەندى: «تەزكىرە تۇششۇئارا» ، 1981 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.
34. نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ، «نەۋائى تولۇق ئەسەرلىرى» ، XIII توم، 1966 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.
35. كەيكاۋۇس: «قابۇسنامە» 1973 ـ يىل تاشكەنت تولۇق نەشرى، 1983 ـ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قىسقارتىلغان نەشرى.

C. قوشۇمچە ماتېرىياللار

36. گېگېل: «ھوقۇق پەلسەپىسى قائىدىلىرى» ، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.
37. س. ئى. مالوف: «قەدىمكى تۈرك يازمىلىرىنىڭ

خاتىرىسى» ، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1951 ـ يىل نەشرى.
38. ۋ. ئا. ئابدۇللايوف: «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» ، I — Ⅲ توم، 1965 — 1980 ـ يىللار، تاشكەنت نەشرى.
39. ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا قىسقىچە تارىخى» ، 1980 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.
40. ۋ. ۋ. بارتولد: «تۈركىستان مەدەنىي ھاياتىنىڭ تارىخى» ، «بارتولد ئەسەرلىرى» ، Ⅱ توم، 1963 ـ يىل موسكۋا نەشرى.
41. ن. ئا. باسقاقوف: «ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ راۋاجلىنىشىدا قاراخانىيلار دۆلىتى ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئەدەبىي تىلىنىڭ رولى» ، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1970 ـ يىل 4 ـ سان.
42. بېرتېلس: «ئۇيغۇر پوئېمىسى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى» ، «شەرق ھەقىقىتى» ، 1944 ـ يىل، 1 ـ ، 2 ـ سانلار.
43. بېرتېلس: «سوپىزم ۋە سوپىزم ئەدەبىياتى» ، 1965 ـ يىل، موسكۋا نەشرى.
44. ئە. ر. تېنىشېف: «قۇتادغۇ بىلىك ۋە ئالتۇن يارۇغ» ، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1970 ـ يىل 4 ـ سان.
45. س. گ. كلياشتورى: «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ دەۋرى» ، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1970 ـ يىل 4 ـ سان.
46. ئا. ئا. ۋالىتوۋا: «يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋە ئۇنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ى» ، موسكۋا 1951 ـ يىل رۇسچە نەشرى.
47. ئا. ئا. ۋالىتوۋا: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مىراسلىرى»، «يىراق شەرق مەسىلىلىرى» ژۇرنىلى. 1976 ـ يىل 4 ـ سان.
48. بوئول. نوئىس: «يىپەك يولى»، 1982 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.
49. جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو ـ غەرب ئالاقە تارىخى»، 1927 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
50. شەرىپوف: «ئەبۇ رەيھان بىرۇنى»، «شەرق خەلقلىرى پەلسەپە مىراسلىرىدىن»، 1972 ـ يىل، تاشكەنت رۇسچە نەشرى.
51. خاندا ئاكىرا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى»، جاۋخې 57 ـ يىل، توكيو نەشرى.
52. خاندا تورو: «غەربىي دىيار مەدەنىيەت تارىخى»، 1985 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.
53. ل. كىلىموۋىچ: «سوۋېت شەرق ئەدەبىيات تارىخى»، 1958 ـ يىل، موسكۋا رۇسچە نەشرى.
54. ئى. ۋ. ستېبلىۋا: «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ شېئىرىيىتى»، «سوۋېت تۈركىلوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1970 ـ يىل 4 ـ سان.
55. م. م. خەيرۇللايوف: «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى»، 1971 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.
56. م. م. خەيرۇللايوف: «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى»، 1975 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.
57. م. م. خەيرۇللايوف: «ئەبۇ نەسىر ئەلفارابى»، 1982 ـ يىل موسكۋا نەشرى.
58. م. م. خەيرۇللايوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي ئوتوپىيىلىك ئىدىيىلىرى»، 1983 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.
59. مۇرات ھەمرايوف: «ئەسىرلەرنىڭ ئۇنتۇلماس

سادالىرى» ، 1969 ـ يىل ئالما ـ ئاتا نەشرى.

60. ئا. ئىرسوف: «خارەزمى ۋە فارابى» ، 1961 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.

61. ئا. ئىرسوف: «ئىبنى سىنا هاياتى ۋە ئىجادىي مىراسلىرى» ، 1980 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.

62. قەييۇم كەرىموف: «ئىلىك بەدىئىي داستان» ، 1976 ـ يىل، تاشكەنت نەشرى.

63. رەشىد رەھمەتى ئارات: «‹قۇتادغۇ بىلىك› كە مۇقەددىمە» ، 1959 ـ يىل ئەنقەرە نەشرى.

64. ل. ن. گۇمىلېف: «قەدىمكى تۈركلەر» ، 1967 ـ يىل موسكۋا نەشرى.

65. ئەھمەد زەكى ۋەلىدى: «تۈرك ۋە تاتار تارىخى» ، 1912 ـ يىل قازان نەشرى.

66. «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قىرغىزىيە» ، 1983 ـ يىل فرۇنزا نەشرى.

67. د. ئا. تىخونوف: « X — XIV ئەسىر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى» ، 1966 ـ يىل موسكۋا ـ لېنىنگراد نەشرى.

68. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى.

69. «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› جەمئىيىتى» تۈزۈپ باستۇرغان، 1989 ـ يىل ئۇرۇمچى (خەنزۇچىسى 1994 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) نەشرى.

70. خوجا ئەھمەد سەيدىنۇاققاسوف تەھرىرلىكىدىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، ئالما ـ ئاتا 1983 ـ يىل نەشرى.

71. «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى»، 1984 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.
72. ۋ. م. نادېلياېىف قاتارلىقلار مۇھەررىرلىكىدىكى «قەدىمكى تۈركىي سۆزلۈك»، 1969 ـ يىل لېنىنگراد رۇسچە نەشرى.
73. «تارىخىي مىراس، قۇتادغۇ بىلىك، تەتقىقاتى» (ماقالىلەر توپلىمى، 1 — 4 ـ كىتاب)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 — 1988 ـ يىللار.
74. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخى ئوچېركى»، 1986 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.
75. ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1980 ـ يىل، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى.
76. ۋىليام مىگوۋىرىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى دۆلەتلىرى تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى.
77. ۋېرنارد لېۋىس: «تارىختىكى ئەرەبلەر»، 1979 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
78. ئىبىن بەتۇتە: «ساياھەتنامە»، 1985 ـ يىل، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى نەشرى.
79. ئا. گ. مالياۋكىن: «IX — XII ئەسىر ئۇيغۇر دۆلىتى»، يېڭى سىبىرىسك، 1983 ـ يىل رۇسچە نەشرى.
80. جۇماغولوف: «قىرغىزىستاندا قەبرە خەتلىرى»، 1 ـ، 2 ـ كىتاب، فرۇنزا، 1982 ـ يىل رۇسچە نەشرى.

# تېماتىك كۆرسەتكۈچ

(بېيىت نومۇرى بويىچە)

— تۆت زات: 60، 143، 144، 145، 3212، 3725، 3726
— تۆت زاتنىڭ تۆت خۇسۇسىيىتى: 1053، 3579، 4631، 4632، 4633
— تۆت مىزاج: 5866، 5867، 5868، 6006، 6007، 6008، 6009، 6010، 6014
— تۆت پەسىل: 142، 4620، 4621، 4622، 4623، 4624، 4625، 4626، 4627، 4628، 4629
— مەڭگۈ يۇلتۇزلار: 833، 834، 1049، 1050، 1086، 1087
— ساماۋى ھەرىكەت: 126، 731، 734، 743، 744
— زىددىيەت ۋە ھەرىكەت: 144، 145، 696
— بەخت ۋە ئاپەت زىددىيىتى: 2938، 3548، 3549، 3550، 4918، 4926
— يول قويۇلىدىغان زىددىيەت ۋە يول قويۇلمايدىغان زىددىيەت: 4225، 4226، 4227، 4228
— بىقارارلىق، تۇرغۇنسىزلىق: 399، 400، 401، 402، 403، 404
— ماكان ۋە زامان: 19، 1211، 1213، 2523

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— يېنى شەيئى: 686، 687، 688، 689
— چەكسىزلىك: 10
— تەڭرىنىڭ ئېپتىدا ۋە ئىنتىھاسىزلىقى: 8
— تەڭرىنىڭ روھىي ئىقتىدارسىزلىقى: 17، 28
— ھەممە شەيئىنىڭ تەڭرىنىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكى: 20
— تەقدىرچىلىك: 1279، 1485، 1742، 1801
— بەدەننىڭ مەركىزى كۆڭۈل ئىكەنلىكى: 2472، 2795، 2797، 2798، 3856
— ئۆلۈمنىڭ قانۇنىيەتلىكى، مۇقەررەرلىكى: 180، 231، 233، 234، 235، 692، 693، 237، 1066، 1086، 1134، 1138، 1140، 1201، 1238، 1465، 1540، 1545، 6344
— ئۆلۈم ئالدىدا ھەممىنىڭ باراۋەرلىكى: 3617، 4724
— مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن خالىي قالمىغانلىقى: 4713، 4714، 4715، 4716، 4717، 4718، 6547، 6548، 6549، 6550، 6551، 6552
— ئۆلگەن بەدەننىڭ تۇزۇپ ئەسلىگە كەلمەسلىكى: 1839، 5416، 6065، 6146، 6298
— ئوتتۇرا ھال ئۆلچەمدە ئىش كۆرۈش: 2090، 3671، 3674، 4904، 4985
— زىددىيەت بىرلىكى: 434
— ئەقىل ۋە ئىنسانىنىڭ ھايۋاندىن پەرقى: 147، 297، 1843، 2454، 2646
— ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ تۇغمىلىقى: 159، 160، 161، 109، 224، 225، 228، 278، 289، 310، 314، 317، 327، 334، 470، 472، 585، 1819، 1820، 1825، 2790

— بالىدا بىلىم يوق، ئەقىل بولىدىغانلىقى: 293
— ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ پەرقى: 155، 1816، 1818، 1823، 1825، 1841، 1842، 2626، 6430
— تۇغۇلغاندا دانىشمەن (بىلىملىك) بولماسلىق: 1826، 1827، 1828
— بىلىمنىڭ بىلىمسىزلىك كېسىلىگە داۋالىقى: 156، 157، 158، 1048
— بىلىمنىڭ چىراغ ـ مەشئەللىكى: 1840، 1861، 1870
— بىلىمنىڭ قۇلنى شاھ قىلالىشى: 152، 154، 155، 300
— بىلىمنىڭ مەنپەئەتدارلىقى: 1870، 2454، 2750، 5478
— كۆرۈش سەزگۈسى: 1893، 1897، 1898، 1899، 1991
— قۇلاق (ئاڭلاش) سەزگۈسى: 1016
— ئىرادە ـ غەيرەت: 283، 284
— باش مېڭە: 1836
— پىكىر: 632، 633
— تىل پىكىرنىڭ تەرجىمانى: 162، 185، 214، 274، 311، 312، 1023
— تىل ۋە تەپەككۇر: 1678، 1679، 1680، 1681، 1683
— توغرا ئىپادىلەش: 1024
— تىلنىڭ تۇغمىلىقى: 210
— ئەقىل بىلەن سۆزلەش: 170، 178، 193، 209، 971، 992، 993، 994، 2521، 4552
— مۇلاھىزە ۋە ئىنىقلاپ بىلىش: 5873، 5877، 5887

www.uyghurkitap.com

— ھەرىكىتىگە قاراش: 4287
— سىناپ كۆرۈش: 636، 1336
— ئۆچمىنچىنى مۇستەسنا قىلماق: 267، 2317، 3218
— سۆز ـ ھەرىكەتنىڭ بىردەكلىكى: 338، 862، 863، 865، 1745، 5887
— بىلىش ۋە قىلىش، بىلىم ۋە ئىشلىتىش: 181، 183، 211، 212، 213، 215، 2605، 2606، 3220، 4278
— ئادەمنىڭ خاتالىشىدىغانلىقى: 197، 198
— ياخشى سۆزنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىشى: 180، 182، 272، 274، 1469
— ياخشى سۆز ئۆرلىتىدىغانلىقى، يامان سۆز چۈشۈرىدىغانلىقى: 163، 164، 167، 173، 176، 966، 984، 991، 1002، 1003، 1311، 2692، 3880
— كەم سۆزلۈك ۋە كۆپ سۆزلەش: 171، 172، 964، 965، 967، 970، 977، 1016، 1025، 1312، 1914، 1915، 1916، 2687، 2688، 4332، 4335، 4552
— يالغان سۆزلەش: 848، 1326، 1668، 1671، 2037، 2039، 2508، 4297، 4300، 5074، 5878، 5887، 6094
— شېئىرىيەت ۋە شېئىر: 2631، 4392، 4395، 4396
— يېزىق ۋە چەت تىل: 2223، 2636، 2695، 2702، 2707
— ئىلىم ـ پەن ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتلىكى: 208، 209، 211، 212، 265، 268، 302، 4346، 4347، 5253
— ئىلىم ـ پەننىڭ دىنىي ئىستىقامەتتىن ئۈستۈنلۈكى: 324، 3221، 3224، 3225، 3249، 3251

— ئالىملار، شائىرلارغا بولغان مۇئامىلە: 4341، 4353، 6615

— ماتېماتىكا پەنلىرى توغرىسىدا: 2221، 2633، 2782، 2783، 2784، 4378، 4379، 4380، 4381، 4382

— ئاسترونومىيە توغرىسىدا: 125، 126، 127، 128، 131، 132، 133، 134، 135، 136، 137، 138، 139، 140، 141، 142، 143، 144، 145، 146، 2221، 2632، 3194، 4386، 4888، 4889، 6219، 6220، 6221

— تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك توغرىسىدا: 1053، 1055، 1058، 1060، 1064، 1065، 2887، 2888، 2893، 2894، 2895، 4355، 4356، 4357، 4358، 4359، 4362، 4364، 4365، 4642، 4643

— ئىككى دۇنيا توغرىسىدا: 1147، 1294، 1432، 1659، 1663، 1973، 3658، 3659

— مۇشۇ رېئال دۇنيانىڭ ئەۋزەللىكلىرى: 3249، 3250، 3251، 3368، 3371، 3407، 3425، 3437، 3443، 3450، 3500، 3505، 3646، 3649، 3665، 3666

— زاھىت ـ سوپىزم قاراشلىرى: 3341، 3344، 3380، 3386، 3394، 3520، 3521، 3522، 3525، 3540، 3586، 3793، 4739، 4839، 5189

— زاھىتلىقنى ئەيىبلەپ مۇنازىرىلىشىش: 3417، 3419، 3441، 3443، 3452، 3851

— مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك: 147، 414، 496، 543، 1636، 4252، 5787، 5788

— كىتاب تېمىسى ۋە ئۇنى يېزىشنىڭ

ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى: 358، 6462، 6463، 6464 تىن باشلاپ 6499 غىچە

— دۆلەتنىڭ ئۇل ـ ئاساسلىرى: 2132، 2133، 2134، 2714، 2715، 2716، 5462، 5463، 5478

— خاقاننىڭ خەلققە مەجبۇرىيەتلىرى: 5574، 5576، 5577

— خەلقنىڭ خاقانغا مەجبۇرىيەتلىرى: 5579، 5580، 5581، 5582، 5583

— ناچار خاقان: 249، 653، 654، 780، 784، 4096، 4099

— پەيلاسوپ خاقان: 2717

— يارامىلىق خاقان: 455، 457، 461، 890، 891، 894، 895، 1411، 1412، 1785، 1789، 2012، 3266، 3268، 4013، 5084، 5200، 5201، 5902، 5903، 5904، 5906

— نەسەب كۆز قاراشلىرىنىڭ نىسپىيلىكى: 1938، 1949، 1950، 1959، 2437

— بىلىملىك خاقان: 217، 218، 220، 224، 254، 301، 303، 1712، 1953، 1968، 1969، 1970

— بىلىمسىز خاقان: 1780، 1781، 1906، 4078

— خاقاننىڭ سىياسەت ۋە قەلەم بىلەن باشقۇرۇشى: 221، 222، 223

— خاقان خەلققە شىپاگەر سۈپىتىدە: 5165، 5241، 5242، 5243، 5302

— خاقاننىڭ خەلقپەرۋەر بولۇشى: 256، 1040، 2065، 2937، 5166، 5197، 6100

— خاقاننىڭ تەڭرىگە، خاقاننىڭ ئادالەتكە سىلىشتۇرمىسى:

www.uyghurkitap.com

3464، 3465، 3466

— كۆنتۇغدى ئىلىگ ۋە ئۇنىڭ غايىۋى سۈپەتلىرى: 824، 825، 827، 829، 833، 834

— قەلەم ۋە ئەلەم ئەمەلدارلىرى، ئۇلارنىڭ مۇھىم سۈپەت شەرتلىرى: 2182، 2183، 2417، 2419، 2425، 2426، 2428، 2537، 2711، 2714، 2715، 2716، 2967، 2968، 4067، 4068، 4069، 5283، 5305

— زۇلۇمنى ئوتقا، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى سۇغا ئوخشاتقانلىق: 2030، 2031، 2032، 2033، 2034، 2058، 3107

— قانۇننىڭ دەخلىسىزلىكى: 3463، 3464، 5734، 5735، 5744

— قانۇن مەقسىتى خەلق مەنپەئەتى ئىكەنلىكى: 3461، 5491، 5773

— بىلىملىك خاقان ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش: 252، 286، 454، 830، 1041، 1374، 1456، 1458، 1460، 1461، 1772، 2015، 2017، 2024، 2171، 2173، 2130

— ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى تەرىزىدىكى ئىدېئولوگىيە: 2127، 2128، 3464، 3465، 3466

— ئەمەلدارنىڭ قانۇنغا بويسۇنۇشى: 429

— باراۋەرلىك، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكى: 809، 816، 817، 818، 822، 828، 832

— ئادالەت: 771، 772، 802، 803، 804، 805، 806، 819، 821، 5172

— ھۆكۈمدە كەسكىن بولۇش، ياخشىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ياماننى جازالاش: 811، 812، 813، 814، 815، 816

— ھەربىي ئىشلارنىڭ مۇھىملىقى: 2284، 3005،

3039، 3043، 3045
— ھەربىي سىياسىي خىزمەت: 2300، 2301
— ئەسكىرىي كەيپىيات: 2291، 2310، 2311، 2312، 2313، 2314
— دۈشمەننى سەل چاغلىماي پۇختا ھازىرلىنىش: 4263
— سۈلھى: 4269
— ئەسكەرنى خىل ـ سۈپەتلىك قىلىش: 2332، 2333، 2334، 2335، 2336، 2339، 2340
— رازۋېدكا: 2342، 2350، 2351
— جەڭدە ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، جەڭنى توي ـ مەرىكە ھېسابلاش: 2380، 2391
— قانلىق ھايات ـ مامات جېڭى: 2377، 2378
— ھەربىي ھىيلە: 2327، 2355، 2356، 2357
— ھەربىي بارگاھ: 2345، 2349
— تېز ھۇجۇم، تېز جەڭ: 2369
— بۆكتۈرمە تاكتىكىسى: 2370
— سەپ شەكلى تاكتىكىسى: 2371
— ھۇجۇم: 2376
— چېكىنىش: 2359، 2361
— قوغلاپ زەربە بېرىش: 2388، 2389، 2390، 2395
— جەڭدە ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار مەسىلىسى: 2402، 2403، 2404، 2405
— ھەربىي تەمىنات ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش: 2398، 2400، 2401، 2411، 2808، 2810، 2989
— مالىيە كىرىم ـ چىقىم، ھېسابات ۋە تەكشۈرۈش: 2773، 2774، 2775، 2779، 2781، 2800، 4538

www.uyghurkitap.com

— مالىيە ـ سودا، باھا ۋە تاۋارچىلىق: 2747، 2766، 2801، 2802، 2803، 3076

— دېھقانلار: 4400، 4403، 4417

— چارۋىچىلار: 4439، 4440، 4441، 4442، 4447، 4448، 4450

— قول ھۈنەرۋەنلەر: 4458، 4459

— سودىگەرلەر ۋە شېرىكچىلىك: 4419، 4423، 4425، 4426، 4427، 4428، 4431، 4433، 4544

— ھەر خىل كەسىپ ناملىرى: 4294، 2557، 2558

— يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھالدىكى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر: 5560، 5561، 5562، 5563

— ئەركىن كىشىلەر: 2987، 2990، 2991

— نامرات خەلق: 5564، 5565، 5566، 5567

— كەڭ ئاۋامنى خۇنۇكلەشتۈرگەن مىسرالار: 266، 988، 989، 2078، 2080، 4327

— ئەمگەك، باشقىلار ئەمگىكىنى قەدىرلەش: 2841، 2909، 2910، 2986، 3551

— ئېتتىپاقلىق: 3208، 3212

— شەھەر ۋە يېزىلار ئەۋزەللىكى: 1043، 3214، 3215، 3499، 3500، 3505، 3974

— بىناكارلىق: 4545، 4546، 4547، 4548

— مېھماندوستلۇق ۋە مېھماندارچىلىق قائىدىلىرى: 2553، 4574، 4575، 4576، 4577، 4581، 4583، 4584، 4605، 4663، 4667

— توپ، شاھمات، شىكار: 2581، 2634، 2675

— ھاراق ۋە ئۇنى كەم ئىستېمال قىلىش: 1060، 2550، 2651، 2656، 2886، 2902، 2903، 2904، 4659

— ياخشىلىق ۋە ياخشى نام: 228، 229، 237، 238، 239، 3270، 3271، 3272، 4465، 4466، 5808

— يامانلىق ۋە يامان نام: 249، 5728، 4467

— ياخشىلىق ۋە يامانلىق سېلىشتۇرمىسى: 900، 903، 916، 971

— ياخشىلىق تۈرلىرى (ھالاللىق): 3245، 3248؛ (ئۇيات): 2008، 2203، 2206؛ (كەمتەرلىك): 4532، 4534؛ (كىچىكلەرگە ھۆرمەت): 5060، 5061، 5062؛ (ياخشىلىقنىڭ تاماق ـ كىيىمدەك مۇھىملىقى): 1982

— يامانلىق تۈرلىرى (شەخسىيەتچىلىك): 2002، 2066، 4563؛ (ئاچكۆزلۈك، تەمەگەرلىك): 2613، 2619، 2620، 5387؛ (مەغرۇرلۇق): 1706، 2120، 2612؛ (ئىككى يۈزلىمىلىك): 4272؛ (ھەسەت ۋە پىتنىخورلۇق): 4212، 4247، 4253، 4411، 4412، 4414؛ (بېخىللىق): 950، 3036

— ياخشىلىق قىلىش: 226، 227، 230، 232، 246، 253، 1639، 2756، 2757، 5922

— خەلققە ياخشىلىق قىلىش: 856، 857، 858، 1296، 1315، 1367، 2024، 3237، 3278، 3930، 3931، 3933، 3935

— ۋاپاغا ۋاپا قىلماق: 349، 929، 1393، 1394، 2040، 2985، 3432، 4256، 5774، 6263

— بەخت ۋە ئۇنىڭ بىقارار، نىسپىيلىكى: 549، 550، 662، 666، 668، 669، 670، 676، 677، 681، 685، 694، 695، 719، 741، 742، 743، 744، 745، 746، 747، 1332، 1373

— پەزىلەت — بەخت ئىشىكى: 703، 713، 726، 865،

1254، 1255، 1289، 1291، 2013، 2014، 2647
— بەخت ۋە ئەمگەك: 2936
— مائارىپ ۋە تەربىيە: 871، 872، 873، 874، 875،
876، 879، 880، 881، 883، 884، 885، 887، 888،
1101، 1102، 1725، 1822، 3217، 3218، 8878
— پەرزەنتلەر تەربىيىسى: 1219، 1220، 1223،
1224، 1491، 1493، 4504
— فېئودال ئائىلە ۋە نىكاھ كۆز قارىشى: 1303، 1304،
4467، 4477، 4479، 4481، 4482، 4483، 4484،
4485، 4486، 4487، 4488، 4489، 4494، 4497،
4500، 4501، 4502، 4509، 4511، 4512، 4513،
4514، 4517، 4518، 4519، 4520، 4521، 4522،
4523، 4524، 4525
— قەلب ۋە گۈزەللىك: 4280
— خۇشاللىق ۋە گۈزەللىك: 2465، 2924
— توغرىلىق ۋە گۈزەللىك: 806، 1159، 1131، 2038
— سىرتقى ۋە ئىچكى گۈزەللىك: 2208، 2213، 2215،
2216، 2663، 5112، 5113
— ئاپتورنىڭ يېشى: 364، 365، 366، 371
— كىتاب ئىسمى: 350
— كىتاب تېمىسى (سەرلەۋھىسى): 358
— كىتاب يېزىلغان ۋاقىت: 6495، 6623، 6624

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



## قوشۇمچە:
## سۈرەتلەرگە ئىزاھات

مەن ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىمدە، كەسپىم گەرچە بىئو - خىمىيە بولسىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا قىزىقتىم. 1955 - يىلى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە ئاسپىرانتورىيىسىنى تاماملاپ، چەت ئەل مەنبەلىرى بويىچە «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى ئۇلۇغ ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» نامىدا «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم. ھەجمى ئوتتۇراھال بولغان بۇ ئىلمىي ماقالە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بويىچە شىنجاڭدا، جۈملىدىن جۇڭگودا تۇنجى قەدەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئازغىنا كەم 30 يىلدىن كېيىن بايقىدىم. دەرۋەقە، بىزدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات 1984 -، 1986 - يىللىرىدىن كېيىن رەسمىي ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. شۇنىسى قىزىقارلىقكى، يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ماقالە مېنىڭ ھايات يولۇمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. مانا مۇشۇ ماقالىنى يازغانلىقىم، ئىلمىمىزدە سولچىللىق كۆچەيگەن يىللىرى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىمغا سەۋەب بولدى. ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشكىنىمدىن كېيىن، يەنى 80 - يىللاردىن باشلاپ مەن يەنە مۇشۇ تېمىغا قول سالدىم. بىرقاتار ماقالىلەر ئېلان قىلدىم.

مەن يەنە 1983 - يىلى فېۋرالدىن ئاۋغۇستقىچە بولغان يېرىم يىل ئىچىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولدۇم. بۇ جەرياندا قەدىمكى كارۋان يولى بويلاپ توقماق، ئاق پېشىم، پىشپەك، ئەۋلىيا ئاتا، ئوترار

(فاراب)، بۆرەباش، چىمكەنت، سىر دەريا، شەش (تاشكەنت)، ئەفراسىياپ، سەمەرقەنت، بۇخارا، خوجەند (لېنىن ئابات)، دۇشەنبە، جۇملىدىن ئالما - ئاتا قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدىم. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت كۆپلىگەن كىتابلار ۋە مۇزېي يادىكارلىقلىرى بىلەن تونۇشتۇم. ئالىملار بىلەن قىزغىن، دوستانە، سەمىمىي سۆھبەتلەشتىم.

مەن توقماق يېنىدىكى مۇنار قەلئەچە خارابىلىرىدىن ئەينى زامان قەلئە سېپىلى قالدۇقلىرىنى، سۇ يوللىرىنى، تېرىقچىلىق ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ھاياتىغا ئائىت تاش تۇلۇق، تۈگمەن تېشى، ياغۇنچاق قاتارلىقلار بىلەن قاراخانىيلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى جەڭلەردىكى جەڭگىۋارلىق نەمۇنىلىرى بولغان كۆپلىگەن بالباللارنى ھەم ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مۇنار قەلئەچىسىنىڭ ئەينى زامان تىنچ - ئاسايىشلىقىغا سىمۋول بولغان ھەيۋەت گەۋدىسىنى كۆزدىن كەچۈردۈم، ئاتاقلىق ئۆزبېك پەيلاسوپى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە فارابىشۇناسلىقنىڭ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسى ئاكادېمىك مۇزەپپەر مۇھەممەددىن خەيرۇللايوف بىلەن ئەبۇ نەسىر فارابى ھەققىدە، جۇملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن فارابىنىڭ ئىدىيىۋى مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆھبەتلەشتىم. ئاخىر ئۇنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تاشكەنتتىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىلار فوندىدا ساقلانغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەمەنگان نۇسخىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم.

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، «‹قۇتادغۇ بىلىك› خەزىنىسى» ئۈستىدە يېزىشقا باشلىدىم.

1986 - يىلى مېنى ياپونىيە «شەرق ئوكيان مەدەنىيەت فوندى» ناملىق ئاكادېمىيە، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەت راسخوتى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» ھەققىدە ئىلمىي لېكسىيىگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئايروپىلاندا

ئۇلۇغ ئوكياندىكى «جابىرغان» ئېلىگە (ياپونىيىگە) كېتىۋاتقىنىمدا، كېچىكىمدە قەشقەردىكى «كۆككۆمبەز» نى زىيارەت قىلغىنىمنى، يېقىندا توقماق — ئاق پېشىم — بورانا (مۇنار) دا بولغانلىقىمنى ۋە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئەسلىدىم، كۆزۈمگە ياش ئېلىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغۇۋار روھىغا دۇئا قىلدىم. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازمىغان بولسا، مەن جاھاندىكى ئالدىنقى مەدەنىيەت دۆلىتىدە مۇنبەرگە ئاياغ بېسىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ مۇنبەر ئاستىغا ياپونىيە يىپەك يولى — مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ خاندا ئاكىرادەك ئىلمىي سەردارلىرى توپلاشقانىدى.

مەن ئەمدى يەنە ئەھمەد زىيائى روھىغا دۇئا قىلىمەن. ئاتامنىڭ زاماندىشى بۇ ئالىم ۋە ئەدىب باشقا كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە «قۇتادغۇ بىلىك» نى ھازىرقى تىلىمىزغا راۋان شېئىرىي تۇسكە كىرگۈزدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، 80 - يىللارنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن زالىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شېئىرلىرىنى ھازىرقى تىلىمىزغا سالالايدىغان كىشى يوق، شۇ سەۋەبلىك دەسلەپىدە ئۇنى نەسرىي نۇسخىدا نەشر قىلىش كېرەك، دېيىلگەندە، مەن «تىرىك يۈسۈپ خاس ھاجىپ» دەپ تەرىپلەشكە بولىدىغان، بىراق ھازىر ياشىنىپ قالغان بۇ مۇبارەك زات بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى ئورۇندىيالايدۇ، دەپ ئېزگۈ كۆڭۈللەرنىڭ قوللىشىنى قوزغىغانىدىم. ئەھۋال ئۈمىدتىكىدەك بولدى!

تۆۋەندە بارتولد بالاساغۇن دەپ كۆرسەتكەن مۇنار قەلئەچىسىنىڭ خارابىلىرى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تاشكەنتتە ساقلانغان نۇسخىسى، ئەھمەد زىيائى باش بولۇپ ئىشلىگەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرچە شېئىرىي نۇسخىسى ۋە مېنىڭ ياپونىيىدە مۇشۇ تېمىدا سۆزلەۋاتقانلىقىم قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر بېرىلدى.

# 目 录

前言:无价的思维宝库
第一篇 绪论
第一章:《福乐智慧》的时代与主题内容 …… 1
1.《福乐智慧》的时代特征 …… 1
2.《福乐智慧》的作者 …… 17
3.《福乐智慧》的书名与性质 …… 31
4.《福乐智慧》的各版本 …… 44
5.《福乐智慧》的语言 …… 52
6.《福乐智慧》的主题内容与结构形式 …… 62
7.《福乐智慧》的艺术特色 …… 73
8. 简要结论 …… 80
第二章:《福乐智慧》的文化层次与思想渊源 …… 84
1. 关于《福乐智慧》的文化层次和思想渊源的探讨 …… 84
2.《福乐智慧》之伊斯兰前传统文化积层 …… 93
3.《福乐智慧》之伊斯兰前复合文化积层 …… 103
4.《福乐智慧》之伊斯兰后思想渊源 …… 110
5. 优素甫· 哈斯 ·哈吉甫是法拉比进步思想的优秀继承者 …… 118
6.《福乐智慧》是中世纪维吾尔文化大全 …… 125
7. 简要结论 …… 129
第二篇 自然哲学与认识论精华
第三章:《福乐智慧》中的自然哲学问题 …… 145
1. 自然哲学在《福乐智慧》中的地位 …… 145
2.《福乐智慧》中的四素观 …… 148
3.《福乐智慧》中的矛盾、运动及发展观 …… 165
4.《福乐智慧》的自然哲学范畴 …… 173
5.《福乐智慧》中的宇宙观 …… 176
6.《福乐智慧》的神学观 …… 192
7.《福乐智慧》的精神观 …… 202
8. 简要结论 …… 215

uyghurkitap.com

第四章：《福乐智慧》中的认识论问题 …………………… 220
1. 认识论在《福乐智慧》中的地位 …………………… 220
2.《福乐智慧》中人的灵性与能动性 …………………… 225
3.《福乐智慧》中的智慧，知识与幸福范畴 …………………… 238
4.《福乐智慧》中的认识机官与认识形式 …………………… 249
5.《福乐智慧》中关于语言与思维问题 …………………… 253
6.《福乐智慧》中关于真理与谬误论 …………………… 256
7.《福乐智慧》中论知和行的关系 …………………… 264
8. 简要结论 …………………… 270

第三篇　治国与法学精要

第五章：《福乐智慧》的国家理想与社会理想 …………………… 279
1. 国家理想与社会理想在《福乐智慧》中的地位 …………………… 279
2.《福乐智慧》论国家的基础和基本职能 …………………… 284
3.《福乐智慧》论智慧与公正的可汗 …………………… 291
4.《福乐智慧》论国家官员 …………………… 301
5.《福乐智慧》论民族友谊与外交 …………………… 307
6.《福乐智慧》论军事 …………………… 310
7. 简要结论 …………………… 319
第六章：《福乐智慧》中的法学问题 …………………… 322
1. 法学问题在《福乐智慧》中的地位 …………………… 322
2.《福乐智慧》论依法治国 …………………… 325
3.《福乐智慧》关于人人在法律面前平等的古典表述 …………………… 333
4.《福乐智慧》关于人人在法律面前平等观点的历史价值 …………………… 339
5.《福乐智慧》中当时代社会阶层细节 …………………… 345
6.《福乐智慧》中的经济生活问题 …………………… 353
7.《福乐智慧》中国家富强、人民富裕的思想 …………………… 357
8. 简要结论 …………………… 359

第四篇　道德与教育的哲理

第七章：《福乐智慧》中的伦理学问题 …………………… 365
1. 伦理学问题在《福乐智慧》中的地位 …………………… 365
2.《福乐智慧》中美与德的范畴 …………………… 368
3.《福乐智慧》中的人道与友爱理念 …………………… 379

4.《福乐智慧》中的道德类型表述 …………………………… 383
5.《福乐智慧》中的言辞礼仪表述 …………………………… 389
6.《福乐智慧》论婚姻、家庭与生活道德 ……………………… 392
7.《福乐智慧》论时代的道德污染 …………………………… 399
8.《福乐智慧》论自我克制意识 ……………………………… 401
9. 简要结论 ……………………………………………………… 407
第八章:《福乐智慧》中的科学与教育问题 …………………… 411
1. 科学与教育问题在《福乐智慧》中的地位 ………………… 411
2.《福乐智慧》论科学与科学人士 …………………………… 414
3.《福乐智慧》论美及诗学 …………………………………… 417
4.《福乐智慧》论医药学问题 ………………………………… 425
5.《福乐智慧》论数学 ………………………………………… 432
6.《福乐智慧》论教育 ………………………………………… 438
7. 简要结论 ……………………………………………………… 442
第五篇 成就和探索点滴
第九章:《福乐智慧》在文化史上的地位和作用 ……………… 447
1.《东方文化复兴》的新乐章 ………………………………… 447
2. 维吾尔文化史上的划时代的丰碑 ………………………… 454
3. 11 世纪世界文化史上的独特瑰宝 ………………………… 457
4.《福乐智慧》对当时文化的历史性影响 …………………… 458
5.《福乐智慧》在维吾尔文化的历史性影响 ………………… 464
6. 简要结论 ……………………………………………………… 471
第十章:《福乐智慧》研究综论 ………………………………… 473
1.《福乐智慧》研究中的版本学成就 ………………………… 473
2. 国外《福乐智慧》研究 ……………………………………… 478
3. 国内《福乐智慧》研究 ……………………………………… 482
4.《福乐智慧》研究中的问题 ………………………………… 488
结束语 …………………………………………………………… 493
参考书目 ………………………………………………………… 498
专题索引 ………………………………………………………… 505
图解 ……………………………………………………………… 516

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ISBN 7-5631-1080-1
9 787563 110803 >

ISBN7 - 5631 - 1080 - 1
I·182 (维文) 定价：22.50元